# تاشقورغان

# تارىخ ماتېرىياللىرى

(2)



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# تاشقورغان تارىخ ماتېرىياللىرى

## 2 - قىسىم

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تاشقارغان
تاجىك ئاپتونوم ناھىيىلىك كومىتېتى تارىخ
ماتېرىياللىرى كومىتېتى تۈزدى
2001 - يىل 8 - ئاي

## سىياسىي كېڭەش تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىلىك كومىتېتى
## تارىخ ماتېرىياللىرىنى تۈزۈش تەھرىرى ھەيئەت ئىسمىلىكى

مۇدىر ھەيئەت : شىجائەتخان ۋەزىرى

مۇئاۋىن مۇدىر ھەيئەت : مەدەلىخان بالۇن

ھەيئەتلەر :
يۈسۈپ قادىر
نىياز مۇھەممەت
ھاجى ئەيسا
بېگجان
قەيسەر دۆلەتبەگ
باتۇرجان ئاتىخان

باش مۇھەررىرى : شىجائەتخان ۋەزىرى

مەسئۇل مۇھەررىرى: مەدەلىخان بالۇن

مەسئۇل كوررېكتور : باتۇرجان ئاتىخان

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : قەھرىمان ئىسمائىل
ئىلشات تۇرسۇن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قەيسەر دۆلەتبېك



باش مۇھەررىرى
شجائەتخان ۋەزىرى



مەسئۇل مۇھەررىر
مەدەلىخان



مەسلىھەتچى
ئاتىكەم زەمىر



مەسئۇل كوررېكتور
باتۇرجان ئاتىخان



ياردەمچى مۇھەررىرى
قەيسەردۆلەتبېك



سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى ئىگىزلىكتىكى « شۇڭقار » كۆلدە

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

## ئازاتلىقتىن كېيىنكى ھاكىملار نىڭ سۈرىتى ۋە ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى



غوجامكەلدى خۇدابەردى

(1954 — 1950)



شېرىنبەك مەمەت

(1981 — 1954)



ئەبۇزەر خېلىل

(1990 — 1981)



مىرزايى دوستمەمەت

(1996 — 1990)



روزى گۇلباي

(2001 — 1996)

دائىمىي كومىتېت مۇدىرلىرىنىڭ سۈرىتى ۋە ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى



سەيدۇللا بەيلەم
(1981 — 1990)



بەكرى مەيلىباي
(1990 — 1994)



مۇنى تابىلدى
(1995 — ھازىرغىچە)

www.uyghurkitap.com



تەھرىر ھەيئەت مەسئۇللىرى ماقالىلەرنى تەھرىرلەپ بېكىتمەكتە



تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى خىزمەت ئۈستىدە



تاجكلارنىڭ جامائەتخانسى



تاجك ئارغماق ئۇسسۇلى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# كىرىش سۆز

تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇھىم خىزمىتى. تارىخنى ئەينەك قىلىپ، ئۆتمۈشنى كۆزىتىش، بۈگۈننى بىلىش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىز ئۈچۈن زور پايدىلىقتۇر. «تاشقورغان تارىخ ماتېرىياللىرىنىڭ 1 - قىسمى» نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغاندىن كېيىن، ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا ناھايىتى ياخشى تەسىر قوزغىدى. كۆپلىگەن ئوقۇرمەنلەر مەزكۇر كىتابنىڭ 2 - قىسمىنى ۋە كېيىنكى قىسىملىرىنى داۋاملىق نەشر قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلماقتا. بىز ناھىيە مالىيە كۈچى ئىنتايىن قىس بولغان ئەھۋال ئاستىدا يۇقىرى - تۆۋەندىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن قوللىشىنى قولغا كەلتۈردۇق. تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاش، رەتلەش خىزمىتىنى خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت بايلىقىنى يارىتىشتىكى چوڭ ئىش دەپ قارىغان ئاپتورلىرىمىزمۇ قوللىرىغا قەلەم ئېلىپ، خەلق ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئەھۋال ئىگىلەش، سىردىشىش، تەكشۈرۈش ئارقىلىق خېلى زور قىممەتكە ئىگە ماتېرىياللارنى توپلاپ رەتلىدى. بۇ تاشقورغان تارىخ ماتېرىياللىرىنىڭ توپلىنىپ تۈگىگەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. بىز هازىر ئىگە بولغان ماتېرىياللار ۋە «1 - قىسىم»دىكى ماتېرىياللار تاشقورغان تارىخ ماتېرىياللىرىنىڭ توپلىنىش، رەتلىنىش ۋە ئارخىپلىشىشىنىڭ مۇقەددىمىسى.

تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاش، رەتلەش خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئالدىمىزغا قويۇلغان ئۇزاق مۇددەتلىك ۋەزىپە. بىز جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە ئوقۇمۇشلۇق كىشىلىرىمىزگە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇزلۇكسىز تىرىشىپ، ئۆز دەۋرىنىڭ بىۋاستە ئىنكاسى بولغان تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاش، رەتلەش خىزمىتىگە ئاكتىپ كۈچ چىقىرىشنى تەۋسىيە قىلىش بىلەن بىرگە «1 ـ ۋە 2 ـ قىسىم تاشقورغان تارىخ ماتېرىياللىرى»نىڭ نەشر قىلىنىشىغا قاتناشقان ئاپتورلار، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ۋە «قەشقەر گېزىتى» باسما زاۋۇدىدىكى، رەتلەش، كۆچۈرۈشنى ئۈستىگە ئالغان يولداشلارغا ۋە ھەرقايسى جەھەتتىن بىزگە ھەمدەمدە بولغان ئورۇن ۋە يولداشلارغا سەممىي رەھمىتىمىزنى بىلدۈرىمىز.

«تاشقورغان تارىخ ماتېرىياللىرى»نىڭ 1 ـ ۋە 2 ـ قىسمى ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇرسەنمىز. ئەمما، سەۋىيىمىز چەكلىك، تەجرىبىمىز كەمچىل بولغانلىقى ئۈچۈن بەزى سەۋەنلىكلەردىن خالىي بولۇشىمىز تەس. بىز كەڭ ئىزدەنگۈچىلەر، ئوقۇرمەنلەر ۋە ھەر ساھەدىكى زاتلارنىڭ تەنقىد، تەكلىپ بېرىشىنى، «تارىخ ماتېرىياللار» خىزمىتىگە قىزىقىدىغان يولداشلارنىڭ قولىغا قەلەم ئېلىپ، بىزنى داۋاملىق ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئاخىرىدا خىزمىتىمىزنى قوللىغان ئالاقىدار يولداشلارغا ۋە ئاپتورلىرىمىزغا يەنە بىر قېتىم ئېھتىراممىزنى بىلدۈرىمىز.

تەھرىردىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

## تارىخىي ئىزلار

سەرىكوينىڭ ھاكىمبېگى ــ بەباش بەگ ...... روزى گۈلباي 1
ھونزا ئەمىرلىكى بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت
توغرىسىدىكى تارىخىي ماتېرىياللار ............. مەدەلىخان 12
« ھونزا ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ھەقىقىي تارىخى » دېگەن كىتابتا
بېرىلگەن مۇھەممەد كەرىمبەگنىڭ شەجەرىسى ھەققىدە
ئىزاھات ............................. مەدەلىخان 37
ئاۋات تارىخىدىكى تاجىكلار ............... شېرىن قۇربان 41
ئاقسۇئاۋاتقا سۈرگۈن قىلىنغان تاجىكلار . مەدەلىخان رەتلىگەن 51
پامىردىن ئۆتكەن سەيياھلار ...... مەدەلىخان، مونى تابىلدى 66
قەھرىمانلار شەجەرىسى ...... قەيسەر دۆلەتبېك رەتلىگەن 86
تاشقورغاندىكى « تورا »لار ............... مونى تابىلدى 91
تاشقورغان « قىرپانە بەگلىكى » ھەققىدە يازما خاتىرە قالدۇرغان
تارىخىي شەخسلەر .......... باتۇرجان ئاتىخان 96
جۇڭگودىكى ۋاخان تاجىكلىرى ھەققىدە . دادىخا غۇلامئەلى 103
ئىلىمىز تاجىكلىرى ئېتىقاد قىلغان دىنلار ۋە ئىسمائىلىيە مەزھىپى
توغرىسىدا ........... جاپپار ياۋسار، شىجائەتخان ۋەزىرى 120

داتوڭ سىرىقيار قاشتېشى كېنىنىڭ ئېچىلىش تارىخى
........ باتۇرجان ئاتىخان 131
ئېگىزلىكتىكى ئورمان ئەلچىسى ........
دىلسادىق ئىبراھىم، شىجائەتخان ۋەزىرى 136
يۇسۇپجان پاركەندىچىلىكى ۋە گۈلشىرخانىنىڭ قەھرىمانلىق
ئىش - ئىزلىرى ھەققىدە ........ قەيسەر دۆلەتبېك 140
تاشقورغان ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ناھىيە
دەرىجىلىك ۋەزىپە ئۆتىگەنلەر ئىسىملىكى ھەققىدە ئىزاھات
........ قەيسەر دۆلەتبېك، شىجائەتخان ۋەزىرى رەتلىگەن 145
مەملىكەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى، مەملىكەتلىك
سىياسىي كېڭەش يىغىنلىرىغا قاتناشقان تاجىك ۋەكىللىرىنىڭ
ئىسىملىكى ھەققىدە ئىزاھات ........ قەيسەر دۆلەتبېك،
شىجائەتخان ۋەزىرى رەتلىگەن 154
جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى
يولغا قويۇشتىن بۇرۇنقى تاشقورغاندىكى پائالىيەتلىرى ......
ۋاڭ سۇگېيۈەن 158

## ئۆمۈر خاتىرىلىرى

قەيسەر جەڭچى، تۆھپىكار چاكار، چېۋەر رەھبەر ........
قەيسەر دۆلەتبېك، شىجائەتخان ۋەزىرى 166
مېنىڭ ئۆمۈر سەرگۈزەشتلىرىم ........ ئىمارەت شابەيگۈن،
شىجائەتخان رەتلىگەن 179
ئۆمۈر ۋاراقلىرىدىن ئۇنتۇلماس ئەسلىمىلەر ... بەگقەدەم شەھباز 198

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دادام ۋە ئاكىلىرىمنى ئەسلەيمەن ......... ئاتىكەم زەمىرى 211

## ئەدەبىيات ـ سەنئەت، مائارىپ، سەھىيە، [illegible]

تاجىك ئايالىلىرى ئىچىدە «ئۈچ تۇنجى» شەرىپىگە مۇيەسسەر
بولغان زىيالىي ــ شادىيە نۇرئەلى ...... شىجائەتخان ۋەزىرى 226
تاشقورغاندا سەھنە سەنئىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ..................
ئاتىكەم زەمىرى 232
تاشقورغاننىڭ 50 يىللىق سەھىيە، داۋالاش ئىشلىرىغا نەزەر ......
شىجائەتخان ۋەزىرى 248
تاجىك ئاياللىرىنىڭ ئازادلىقتىن بۇيانقى تەرەققىياتىغا نەزەر
...................... دۆلەت سۇلتان جانبايى 277
بەلدىر دىيارىدىكى ئۈچ ئەۋلادسەنئەتكار ......................
قەيسەر دۆلەتبېك 287
تاشقورغاننىڭ چارۋىچىلىقى ۋە ئۇنىڭ كەلگۈسى
.............................. ۋاڭ شياۋمىڭ 295
تاجىك ئەلنەغمە پېشۋاسى ــ شاغۇلام جاھاندۇرشا
.................................. باتۇرجان ئاتىخان 309
تاشقورغاندىكى ئىلىم، مەرىپەت بۇلىقى ــ بىرىنچى ئوتتۇرا
مەكتەپ ........................ شانىياز كەپەل 315
پارس ـ تاجىكلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى يېزىق
مەنبەداشلىقى ۋە ئۇنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشلىرى توغرىسىدا ..........
زەپەر ئاتاۋۇللا 324
تار تاجىكلىرىنىڭ سەۋرۇنخانامەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ باشقا

جايلارغا تارقىلىشى ..........................................
باتۇرجان ئاتىخان ، شىجائەتخان ۋەزىرى ، راھمان ئارزى 343

## سۆيۈملۈك دىيار نەسىرلار

پىتولمى خاتىرىسىدىكى « تاش قەلئە »نىڭ ئورنى توغرىسىدا
........................ شېرىن قۇربان 346
كۇنسېرى يۈكسىلىۋاتقان دۇنيا ئۆگىزىسىدىكى ئالتۇن ماكان ــ
تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى ..........................
روزى گۈلباي ، شىجائەتخان ۋەزىرى 367
قەدىمي يۇرت ــ تىزناپ دىيارى .........................
شېرىن قۇربان بىلال ئەزىمئاخۇن 378
سىرلىق جىلغىدىكى قاشتېشى دىيارى ــ داتوڭ ..................
روزى گۈلباي 390
قەدىمي يىپەك يولىدىكى يىگى رابات ــ خونجىراپ ..........
قەيسەر دۆلەتبېك زايىت داۋۇت 400
تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي بايلىقلىرى
ھەققىدە ......... جاپپار ياۋسار ، مەستۇرەخان شىجائەتخان 408
شىنجاڭدىكى تۆت تاجىك مىللىي يېزا ........................
قەيسەردۆلەتبېك ، شىجائەتخان ۋەزىرى 421
قۇياش ۋە ئاينىڭ بىر كۇندە توققۇز قېتىم چىقىپ ، توققۇز قېتىم
پېتىشتەك ئاجايىپ مەنزىرىسى ......... جۇمەك نۇرەلبەگ 437
پامىرغا كېلىشىڭىزنى قارشى ئالىمىز ......... خې جىڭلى 440
تارىخ ياز( شېئىر ) ......... يۈكسەك شىجائەتخان 451

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 目 录

## 历史足迹

色勒库尔一阿奇木伯克拜巴什伯克 ……肉孜.古力巴依 1
关于洪扎一统治者的真实的历史一书中的穆罕买德克力木伯克世系(家普) ……………………………马达力汗 12
阿瓦提历史上的塔吉克人 ……………………西仁.库尔班 37
流放阿克苏阿瓦提的塔吉克人 ……………………………………
(汗俊马纳斯口述 马达力汗整理) 51
路过帕米尔的旅行家 ………莫尼.塔比里迪,马达力汗 66
英雄谱 ……………………………凯撒尔.道来提比克 86
塔什库尔干县的峰火台 ………………莫尼.塔比里迪 91
关于去曷盘陀的历史记载人物 ………巴吐尔江.阿提汗 96
关于中国瓦罕塔吉克人的来历 …达迪哈.吾拉木艾力 103
关于我国塔吉克族历史上信仰的宗教和伊斯马依勒教派 …
加帕尔.亚瓦沙尔,西加艾提汗.瓦孜尔 120
大同乡色勒克亚尔玉矿开采史 ……巴吐尔江.阿提汗 131
高原一造林之祖 ……………………………………………
西加艾提汗.瓦孜尔,迪里沙地克.依布拉衣木 136
玉素甫江的揭乱和古力希尔汗.比贡的英雄事迹 ……………
凯撒尔.道来提比克 140
塔什库尔干县建立县级行政机构前后担任正、副县级职务的人员名录 …………………………………………………………
凯撒尔.道来提比克,西加艾提汗.瓦孜尔整理 145
出席全国党代会,人代会,政协会的塔吉克族代表名录…….

凯撒尔.道来提比克，西加艾提汗.瓦孜尔整理 154
为实现自治区民族区域自治中中国共产党人的活动 ……… 王松媛 158

## 人物历程录

坚强战士、无私的仆、英明的领导 …………………………… 凯撒尔.道来提比克，西加艾提汗.瓦孜尔 166
我的一生经历 ………………………………… 衣马来提夏.伯贡口述，西加艾提汗.瓦孜尔整理 179
难忘的一生 ……………………………………… 伯克哈达木.夏巴孜 198
回忆我的父亲和两哥 ……………………………… 阿提凯木.扎米尔 211

## 文艺、教育、卫生、畜牧业

塔吉克族女知识分子—夏地亚·努尔艾力 ……………… 西加艾提汗·瓦孜尔 226
塔什库尔干县舞台艺术由来 ………阿提凯木.扎米尔 232
塔什库尔干县五十年卫生、医疗事业的回顾 ……………… 西加艾提汗.瓦孜尔 248
回顾塔吉克族妇女解放后的发展 ………………………… 道来提苏里坦.江巴依 277
班迪尔的三代艺人 ……………凯撒尔.道来提比克 287
塔什库尔干县畜牧业发展现状及未来 ………王小民 295

www.uyghurkitap.com

塔吉克族民间艺人—夏吾拉木.江罕都尔夏 ……………………
巴吐尔江.阿提汗 309
塔什库尔干县教育之泉—中 ………夏尼亚孜.卡帕力 315
关于波斯—塔吉克与维吾尔族之间文字同源性和其历史背景 ……………………………………扎帕尔.阿塔吾拉 324
塔尔塔吉克人的沙吾容哈那(大客厅)的历史和其分散到其他地方 ……………巴吐尔江.阿提汗,西加艾提汗.瓦孜尔,
热合曼.阿尔孜 343

## 可爱的故乡

关于托里米《地理书》中的《石头城》的位置 …………………
西仁.库尔班 346
日益发展的《 世界屋脊 》上宝土 — 塔什库尔干塔吉克自治县 ………………肉孜.古力巴依,西加艾提汗.瓦孜尔 367
古老的家乡—提孜那甫 ……………………………………
西仁.库尔班,比拉力.艾孜木阿洪 378
神密山沟里的玉乡—大同 ………………………………
肉孜.古力巴依,凯撒尔.道来提比克,扎依提.达吾提 390
塔什库尔干塔吉克自治县自然资源 …………………………
加帕尔.亚吾沙尔,买吐拉.西加艾提汗 408
新疆的四个塔吉克民族乡 ………………………………
凯撒尔.道来提比克,西加艾提汗.瓦孜尔 421
太阳一日升,落九次的奇观 ……………………………
居马克.努尔艾力伯克 437
欢迎您来帕米尔高原 ………………………………何正乐 440

# سەرىكوي ھاكىمبېگى ــــ بەباش بەگ

## روزى گۇلباي

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا بەباش ئىسىملىك ھاكىمبەگ ئۆتكەن.

ھاكىمبەگ بەباشنىڭ ياشىغان دەۋرى، ھاكىمبەگلىككە تەيىنلىنىش ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئەھۋالى ھەققىدە يازما ماتېرىياللار ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھاكىمبەگ بولۇپ تۇرغان مەزگىللىرىدىكى خەلق ئارىسىغا تارالغان ھېكايە، قىسسە، سۆز - چۆچەكلەر ئىنتايىن كۆپ. مەن ئۇزاقتىن بېرى ھاكىمبەگ بەباشنىڭ ياشىغان دەۋرى، ھاكىمبەگلىككە تەيىنلىنىش مەسىلىسىدە خېلى كۆپ ئىزدەندىم. ئاز بولمىغان تارىخىي ماتېرىياللارنى كۆرۈپ چىقتىم، ھەرخىل بايانلارنى ئاڭلىدىم. كۆپلىگەن خەلق تارىخچىلىرى بىلەن سۆھبەتتە بولدۇم. پېشقەدەم پېشىۋالاردىن دافەداربەگ، جانەك، شاغلام قاتارلىق ئوقۇمۇشلۇق تارىخىي بىلىمى بىرقەدەر چوڭقۇر زاتلارنى زىيارەت قىلدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىگىلىگەن ماتېرىيال ۋە ئىزدىنىشلەر ئاساسىدا بۇ ماقالىنى يېزىپ چىقتىم.

## ئىشكئاغا بېگى مۇھەممەترەھىمبەگ

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنى تارىختىن بېرى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، بۇرۇن بۇ يەرنى سەرىكوي دەپ ئاتايتتى. سەرىكوي رايونىنىڭ تەبىئىي شارائىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئەينى ۋاقىتتا بۇ رايوننىڭ قاتنىشى قولايسىز، ئاھالىسى شالاڭ، نوپۇسى ئاز ئىدى. بۇ يەردىكى تاجىك چارۋىچىلار ئاساسلىقى چارۋىچىلىققا تايىنىپ كۈن كەچۈرەتتى. قاتناش قولايسىزلىقىدىن سىرت ۋە يۇرتلار ئارا ئالاقىمۇ ئىنتايىن ئاز ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دائىم ھەرخىل ئاپەتلەر يۈز بېرىپ تۇراتتى. ئۆلمەك ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك بۇ يەر دائىم سىرتنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچراپ، نۇرغۇن چارۋىچىلار ئۆزىنىڭ مال-مۈلكى، چارۋىلىرىدىن ئايرىلاتتى.

بۇ زېمىندا تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش كۈرىشى پەقەت توختىمايتتى. ۋەتەنپەرۋەر تاجىك خەلقى تارىختىن بېرى بۇيەرنىڭ بىر سۈك يېرىنىمۇ قەدىرلەپ، توپىسىنى تۇتىيا بىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن بۇ زېمىننى تاجاۋۇزچىلاردىن ساقلاپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشۇپ كەلدى. سەرىكوي رايونى ئەزەلدىن چىڭ سۇلالىسىگە تەۋە جاي بولۇپ، ھاكىمبەگلەرمۇ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرەپتىن تەيىنلىنەتتى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قولچاقنىڭ ۋەتەن بىرلىكىنى قوغداش، تاجاۋۇزچىلارغا قارشى تۇرۇپ سەرىكوي رايونىنىڭ

ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ئۈچۈن كۆرسەتكەن ئۆچمەس تۆھپىسىنى نەزەرگە ئېلىپ ئۇنى سەرىكوي رايونىنىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلىدى.

قولچاق ھاكىمبەگ بولۇپ تۇرغان مەزگىللەردە بىر تەرەپتىن سىرتتىن كەلگەن تاجاۋۇزچى كۈچلەرگە زەربە بېرىپ بۇ رايونىنىڭ تىنچ - ئامان بولۇشىنى ساقلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز باشقۇرۇش دائىرىسىدىكى يۇرتلارنى ئارىلاپ ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىنى كۈچەيتتى. ئۇ، كۆپلىگەن ئەقىللىق، باتۇر ئەزىمەتلەرنى ئۆز يېنىغا ئەكېلىپ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتناشتۇردى.

ھاكىمبەگ قولچاق بىر قېتىم يۇرت ئارىلاپ توك يېزىسىغا باردۇ. يۇرتنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى، كىشىلەرنىڭ ئىشچان، مېھماندوستلۇقى ئۇنى چوڭقۇر تەسىرلەندۇردۇ.

ئۇ بىر قانچە كۈن بۇيەردە تۇرۇپ قېلىش جەريانىدا مۇھەممەترېھىم (بەزىلەر مۇھەتتەلىم دەپمۇ ئاتىشىدۇ) بىلەن تونۇشىدۇ. مۇھەممەترېھىمنىڭ ئۆيى توك يېزىسىنىڭ ئايقىرىق دېگەن يېرىدە بولۇپ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ناھايىتى ياخشى ئىدى. ھاكىمبەگ قولچاق مۇھەممەترېھىمنىڭ زېرەك، قەيسەر، ئاق كۆڭۈل، ئىشچان ھەم بۇ يۇرتتا ئىناۋىتى يۇقىرىلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۆز يېنىدا ئىشلەشكە تەكلىپ قىلىدۇ. مۇھەممەترېھىم قولچاقنىڭ يېنىدا ساداقەتمەنلىك بىلەن ئىشلەپ نۇرغۇن قېتىم خىزمەت كۆرسىتىدۇ. كۆپ قېتىم قولچاق بىلەن بىللە تاجاۋۇزچىلارغا قارشى جەڭلەرگە قاتنىشىپ ئاجايىپ زور ماھارەت بىلەن جەڭ غەلىبىلىرىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. قولچاق ئۇنىڭ باتۇر، زېرەكلىكىدىن بەكمۇ خۇرسەن بولۇپ ئۇنىڭ مەنسىپىنى پەيدىنپەي

ئۈستۈرۈپ ئۇنىڭغا ئىشىكئاغابېگى (مۇئاۋىن ھاكىمبەگ) مەنسىپىنى بېرىدۇ.

سەرىكوي رايونىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، قوقەن تاجاۋۇزچىلىرى سەرىكويدىن ئىبارەت بۇ جەنۇبىي شىنجاڭغا كىرىش ئېغىزىنى دائىم تالىشىپ تۇردى. كۆپ قېتىم تاجاۋۇز قىلىپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن 1936 ـ يىل 11 ـ ئايدا زور قوشۇن تەشكىللەپ سەرىكوي رايونىغا قايتا تاجاۋۇز قىلىدۇ. قوقەن تاجاۋۇزچىلىرى ئۆزىنىڭ بىرقانچە قېتىملىق مەغلۇبىيىتىدىن ساۋاق ئېلىپ بۇ قېتىم رەزىل شۇملۇقلىقىنى ئىشلىتىدۇ. قوقەن لەشكەر قوشىيىگى ئالدى بىلەن بىر قىسىم ساتقىن جاسۇسلار بىلەن يوشۇرۇن تىل بىرىكتۈرىدۇ. سەرىكوي رايونىنىڭ پۈتۈن ئەھۋالىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن دەرھال ساتقىن جاسۇسلار، ئاسىيلار ئارقىلىق قولچاققا تاغدومباش تەرەپتىن زور قوشۇن باشلاپ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىدىغانلىقى ھەققىدە يالغان ئاخبارات يەتكۈزىدۇ.

ھاكىمبەگ قولچاق ئەھۋالنى تولۇق ئىگىلىيەلمەيلا يالغان ئاخباراتقا ئىشىنىپ، ئاساسىي ئەسكىرىي كۈچىنى ئىشكئاغا بېگى مۇھەممەترېھىم بەگنىڭ قوماندانلىقىدا تاغدومباش تەرەپكە ئەۋەتىدۇ. بۇ ئەھۋالدىن گۇلقەقەسى ئېچىلغان قوقەن لەشكەر قوشىيىگى 2000 دىن ئارتۇق ئەسكىرىي كۈچ بىلەن تاش شەھىرىنى قورشاپ شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىدۇ. ئالاقىلىشىش ئىمكانىيىتى بولمىغاچقا قولچاق ئازغىنا ئەسكىرىي كۈچ بىلەن يەتتە كېچە ـ كۈندۈز جەڭ قىلىپ ئاخىر تاجاۋۇزچىلارنىڭ ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچى تەرەپتىن قىرىلىپ تۈگەيدۇ. قولچاقا بىرقانچە پاي ئوق تەگكەندىن كېيىن باتۇرلارچە قۇربان

بولىدۇ . بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا سەرىكوي ھاكىمبېگى قولچاق ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ھاياتىنى قۇربان قىلىدۇ . ئىشىكئاغا بېگى مۇھەممەترېھىم قولچاقنىڭ قۇربان بولغانلىقىنى ئاڭلاپ خۇددى ئۆز ئاتىسىدىن ئايرىلغاندەك ئۇن سېلىپ يىغلاپ يۇزلىرىنى تاتىلاپ قانتىۋېتىدۇ . ئۇزاق ۋاقىت قارىلىق تۇتۇپ قولچاق ئۇچۇن ئىنتىقام ئېلىشقا قەسەم قىلىدۇ . ئۇ ، دارپىشا (تېزناپ يېزا چۇشمەن كەنتىدىن) قاتارلىق ئىرادىلىك ۋەتەن سۆيەر تاجىك ئەزىمەتلەرنى باشلاپ ئۆز يۇرتى توك يېزىسىغا قايتىپ بىرىپ كۇرەشنى داۋاملاشتۇرىدۇ . سەرىكوينى ئىشغال قىلغان قوقەن لەشكەر قوشبېگى ئىنتايىن كۆرەڭلەپ ئۆزىنىڭ مۇستەبىتلىكى بىلەن خەلقنى قاقتى ـ سوقتى قىلىدۇ . ئۇ ، بۇ رايونىنى پۇتۇنلەي ئىدارە قىلىپ بولدۇم دەپ ئويلاپ ، ئادىنا باشچىلىقىدا 200 دەك لەشكەرنى سەرىكوي رايونىدا ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن قالغان چوڭ قوشۇننى ئېلىپ قوقەنگە قايتىپ كېتىدۇ . بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئىشىكئاغا بېگى مۇھەممەترېھىمبەگ دەرھال دارپىشا باشچىلىقىدىكى ئەزىمەتلەرنى ، ئادىنا قوماندانلىقىدىكى قوقەن چېرىكلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەشكە ھەم بۇ يەردىكى قاۋۇل ئەزىمەت تاجىك ياشلارنى تەشكىللەشكە ئەۋەتىدۇ . ئۇلار بېكىتىلگەن قارار بويىچە مۇھەممەترېھىمبەگ توگدىن ئەسكەر باشلاپ يېتىپ كېلىدۇ . دارپىشا بۇيەردىكى ئەزىمەتلەرنى باشلاپ ئادىنا باشچىلىقىدىكى 200 دىن ئارتۇق قوقەنلىك تاجاۋۇزچى ئەسكەرنى ھەش ـ پەش دېگۇچە تارمار قىلىدۇ . ئادىنا ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىلىرىنى تىرىك قولغا چۇشۇرۇپ يەكەنگە ئاپىرىپ چىك سۇلالىسى دائىرلىرىگە تاپشۇرىدۇ . يەكەن ئامبىلى بۇ نەتىجىنى دەرھال چىك سۇلالىسى مەركىزي

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ھۆكۈمىتىگە مەلۇم قىلىدۇ. چىڭ سۇلالىسى خانى 1837 - يىلى 11 - ئايدا دەرھال پەرمان چۈشۈرۈپ، مۇھەممەترېھىمنى سەرىكويى رايونىنىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلەپ ئۇنىڭ مەنسىپىنى ئەۋلادلارغا مىراس قالدۇرىدۇ (داراپىشاغا تورنا پەيلىك ئوتۇغات ھەدىيە قىلىدۇ) سەرىكويى رايونى يەنە ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىدۇ. بۇ رايوندا ھاكىمبەگنىڭ ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا مىراس قېلىشى شۇنىڭدىن باشلانغان.

مۇھەممەترېھىمبەگ ھاكىمبەگلىككە تەيىنلەنگەندىن كېيىن داراپىشا بىلەن توڭ يېزىسىغا قايتىدۇ. ئۇ داراپىشاغا كاندەلاخىش كەنتىنىڭ دىربوغ دېگەن يېرىنى خەت قىلىپ بېرىدۇ. دارپىشا شۇ يەردە ئورۇنلىشىدۇ (ھازىرمۇ ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ يېرى چوشمەن كەنتىدە، يېرى شۇ يەردە تۇرىدۇ). ئۆزى ئايقىرىقنىڭ يۇقىرى بېشىدىكى ئۆينى كېڭەيتىپ چوڭ قەلئە ياسىتىدۇ. كېيىنكى ۋاقىتلاردا كىشىلەر بۇ يەرنى «تېرقەلئە» دەپ ئاتايدىغان بولدى.

مۇھەممەترېھىمبەگنىڭ ئىسمى يەنە بەزى ماتېرىيال ۋە تارىخچىلارنىڭ ئېغىزچە بايانىدا مۇھەممەتتەلىمبەگمۇ دەپ ئاتالغان. ھاكىمبەگ مۇھەممەد كەرىمبەگنىڭ ئوغلى توختىبەگ ئۆزىنىڭ چوڭ ئوغلى بۇرۇنقى بوۋىسىنىڭ ئىسمى مۇھەممەتتەلىم بەگ دەپ ئىسىم قويغان. ئېھتىمال مۇھەممەترېھىم مۇھەممەتتەلىم بولۇشىمۇ مۇمكىن.

ھاكىمبەگ مۇھەممەترېھىم ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئوغلى ئىشكىئاغا سالۋار ئۇنىڭ مەنسىپىگە ۋارىسلىق

قىلالمايدۇ .

## بەباش

ھاكىمبەگ مۇھەممەترېھىمنىڭ ئوغلى ئىشكئاغا بەگ سالۋار ھاكىمبەگ مەنسىپىگە ئولتۇرالماي ئۆلۈپ كېتىدۇ . ئوغلى بەباش تېخى قورامىغا يەتمىگەن چاغ ئىكەن .

ئىشكئاغابەگ سالۋارنىڭ ئايالى ئافتاب بىبى بۇ بىر ئائىلىنىڭ بارلىق ئېغىرچىلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ ئوغلى بەباش ۋە قىزى مېھربانونى بېقىپ چوڭ قىلىدۇ .

ئافتاب بىبى ئىنتايىن چىرايلىق ، جەزبدار ئايال بولۇپ ئىشچانلىقى ، مېھماندوستلۇقى ۋە ئاق كۆڭۈللۈكى بىلەن بۇيەردىكى كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئىكەن . بەباشنىڭ ئانىسى ئافتاب بىبى ئۆي ئىشلىرىغا پىششىق بولۇپلا قالماي ، جەمئىيەتتىمۇ خېلى يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە ئىكەن . شۇ مەزگىللەردە بۇنداق ساپاسى يۇقىرى قابىل ئاياللار ئاز تېپىلار ئىكەن . ئافتاب بەباشنى كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلەپ چوڭ قىلىدۇ . بەباش گەرچە بىلىم تەھسىل قىلمىغان بولسىمۇ ، لېكىن ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدە خېلى كۆپ نەرسىلەرنى بىلىۋالىدۇ . ئانىسى ئافتاب بىبى دائىم بەباشقا قولچاق ، بوۋىسى مەھەممەترېھىملەرنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئەھۋالى ، باتۇرلۇقى ۋە بۇ ئائىلىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەقدىرى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىدۇ .

شۇ ۋاقىتلاردا كىشىلەرنىڭ ساپاسى تۆۋەن ، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرى ئىنتايىن قالاق بولغاچقا دائىم ئاچارچىلىق يۈز بېرىپ تۇرىدىكەن . ئەمما ، بەباشنىڭ ئائىلىسىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاشلىق پەقەت كەملىمەيدىكەن . بەباش ئانىسى ئافتاب بىبىنىڭ تەربىيىسىدە چارۋىچىلىق ، دېھقانچىلىقنىڭ ئۇنۇملۇك ئۇسۇللىرىنى پىششىق ئىگىلەپ ، گاھ يايلاقتا ، گاھ ئېتىزدا يۈرۈپ ئىشلەيدىكەن . بەباش ئائىلىسىنىڭ چارۋىسى كۆپ ، ئاشلىقى مول بولۇپ كۆپ چاغلاردا ئاچارچىلىقتا ئۇچرىغان ئائىلىلەرگە ئاشلىق ياردەم قىلىدىكەن . ئۇ ، ئۆزىنىڭ ئىشچان ، كەڭ قوللۇقلۇقى ، سېخىيلىقى بىلەن كىشلەر ئارىسىدا تونۇلىدۇ . بەباشنىڭ ئانىسى ئافتاب بىبى نان پىشۇرۇشقا ئىنتايىن ئۇستا ئىكەن . ئۇ دائىم چوڭ نانلارنى پىشۇرۇپ داستىخاننى مول نازۇ نېمەتلەر بىلەن تولدۇرىدىكەن . يۇرتتا توي - تۆكۈن ، ئۆلۈم - يېتىمدە قويۇلىدىغان چوڭ نانلار « بەباش نېنى » دەپ ئاتىلىدىغان بوپتۇ . ھازىرمۇ بەزى پېشقەدەملەر چوڭ نانلارنى « بەباش نېنى » دەپ ئاتىشىدۇ . بەباش مانا مۇشۇنداق ئائىلىدە قۇرامىغا يېتىپ چوڭ بوپتۇ .

## بەباشنىڭ ھاكىمبەگلىككە تەيىنلىنىشى

ھاكىمبەگ مۇھەممەترېھىم ۋاپات بولغاندىن كېيىن سەرىكوي رايونىدا بىر مەزگىل ھاكىمبەگ تەيىنلەنمىدى . مۇھەممەترېھىم بەگنىڭ ئوغلى ئىشكئاغابەگ سالۋۇرمۇ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلالماي ۋاپات بولدى . بۇ مەزگىلدە بۇ رايوندا ئۆزىنى بەگ دەپ ئېلان قىلغان بىرمۇنچە يەرلىك بەگلەرمۇ مەيدانغا كەلدى . بىراق ، بۇ رايوننىڭ قانۇنلۇق ھاكىمبېگى چوقۇم چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تەيىنلىنىشى شەرت ئىدى . بۇ رايوننىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقان چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى دەرھال بۇ رايونغا مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ خان پەرمانىنىڭ

ئەمەلىيلىشىشىنى سۇرۇشتۇرىدۇ. تەخمىنەن 1856 - يىلى چىلڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئەۋەتكەن ئىككى خەنزۇ بىر تىلماچ بولۇپ ئۈچ كىشى سەرىكوي رايونىغا يېتىپ كېلىدۇ. ئۇلار سەرىكوي رايونىدا ئىككى ئايدىن كۆپرەك تۇرىدۇ. ھاكىمبەگ مۇھەممەترېھىم ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھەققىدە تولۇق مەلۇمات ئالغاندىن كېيىن ئەرپە تەلاغ داۋىنى ئارقىلىق توك يېزىسىنىڭ لەنگەر كەنتىگە يېتىپ بارىدۇ. لەنگەر كەنتىدىكىلەر ئۇلارنى تولۇم بىلەن زەرەپشان دەرياسىدىن ئۆتكۈزۈپ قويىدۇ. ئۇلار سۇرۇشتۇرۇپ ئۇدۇل بەباشنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ. بەباشنىڭ ئانىسى ئافتاب ئۇلارنى ئىنتايىن قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋالىدۇ.

ئۇلار بەباش بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇپ، بەباشنىڭ سۆز - ھەرىكىتى، يەم - پاراستىدىن تەربىيە كۆرگەنلىكىنى، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارى بارلىقىنى جەزملەشتۈرىدۇ. ئەھۋالنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلغاندىن كېيىن تەخمىنەن 1856 - يىل ئاخىرىدا خان پەرمانى بويىچە بەباش بوۋىسىدىن مىراس قالغان ھاكىمبەگلىككە تەيىنلىنىدۇ. بەباش ھاكىمبەگ بولۇپ تۇرغان مەزگىللەردە سەرىكوي رايونىدا خېلى بىر مەزگىلگىچە تىنچلىق، خاتىرجەملىك ھۆكۈم سۈرىدۇ. يەكەن خان ئامبىلىغا قاراشلىق بولغان سەرىكوي مۇسۇلمانلار مەھكىمىسى ھاكىمبەگ بەباشنىڭ باشچىلىقىدا جايلار بىلەن بولغان ئالاقىسىنى كۈچەيتىپ خەلق ئارىسىدا مەمۇرچىلىق، ئاسايىشلىق بەرپا قىلىپ مۇشۇ رايوننىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە مۇھىم رول ئوينىدى، بەباش ھاكىمبەگ ھەققىدىكى تارىخىي تەتقىقات، ئىزدىنىشلەر مۇشۇنچىلىكلا بولدى، قالغىنىنى بولسا، كېيىنكىلەر تولۇقلىسا بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۆۋەندە ئوقۇرمەنلەرگە چۈشىنىشلىك بولسۇن ئۈچۈن بەباش ھاكىمبەگنىڭ ئەۋلادلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرىمىز. ھاكىمبەگ بەباشتىن كېيىن مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئەلىفبەگ 1864 - يىللىرى ھاكىمبەگ بولىدۇ. ئەلىفبەگ 1878 - يىللىرى ناھەق قارىلىنىپ تۆھمەتكە ئۇچرايدۇ ۋە نەزەربەند قىلىنىپ تۇتۇپ كېلىپ يېڭىشەھەردىكى ئامباللار تەرىپىدىن ئۇرۇپ قىستاققا ئېلىنىدۇ. ناھەقچىلىككە چىدىيالماي ئاخىر زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن 1879 - يىلى ئۇنىڭ ئىنىسى ئابدۇلھەسەنبەگ ھاكىم بولىدۇ. 1892 - يىلى ئۇ نېرۋىسىدىن ئادىشىپ قالغاچقا خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىپ چېكىنىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى مۇھەممەتكېرىمبەگ ھاكىم بولىدۇ. ئارىلىقتا 1900 - يىللىرى تاغارمىدىكى ئۆمەربەگمۇ ئەۋلادلارنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىش نۇقتىسىدىن بەگلىك تالىشىپ كېرىم بەگ بىلەن بىرگە ئىككى يىلغا يېقىن تاشقورغان دەرياسىنىڭ يۇيىلىرىدىكى كەنتلەرنى (ھازىرقى 314 - دۆلەت تاشيولى ئەتراپىدىكى كەنتلەرنى) بۆلۈشۈۋېلىپ سورايدۇ، ئاخىرئىككىسى بەگلىكنى يەنە تالىشىپ كېلىشەلمەي، ئۇرۇمچىگىچە ئەرزگە بارىدۇ. شۇ چاغدىكى مەنچىڭ ھۆكۈمىتى بەگلىكنى يەنىلا كېرىم بەگكە بۇيرۇپ بېرىدۇ. ئۆمەربەگ خاپا بولۇپ، ئاچچىقلىنىپ، يول ئۈستىدە ئاغرىپ قېلىپ، ئائىلىسىگە ئاران قايتىپ كېلىپ ئۆلىدۇ. يەنە بىرگەپچە كېرىمبەگ ئۇنى باشقىلار ئارقىلىق يوشۇرۇن زەھەر بېرىپ قەستلەپ ئۆلتۈرگەن دەيدۇ. ئۇنىڭ قەبرىسى ھازىر قوغۇشلۇق يېزىسى قەمەرىزى كەنتىدە بار. پېشقەدەملەرنىڭ ئېيتىشىچە ئۆمەربەگنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى، قولچاق ۋە كېرەمبەگلەر بىلەن تۇغقان بىر ئەۋلاد بولىدىكەن. شۇڭلاشقا،

بەگلىك تالىشىپ ئىككى يىلدەك بەگ بولغان ئىكەن . 1926 ـ يىلى ( مىنگونىڭ 15 ـ يىلى ) شىنجاڭ ياڭ زىڭشىڭ هاكىمىيىتى يانچىلارنىڭ ۋە سەرىكوي خەلقىنىڭ قاتتىق نارازىلىقى بىلەن بۇيرۇق چىقىرىپ « هاكىمبەگلىك تۈزۈمى » ۋە يانچى تۈزۈمىنى بىكار قىلىدۇ ، كىچىك توڭدىكى يانچىلارغا نوپۇس دەپتىرى تارقىتىپ بېرىدۇ . ئۇلارنىڭ پۇقرالىق هوقۇقى ئېتىراپ قىلىنىدۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر مەزگىل ئابلىكىمبەگ ، تاش تۆمۈربەگ ( كېرىمبەگنىڭ ئوغۇللىرى )مۇ ئۆزىنى بەگ دەپ ئېلان قىلىدۇ ، 1930 ـ يىللارغا كەلگەندە ئاندىن تاشقورغاندا شەنجاڭ ( هاكىم ) تەيىنلىنىدۇ ، هاكىمبەگلىك تۈزۈمى شۇنىڭ بىلەن ئۇزۇل ـ كېسىل خالاس بولىدۇ .

مەسئۇل مۇھەررىرى : شىجائەتخان ۋەزىرى

ئاپتورى : ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ، ناھىيىنىڭ هاكىمى

# ھونزا ئەمىرلىكى بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت توغرىسىدىكى تارىخىي ماتېرىياللار

**مەدەلىخان**

پاكىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ شىمالىي رايونىغا قاراشلىق ھونزا ① رايونى قاتمۇقات تاغلار ئارىسىغا جايلاشقان بولۇپ ، ئاھالىلىرى دېھقانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ . يېقىنقى يىللاردىن بۇيان سودا تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار كۆپەيدى . 1891 - يىلى ئەنگلىيە پولكوۋنىكى دوراند باشچىلىقىدىكى ئەنگلىيە قوشۇنى بالتىت قەلئەسىنى ئىشغال قىلىپ ، شۇ ۋاقىتتىكى ھونزا ئەمىرى سەفدەر ئەلىخانىنى

---

① يەنى كانجوت دەپمۇ ئاتىلىدۇ . رىۋايەت قىلىنىشىچە سەلىمخان ھونزا ئەمىرى بولۇشتىن بۇرۇن تۇركىستان زېمىنىدىن لەشكەر كېلىپ ھونزانى ئىشغال قىلىدۇ . سەلىمخان يەكەنگە قېچىپ 24 يىل تۇرىدۇ ، ھەنزادا كان ، بولۇپمۇ ئالتۇن كۆپ بولغاچقا ئۇلار بۇ جاينى « كان جۇرت » دەپ ئاتايدۇ . مەنىسى كان كۆپ چىقىدىغان يۇرت دېگەنلىك بولۇپ ، كېيىن فونتېكىلىق ئۆزگىرىشى سەۋەبىدىن « ر » تاۋۇشى چۈشۈپ قېلىپ ، « كانجوت » بولۇپ قالغان

(قىسقارتىپ سەفدەرخان دەيمۇ ئاتىلىدۇ ) جۇڭگو تەرەپكە مۇساپىر بولۇپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلىنغانغا قەدەر ، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل كىچىك تاغ ئەمىرلىكى ئىدى . هونزا رايونى قاتمۇقات تاغلار بىلەن ئورالغان . تار جىلغىلار ئىچىدە بولغاچقا ، تېرىلغۇ يەرلىرى ئىنتايىن ئاز ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تاش ـ شېغىللىق يەرلەر بولۇپ بېرىدىغان مەھسۇلاتى ناھايىتى ئاز . ئەلۋەتتە كىشىلەر تىرىكچىلىك ئۈچۈن ئاسماننى يارغان تىك قىيالار ئاستىدىكى ئازغىنا بولسىمۇ يانتۇ يەرلەرنى تۈزلەپ ، پەلەمپەي ئېتىزلارنى بەرپا قىلىپ ، تېرىقچىلىق قىلغان . مېۋىلىك دەرەخلەرنى تىكىپ ، باغ بەرپا قىلغان . هونزانىڭ ئۆرۈكى ۋە ئۆرۈك قېقى دۇنيادا ئىنتايىن مەشھۇر . هونزا تىلى ئاۋرىل ستەيىن دېگەندەك هىندى تىل ئائىلىسىگىمۇ ، ئىران تىل ئائىلىسىگىمۇ كىرمەيدىغان بىرخىل بىروشىسكى دەپ ئاتىلىدىغان تىل بولۇپ ، ئۇلار بۇنىڭدىن باشقا يەنە پارس ، تاجىك تىلى ۋە ۋاخان تاجىك تىلىدا ھەم ئوردو تىلىدا سۆزلىشەلەيدۇ . هونزا رايونى دۇنيا بويىچە خەلقى ساغلام ، كۈچلۈك ، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرىدىغان رايونلارنىڭ بىرى . هونزا خەلقى ساغلام ، كۈچلۈك بولغاندىن تاشقىرى ، يەنە تاغ يولىدا يۈرۈشكە ئىنتايىن ئۇستا ، چىدامچان خەلق . ئەنگلىيە هونزا رايونىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىنىڭ پوچتىلىرىنى هونزالىقلار يۈدۈپ ، پىيادە توشۇغان . ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ « كەلەندە سەر » دەپ ئاتىلىدىغان كىچىك مېتىنلىرىنى ئېلىپ ماڭىدىغان بولسا ، تاغ يولىدا ئۇلارغا ھەتتا يورغا ئاتلارمۇ يېتىشەلمەيدۇ ، ئۇلار مېتىنلىرى بىلەن مۇز ـ قارلارنى چوقۇپ يول ئېچىپ ، ھەرقانداق پەسىلدە ، ھەرقانداق ئېگىز ، مۇز داۋانلاردىن ئېشىپ ئۆتەلەيدۇ . ئەلۋەتتە ، ئۇلار يەنە

شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ھەرقانداق قىيىنچىلىققا بەرداشلىق بېرىپ، زورۇر بولغاندا جېنىدىنمۇ كېچىپ، ئۆز مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش روھىغىمۇ ئىگە ئىدى. ھونزا رايونى قاتنىشى ئىنتايىن قولايسىز، ماددىي بايلىقمۇ ئىنتايىن نامرات بولغان رايون بولغاچقا، بەزىدە باشقا رايونلارغا چىقىپ، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشقىمۇ مەجبۇر ئىدى. دائىم پامىر تاغلىرىدىن ۋە قارا قورۇم تاغلىرىدىن ئېشىپ يىراقتىكى سەرىكوي رايونى، بالتىستانغا چاقماق تېزلىكىدە ھۇجۇم قىلىپ، سودىگەرلەرنى ياكى يەرلىك ئاھالىلەرنى بۇلاپ، قايتىپ كېلەلەيدىكەن. بۇ ماقالىدە ھونزالىق ھاجى قۇدرە تىللا بىگ ئىبنى مۇھەممەتتىللا بىگ يازغان «ھونزا ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ھەقىقىي تارىخى» (1983 - يىلى راۋالپىندى نەشرى) دىكى ماتېرىياللارغا ۋە باشقا ئالاقىدار ماتېرىياللارغا ئاساسەن ھونزا رايونى بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىمەن.

## 1. ھونزا بىلەن سەرىكوي رايونى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئورنىتىلىشى

ھونزا رايونى بىلەن سەرىكوي رايونى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنىڭ قاچان باشلانغانلىقىغا كەلسەك بۇ ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ھونزا رايونى بىلەن سەرىكوي رايونى تاغلىرى تۇتاش رايونلار بولۇپ، ئۇ يەرلەردىكى ئاھالىلەرنىڭ ئۆزئارا ئالاقە قىلماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. بۇ ماقالىدە دېيىلىۋاتقان مۇناسىۋەت بىر - بىرىگە قوشنا بولغان رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى ئادەتتىكى ئالاقىدىن باشقا يەنە بىرخىل ئالاھىدە

مۇناسىۋەتنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنى يىغىنچاقلىغاندا مۇنداق بىرقانچە تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ: (1) بېقىندىلىق ۋە ھامىيلىق مۇناسىۋەت. ھونزا ئەمىرلىكى ئۆزىنىڭ جۇڭگو مەنچىڭ ھۆكۈمىتىگە بېقىندىغانلىقىنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن تەلەپ قىلغاندىن تارتىپ ئۇنىڭ جۇڭگوغا ئولپان تاپشۇرۇشى ۋە مەنچىڭ ھۆكۈمىتىدىن ئىنئام ئېلىشى پۈتۈنلەي سەرىكوي رايونى ئارقىلىق بولغان. (2) سودا ـ مۇناسىۋىتى. ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسى ھونزانى ئىشغال قىلىشتىن بۇرۇن، ھونزا رايونىدىكى ئاھالىلەرگە كۈندىلىك لازىمەتلىك بۇيۇملارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تاشقورغان ئارقىلىق قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلاردىن توشۇلۇپ ئالماشتۇرۇلغان. (3) ئۇرۇق ـ تۇغقان، قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋەت، بولۇپمۇ ھونزا ئەمىرلىرى بىلەن سەرىكوي رايونىنىڭ ھاكىمىيەتلىرى بىرقانچە ئەۋلاد ئۆزئارا قۇدا بولۇشۇپ، ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىنى يېقىنلاشتۇرۇشقا تىرىشقان. (4) تالان ـ تاراج ۋە تالان ـ تاراجغا قارشى تۇرۇش مۇناسىۋىتى، ھونزا ئەمىرلىكى سەرىكوي رايونىغا كۆپ قېتىم تالان ـ تاراج قىلىشقا كېلىپ، سەرىكوي رايونىدىكى تاجىك، قىرغىز خەلقلىرىنىڭ كۆپ قېتىم قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. يۇقىرىدىكى تۆت خىل ئالاھىدە مۇناسىۋەتنىڭ كونكرېت مەزمۇنى مۇشۇ ماقالىنىڭ مۇناسىپ سەھىپىسىدە ئايرىم بايان قىلىنىدۇ. بۇنداق يېقىن قوشنىدارچىلىقتىنمۇ مۇرەككەپ ئالاھىدە مۇناسىۋەت ئالاھىدە ئەھۋال ئاستىدا ئېلىمىزنىڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە شەكىللەنگەن. بىز يۇقىرىدا ھونزا رايونى ئەنگلىيىكلەر تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىشتىن ئىلگىرى، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر كىچىك تاغ ئەمىرلىكى دېگەن ئىدۇق. بۇ تاغ ئەمىرلىكى راستىنلا بەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىچىك ، ئاجىز بولغانلىقى ئۈستىگە يەرلىرى ئۈنۈمسىز ، نامرات جاي ئىدى . ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئەتراپىدىكى كىچىك ئەمىرلىكلەر ، مەسلەن ناگار ، چىترال ، گىلگىت قاتارلىقلار بىلەن تىنماي ئۇرۇش - جېدەل يۈز بېرىپ تۇراتتى . شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق ئاجىز ، كىچىك ، نامرات ئەمىرلىك ئۆزىگە بىر يۆلەنچۈك ئىزدەشكە موھتاج ئىدى . جۇڭگو زور ، قۇدرەتلىك يۆلەنچۈك ھېسابلىناتتى . شۇنداقلا جۇڭگو ئەمىرلىك بىلەن چېگرىداش تام قوشنا ئىدى . گەرچە جۇڭگو شۇ ئەتراپتىكى ئەمىرلىكلەرنىڭ ئىچكى جېدەل - نىزالىرىغا بىۋاستە ئارىلاشمىسىمۇ ، ھونزا ئەمىرلىرى ھېچبولمىغاندا ئەتراپتىكى ئەمىرلىكلەر تەرىپىدىن يۇتۇۋېلىنىغاندا ، ئۆزىگە بىر پاناھلىنىدىغان جاي تاپالايتتى . ھونزانىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن جۇڭگوغا بېقىندىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتە يەنە مۇھىم ئىقتىسادىي سەۋەبمۇ بار ئىدى . ئۇ بولسىمۇ ، ھونزا ئەمىرلىرى جۇڭگوغا بېقىندىلىق مۇناسىۋەتنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ھەر يىلى مەلۇم ساندا ئولپان تاپشۇرسىمۇ ، بۇنىڭ ھېسابىغا جۇڭگو ھۆكۈمىتىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق ئىنئاملارغا ئىگە بولاتتى . تېخى مەنچىڭ ھۆكۈمىتى ھونزا ئەمىرىنىڭ ھازىرقى قاغىلىق ناھىيىسىگە قاراشلىق غوجىېرىق دېگەن يەردىن يەر - زېمىن ئېلىپ ، تېرىقچىلىق قىلىش ، باغ - ۋاران يېتىشتۈرۈشكە يول قويغان ئىدى . ئەمدى جۇڭگونىڭ ھونزانى تاپشۇرغان ئولپانلىرىدىن شۇنچە كۆپ ئىنئاملار بىلەن تەمىن ئېتىشى ، روشەنكى جۇڭگو چېگرىسىنىڭ بىخەتەرلىككىنى كۆزدە تۇتقانلىقتىن بولغان . بۇ نۇقتىغا ستەيىنمۇ دىققەت قىلغان . ئۇ «قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىيلىرى» دېگەن كىتابىدا بۇ ھەقتە مۇنداق يازغان : « ئۇزاق يىللار ئىلگىرى

ھونزالىقلار ئۇپراك دەرياسىنىڭ زەرەپشان دەرياسىغا قۇيۇلىدىغان جىلغىسىنى ئىگىلىۋالغان ئىكەن. روشەنكى، بۇ رايونلار جۇڭگو تۈركىستانىنىڭ تەبىئىي چېگرىسى ئىچىدە ئىدى. شۇ سەۋەبتىنمىكىن ئۇلار جۇڭگونىڭ قەشقەردىكى ھۆكۈمىتىگە ئۇن ـ تىنسىز ئولپان تاپشۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما جۇڭگونىڭ بەرگەن ئىنئاملىرى ئۇلارنىڭكىدىن كۆپ ئارتۇق بولغاچقا، ھونزالىقلار ئادەتتىن تاشقىرى پايدىغا ئېرىشكەن». چۈنكى، جۇڭگو سەرىكوي ۋە قاراقۇرۇم تېغى ئوتتۇرىسىدىكى زېمىننىڭ بېخەتەرلىكى ئۈچۈن كانجوت (ھونزا) تاجاۋۇزچىلىقىغا تۆلەم تۆلەيتتى. جۇڭگونىڭ بۇنداق تاكتىكىسىنى تامامەن چۈشىنىشكە بولىدۇ. سەرىكوي رايونى ئىچكى خاندانلىقتىن ناھايىتى يىراق. شۇنىڭدەك ئۇ ۋاقىتتا چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۇنداق يىراق غەربىي رايوندىكى چېگرا لىنىيىسىنى ساقلاشقا كۆپلەپ قوشۇن ئاجرىتىشى ۋە ھونزادەك بىر كىچىك ئەمىرلىك بىلەن توختىماي ئۇرۇش ـ جېدەل قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. تېخىمۇ مۇھىمى ھونزادەك كىچىك ئەمىرلىك بىلەن ئۇرۇش ـ جېدەل قىلىپ، ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىسى ھىندىستانغا تەھدىت پەيدا قىلىشتىن بەكمۇ ئەنسىرەيتتى. شۇڭا، ھونزا تاپشۇرغان ئولپاندىن كۆپ ئارتۇق ئىنئام بېرىش يولى بىلەن ئۇنىڭ پاراكەندىچىلىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تاكتىكىسىنى قوللانغان ئىدى. ھونزا بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل ئالاھىدە مۇناسىۋەت ھاجى قۇدرەتۇللابەگ يازغان «ھونزا ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ھەقىقىي تارىخى» دېگەن كىتابىدىكى ماتېرىياللارغا قارىغاندا ھونزا ئەمىرى خىسراۋ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىن باشلانغان ئىكەن. خاتىرىلىنىشىچە خىسراۋ ھونزا ئەمىرلىكى ئورنىغا چىقاندىن كېيىن، ئوغلى سەلىمنى

www.uyghurkitap.com

جۇڭگو بىلەن ئالاقە باغلاش ئۈچۈن يەكەنگە ئېۋەتكەن . بۇ ۋەقە 1759 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى چوڭ ـ كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭىنى تىنجىتىپ ، قەشقەر ، يەكەندە ئامبال تەسىس قىلغان ، سەرىكوي دىيارىدا «سەرىكوي مۇسۇلمانلار مەھكىمىسى »نى قۇرغان دەۋرگە توغرا كېلىدۇ . بۇ چاغدىكى سەرىكوي هاكىمبېگى موراتبىگ ئىدى . سەلىم يەكەنگە بارغاندىن كېيىن يەكەندىكى خان ئامبال بىلەن ، هونزانىڭ مەنچىڭ هۆكۈمىتىگە قارام بولىدىغانلىقى ھەم ھەرىيلى چىڭ هۆكۈمىتىگە ئولپان تاپشۇرىدىغانلىقى ھەققىدە ئەھدۇ پەيمان تۈزىدۇ . ئۇنىڭغا جاۋابەن مەنچىڭ دائىرلىرى ھەرىيلى ئۇلارغا نۇرغۇن تاۋار ـ دۇردۇن ، پاختا رەخت ، پاختا ، قاچا ـ قۇچا ، چاي ، تۇز قاتارلىق كۈندىلىك تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ئىنئام قىلىدىغان ، ھەرىيلى كۈزدە هونزادىن 12 كىشى ئەلچى بولۇپ يەكەنگە كېلىپ ئولپان تاپشۇرىدىغان ۋە ئىنئام قوبۇل قىلىدىغان بولىدۇ . ئەمىر خىسراۋ ئۆلۈپ ، ئورنىغا كېيىن ئوغلى سەلىم ( ئۇنىڭدىن بۇرۇنراق ئاكىسى مىرزا 50 يىل هونزا ئەمىرى بولغان ، خىسراۋنى ئۆلتۈرۈپ ئۆزى هونزا ئەمىرى بولغان بولىشىمۇ ، كېيىن سەلىم تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ) هونزا رايونىنىڭ ئەمىرى بولىدۇ . سەلىمنىڭ هونزاغا ئەمىر بولغان ۋاقتى تەخمىنەن 1766 ـ يىلى بولۇپ ، ئۇمۇ ئوغلى غەزەنفەرخانىنى مەنچىڭ هۆكۈمىتىنىڭ يەكەندىكى دائىرلىرىگە ئەلچىلىككە ئېۋەتىدۇ . غەزەنفەرخان يەكەن ئامبىلى بىلەن رەسمىي بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىش ھەققىدە كېلىشىم تۈزىدۇ ، كېلىشىم بويىچە هونزا ئەمىرىگە مەنچىڭ خانى رەسمىي ئۇنۋان مەنسەپ بېرىدىغان ، هونزا ئەمىرى ھەرىيلى كۈزدە مەنچىڭ هۆكۈمىتىگە 16 سەر ئالتۇن قىممىتىدە ئولپان تاپشۇرىدىغان ،

مەنچىڭ دائىرلىرى قاراچاي، كۆكچاي، ھەرخىل خام، ماتا چەكمەن، تاۋار ـ دۇردۇن، بايراق، ئات ۋە باشقا لازىمەتلىكلەرنى ئىنئام بېرىدىغان، ھەر يىلى كۈزدە ھونزا ئەمىرى قەشقەر ۋە يەكەنگە ئەلچى ئەۋەتىدىغان، مەنچىڭ دائىرلىرى ھونزاغا دورغا ئەۋەتىدىغان بولىدۇ. غەزەنفەرخان يەكەنگە كەلگەندىن كېيىن يەنە مەنچىڭ دائىرلىرىگە غوجىئېرىق دېگەن يەردىن يەر ـ زېمىن سېتىۋېلىش تەلىپىنى قويىدۇ. چۈنكى، ھونزانىڭ يەرلىرى ئىنتايىن ئاز ھەم ئۈنۈمسىز بولغاچقا، غوجىئېرىقتىن يەر ـ زېمىن سېتىۋالغاندا ھونزا ئەمىرىنىڭ گۈرۈچ، بۇغداي يېمەكلىكىنى ۋە پاختا قاتارلىقلارنى ھەل قىلغىلى بولاتتى. مەنچىڭ دائىرلىرى ئۇنىڭ غوجىئېرىقتىن يەر ـ زېمىن سېتىۋېلىش تەلىپىگە قوشۇلۇپ، يەر ـ زېمىن سېتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھونزا ئەمىرلىرى بىلەن جۇڭگو قەشقەر، يەكەن ـ سەرىكوي دائىرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاھىدە مۇناسىۋەت رەسمىي ئورنىتىلىدۇ.

## 2. ھونزا ئەمىرلىرى بىلەن بولغان ئالاھىدە مۇناسىۋەتنىڭ يەنىمۇ چىڭىشى ۋە راۋاجلىنىشى

ئەمىر سەلىم خان 1766 ـ يىلى ھونزا ئەمىرى بولۇپ ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈپ، ئۇغلى غەزەنفەر ئارقىلىق يەكەندىكى چىڭ سۇلالىسى دائىرلىرى بىلەن بېقىندىلىق ۋە ھامىيلىق مۇناسىۋىتى ئورناتقان بولسىمۇ، ئەمما سەرىكويدىكى ھاكىمبەگلەر بىلەن تېخى ئانچە يېقىن ئالاقىدە بولمىغان بولسا كېرەك، شۇڭا ھونزالىقلار دائىم شۇ ۋاقىتتا جۇڭگوغا تەۋە تاغدۇمباش پامىر، مونارە، بوزاي گۇمبەز، راسكام، ئوپراڭ قاتارلىق جايلارغا بېرىپ،

تاجىك ، قىرغىز چارۋىچىلىرىنى بولايدۇ . ئۇلار بولىغان قوي ، قوتاز ، كىگىز ، سېرىق ياغ قاتارلىقلارنى قائىدە بويىچە ئەمىرگە تاپشۇرىدىكەن . بۇ قائىدىگە كىمكى خىلاپلىق قىلىپ ، بولىغان يۇقىرىقى نەرسىلەرنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالسا ، ئەمىر تەرىپىدىن ئوغرىلىق قىلغان جىنايەت بويىچە قاتتىق جازالىنىدىكەن . ئەگەر خام ـ ماتا ، كىيىم ـ كېچەك قاتارلىق نەرسىلەرنى بولىۋالغان بولسا ، بۇ شۇ قېتىملىق بولاڭچىلىق ھەرىكىتىگە قاتناشقانلارغا تەقسىم قىلىنىسا بولىدىكەن . دېمەك ، ھونزا ئەرلىرىنىڭ دائىم بولاڭچىلىققا چىقىشىنى ئەمىر ئۆزى پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇرىدىكەن . ھونزانىڭ بۇنداق بولاڭچىلىقى ( ئەمەلىيەتتە شۇ ۋاقىتلاردا سەرىكوھ دىيارىغا كېلىدىغان بولاڭچىلار بىرلا ھونزا تەرەپتىن كېلىدىغان بولماستىن ، يەنە قوقەن باسمىچىلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى ۋە باشقىلارمۇ بار ئىدى ) سەرىكوي خەلقىنىڭ تىنچ ـ ئەمىنلىكىگە ئىنتايىن زور خەۋپ يەتكۈزگەن ئىدى . چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى گەرچە چوڭ ـ كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭىنى تىنجىتىپ ، شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەن ، ئىلىدا جاڭجۈن مەھكىمىسى قۇرۇپ ، ھەرقايسى جايلارغا مەسلىھەتچى ئامبال ، ياردەمچى ئامبال ، خان ئامبال قاتارلىق ئامباللارنى تەيىنلەپ ، ھەربىي ، مەمۇريي ئىشلارغا بىر تۇتاش رىياسەتچىلىك قىلغان بولسىمۇ ، ئەمما سەرىكويدەك چەت ـ يىراق چېگرا رايونغا تېخى رەسمىي قوشۇن تۇرغۇزمىغان ، پەقەت ھاكىمبەگ تەيىنلەپ ، چېگرا مۇداپىئە ئىشلىرىنى ھاكىمبەگكە تاپشۇرغان ئىدى . ھونزالىقلارنىڭ دائىم بولاڭ ـ تالاڭغا چىقىپ ، سەرىكويغا پاراكەندىچىلىك سېلىشى ، يەكەن ئامبىلى ۋە سەرىكوي ھاكىمبېگى ئالدىغا قويۇلغان ھەل قىلمىسا بولمايدىغان جىددىي مەسىلە ئىدى .

ھەرقايسى تەرەپلەردىن كېلىدىغان بۇ تەھدىتلەرنى سەرىكەي ھاكىمبېگى قول ئاستىدىكى ئازغىنا يەرلىك چېرىكلەرگە تايىنىپ ھەل قىلىپ كېتەلمەيتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن بىرخىل ئالاھىدە ۋاستە قوللىنىشى زۆرۈر ئىدى. سەرىكوي ھاكىمبېگى ئۆمەربەگ ( چۇشمان كەنتىدىن ) يەكەن ئامبىلىنىڭ تەستىقى بىلەن، ئىشىكئاغا بەگ قەلەمنىڭ قىزى - خوشھالبىگىمنى ھونزا ئەمىرى سەلىمخاننىڭ نىكاھىغا بېرىپ، ھونزا ئەمىرلىكى بىلەن سەرىكوي بەگلىرى ئوتتۇرىسىدا قۇدىلىق - تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈردۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تېخى تاغدومباش قاتارلىق جايلاردا ئولتۇراقلاشقان قىرغىزلاردىن مەلۇم ساندا كىگىز، يۇڭ، سېرىق ماي قاتارلىق ئالۋانلارنى يىغىش ھوقۇقىنى قىزى خوشھالبىگىمنىڭ قىز مېلى ھېسابىدا ( تاجىكلاردا قىز مېلى بېرىش ئادىتى بولمىسمۇ ) ئەمىر سەلىمگە بېرىدۇ. بۇخىل ئادەت تاكى ھونزادا ئەمىر نەزىمخان دەۋرىگىچە داۋام قىلىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى خۇددى سىتەيىن كۆرسەتكەندەك ھونزانىڭ بۇلاڭ - تالاڭ قىلماسلىقى ئۈچۈن « بېرىلىدىغان تۆلەم » ئىدى. « ھونزا ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ھەقىقىي تارىخى » دېگەن كىتابنىڭ مۇئەللىپى قۇدرەتۇللا بەگمۇ بۇ نۇقتىنى ناھايىتى ئوچۇق ئېتىراپ قىلغان، ئۇ مۇنداق كۆرسىتىدۇ: « ئەمىر سەلىمخان دەۋرىدە ھونزانىڭ ھېچقانداق سودا تىجارىتى يوق ئىدى ... پەقەت ئانچە - مۇنچە يەكەندىن كەلگەن ھاجىلارنى ياكى لاداق يولىدىكى كارۋانلارنى بۇلايتتى »، « ھەر يىلى قىشتا ھونزادىكى ئەرلەر قىرغىز ۋە سەرىكويلىقلارنى تالان - تاراج قىلىش ئۈچۈن غىجەكبوي، تاغدومباش، مونارە، بوزاي گۇمبەز قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، قوي، قوتاز، كىگىز، سېرىق ماي قاتارلىقلارنى بۇلايتتى.

ئۇنىڭدىن باشقا راسكام ، ئوپراڭغىمۇ باراتتى » يەكەن ئامبىلى ۋە سەرىكويي ھاكىمبېگىنىڭ يۇقىرىقى تەدبىرلىرى ھونزانىڭ بۇلاڭچىلىق ، پاراكەندىچىلىكىنى مەلۇم دەرىجىدە توسۇپ ، چېگرا رايونىنىڭ تىنچ - ئەمىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلدى .

ھونزا ئەمىرى — سەلىمخان 1823 - يىلى ۋاپات بولۇپ ، ئورنىغا ئوغلى غەزەنفەرخان ئۆزىنى ئەمىر دەپ ئېلان قىلىدۇ . غەزەنفەرخان ئۆزى بىلەن ئەمىرلىك ئورنى تالاشقان ئىنىسى ئەمىنخاننى زەھەرلەپ ئۆلتۈرىدۇ . سەرىكويي ئىشىكئاغا بېگى قەلەمنىڭ قىزى خوشھالبېگىمدىن تۇغۇلغان ئىنىسى ئابدۇللاخاننى ئىنتايىن قەدىرلەيدۇ ( غەزەنفەرخان ئابدۇللاخاننىڭ ئانا بۆلەك ئاكىسى ) . گوجال دېگەن يەرنى ئابدۇللاخاننىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ ، ئۇ يەردىن كىرىدىغان باج - خىراجنى ئابدۇللاخاننىڭ ئىختىيارىغا ئۆتكۈزىدۇ . مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە سەرىكويي ھاكىمبەگلىرى بىلەن بولغان يېقىن مۇناسىۋىتىنى ساقلاشقا تىرىشىدۇ . لېكىن ، ئابدۇللاخاننىڭ ئۆزى تۇغقانلىرى بولغان سەرىكويي ھاكىمبەگلىرى بىلەن ئانچە مۇناسىۋەت قىلىپ كەتمەيدۇ ھەم دائىم ھونزالىقلارنى باشلاپ قارا تىگىن ، سەرىكويدا بۇلاڭ - تالاڭ بىلەن شۇغۇللىنىدۇ ، غەزەنفەرخان ئىنىسىنىڭ بۇنداق قىلمىشلىرىنىڭ ئۆزى بىلەن مەنچىڭ دائىرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە تەسىر يەتكۈزۈشىدىن ئەنسىرەپ ، ئۇنىڭغا سەرىكويي بەگلىرىنىڭ قىزى بىبى دۆلەت ( لەقىمى پاكدامەن )نى ئېلىپ بېرىدۇ . غەزەنفەرخان ھۆكۈمدانلىق قىلغان مەزگىللەردە ھونزا بىلەن يەكەن ، سەرىكويي ئوتتۇرىسىدىكى بېرىش - كېلىش تېخىمۇ قويۇقلىشىدۇ . بۇنى ئەمىر غەزەنفەرخاننىڭ يەكەن ئامبىلىغا ئۆز قولى بىلەن يازغان

تۆۋەندىكى خېتىدىن كۆرگىلى بولىدۇ :

جانابىي ئامبال ھاكىم مۇتلەق دارىلسەلتەنەت ياركەند ھاكىمىگە : سىزگە يۇرتىمىزدە چوڭقۇر ئورناشقان مۇھەببەت بىلەن سالام يوللايمىز . ھەزرىتىڭىزنىڭ پەزىلىتى - شاپائىتى بىلەن ئەلھەمدۇلىللا ئەھۋالىمىز ياخشى تۇرۇپتۇ . ئەمدى گەپنىڭ ئۆزىگە كەلسەك ، جانابىي خاقانىي ئالىي قەدىمدىن تارتىپ قائىداق قائىدە بېكىتكەن بولسا ، مەنمۇ شۇ قائىدە بويىچە خاقانىي ئالىيغا 15 سەر تۆت مىسقال ئالتۇن ، ئۆزىڭىزگە ۋە سەرىكوي ھاكىمبېگىگە تۆت مىسقالدىن ئالتۇننى ئەلچى ئارقىلىق ئېۋەتتىم . ئۇلۇغ خاندىن ھەر يىلى ئىلتىپات بىلەن ، بىزگە 12 توپ تاۋار - دۇردۇن ، 12 ساندۇق تاختا چاي ، 12 ساندۇق كۆكچاي ، توقۇقلۇق تۆت ئات ، بىر دانە شاھانە تىرەلباس ئىنئام بېرىلگەن ھەم ئامبال ۋە سەرىكوي ھاكىمبېگى يەنە ئىككى توپتىن تاۋار - دۇردۇن ، ئىككى ساندۇقتىن تاختا چاي ، ئىككى ساندۇقتىن كۆكچاي ، بىردىن تىرەلباس ، بىردىن توقۇقلۇق ئات ئىنئام قىلىنىپ كەلگەن . بۇ قائىدە قەدىمدىن تارتىپ شۇنداق ئىدى . بۇنى ھەر قېتىملىق ئامبال ۋە ھاكىمبەگلەر كەم قىلغان ئەمەس ، سەۋەب شۇكى ، بىز ئۆز رازىلىقىمىز بىلەن ئۇلۇغ خاقانغا تابىئەلىكىمىزنى بىلدۇرگەن . بىز ھەم ھەريىلى ئولپان ئۈچۈن ئالتۇننى تولۇق ئەۋەتىپ تۇردۇق ، مۇشۇنىڭ ئۈچۈن ئەلچىلىرىمىز بىر ئاي ئىنتايىن خەتەرلىك ، مۇشكۈل يوللارنى باسىدۇ ، ئىشەنچىم كامىلكى ئامبال جانابلىرى بۇلارنى ئۆز پاراستى بىلەن تولۇق ئېتىبارغا ئېلىپ ، خاقانى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەزەمنىڭ ئىنئام ـ ئىلتىپاتىنى بىزگە يەتكۈزگەي »...① يۇقىرىقى خەتتە كەلتۈرۈلگەن تىزىملىكتىكى ئىنئاملاردىن باشقا يەنە 500 توپ ئاق خەسە، 500 توپ ماتا ـ چەكمەن ھەم گۈرۈچ، تۇز، چىننە ـ چەينەك، قاچا ـ قۇچا قاتارلىق كۆندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىمۇ ئىنئام قىلىنغان، بۇنىڭدىن بەزىلىرىنى ھونزا ئەمىرى ئۆزىدىن ھونزا پۇقرالىرىغا تارقىتىپ بېرىدۇ. مەسىلەن، تۇز ۋە ئۆلگەن كىشىلەرگە كېپەنلىك ئۈچۈن ئاق خەسە قاتارلىقلار (تۇز ۋە كېپەنلىك ئۈچۈن ئاق خەسىنىڭ ئەمىر تەرىپىدىن تارقىتىلىدىغانلىقىدىن شۇ ۋاقىتتا ھونزادىكى تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ نەقەدەر كەملىكىنى بىلىۋېلىش تەس ئەمەس).

ئەمىر غەزەنفەرخان يەنە ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن قىزى بىبى زاھىدەنى باباشبەگنىڭ ئوغلى ئوبۇلھەسەنبەگكە، بىبى جەمالنى گەۋھەر ئىشىكئاغا بېگىنىڭ ئوغلى تەجەممولبەگكە نىكاھلاپ بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىر مەزگىل سەرىكوي رايونىنىڭ ئامانلىقى ۋە تىنچلىقىغا كاپالەتلىك قىلىنىدۇ. خاتىرىلىنىشىچە ئەمىر غەزەنفەرخان سەرىكوي بەگلىرى ۋە يەكەن ئامبىلى بىلەن بولغان ئالاھىدە مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملىگەندىن كېيىن، ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان 30 نەچچە يىل ئىچىدە سەرىكوي ۋە ھونزا ئوتتۇرىسىدا ئانچە كۆپ ئۇرۇش ـ نىزا، بۇلاڭ ـ تالاڭلار يۈز بەرمەيدۇ، ھونزا بىلەن يەكەن، سەرىكوي ئوتتۇرىسىدىكى

---

① بۇخەت ھاجى قودرەتىللابىگ يازغان: «ھونزا ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ھەقىقىي تارىخى» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى. كىتابتا يەنە ئەمىر غەزەنفەرخاننىڭ باشقا بىر خېتىمۇ ھەم ئەمىر غەزەنفەرخاننىڭ ئەلچىسىنىڭ غوجىرىقتىن ئەمىر غەزەنفەرخانغا يازغان بىر خېتىمۇ كىرگۈزۈلگەن. مەزمۇنى يۇقىرىقىدىكىسى بىلەن ئوخشاش.

ئەلچى، سودىگەرلەرنىڭ بېرىش - كېلىشى كۆپىيىدۇ ۋە مۇقىم
ئۆزئارا زىيارەت قىلىشىدۇ. ھاجى قودرەتىللا بەگنىڭ يېزىشىچە
ئەمىر غەزەنفەرخان ئىككى قىزىنى سەرىكوي بەگلىرىگە ياتلىق
قىلغاندا، قىز يۆتكىگەنلەر بىلەن بىرگە ۋەزىرى ئەسەدىللا بەگ
(قۇدرەتىللا بەگنىڭ چوڭ بوۋىسى، قۇدرەتىللا بىگنىڭ دادىسى
موھەممەتتىللا بىگ، ئۇنىڭ دادىسى مۇھەممەدرىزا بىگ، ئۇنىڭ
دادىسى ئەسەدىللا بىگ بولۇپ، بۇ جەمەت
ھونزا ئەمىرلىكىدە ئەۋلادمۇ - ئەۋلاد ۋەزىرلىك مەنسىپىدە تۇرغان)
مۇ ئەمىرنىڭ قىزلىرىنى يەتكۈزۈشى ئۈچۈن سەرىكويغا كەلگەن.
ئۇ يولدا مىسگار دېگەن يەر (جۇڭگو چېگرىسىغا يېقىن)نىڭ بۇلاق
سۈيى بار. سۇ باشلاپ تېرىقچىلىق قىلىشقا باب كېلىدىغان يەر
ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆستەڭ قېزىپ تېرىقچىلىق قىلىشنى
كۆڭلىگە پۈككەن، قايتقاندىن كېيىن ئەمىرنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن
ھونزا خەلقىنى ئۇيۇشتۇرۇپ ئۆستەڭ قېزىپ، تېرىقچىلىق بىلەن
شۇغۇللانغان. ئەمما، ئۇلاردىن بۇرۇن پامىر قىرغىزلىرىمۇ بۇ يەردە
ئانچە - مۇنچە تېرىقچىلىق قىلغان بولغاچقا، ھونزالىقلارنىڭ بۇ
يەرنى ئىگىلىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، ھوسۇل يىغىدىغان مەزگىلدە
ھۇجۇم قىلىپ كېلىپ، ھوسۇللىرىنى بۇلاپ كەتكەن. ھونزا
ئەمىرى سەرىكوي بەگلىرى بىلەن ئالاقە باغلاپ، سەرىكوي
بەگلىرى ئارقىلىق دەرۋازىدىكى قىرغىزلارنىڭ مىسگارنى بۇلاڭ -
تالاڭ قىلىشىنى توسقان.

## 3. ئۆرۈشۈشمۇ، يارىششمۇ بولغان مۇرەككەپ مۇناسىۋەت

بىز ماقالىمىزنىڭ بېشىدىلا سەرىكوي بىلەن ھونزا

www.uyghurkitap.com

ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ بىر خىل ئالاھىدە مۇناسىۋەت ئىكەنلىكىنى دېگەن ئىدۇق. ھونزا گەرچە ئۆزىنىڭ جۇڭگوغا بېقىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ھەمدە يىلىغا مەنچىڭ ھۆكۈمىتىگە ئولپان تاپشۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ مۇناسىۋەت جۇڭگونىڭ ھونزاغا نىسبەت ئىگىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيتتى. ھونزا ئەمىرلىكى يەنىلا ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر كىچىك بەگلىك ئىدى. ئۇنىڭ ئۆز ئالدىغا قانۇن (گەرچە يازما بولمىسىمۇ) - نىزاملىرى بولۇپ، ئىچكى - تاشقى ئىشلىرىنى پۈتۈنلەي ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل باشقۇرغان، مەنچىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئۇلارنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا پۈتۈنلەي ئارىلاشمىغان. ھونزا ئەمىرلىرى ئۆزىنى بۈيۈك چىڭ سۇلالىسىگە تەۋە دەپ ئېتىراپ قىلىسمۇ، ئەمما چىڭ سۇلالىسىنىڭ زېمىنى بولغان، سەرىكوي رايونىغا نىسبەتەن تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، بۇلاڭ - تالاڭ قىلغۇسى كەلسە قىلىۋەرگەن. ئېھتىمال يەكەندىكى بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى ئامباللىرى ۋە سەرىكوي بەگلىرىنىڭ ھونزا ئەمىرلىرىگە نىسبەتەن يۈرگۈزگەن مادارا سىياسىتىمۇ ئۇلارنىڭ خورىكىنى ئۆستۈرۈپ قويغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار بىر تەرەپتىن يەكەندىكى مەنچىڭ دائىرىلىرىگە ھەر يىلى ئولپان تاپشۇرۇپ، ئىنئام قوبۇل قىلىپ، بېقىندىلىق ۋەدىسىنى ئادا قىلسا، بىر تەرەپتىن يەنە ئۆزىنىڭ ئىچكى ئېھتىياجىغا قاراپ، ئۆز پۇقرالىرىدىن بۇلاڭچى قوشۇن تەشكىللەپ، سەرىكوي دىيارىنىڭ تاغدومباش، راسكام قاتارلىق جايلىرىغا، ھەتتا خۇددى «تاش شەھەر»نىڭ شىمالىدىكى يىراق تاغارما دېگەن يەرگىچە بۇلاڭ - تالاڭ ئۇچۇن بارغان. بۇ ئىشتا ھەتتا ئۆزىنىڭ مەنچىڭ خاقانىغا بېقىندى مۇناسىۋەتتە ئىكەنلىكىنى

ئويلاپمۇ قويمىغان. ئەمىر غەزەنفەرخان ھونزاغا ھۆكۈمرانلىق
قىلغان مەزگىللەردە ۋەزىر مەستى بىگنىڭ ئوغلى شەرىف دېگەن
كىشىنى مەخسۇس بۇلاڭ - تالاڭغا چىقىدىغان قوشۇنلارنىڭ
سەردارلىقىغا تەيىنلەيدۇ. بۇخىل قائىدە ھونزادا ئەمىر
غەزەنفەرخاندىن بۇرۇنمۇ مەۋجۇت ئىكەن. ھەر يىلى كۈز پەسلىدە
ھونزادىن قوشۇن تارتىپ چىقىپ، پامىردىكى بوزاي گومبەز،
موناره، سەرىكوي، قاراتىكىن، شىنشال، لاداق يولى قاتارلىق
جايلارغا يۈرۈش قىلىپ، ئاھالىلەرنى، سودىگەرلەرنى، ھاجىلارنى
بۇلاپ، بۇلاپ كەلگەن مال - مۈلۈكنى ئەمىرگە تاپشۇرىدۇ.
ئومۇمەن تالان - تاراج قىلىش مەزگىلىدە ئادەتتىكى ئەھۋالدا
كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ. پەقەت مال -
مۈلكىنى بۇلاش بىلەنلا بولدى قىلىشىدۇ. پەقەت تالان - تاراج
مەزگىلىدە ئۇرۇش - جەڭ يۈز بېرىپ، ئېتىشىش جەريانىدا ئوق
تېگىپ ئۆلگەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا ھېسابلىنىدۇ. ئەمىر
غەزەنفەرخاننىڭ ئىنىسى ئابدۇللاخان ئەمىرگە ۋاكالىتەن
تالان - تاراج قىلىپ كەلتۈرۈلگەن مال - مۈلۈكلەرنى ساقلاش،
تەقسىم قىلىش ۋە ئەمىرگە يەتكۈزۈشكە مەسئۇل بولىدۇ. گاھىدا
ئابدۇللا خاننىڭ ئۆزىمۇ بۇخىل تالان - تاراج قىلىش
ھەرىكەتلىرىگە قاتنىشىدۇ. بىر قېتىم بۇلاڭچى لەشكەرلەر بىلەن
بىرگە كىلىك داۋىنىغىچە كەلگەندە ئېگىز تاغ رېئاكسىيىسى
سەۋەبىدىن داۋاندىن ئاشالماي يېنىپ كېتىدۇ.

1863 - يىلى ئەمىر غەزەنفەرخان ۋاپات بولۇپ، ئورنىغا
ئوغلى غەزەنخان ۋەزىر ئەسەدۇللا بىگنىڭ يار - يۆلەك بولۇشى
بىلەن ھونزا ئەمىرلىكىنى قولىغا ئالىدۇ. ئەمىر غەزەنخان
ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە

زور ئۆزگىرىش بولۇپ ، ياقۇپبەگ جەنۇبىي شىنجاڭدا يەتتە شەھەر ھاكىمىيىتىنى قۇرۇپ ، شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ . مۇشۇ مەزگىلدە سەرىكوي ھاكىمبېگى باباشبەگمۇ ۋاپات بولىدۇ . بىر مەزگىل باباشبەگنىڭ ئىنىسى گەۋھەر ئىشكئاغا بېگ سەرىكوي ھاكىم بەگلىكىنى ئۆز قولىغا ئالىدۇ . ئۆز ئوغلى تەجەممۇلبەگنى ئىشكئاغا بېگ دەپ تەيىنلەيدۇ . بۇنىڭدىن باباشبەگنىڭ ئوغلى ئەلىفبەگ نارازى بولۇپ ، ياقۇپبەگدىن ياردەم سورايدۇ . ياقۇببەگ ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىپ ، ئۇنى سەرىكوي ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلەيدۇ . ئەلىفبەگ تاغىسى گەۋھەرنى ۋە ئوغلى تەجەممولبېگنى ئۆلتۈرۈپ ، ئايالى بىبى جامالنى زورلۇق بىلەن ئۆز نىكاھىغا ئالىدۇ . تەجەممۇلبېگنىڭ ئايالى بىبى جامال ھونزا ئەمىرى غەزەنفەرخاننىڭ قىزى ، غەزەنخاننىڭ ھەمشىرىسى بولغاچقا ، ئەمىر غەزەنخان ئەلىفبەگنىڭ سىڭلىسى بىبى جامالنى ئۆزىدىن بىسوراق نىكاھىغا ئالغانلىقى ، تەجەممۇلبېگنى ئۆلتۈرگەنلىكىدىن غەزەپلىنىپ ، ۋەزىر ئەسەدۇللا بېگنىڭ ئۈچ ئوغلى ( دادودا رابېگ ، فەيزۇللا بېگ ، خەيرۇللا بەگ ) ھەم تەيفۇر دېگەن كىشىنى باشلامچى قىلىپ ، بارلىق ھونزا ياشلىرىنى يىغىپ ، سەرىكوي زېمىنىغا باستۇرۇپ ، تالان - تاراج قىلىشقا ئېۋەتىدۇ . ھونزا لەشكەرلىرى تاغدومباش پامىرى ، دەپتەر قاتارلىق جايلارنى تالان - تاراج قىلىپ ، ۋەچەگىچە بارىدۇ . بۇ مەزگىلدە ئەلىفبەگ يەكەندە بولۇپ ، تاشقورغان ھاكىمبەگ مەھكىمىسىنى ئىنىسى ئوبۇلھەسەنبەگ مۇھاپىزەت قىلىغان ئىكەن . سەرىكوي خەلقى بۇ تالان - تاراج دەستىدىن بەكمۇ مۇشكۇلاتقا قالىدۇ . ھونزا لەشكەرلىرى ۋەچەنى تالان - تاراج قىلىپ بولغاندىن كېيىن ، ئاخىرىدا تاشقورغان « تاش شەھىرى » تۇرۇشلۇق ۋەرشىدې كەنتىگە ھۇجۇم باشلايدۇ .

ئەمما، «تاش شەھەر» نىڭ سىپىللىرى مۇستەھكەم، مۇداپىئەسى چىڭ بولغاچقا، تاجاۋۇزچىلار ئۇنى ئاسانلىقچە ئىشغال قىلالمايدۇ، بەلكى «تاش شەھەر» نى مۇداپىيە قىلىپ تۇرغان تاجىك، قىرغىز خەلقلىرىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ. ۋەزىرزادە فەيزۇللا بىگ بىلەن خەيرۇللا بىگ تاش شەھەرگە ھۇجۇم قىلىۋاتقاندا، شەھەر مۇداپىئەچىلىرىنىڭ ئوقى تېگىپ يارىلىنىدۇ. تەيفۇرگە ئوبۇلھەسەنبىگ سانجىغان نەيزە تېگىپ ئۇمۇ يارىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھونزا لەشكەرلىرى سەردارسىز قېلىپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ. سەرىكوي «تاش شەھەر» مۇھاپىزەتچىلىرى ئۇلارنى غىجەكبوي، زەنكەنگىچە قوغلاپ بارىدۇ. ئۇ يەردە ھونزا لەشكەرلىرىدىن توققۇز كىشىنى ئەسىر ئالىدۇ. ئەلفبەگ كېيىن بۇ توققۇز كىشىنى يەكەنگە ئېلىپ بارىدۇ. ئۇلار ئۇ يەردە توققۇز يىل مۇساپىر بولۇپ ياشايدۇ. ئوبۇلھەسەنبەگ ئۆزى ھونزا لەشكەرلىرىنى قوغلاپ دەپتەرگە كەلگەندە، ھونزالىق ئەرباب مۇھەممەدئەلى ئالدىغا چىقىپ، ئۇنىڭدىن سۈلھە تەلەپ قىلىدۇ، مۇھەممەدئەلى ئوبۇلھەسەنبەگكە مۇنداق دەيدۇ: «ھونزا ئەمرى غەزەنخان بىلەن سەرىكوي بەگلىرى ئوتتۇرىسىدا تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بار. ھەمشىرىڭىز بىبى فەمىدە (بابا شىبەگنىڭ قىزى) ئەمىر غەزەنخاننىڭ نىكاھىدا، ئۇ ھونزادا شاھبانو نامى بىلەن مەشھۇر، ئۇنىڭدىن ھەلىمخان دېگەن ئوغۇل (غەزەنخاننىڭ بۇ ئوغلى كېيىن ئاكىسى سەفدەر ئەلىخان تەرىپىدىن شىنشالدە ئۆلتۈرۈلگەن ۋە بىبى نەشرەفي دېگەن قىز (غەزەنخاننىڭ بۇ قىزىنى كېيىن ئوبۇلھەسەنبەگنىڭ ئوغلى مۇھەممەد كەرىمبەگ ئالغان) بار. بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ سىلەرنىڭ ئوتتۇراڭلاردا تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتىڭلار بار ئىدى. ئايالىڭىز بىبى زاھىدە ئەمىر

غەزەنفەرخاننىڭ قىزى ، سىلەرنىڭ ئوتتۇراڭلاردا بۇنداق ئۇرۇش - نىزانىڭ بولۇشى ھەرگىز مۇۋاپىق ئەمەس . بۇ قېتىم ھونزا ئاھالىلىرىنىڭ سەرىكوي دىيارىغا بۇلاڭ - تالاڭ ئۇچۇن كېلىشىگە ئەلىفبەگنىڭ ئەمىر غەزەنخاننىڭ قېيناغىسى تەجەممولبەگنى ئۆلتۈرگەنلىكى ۋە ھەمشىرىسى بىبى جامالنى بىسوراق ئۆز نىكاھىغا ئالغانلىقى سەۋەب بولغان بولسىمۇ ، سورىكوي خەلقىنىڭ تالان - تاراج قىلىنغانلىقىدىن بىز بەكمۇ خىجىل ھەم بۇ ھەرىكىتىمىزدىن پۇشايماندا قالدۇق . مەسلىھەت شۇكى ئەمدى يارىشىپ قېلىپ ، ئۆتكەن ئاداۋەتلەرنى قايرىپ ، قەدىمكى ياخشى مۇناسىۋىتىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرەيلى . » ئوبۇلھەسەنبەگ شۇنىڭ بىلەن قوغلاشنى توختىتىپ ، ھونزا لەشكەرلىرىنىڭ كېتىشىگە يول قويىدۇ . ۋەزىر ئەسەدىللا بىگنىڭ فەيزىللا بىگ ۋە خەيرىللا بېگ دېگەن ئوغۇللىرى يولدا ئۆلۈپ قالىدۇ . تەيفور بولسا مېيىپ بولىدۇ ، ھونزا لەشكەرلىرىنى دادودارابىگ باشلاپ ھونزاغا يېنىپ كېتىدۇ . كېيىن ئەلىفبەگ كېلىپ ، ئوبۇلھەسەنبەگنىڭ ھونزا لەشكەرلىرىنى يولغا سالغانلىقىنى ئەيىبلىگەن بولسىمۇ ، ئەمما كېيىن ئوتتۇرىدا يەنىلا قۇدىلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ سەرىكوي بەگلىرىنىڭ تۇغقانلىرىدىن بىرى بولغان ئەنۋەر بىگكە ئەمىر غەزەنخاننىڭ قىزى مېتەرنى ئېلىپ بېرىدۇ . شۇنىڭدەك بۇرۇنقى قائىدە بويىچە تاغدومباش يايلىقىدىكى قىرغىزلاردىن سېلىق يىغىشنى يەنىلا ھونزاغا بېرىدۇ . ھونزا بىلەن سەرىكوي ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق ھەم ئۇرۇشىدىغان ، ھەم يارىشىدىغان ئالاھىدە مۇناسىۋەت ئەمىر نەزىمخان ھونزاغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرگىچە داۋام قىلىدۇ .

ستەيىن ئۆزىنىڭ «قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىلىرى » دېگەن كىتابىدا يېزىشىچە ، ستەيىن بىر قېتىملىق

شىنجاڭ ئېكسپېدىتسىيىسىنى باشلاپ، ھونزاغا كەلگەندە شۇ ۋاقىتتىكى ھونزا ئەمىرى نەزىمخاننىڭ ۋەزىرى ھومايون بېگ ئۆزىنىڭ يىراقتا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇننى باشلاپ، تاشقورغان ۋە بىرالدۇغا بۇلاڭ - تالاڭغا بارغان ۋاقىتتىكى ئەھۋاللارنى ھاياجانلىق بىلەن سۆزلەپ بەرگەن، ئەمما ئۇنىڭ تاشقورغان ۋە بىرالدۇغا قىلغان بۇلاڭچىلىق يۈرۈشىنىڭ كونكرېت جەريانىنى ھازىرچە بىلمەيمىز. 1864 - يىلىدىن كېيىن ياقۇپبەگنىڭ يەتتە شەھەر ھاكىمىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھونزا بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى بېقىندىلىق ۋە ھامىيلىق، ئولپان تاپشۇرۇش ۋە ئىنئام بېرىشتەك ئالاھىدە مۇناسىۋەت بىر مەزگىل ئۈزۈلۈپ قالغان. لېكىن، سەرىكوي بىلەن بولغان ئالاھىدە مۇناسىۋەت يەنىلا داۋام قىلغان. ياقۇپبەگ دەسلەپ ئەلىفبەگنى يەنىلا سەرىكوينىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلىگەن بولسىمۇ، كېيىن ئەلىفبەگنىڭ ئىنىسى تۇل قالغان سايرا خىنزونى ئۆزىگە نىكاھلاپ بېرىش ئۈچۈن يەكەنگە يەتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا ئەلىفبەگنىڭ بۇ ئىشنى نومۇس بىلىپ رەت قىلىش سەۋەبىدىن ئەلىفبەگ بىلەن ياقۇپبەگ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بۇزۇلۇپ قالدى. ياقۇپبەگ پانسەد ھەسەنشاھ باشچىلىقىدىكى تاجاۋۇزچى قوشۇننى تاشقورغانغا ھۇجۇم قىلدۇرىدۇ. ئەلىفبەگ نائىلاج داتۇڭدىكى خوتۇن - بالىلىرىغا زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرۈپ، ئۆزى ئاۋۋال ئەمىر غەزەنخاننى پاناھ تارتىپ ھونزاغا بارىدۇ. ئۇ يەردىن يەنە ۋاخان، بۇخارا، قوقەن قاتارلىق جايلارغا چىقىپ سەرگەردان بولىدۇ. 1878 - يىلى لىيۇجىنتاڭ باشلىغان مەنچىڭ قوشۇنلىرىنىڭ قەشقەر، يەكەننى قايتۇرۇۋالغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادا مۇساپىر بولۇپ يۈرگەن سەرىكوي خەلقىدىن قوشۇن ئۇيۇشتۇرۇپ،

سەرىكويىغا يېنىپ كېلىدۇ ھەم ياقۇپبەگنىڭ قول چومىقى ھەسەنشاھ بىلەن ئۇرۇشۇپ، ھەسەنشاھنى تىرىك ئەسىر ئالىدۇ (قۇدرەتىللا بىگ ھەسەنشاھنى خاتا ھالدا باخشى بەردار دەپ ئىككى كىشىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ. باخشى بەردارمۇ ياقۇپبەگ قوشۇنىدىن قالغان بۇلاڭچى بولسىمۇ، لېكىن ئەلىفبەگنىڭ ئۇرۇش قىلغىنى باخشى بەردار ئەمەس، ھەسەنشاھ ئىدى. باخشى بەردار كېيىن سەرىكويىقا باستۇرۇپ كەلگەندە ئەلىفبەگ ئاللىقاچان ئۆلگەن. باخشى بەردار بىلەن بولغان ئۇرۇشنىڭ كونكرېت ئەھۋالى ئاپتورنىڭ باشقا كىتابلىرىدا تەپسىلىي سۆزلەنگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ يەردە تەكرارلاشنىڭ ھاجىتى يوق). شۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئەلىفبەگ ھونزا ئەمىرى غەزەنخاندىنمۇ ياردەم تەلەپ قىلىدۇ. ئەمىر غەزەنخان ۋەزىرزادە دادۇ، سەڭگى خان، تەيغۇن، تەيفور قاتارلىق كىشىلەرنى باش قىلىپ، سەرىكوي دىيارىغا ياردەم ئۈچۈن بارىدۇ. ھەسەنشاھ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن قايتىپ كېلىدۇ. قايتىپ كېلىدىغان ۋاقتىدا ئەلىفبەگ ھونزا لەشكەرلىرىگە بىر توپ، تۆت زەمبىرەك، بىرقانچە نەپەر تۇنگان قول، كىگىز، جۇڭگو تاۋارلىرى ۋە باشقا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئىنئام قىلىپ، ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن يولغا سالىدۇ. 1889 ـ يىلى ھونزا ئەمىرى سەفدەرخان ئىنگلىزلاردىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن ياردەم تەلەپ قىلىپ ئىنىسى نەزىمخاننى قەشقەرگە (قەشقەر، يەكەندىكى مەنچىڭ دائىرىلىرى بىلەن ھونزا ئەمىرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بېقىندىلىق ۋە ھامىيلىق مۇناسىۋەت ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنىڭ يوقىلىشى بىلەنلا ئەسلىگە كەلگەن بولۇپ، ئوتتۇرىدىكى ئەلچى، دورغىلارنىڭ بېرىپ كېلىشى نورماللاشقان ئىدى) يەنە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن. نەزىمخان قەشقەر دوتىيى ۋە پېگشەردىكى

مەنچىك ھەربىي دائىرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلاردىن ئوق ـ دورا باشقا لازىمەتلىكلەرنى ئېلىپ، داتوك يولى ئارقىلىق تاشقورغانغا كېلىپ، ھونزاغا كېتىدۇ.

## 4. ھونزانىڭ ئىنگلىزلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىشى ۋە ھونزا بىلەن بولغان ئالاھىدە مۇناسىۋەتنىڭ ئاخىرلىشىشى

ئەمىر غەزەنخان ھونزاغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە پەقەت ياقۇپبەگ ھۆكۈمرانلىقى مەزگىلىدىلا جۇڭگوغا تاپشۇرىدىغان ئولپاننى توققۇز يىلغىچە تاپشۇرالمايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇرۇنقى قائىدە بويىچە ھەر يىلى 16 سەر ئالتۇننى ئەلچى ئارقىلىق قەشقەر ياكى يەكەنگە ئەۋەتىپ تۇرىدۇ. ئوتتۇرىدا بىر ئايلىق بېرىش ـ كېلىش يولى بولغاچقا جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئۇلار ئۈچۈن ھەر مەنزىلدە قونالغۇ، يېمەكلىك ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئوبدان يولغا سالىدۇ. 1888 ـ يىلىغا كەلگەندە غەزەنخاننىڭ چوڭ ئوغلى سەفدەر ئەلىخان (قىسقارتىلىپ سەفدەرخان دەپ ئاتىلىدۇ) ۋەزىر دادودارا بىگ بىلەن بىرلىشىپ، ئەمىر غەزەنخاننى ئۆلتۈرىدۇ. ئورنىغا ئۆزى ھونزا ئەمىرى بولىدۇ. 1889 ـ يىلى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ پولكوۋنىكى دوراند بالتىقە كېلىپ ئۈچ كۈن تۇرۇپ ئەمىر سەفدەرخانغا تۆۋەندىكى ئۈچ تەلەپنى قويىدۇ. (1) ئەمىر سەفدەرخان مەسئۇل بولۇپ، ئەنگلىيە پوچتىلىرىنى ساق ـ سالامەت قەشقەردىكى كونسۇلخانىغا يەتكۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىش. (2) روسىيە ھۆكۈمىتى بىلەن دوستلۇق ئورناتماسلىق، رۇسلارنىڭ ھونزادىن ئۆتۈشىگە يول قويماسلىق، كەلگەن ئادەملىرىنى تۇتۇپ گىلگىتقا ئاپىرىپ، ئەنگلىيە دائىرلىرىغا تاپشۇرۇش. (3) جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرىدىغان ئولپاننى

تاپشۇرماسلىق، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلماسلىق، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ گۇماشتىلىرىنى ھونزاغا كەلتۈرمەسلىك، ئۇنىڭ تەلىپىگە سەفدەرخان ئاغزاكى ماقۇللۇق بىلدۈرگەندىن كېيىن، پولكوۋنىك دوراند ئەمىر سەفدەرخانغا 600 رۇپىيە، ۋەزىرگە 120 رۇپىيە، باشقا ئەمەلدارلارغا 50 رۇپىيدىن مائاش بېرىدىغانلىقىنى دەيدۇ. بۇ ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ چىترال ئەمىرىگە بېرىدىغان مائاشىدىن بەك ئاز بولغاچقا ئەمىر سەفدەرخان بۇنىڭدىن نارازى بولىدۇ، شۇيىلى يەنە روسىيىدىن گىرومبىچېۋسىي 40 نەپەر كازاكنى باشلاپ ھونزاغا كېلىپ، ئۇ يەردە ئىككى ئاي تۇرىدۇ. ئۇ ھونزانىڭ روسىيە بىلەن دوست بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ ھەمدە گۇماشتىلىرىنىڭ ھونزادا تۇرۇپ، ھونزا لەشكەرلىرىنى تەربىيىلەش تەكلىپىنى قويىدۇ. سەفدەرخان ئۇنىڭ بۇ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىدۇ، شۇنداقلا نەگەر ئەمىرى ئازەرخان بىلەن بىرلىكتە ئەنگلىيىنىڭ ئىشغالىيىتىدىن مۇدائىيە كۆرۈش ئۈچۈن قەلئەلەرنى مۇستەھكەملەيدۇ. شۇنداقلا رۇسلاردىن ياردەم تەلەپ قىلىپ، قوقەنگە ئەلچى ماڭدۇرىدۇ، ئۇلار قوقەن تەرەپكە بېرىپ، نۇرغۇن ھەربىي ئەسلىھەلەرنى ئېلىپ قايتىپ كەلگەندە، ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلى ماكارتىنى بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، دىپلوماتىيە يولى ئارقىلىق جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە بۇ ئەسلىھەلەرنى ئۆتكۈزمەسلىك ھەققىدە بېسىم ئىشلىتىدۇ. ئەنگلىيىنىڭ بېسىمى بىلەن جۇڭگو قاراۋۇلخانىسى ھەربىي ئەسلىھەلىرىنى تۇتۇپ قېلىپ، قالغان ماللارنى ئۆتكۈزىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئەمىر سەفدەرخاننىڭ روسلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ ئىنگلىزلارغا تاقابىل تۇرۇش تەدبىرى ئەمەلگە ئاشمايدۇ. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ھونزانى ئىشغال قىلىپ، ئافغانىستانغا تۇتىشىدىغان يولنى ئېچىش ھەم جۇڭگونىڭ تەسىرىنى چەكلەش ئۈچۈن، ئاخىرى ھونزانى قوراللىق ئىشغال

قىلىش قارارىغا كېلىپ، 1891 ـ يىلى دېكابىردا نەگەرنىڭ نىلىس قەلئەسىگە ھۇجۇم باشلاپ، ئۇنى ئىشغال قىلىدۇ. 24 ـ دېكابىر ھونزانىڭ بالىتىت قەلئەسىنى ئىشغال قىلىدۇ. ئەمىر سەفدەرخان 400 نەپەر ھەمراسى بىلەن كەلىك داۋىنى ئارقىلىق جۇڭگو تەرەپكە ئۆتۈپ، جۇڭگودىن پاناھگاھ تىلەيدۇ. ئەمما، كەلىك داۋىنىغا كەلگۈچە كەشمىرلىكلەر قوغلاپ كېلىپ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى بۇلاپ كېتىدۇ، ئەمىر سەفدەرخان ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىنگلىزلار ئىنىسى نەزىمخاننى ھونزا ئەمىرلىكى ئورنىغا ئولتۇرغۇزىدۇ. ھومايونبەگ ۋەزىر بولىدۇ. سەفدەرخان يەكەنگە كەلگەندىن كېيىن، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئەنگلىيىنىڭ دىپلوماتىك بېسىمى ئارقىسىدا ئۇنى بالا ـ چاقىسىدىن ئايرىپ، كۇچاغا سۈرگۈن قىلىدۇ. بالا ـ چاقىلىرى يەكەندە قالىدۇ، ئۆزى 1931 ـ يىلى ئاندىن كۇچادىن يەكەنگە كېلىپ، شۇ يەردە ئۆلىدۇ. ئۇنىڭ قىزى شىرتەرنى سەرىكوي ھاكىمبېگى موھەممەد كەرىمبەگ ئالغان بولۇپ ئۇنىڭدىن تاشتۆمۈربەگ دېگەن ئوغۇل تۇغۇلغان.

ھونزانىڭ ئىنگلىزلار تەرىپىدىن ئىستېلا قىلىنىشى بىلەن جۇڭگو بىلەن ھونزا ئوتتۇرىسىدىكى ئالاھىدە مۇناسىۋەت ئاخىرلىشىدۇ. ئەلۋەتتە ھونزا ئەمىرى نەزىم خان بىلەن سەرىكوي ھاكىمبېگى مۇھەممەد كەرىمبەگ ئوتتۇرىسىدا يەنىلا قۇدا بولۇش مۇناسىۋىتى مەۋجۇت بولۇپ، مۇھەممەد كەرىمبەگ ئەمىر غەزەنفەرخاننىڭ قىزى بىبى ئەشرەفنى ئۆز نىكاھىغا ئالىدۇ. ئۆز قىزى بىبى تەيرەنى شاھبازخانغا بېرىدۇ. ھونزا بىلەن تاشقورغان يولىدا ھونزالىقلارنىڭ پوچتىكەشلىرى دائىم مېڭىپ تۇرىدۇ. جۇڭگو دائىرىلىرى بۇرۇنقىدەك ئۇلارغا قونالغۇ راسلاپ، مۇھاپىزەت قىلىپ يولغا سالىدۇ. ئەمما، بۇ مۇناسىۋەت ئەمدى ھونزا بىلەن ئەمەس بەلكى جۇڭگو ۋە ئەنگلىيە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بولۇپ قالىدۇ. تاشقورغاندا ئەنگلىيىنىڭ پوچتا ۋاكالەخانىسى قۇرۇلۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ پوچتا ئىشلىرىنى بېجىرگەندىن تاشقىرى، يەنە ئاخبارات توپلاش، ئەنگلىيە پۇقرالىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئەپيۇن سودىسى قىلىش قاتارلىق شۇملۇقلار بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ. ھونزا بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى 100 نەچچە يىلدىن ئارتۇق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بېقىندىلىق ۋە ھامىيلىق مۇناسىۋىتى ئاياغلىشىدۇ. ھونزا جۇڭگوغا بېقىندا بولغان بىر ئەمىرلىكتىن ئەنگلىيە مۇستەملىكىسى بولغان ھىندىستاننىڭ جۇڭگو بىلەن چېگرىداش بىر رايونى بولۇپ قالىدۇ. ھازىر بولسا پاكىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ جۇڭگو بىلەن چېگرىداش بولغان قاتناش تۈگۈنىگە جايلاشقان بىر رايونى بولۇپ، ئوتتۇرىدىكى بېرىش - كېلىش داۋاملاشماقتا. ئەمما، مەزمۇنى ھونزا ئەمىر بىگى دەۋرىدىكىسى بىلەن ئوخشاشمايدۇ خالاس.

ئاپتورى: تاشقورغان ناھىيىلىك سىياسى كېڭەشنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى

مەسئۇل مۇھەررىرى: شىجائەتخان ۋەزىرى



# «ھونزا ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ھەقىقى تارىخى» دېگەن كىتابتا بېرىلگەن مۇھەممەد كەرىمبەگنىڭ شەجەرىسى ھەققىدىكى ئىزاھات

**مەدەلخان**

پاكىستانلىق قۇدرەتىللا بىگ ئىبنى مۇھەببەتىللا بىگ يازغان « ھونزا ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ھەقىقي تارىخي » دېگەن كىتاب پاكىستاننىڭ ھونزا رايونى توغرىسىدىكى بىر قەدەر مول ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە كىتاب. كىتاب 1989 ـ يىلى راۋالپىندىدا نەشر قىلىنغان. كىتاب پارس ـ تاجىك ئەدەبىي تىلىدا يېزىلغان. كىتابىنىڭ مۇئەللىپى قۇدرەتىللا بىگ ئەسلىي نەسەبىدىن ھونزا ئەمىرلىرىنىڭ ۋەزىرلەر ئەۋلادىدىن بولۇپ، دادىسى مۇھەببەتىللا بىگ، ئۇنىڭ دادىسى موھەممەدرىز بىگ، ئۇنىڭ دادىسى ئەسەدىللا بىگ، ئۇنىڭ دادىسى ۋەزىر پونا، ئۇنىڭ دادىسى مۇھەممەددارا بىگ ۋە ئۇنىڭ ئەجدادلىرىدىن تارتىپ ھونزا ئەمىرلىكىنىڭ مەشھۇر ۋەزىرلىرى بولۇپ كەلگەن. ئۇ بۇ كىتابنى يېزىش جەريانىدا ھونزا ئەمىرى غەزەنخان ۋە ئوغلى نەزىمخان قولىدا ساقلانغان قەدىمكى

قولىيازمىلاردىن پايدىلانغاندىن تاشقىرى يەنە كۆپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا 1980 ـ يىلى كىتابنى يېزىپ پۈتكۈزگەن.

كىتابتا ھونزا ئەمىرلىكىنىڭ تارىخى ئۇزاق قەدىمكى دەۋردىن تارتىپ، ئەمىر سەپتەر ئەلىخان جۇڭگو شىنجاڭنىڭ كۇچا رايونىغا سۈرگۈن قىلىنغانغا قەدەر (ئەمەلىيەتتە ھونزانىڭ ئەنگلىيە تەرىپىدىن مۇستەملىككە قىلىنغانغا قەدەر) بولغان تارىخ خېلى موپەسسەل شەرھلەنگەن. بىزنى ئەڭ قىزىقتۇرىدىغىنى بۇ كىتابتا ھونزا بىلەن جۇڭگونىڭ سەرىكوي رايونى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى خېلى كۆپ سۆزلەنگەن. بەزى تارىخي ۋەقەلەر يازما خاتىرىلەر ئارقىلىق ئىسپاتلانغان. مەسىلەن، ئەمىر غەزەنفەرخاننىڭ يەكەن خان ئامبىلىغا يازغان خېتى كىتابتا ئەينەن بېرىلگەن. كىتابتا يەنە سەرىكوي ھاكىمبېگى مۇھەممەدكەرىمبەگ ۋە ئۇنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ شەجەرىسى، ئۇلارنىڭ ھونزا ئەمىرلىرى بىلەن بولغان قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋىتى تەپسىلىي بېرىلگەن.

كىتابتا سەرىكوي ھاكىمبېگى مۇھەممەد كەرىمبەگنىڭ بوۋىسى باباشبەگ ۋە ئۇنىڭ دادىسى قەلەم ئىشكئاغا بىگدىن تارتىپ موھەممەدكەرىمبەگكىچە بولغان مەزگىلدىكى ئىككى جاي ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ھەم مۇھەممەد كەرىمبەگنىڭ شەجەرىسىمۇ بېرىلگەن. بۇ يەردە شۇ كىتابتا بېرىلگەن سخېما بويىچە مۇھەممەد كەرىمبەگنىڭ شەجەرىسىنى بېرىشنى توغرا تاپتۇق. كىتابتا يېزىلىشىچە ھونزا ئەمىرلىرى بىلەن مۇھەممەدكەرىمبەگنىڭ ئەجدادلىرى ئوتتۇرىسىدىكى قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋەت ھونزا ئەمىرى سەلىم ئىبنى خسراۋ

ھۆكۈمرانلىقى مەزگىلىدە باشلانغان . ئەمىر سەلىمخان 1766 ـ يىلى
ھونىزا ئەمىرى بولغان . بۇ ۋاقىتتا سەرىكوي ھاكىمبېگى ئۆمەربىگ
بولۇپ ( بۇ كىشى چۇشمان كەنتىدىن ئىكەن ) ، قەلەم ( بۇ كىشى
تېزناپ كەنتىدىن ئىكەن ) ئۇنىڭغا ئىشىكئاغا بىگ بولغان ، ئەمىر
سالىمخان ئىشىكئاغا بىگ قەلەمنىڭ قىزى خوشھالبىگىمنى نىكاھىغا
ئالغان . ھاكىمبەگ ئۆمەر بىگ ئۆلگەندىن كېيىن ئىشىكئاغا بىگ
قەلەمنىڭ ئوغلى باباشبەگ ھاكىم بەگلىك مەنسىپىدە ئولتۇرغان ،
ئىنىسى گۆھەر ئىشىكئاغا بىگ بولغان ۋە داتوگغا كۆچۈپ بارغان .
باباشبەگنىڭ ئىككى ئوغلى ، بىر قىزى بولۇپ ، ئاۋۋال چوڭ ئوغلى
ئەلىفبەگ دادىسىدىن كېيىن ھاكىمبەگلىك مەنسىپىدە ئولتۇرغان .
ئۇنىڭدىن كېيىن ئىنىسى ئابدولھەسەنبەگ ھاكىمبەگ بولغان .
سىڭلىسى بىبى فەمىدە ھونىزا ئەمىرى غەزەنخان ئىبنى
غەزەنفەرخانغە ياتلىق قىلىنغان ( شاھبانو دەپمۇ ئاتىلىدۇ ) .
ئابدۇلھەسەنبەگ يەنە ئەمىر غەزەنفەرخاننىڭ قىزى بىبى زەيدەنى
ئالغان . يەنە بىر قىزى بىبى جامالنى ئىشىكئاغا بىگ گۆھەرنىڭ
ئوغلى تەجەممۇلبىگ ئالغان . يەنە بىر قىزى مېھرىماھنى ۋەچەدىكى
خوجا قاسىم ئالغان . ئۇنىڭدىن ھاجى دەرۋىش ئىسىملىك ئوغۇل
تۇغۇلغان ، خوجا قاسىم ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنى ھونزا ئەمىرى
ئەسەدىللا بىگ ئالغان ئەمىر غەزەنخان بىر قىزى بىبى مېتەرنى
سەرىكويدىكى بەگ ئەۋلادى ئەنۋەر بەگكە بەرگەن ، ئۇنىڭدىن
ياقۇپبەگ بىلەن كامىلخان ئىسىملىك ئوغۇللار تۇغۇلغان .
ئابدۇلھەسەنبەگدىن ئوغلى مۇھەممەد كەرىمبىگە ھاكىمبەگلىك
مەنسىپى مىراس قالدۇ . مۇھەممەد كەرىمبەگ ھونزا ئەمىرى

غەزەنخانىنىڭ بىبى زەيدە ( باباشبەگنىڭ قىزى ) دىن تۇغۇلغان قىزى بىبى ئەشرەفنى نىكاھىغا ئالدۇ مۇھەممەد كەرىمبەگ يەنە ھونزانىڭ سۇرگۇن قىلىنغان ئەمرى سەفدەرخاننىڭ قىزى شىرتەرنىمۇ ئالدۇ. ئۇنىڭدىن تاشتۆمۇربېگ ئىسملىك ئوغۇل تۇغۇلدۇ. بىبى ئەشرەفېدىن تۇغۇلغان قىزى بىبى تەيرەنى ئەمرزادە شاھبازخانغا نىكاھلاپ بېرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ھونزانى ئەنگلىيە ئىشغال قىلىۋېلىپ، سەرىكوي ھاكىمبەگلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئوتتۇرىسىدىكى قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋەت ئۈزۈلىدۇ ( مۇھەممەد كەرىمبەگنىڭ باشقا خوتۇنلىرى ۋە پەرزەنتلىرى بۇ سخېمىدا بېرىلمىگەچكە بىزمۇ ئۇنى كىرگۈزمىدۇق. )

# ئاۋات تارىخىدىكى تاجىكلار

## شېرىن قۇربان

( شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتى پروفېسسورى )

« ئاۋات » تاجىكچە « ئاباد » سۆزىنىڭ ئۇيغۇرچە تەلەپپۇزى بولۇپ، مەنىسى « تۇپرىقى مۇنبەت، سۈيى ئەلۋەك »، « گۈللەپ ياشنىغان، راۋاج تاپقان »، « ئادەم زىچ، قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمگەن »، « بازارلىرى قايناق، قىزىق »، « خەلقى باياشات، تىنچ، ئەمىن، خاتىرجەم » دېگەنلەردىن ئىبارەت. ئاۋات ــ ئىسمى جىسمىغا مۇناسىپ ئاۋات دېيارىدۇر. ئاۋاتنىڭ مۇبارەك نامىنىڭ تاجىكچە بولۇشى ئۇنىڭ تاجىكلارنىڭ ئۇزاق تارىخى بىلەن ئالاقىسىز. ئۇ، نورمال سۆز قوبۇل قىلىشنىڭ نەتىجىسى، ئاۋاتنىڭ تارىخىدا ئاز بىر قىسىم تاجىكلار ياشىغان. لېكىن، بۇ ناھايىتى كېيىنكى تارىخقا مەنسۇپ، بۇ ماقالىدە، بىز ئەل ئىچىدە ساقلانغان ماتېرىياللار ئاساسىدا، تاجىكلارنىڭ ئاۋاتقا كېلىشىنىڭ تارىخي ئارقا كۆرۈنۈشى، ئۇلارنىڭ ئاۋاتتىكى ھايات كەچۈرمىشلىرى ۋە كېيىنكى ئۆزگىرىشلىرى ھەمدە قىستۇرما قىلىپ، بىر قىسىم قىزىقارلىق ھېكايە، ۋەقەلىكلەرنى قىسقىچە بايان قىلىمىز. ئىشىنىمىزكى، بۇ بايانىڭ ئاۋات ناھىيىسىنىڭ تارىخي تەزكىرىسىنى يېزىشقىمۇ، تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ تارىخي

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

تەزكىرىسىنى يېزىشقىمۇ پايدىسى بولىدۇ .

## بىر قىسىم تاجىكلارنىڭ ئاۋاتقا كېلىشىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى

ئىشەنچلىك تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىدىن قارىغاندا ، ئاۋاتقا كېلىپ ماكانلاشقان تاجىكلار 11 ئائىلىلىك بولۇپ ، ئۇلارنىڭ نوپۇسى 93 ئەتراپىدا ئىكەن . ئۇلارنىڭ ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ نامى : زەمبۇرباي ، ماناس رۇستەم ، هوشۇرقۇل ، قەرچەنەي ، نەيىم ، بەختەلى ئەژدەر خەيرىللا كۆكيار باي ، موراد ئەيسا ( بۇلاردىن ئەيسا قىرغىز ) ، يەنە توختاخۇن ، جانمەمەد .بۇلارنىڭ هەممىسى تاشقورغان ناهىيىسى ۋەرشىدې كەنتىدىن .

بۇ ۋەقە 1930 ـ يىللىرى يۈز بەرگەن . ۋەقە يۈز بېرىشىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى مۇنداق : ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونى تاشقورغان ناهىيىسى ( بۇرۇنقى نامى سەرىكوي رايونى ) تاجىكىستان دۆلىتى ( سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنى تاجىكىستان ئىتتىپاقداش جۇمهۇرىيىتى )دىكى بەدەخشاننىڭ مۇرغاب رايونى بىلەن چېگرىداش ، ئومۇمىي چېگرا لىنىيىسى 200 كىلومېتىرغا قەدەر بارىدۇ . ئەڭ مۇهىمى ، مۇرغاب رايونىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم زېمىنى تارىختا تاشقورغان رايونىغا تەۋە بولۇپ ، پەقەت چار پادىشاهى دەۋرىگە كەلگەندە ، بۇ يەرلەرنى روسىيە تارتىۋالغان . بۇ ئىككى رايوننىڭ تاغ ـ دەريالىرى ، يايلاق ـ ئوتلاقلىرى تۇتاش كەتكەچكە ، ناهايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپ ، تاكى XX ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىغا قەدەر ، ئىككى تەرەپنىڭ چارۋىچىلىرى يايلاق ـ ئوتلاقلاردا ئارىلاش ئولتۇرغان . بۇ جەرياندا هېچقانداق

توسالغۇلارمۇ بولمىغان، چېگرا رەسمىيەتلىرىمۇ بولمىغان، باج ـ سېلىقمۇ ئېلىنمىغان. مۇرغاب رايونىنىڭ تاشقورغان رايونىغا تۇتاش ئاقتاش يايلىقى ئوت ـ چۆپى مول، سۈيى ئەلۋەك بولغاچقا، تاشقورغان رايونىنىڭ چارۋىچىلىرى، بولۇپمۇ باي چارۋىچىلار بەكرەك ئاقتاش يايلىقىغا بېرىپ مال باققان. XX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چارروسىيە پادىشاھ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرا ئاسىيا، جۇملىدىن تاجىكىستاننى ئىستېلا قىلغان بولسىمۇ، لېكىن چارۋىچىلارنىڭ ئەركىن ھالدا يايلاقتىن ـ يايلاققا كۆچۈپ يۈرۈپ چارۋا بېقىش ئىشلىرىغا ئارىلاشمىغان، بۇرۇنقى ئادەت يەنىلا داۋاملاشقان. ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىدا كوللېكتىپلىشىش، كولخوزلاشتۇرۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان. 1930 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، بۇ تۈزۈم پامىر مۇرغاب رايونىدىمۇ يولغا قويۇلغان. بۇنىڭ بىلەن ئىككى دۆلەت پۇقرالىرىنىڭ يايلاق ـ ئوتلاقلاردا ئەركىن ئولتۇرۇش ئىشى تەدرىجىي توسالغۇ ۋە چەكلىمىگە ئۇچراشقا باشلىغان. دەسلەپتە سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىلىرى جۇڭگو تەرەپتىن ئاقتاش يايلىقىغا بارغانلاردىن ئوت ـ چۆپ پۇلى دەپ «يۈز بىر»، يەنى 100 قويغا بىر قوي، 100 قوتازغا بىر قوتاز ئېلىشنى يولغا قويغان. ھۆكۈمەت باج ـ سېلىقنى يەنىلا جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئالغان. بۇ تۈزۈم بىر مەزگىل ئىجرا قىلىنغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىلىرى «يۈز بىر» تۈزۈمىنى «ئون بىر» (10 قويغا بىر قوي، 10 قوتازغا بىر قوتاز) تۈزۈمگە ئۆزگەرتكەن. بۇنىڭ بىلەن جۇڭگو تەرەپتىن مۇرغابنىڭ ئاقتاش يايلىقىغا بېرىپ مال باقىدىغانلارنىڭ سانى بىراقلا چۈشۈپ كەتكەن. 1938 ـ يىلىغا كەلگەندە، تاشقورغاندىن زەمبۇرباي

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

قاتارلىق 11 ئائىلىلىك بايلارلا ئاقتاش يايلىقىغا بارغان . ئۇلارنىڭ مېلى كۆپ بولغاچقا ، « ئون بىر » تۈزۈمگە ئۇلار بەك پىسەنت قىلىپ كەتمىگەن . لېكىن ، « دەرەخ جىم تۇرىمەن دېسمۇ ، شامال ئۇنى جىم تۇرغۇزمايدۇ » دېگەندەك ، سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىلىرى بۇ 11 ئائىلىلىككە قارىتا بېسىم ئىشلىتىشكە باشلىغان . ئۇلار : « چېگرىنى ئېتىمىز ، بىزنىڭ بۇ ياقتا خۇسۇسىي ئىگىلىككە يول قويۇلمايدۇ ، سىلەر سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلىتىگە پۇقرا بولۇپ ، مال ـ مۈلكىڭلارنى كولخوزغا ئۆتكۈزۈپ بېرىڭلار » دەپ ، 11 ئائىلىلىككە چەك ۋە شەرت قويغان . ئۇلار ھەتتا : « سىلەر سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇردۇڭلار » دەپ قەرچەنەي دېگەن كىشىنى تۇتۇپ كەتكەن ، كېيىن بۇ كىشى شۇلارنىڭ قولىدا ئۆلۈپ كەتكەن . ھېچبىر ئامالى قالمىغان 11 ئائىلىلىك بىر يەرگە جەم بولۇپ كېڭەش قىلغان . ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلىتىگە پۇقرا بولۇشقا قوشۇلمىغان . چۈنكى ، ئۇلارنىڭ بىر قىسىم بالا ـ چاقىلىرى تاشقورغاندا قالغان . مەسىلەن ، زەمبۇرباينىڭ چوڭ ئوغلى تاشقورغاندا قالغان . كىچىك ئوغلى دادىسى بىلەن ئاقتاشقا بارغان ، باشقىلارنىڭمۇ ئەھۋالى شۇنداق . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقىغا پۇقرا بولسا ، ئۇلارنىڭ چارۋا مېلى كولخوزغا ئۆتكۈزۈلىدۇ ، ئۇلارغا ھېچنېمە قالمايدۇ . ئىشقىلىپ ، ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقىغا پۇقرا بولۇشنى ، ئانا ۋەتىنىدىن ئايرىلىشنى ، ئەزىزانە سەرىكوي يۇرتىدىن ئايرىلىشنى خالىمىغان ، لېكىن ئۇلار بۇ گەپنى سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىلىرىگە ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمىغان . چۈنكى ، سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىلىرى ئۇلارغا پەقەت بىرلا چىقىش يولى — سوۋېت ئىتتىپاقىغا پۇقرا بولۇشنى كۆرسەتكەن ، ۋەتەنگە قايتىشقا ئىجازەت بەرمىگەن . ناھايىتى قىستاڭ ۋە تەڭقىس ئەھۋالدا

قالغان بۇ 11 ئائىلىلىك زەمبۇرباينىڭ مەسلىھەتى بىلەن مال - مۈلكىنى ئېلىپ قاراڭغۇ كېچىدە ۋەتەنگە قېچىپ كېتىشنى پىلانلىغان. ئۇلار ناھايىتى قىسقا مەزگىل ئىچىدە يىراق - يېقىندىكى چارۋا ماللىرىنى يىغقان، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىكى چارۋىچىلار بىلەن بولغان ھەر خىل ئېلىم - بېرىم مۇئامىلىلىرىنى تۈگەتكەن، يۈك - تاقلىرىنى تېڭىپ ھازىرلىق قىلغان. بىر كۈنى قاراڭغۇ چۈشۈشكە يۈك - تاقلىرىنى قوتاز - ئاتلارغا ئارتىپ، داۋانغا قاراپ يولغا چىققان. ئۇلار سەپەرگە چىقىشتا ئۈچ گۇرۇپپا تەشكىل قىلغان. ئەڭ ئالدىدا 2000 دىن ئارتۇق قوتاز پادىلىرىنى يولغا سالغان، ئۇنىڭدىن كېيىن كۆچمەنلەر يولغا چىققان، ئەڭ ئاخىرىدا 12 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق قوي پادىسىنى يولغا سالغان. ئۇلارنىڭ يۈرۈشى دەسلەپتە ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولغان، لېكىن چېگرا داۋىنىغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇشتۇمتۇت تىراگېدىيە يۈز بەرگەن. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەسكەرلىرى ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ يېتىشىۋالغان. ئۇلار قالايمىقان ئوق چىقارغاندا، 12 مىڭدىن ئارتۇق قوي پادىسى بىراقلا ئۈركۈپ كەينىگە قاچقان، ئادەملەر يۈك - تاقلىرىنى تاشلاپ داۋاندىن ئېشىپ كەتكەن. پەقەت قوتاز پادىسىلا ئامان - ئېسەن جۇڭگو چېگرىسى ئىچىگە كىرىپ بولغان. سوۋېت ئىتتىپاقى ئەسكەرلىرى يۈك - تاقلار بىلەن 12 مىڭدىن ئارتۇق قوي پادىسىنى ئولجا ئېلىپ قايتقان. چوڭ - كىچىك 90 نەچچە ئادەم يىغا - زار بىلەن 2000 دەك قوتازنى ھەيدەپ تاشقورغان تەرەپكە قاراپ ماڭغان، شۇنىڭ بىلەن ئانا ۋەتەن ۋە ئەزىز يۇرتىنى قىزغىن سۆيىدىغان ئاق كۆڭۈل بۇ 11 ئائىلىلىك تاجىكلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى سەرگۈزەشت - كەچۈرمىشلىرى تىراگېدىيە بىلەن ئاياغلاشقان.

سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىلىرىنىڭ قانداقىسىگە ئۇلارنىڭ قاچقانلىق سىرىنى بىلگەنلىكىگە كەلسەك ، بۇ ھەقتە خىلمۇخىل پەرەز ، قىياس ۋە ھېكايەتلەر بار . كېيىنكى ۋاقىتتىكى دەلىللەشلەردىن قارىغاندا ، تاشقورغانلىق شىرىنبەگ ئىسىملىك كىشى ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارغاندىن كېيىن ، مەزكۇر دۆلەتنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتكەن ھەمدە چېگرا رايونلاردا خىزمەتتە بولغان . ئۇنىڭ ئائىلى تاشقورغاندىن ئاقتاش يايلىقىدا ئولتۇرۇشلۇق شەرىپ دېگەن كىشىنىڭ ئاچىسى بولۇپ ، بىر كۈنى ئۇ ئاچىسىنى يوقلاپ شۇ يەرگە كەلگەن . ئۆزلىرىنىڭ تاشقورغانغا قايتماقچى بولغانلىقى ، ئەمدى ئۆزئارا دىدارلىشىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى ھەققىدە سۆزلەپ كۆز يېشى قىلغان . شىرىنبەگ ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن قاچماقچى بولغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ، قاتتىق ئارىسال ئەھۋالغا چۈشكەن . چۈنكى ئۇ ، ئەگەر بۇ ئىشنى مەلۇم قىلمىسا ، ئۆزى بالاغا قالىدۇ ؛ ئەگەر بۇ ئىشنى مەلۇم قىلسا ، 11 ئائىلىلىك قېرىندىشى ، يۇرتدىشى ھالاك بولىدۇ . ئاخىرى ئۇ تاڭ ئاتارغا يېقىن ۋاقىتتا مەلۇم قىلىشنى قارار قىلىدۇ . ئاڭغىچە قېرىنداشلىرى ۋە يۇرتداشلىرى چېگرىدىكى داۋاندىن ئېشىپ كېتىدۇ . ۋاقىت خاتا مۆلچەرلەنگەنمۇ ياكى كۆچمەنلەرنىڭ ھەرىكىتى ئاستىمۇ ۋە ياكى مۇساپە يىراقراقمۇ ، ئىشقىلىپ ، بۇلار ئايان ئەمەس . لېكىن ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئەسكەرلىرى قوغلاپ يېتىشىۋالىدۇ . خۇددى يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك ، 11 مىڭدىن ئارتۇق قوي ۋە يۈك - تاقلارنىڭ ھەممىسى ئۇلجىغا چۈشىدۇ ، پەقەت 11 ئائىلىكىك ۋە قوتاز پادىسى چېگرىدىن ساق - سالامەت ئۆتۈپ كېتىدۇ . يەنە بىر پەرەزدە ئېيتىلىشىچە ، 11 ئائىلىلىكنىڭ يېقىن - يىراقتىكى چارۋا ماللىرىنى يىغىۋاتقانلىقى ، يۈك -

تاقلىرىنى تەق قىلىۋاتقانلىقى ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىغان. ئۇلار بۇ ئىشنى ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە مەلۇم قىلغان، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى پايلاقچى قويغان بولۇشى مۇمكىن. بۇمۇ ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. قىزنىڭ قارلىقى شۇكى، ماناس دېگەن كىشىنىڭ بىر قىزى تۇغۇلىدۇ، ئۇلار بۇ قىزنى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى بىر قىرغىز چارۋىچىغا بېقىشقا بېرىدۇ. ئۇلار قاچماقچى بولغاندا، بۇ قىز تېخى بىرنەچچە ئايلىق بولغاچقا، يەنە بىرى، قىزىنى قايتۇرۇۋالسا، سىرنىڭ ئاشكارىلىنىشىدىن ئەنسىرەپ، قاچقاندا ئۇ قىزنى ئېلىپ كېتەلمىگەن. ئارىدىن 50 يىلدەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ ئايال قىرغىز ئېرى بىلەن تاشقورغانغا كېلىپ، قېرىنداشلىرى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن دىدارلاشقان.

12 مىڭ تۇياق چارۋا مال، باشقا ئائىلە بىساتلىرى ئىز ـ دېرەكسىز يوقالغانلىقى ھەققىدە كېيىنكى چاغلاردا زەمبۇرباينىڭ ئەۋلادلىرى ۋە باشقىلار كۆپ ئەرز قىلغان بولسىمۇ، ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى تارىخىي ئىش بولغاچقا، دەۋاگەرلەر تاھازىرغا قەدەر تۇرۇۋېرەك جاۋابقا ئېرىشەلمىگەن.

## 11 ئائىلىلىك كىشىلەرنىڭ ئاۋاتقا سۈرگۈن قىلىنىش جەريانى

11 ئائىلىلىك كىشىلەر كۆرمىگ مۇشەققەت بىلەن ئانا يۇرتى تاشقورغانغا تېخى يېتىپ كەلمەي تۇرۇپلا، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئۇلارنى تۇتقۇن قىلغان. بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق: سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىلىرى بۇ كىشىلەر قاچقاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە دىپلوماتىيە جەھەتتە

قاتتىق بېسىم قىلغان . ئۇلار بۇ 11 ئائىلىلىكنى « سوۋېت ئىتتىپاقى قانۇن »تۇزۇمىگە بۇزغۇنچىلىق قىلدى ، پۇقرالىرىمىزنى كولخوزغا قارشى تۇرۇشقا قۇتراتقۇلۇق قىلدى ، شۇڭا ئۇلارنى قاتتىق جازالاش كېرەك » دېگەن . ئەينى ۋاقىتتا شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىلىرى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغاچقا ، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ تەلىپى بويىچە ، بۇ 12 ئائىلىلىكنى دەرھال نەزەربەند قىلىپ ، دەسلەپتە ئۇلارنى مەجبۇرىي ھالدا يەكەنگە سۈرگۈن قىلغان . يەكەندىكى چاغدا بۇ 12 ئائىلىلىك ئۆزلىرىنىڭ ئاشقان - تاشقان ماللىرىنى سېتىپ پۇل قىلغان ، تىرىكچىلىك قىلغان ، لېكىن بۇ كىشىلەرنىڭ يەكەندە تۇرغان ۋاقتى ئۇزاققا بارمىغان . شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى نېمە سەۋەبتىندۇر ، ئۇلارنى يەكەندىن ئاۋاتقا سۈرگۈن قىلغان . ئۇلار ئاۋاتقا سۈرگۈن قىلىنغاندىن كېيىن ، ئۇلارغا تېرىم يەر ، بوز يەر بېرىلگەن . شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئەمگىكىگە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلغان . سۈرگۈن قىلىنغان بۇ 11 ئائىلىلىك 90 دىن ئارتۇق ئادەم غېرىبلىق ، مۇساپىرلىق ۋە سۈرگۈنلۈك دەرد - ئەلىمىنى بولۇشىغا تارتقان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلار ئاۋاتتىكى ئاق كۆڭۈل ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ھېسداشلىقىغا ، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ياردىمىگە ئېرىشكەن . نۇرغۇن كىشىلەر ئۇلارغا دېھقانچىلىق سايمانلىرى ، ئاشلىق ، ياغاچ ماتېرىياللىرى ، يېمەك - ئىچمەك ، كىيىم - كېچەك ۋە باشقا ماددىي نەرسىلەرنى ياردەم قىلغان . ئېيتىشلارچە ، ئۇلار ئاۋاتتا بەش يىلدەك تۇرغان . كېيىنكى چاغلاردا يۇقۇملۇق كېسەللىك تارقىلىپ ، نۇرغۇن تاجىكلار ئۆلۈپ كەتكەن . ئۇلارنىڭ ئاخىرەت قەبرىگاھى ئاۋاتتا قالغان . ماناسنىڭ چوڭ ئوغلى خانجۇنىنىڭ ئېيتىشىچە ، قەرچەنەي دېگەن كىشىنىڭ ئائىلە ، بالا -

چاقىسى پۈتۈن ئائىلىسى بويىچە كېسەل سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتكەن. زەمبۇربايمۇ شۇ كېسەللىكتە ئۆلۈپ كەتكەن.

1943 - يىلىغا كەلگەندە، ۋەزىيەتتە تەدرىجىي ئۆزگىرىش بولغان. بولۇپمۇ 2 - دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشى بىلەن شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرىگەن. بۇخىل ئۆزگىرىش ئاۋاتتىكى تاجىكلارغا پايدىلىق بولغان يېڭى ھاياتلىق ئېلىپ كەلگەن. يۇقىرىغا كۆپ قېتىم ئەرز ۋە ئىلتىماس سونۇش ئارقىلىق ئاخىرى ئۇلار ئۆز يۇرتىغا قايتىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن. شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاۋاتتىكى سۈرگۈنلۈك ھاياتى ئاخىرلاشقان. ئۇلار ئانا يۇرتى تاشقورغانغا قايتىپ، قېرىنداشلىرى بىلەن يېڭىۋاشتىن جەم بولغان.

شۇ چاغدا ئاۋاتتا تۇرغان كىشىلەرنىڭ بىر قىسمى ھازىر ھايات. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار ئاۋاتتا تۇرغان چاغلاردا ئۇيغۇرلار بىلەن ئىناق - ئىتتىپاق ئۆتكەن، ئەمما ئۇلار بىلەن قۇدا - باجىلىق مۇناسىۋەتتە بولمىغان. تاجىكلار ئاۋاتتىن يولغا چىققاندا، پەقەت ئازراق يۈك - تاقلىرىنى ئېلىپ كىراكەشلەر بىلەن ئاۋۋال قەشقەرگە كەلگەن، ئاندىن تاشقورغانغا چىققان. ئۇلارنىڭ ئاۋاتتىن كۆچۈش داۋامىدا ئېغىر - يېنىك نەرسىلىرىنىڭ قېپقېلىش سەۋەبىدىن تارتقان زىيانلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىلىرىدا قېپقالغان 12 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق قوي، نۇرغۇن ئۆي بىساتلىرى ئالدىدا ھېچ گەپ ئەمەسكەن.

50 - يىللاردىن تارتىپ تاكى 80 - يىللارغا قەدەر، بۇ كىشىلەردىن بىر قىسمى «چەت ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر» نامى بىلەن 30 يىلدەك سىياسىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە مەلۇم دەرىجىدە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان، 80 - يىللاردىن كېيىنلا ھەقىقىي

www.uyghurkitap.com

ئەركىنلىككە ئېرىشكەن . مەن ئەينى چاغدا ئاۋاتتا تۇرغان نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن ئەركىن ـ ئازادە پاراڭلاشتىم ، ئۇلارغا ئاۋات ئەسلىمىسى يېزىشنى تەۋسىيە قىلدىم . لېكىن ، ئۇلار بىر ئېغىزدىن : « بىزنىڭ ئاۋاتتىكى سەرگۈزەشتىمىز مۇرەككەپ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە . كېيىنكى دەۋرلەردىكى كۆلپەتلىك كۈنلىرىمىزنى ئەسلىسەك ، ئاۋاتتىكى ئىشلارنى تىلغا ئېلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايمىز . ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات » دېيىشتى . مەن ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى چۈشەندىم . ئۇلارغا رەھمەت ـ ھەشقاللا دەپ ، بۇ خاتىرىنى يازدىم .

مەسئۇل مۇھەررىرى : شىجائەتخان ۋەزىرى

# ئاقسۇ ئاۋاتقا سۇرگۈن قىلىنغان تاجىكلار

( خانجۇن ماناس ئېيتىپ بەرگەن ، مەدەلىخان رەتلىگەن )

تاشقورغاندىن بىر قىسىم تاجىكلارنىڭ يىراق ئاۋات ناھىيىسىگە سۇرگۈن قىلىنىشى ، شىنجاڭ خەلقىنى قىرغان جاللات شېڭ شىسەي دەۋرىدىكى زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقىنىڭ يەنە بىر قانلىق پاكىتى ھېسابلىنىدۇ . مەن ئەنە شۇ سۈرگۈن قىلىنغان تاجىكلارنىڭ ھايات قالغانلىرىدىن بىرسى . ھازىر 70 ياشقا كىردىم . نۇرغۇن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھاياتىمدىكى نۇرغۇن سەرگۈزەشتىلىرىمنىڭ بەزى تەپسىلاتلىرى ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن بولسىمۇ ، ئەمما بۇ ئاچچىق سەرگۈزەشتەمنى ھەرگىز ئۇنتۇلۇپ كەتمىدىم . بولۇپمۇ بىزنى تاشقورغاندىكى ئۇرۇق - تۇغقان ، يار - بۇرادەرلىرىمىزدىن ئايرىپ ، ئات - ئېشەكلەرگە مىندۈرۈپ يولغا راۋان قىلغان ۋاقىتتىكى شۇ قىيا - چىيا ، يىغا - زار قىلىنغان مەنزىرە ھېلىھەم كۆز ئالدىمدا شۇنداق ئوچۇق گەۋدىلىنىدۇ . بىزنىڭ سۈرگۈن قىلىنىشىمىزنىڭ سەۋەبى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى توغرا چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن گەپنى سەل يىراقتىنراق باشلاشقا توغرا كېلىدۇ .

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

## سۈرگۈن قىلىنىشىمىزنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى

بىزنىڭ سۈرگۈن قىلىنىشىمىزدا ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئارقا كۆرۈنۈش بار . بىز ۋە بىزدىن بۇرۇنقى ئەجدادلىرىمىز قەدىمدىن تارتىپ تاشقورغان ناھىيىسى ۋەرشىدې كەنتىدىن بولۇپ ، بۇ كەنتتە يەر - زېمىن ، ئۆي - جايلىرىمىز بار ئىدى . ئەمما بىز ھەم دېھقانچىلىق قىلىدىغان ، ھەم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشلەر بولغاچقا ، دائىم پۇتكۇل پامىر رايونىدا كۆچۈپ يۈرۈپ چارۋا باقاتتۇق . چوڭلاردىن ئاڭلىشىمىزچە پۇتكۇل پامىر رايونى ئەسلىدە بۇيۇك مەنچىڭ ئىمپېرىيىسىگە قاراشلىق زېمىن ئىكەن . كېيىن ئۇنىڭ كۆپ قىسمىنى چارروسىيە ئىشغال قىلىپ ، ئۇنى ئۆز زېمىنىغا ئايلاندۇرۇپتۇ . جۇڭگوغا بولسا پەقەت پامىرنىڭ سەرىكوي تاغلىرىنىڭ شەرقىدىكى تاغدومباش پامىر بىلەن رەڭكۆل پامىرنىڭ بىر قىسمىلا قاپتۇ . ئەمما ، بىز سۈرگۈن قىلىنىشتىن بۇرۇن تېخى تاشقورغان رايونىدا جۇڭگو بىلەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا ئېنىقلانمىغان ئىدى . كىشلەر بۇرۇنقىدەكلا ئەركىن بېرىپ - كېلىپ چارۋا باقاتتى . ھېچقانداق چېگرا تەكشۈرۈش رەسمىيەتلىرى يوق ئىدى . سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ ھېچقانداق خىراجەتمۇ يىغمايتتى . باج - خىراجەت تاپشۇرغاندا جۇڭگو پۇقرالىرى جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە ، سوۋېت ئىتتىپاقى پۇقرالىرى ( ئاساسەن قىرغىزلار ئىدى ) سوۋېت ھۆكۈمىتىگە تاپشۇراتتى . بۇنىڭدىن كىشلەر ھېچقانداق بىئەپلىك ھېس قىلمايتتى . نۇرغۇن ئائىلىلەرنىڭ ئەزالىرى ئىككى يەرگە بۆلۈنگەن بولۇپ ، بىر قىسمى

چارۋا بىلەن كۆچۈپ يۈرۈپ چارۋا باقسا، بىر قىسمى تاشقورغاندىكى كەنت ئىچىدىكى قورۇ - جايلاردا ئولتۇرۇپ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. بۇ قەدىمدىن تارتىپ شۇنداق ئىدى. ئەمما، XX ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىغا كەلگەندە ئەھۋالدا سەل ئۆزگىرىش پەيدا بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئىدارە قىلغان جايلاردىكى جۇڭگو پۇقرالىرىغا نىسبەتەن دەسلەپ «يۈزبىر» سىياسىتىنى يولغا قويدى. يەنى جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ چارۋىلىرىدىن 1% تىن «ئۇت پۇلى» يىغىشقا باشلىدى. ئۇ تەرەپتىكى ئوتلاقلار كەڭرى. ئۇت - چۆپلىرى ئەلۋەك بولغاچقا، 1% تىن چارۋا خىراج تاپشۇرۇش ھېچنېمە ھېسابلانمايتتى. شۇڭا، كىشىلەر بۇرۇنقىدەك يەنە شۇ ياققا ئۆتۈپ چارۋا بېقىۋېرەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ خىراج نىسبىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، «ئون بىر» دەپ ئاتايدىغان بولدى. يەنى ئوندىن بىر ياكى 10% خىراج ئالىدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن كىشىلەر تاپشۇرىدىغان خىراجغا چىدىماي، جۇڭگو تەرەپتىكى يايلاققا كۆچۈپ كېلىشكە مەجبۇر بولدى. ئەمما، بىر قىسىم كىشىلەر بۇ خىراجغىمۇ چىداپ، داۋاملىق شۇ تەرەپتە مال چارۋا بېقىۋەردى ھەم خىراجنىمۇ سوۋېت تەرەپنىڭ ئۆلچىمى بويىچە تاپشۇرۇپ، ئۆز تىرىكچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىۋەردى. بىز ئەنە شۇ كېيىنكى قىسىم كىشىلەرگە تەۋە ئىدۇق. ئەلۋەتتە بىز ئۆلچەم بويىچە خىراجنى تاپشۇرساقلا ھېچ ئىش بولمايدۇ دەپ قاراپتۇق. بېشىمىزغا تېخىمۇ قاتتىق كۈنلەرنىڭ كېلىشىنى بىلمەپتۇق. 30 - يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا سوۋېت ئىتتىپاقىدا قانات يايدۇرۇلغان «تازىلاش» ھەرىكىتى ھەتتا جۇڭگو پۇقرالىرى ئىچىگىچىمۇ كېڭەيتىلدى. ئۇ ۋاقىتلار شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئەپ ئۆتكەن مەزگىللىرى بولۇپ، شېڭ

شىسەيمۇ ئۆز تەۋەلىكىدە ھەدەپ سوۋېت ئىتتىپاقىنى دوراپ، ئارقا - ئارقىدىن « سۇيىقەست » دېلولىرىنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، بىگۇناھ كىشىلەرنى خالىغانچە تۇتۇپ، قاماپ، يوق قىلىۋاتاتتى. ھەممە ئىشتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىزغان سىزىقلىرى بويىچە ئىش قىلاتتى. تاشقورغان پاكىستان ( شۇ ۋاقىتتا ھىندىستان دەپ ئاتىلاتتى ھەم ئەنگلىيە مۇستەملىكىسى ئىدى ) ئافغانىستان، سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق كۆپ دۆلەتلەر بىلەن چېگرىداش ناھىيە بولغاچقا، بۇ يەردە كۆپ دۆلەتنىڭ پۇقرالىرىنى كۆرگىلى بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخى تاشقورغان ناھىيە بازىرىدا ئەنگلىيىنىڭ پوچتا ۋاكالەتخانىسى بار بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەنگلىيە بايرىقى ئېسىقلىق ئىدى، ۋاكالەتخانا ئاقساقىلى ئەمەلىيەتتە پاكىستانلىق ئادەم ئىدى. ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىغا تاشقورغان ئارقىلىق پوچتا توشۇلاتتى. پوچتا توشۇيدىغانلارنىڭ ھەممىسى ھونزا ( كەنجۇت ) پۇقرالىرى بولۇپ، ئۇلارغا ھەر يەردە «قاراۋۇلخانا» دەپ ئاتىلىدىغان ئۆتەڭ ۋە « قاراۋۇلچى »دەپ ئاتىلىدىغان « ئۆتەڭچى » لەر تەيىنلەنگەن ئىدى. يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىشى مەنئى قىلىنغان بولۇپ، تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالسا ھەم ئۇلار بىلەن ئۇچراشقانلىقىنى شېڭ شىسەي ھۆكۈمران دائىرىلىرى ئۇقۇپ قالسا، ئۇ كىشى دەرھال تۈرمىگە تاشلىناتتى ھەتتا يوق قىلىۋېتىلەتتى. شۇ ۋاقىتلاردا چېگرا رايوندا ئولتۇراقلاشقان تاجىك، قىرغىز خەلقىدىن بىرقانچە ئون كىشى ئەنگلىيە « ئىشپىيونى » دېگەن بەتنام بىلەن شېڭ شىسەي دائىرىلىرى تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ، يوق قىلىۋېتىلگەن ئىدى. كىشىلەر ئۇ ئادەملەرنىڭ ھەتتا نەدە ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنىمۇ بىلمەيتتى. بۇنداق تېررورلۇق ھەممە يەرنى قاپلىغان ئىدى. بىز سوۋېت ئىتتىپاقى

كونتروللۇقىدىكى پامىر رايونىدا چارۋا باققان چارۋىچىلارمۇ بۇ خىل تېررورلۇقتىن مۇستەسنا بولالمىدۇق. بىزدىن قەرچەنەي قاتارلىق كىشىلەر سوۋېت دائىرىلىرى تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ كېتىلىپ، يوق قىلىۋېتىلدى. كىشىلەرنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇشى بۇزۇلدى. كۆڭلى دەككە - دۈككىگە چۈشتى. بۇنداق قىسمەتنىڭ قاچان، كىمنىڭ بېشىغا يەنە كېلىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. بۇنىڭدىن باشقا بىزنى يەنە بىر قىسمەت قىستاپ كېلىۋاتاتتى. بىز جۇڭگو پۇقرالىرىنى سوۋېت دائىرىلىرى، سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەلىكىگە ئۆتۈپ، كولخوزلارغا قاتنىشىشقا زورلاشقا باشلىدى. بۇ يۇقىرىدىكى قىسمەتتىن تېخىمۇ ئېغىرراق، تېخىمۇ مۈشكۈلرەك قىسمەت ئىدى. ھەممىمىزنى ۋەتەندىن، ئۇرۇق - تۇغقان، يار - بۇرادەرلەردىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىش قىسمىتى كۈتمەكتە ئىدى. يۇقىرىدا دېيىلگەندەك بىزدىن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئائىلىسىدىكى بىر قىسىم ئادەم چارۋا بىلەن سوۋېت كونتروللۇقىدىكى ئاقتاش يايلىقى تەرەپتە بولسا، يەنە بىر قىسمى يۇرتىدا دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. شۇنداق بولغاچقا بۇ ئائىلىلەردە بىر ئائىلە كىشىلەرنىڭ مەڭگۈلۈك بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ كېتىش خەۋپى مەۋجۇت ئىدى. يەنە كېلىپ بۇ خىل خەۋپ ئاستا - ئاستا رېئاللىققا ئايلىنىۋاتاتتى. 1938 - يىلىغا كەلگەندە بىزنىڭ ئۆز يۇرتىمىزغا كۆچۈپ كېلىشىمىز پۈتۈنلەي دېگۈدەك چەكلەندى. مانا بۇ بىزنىڭ ئاۋاتقا سۈرگۈن قىلىنىشىمىزنىڭ مۇرەككەپ تارىخي ئارقا كۆرۈنۈشى ئىدى.

## سۇرگۈن قىلىنىشىمىزنىڭ بىۋاستە سەۋەبى

بىز سۇرگۈن قىلىنىشتىن بۇرۇن سابىق سوۋېت تاجىكىستانى تاغلىق بەدەخشان ئاپتونوم ئوبلاستىغا قاراشلىق مورغاپ رايونىنىڭ ئاقتاش يايلىقىنىڭ چوڭتاش دېگەن جىلغىسىدا ئاساسەن تۇپ ئولتۇراقلاشقان ئىدۇق. ئۇ يەردە ئولتۇرۇقلاشقانلارنىڭ ئىچىدە زەمبۇرباي دېگەن كىشى ھەم ئىقتىسادىي جەھەتتە باي، يېشىمۇ چوڭ، ئىناۋىتىمۇ يۇقىرى ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەردە يەنە ماناس (بىزنىڭ ئائىلىمىز) ئەژدەر، نەيىم، خەيرىللا، قەرچەنەي، ھوشورقۇل، بەختەلى، كۆكيار باي، موراد، ئەيسا (بۇ ئائىلە قىرغىز) قاتارلىقلار بولۇپ، يەنە توختاخۇن، جانمەمەد دېگەن ئىككى پادىچىمۇ بار ئىدى. نوپۇسى 93 كىشى ئىدى. ئېسىمدە قېلىشىچە. 1938 - يىل 8 - ئايدا زەمبۇر باي بىر قېتىم مورغاپقا بېرىپ، ئۇ يەردىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، چوڭلار بىلەن دەرھال كېچىدە يوشۇرۇن ھالدا تاشقورغان تەرەپكە كۆچۈشنى مەسلىھەتلىشىپتۇ. ئېھتىمال سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىلىرى ئۇنى سوۋېت پۇقراسى بولۇشقا قىستىغان بولسا كېرەك. يەنە بىر گەپچە سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىلىرى بىزنى ھازىرقى ئاقتاش يايلىقىدىن كۆچۈرۈپ، سوۋېت تەرەپنىڭ تېخىمۇ ئىچكىررەك جايلىرىغا ئورۇنلاشتۇرماقچى ئىكەن. چۈنكى، بىز تۇرغان بۇ يايلاق بىلەن تاشقورغان تەرەپتىكى يايلاقلار تۇتاش بولۇپ، ئوتتۇرىدا بىرلا داۋان بار ئىدى. كۆچسەك بىر كۈنگىمۇ قالماي، جۇڭگو تەرەپكە ئۆتۈپ كېتەلەيتتۇق. شۇڭا، بىزنى ئىچكىررەك كۆچۈرمەكچى بولۇشقان. زەمبۇر باينىڭ مەسلىھىتى بىلەن بىز ھەممىمىز يىراق - يېقىن چارۋىلىرىمىزنى يىغىپ، 8 - ئاينىڭ بىر

كىچىسى داۋاندىن ئېشىپ، جۇڭگو تەرەپكە كىلىشكە تەق بولۇپ تۇردۇق. يۇك - تاقلارنى تېگىپ تەييار قىلدۇق. لېكىن، شۇ كۈنى كەچتە سوۋېت تەرەپنىڭ بىر ئايغاقچىسى زەمبۇرنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. ئۇ يۇك - تاقلارنىڭ تېگىقلىق تۇرغانلىقىنى، كىشىلەرنىڭ رەڭگىرويىدىن بىر ئەنسىزلىك چىقىپ تۇرغانلىقىنى تۇيۇپ، دەرھال يېنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرلىرىگە مەلۇم قىلماقچى بوپتۇ. ئۇنىڭ بۇ پەيلىنى پەملىگەن زەمبۇرباي، ئۇنى دەرھال باغلاپ، ئاقئۆيگە تىگىپ قويۇپتۇ. كەچ بولغاندا بىز ھەممىز ئاقئۆيلەرنى سۆكۈپ، يۇك - تاقلارنى، تۆگە، قوتازلارغا ئارتىپ، ئەزىزانە يۇرتىمىز تەرەپكە راۋان بولدۇق. كېچىچە قوي، قوتاز چارۋىلارنى ھەيدەپ مېڭىش ھەممىدىن بەك قىيىن ئىش ئىدى. جىلغا تار، چارۋا كۆپ، تۈن قاراڭغۇ بولغاچقا، قوي، قوتازلار مېڭىپ - مېڭىپ توختاپ قالاتتى. جىلغىنىڭ ئىچىدە قوي، ئۆچكىلەرنىڭ مەرىگەن ئاۋازى، قوتازلارنىڭ خارتىلدىغان ئاۋازى، كىشىلەرنىڭ ھايت - ھۇيت ئاۋازىغا قېتىلىپ، ئاجايىپ بىر دەھشەتلىك قىيا - چىيانى شەكىللەندۇرگەن ئىدى. بەختىمىزگە بۇ جىلغىدا بىزدىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى. شۇنداق دىشۋارچىلىقلارنى تارتىپ، مىڭ بىر مۇشەققەتتە چوڭتاش داۋىنىدىن ئېشىپ، جۇڭگو تەرەپتىكى چوڭتاش تەرەپكە ئۆتتۇق. چوڭلار: «جۇڭگو زېمىنىغا كىردۇق، ئەمدى ھېچنېمە بولمايمىز»، «ئورۇسلار ئەمدى بىزنى ھېچنېمە قىلمايدۇ» دېيىشتى. ئانا زېمىنىمىزغا تىنچ - ئامان ئۆتىۋالغانلىقىمىزدىن چەكسىز سۆيۈندۇق. تېخى تاڭ ئاتمىغان ئىدى. جاي - جايىمىزدا يۆكلەرنى قويۇپ ئۇخلاپ قاپتۇق. تاڭ ئېتىش بىلەن تەڭ داۋان تەرەپتىن مىلتىق ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. بىز تەرەپ -

تەرەپكە پىتىراشقا باشلىدۇق، بەختىمىزگە قوتازلار [illegible] تەرەپكە جىلغىنى بويلاپ خېلى ئۇزۇن يەرگە كېتىپتۇ. زەمبۇرباي ئۇخلىغاندا ھېلىقى «ئايغاقچى» نى يېشىپتىكەن، ئۇ قويلارنى ئارقىغا ياندۇرۇپ ھەيدەپ كېتىپتۇ. بىز قورقۇنچلۇقتا يۈك - تاقلارنىمۇ تاشلاپ قاچتۇق، مىلتىق تاراسلاپ ئېتىلماقتا ئىدى. ئەمما، ئۇلار بىزنى نىشانلاپ ئەمەس، كۆپىنچە ھاۋاغا قارىتىپ ئوق ئۇزۇۋاتاتتى. شۇنداق قىلىپ بىز بارلىق نەرسە - كېرەكلىرىمىزنى تاشلاپ، قۇرۇق جېنىمىزنى ئېلىپ ئۆز يۇرتىمىز تەرەپكە كەلدۇق، يۈك - تاق، قوي - ئۆچكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارغا ئولجىغا چۈشتى. قوتازلار بىزنىڭ ئالدىمىزدا كەتكەنلىكتىن ئۇلار بىزگە قالدى. بىز جىلغىنىڭ دوقمۇشىدىن ئەگىپ، دالدا جايغا كەلگەندىن كېيىن ئاندىن قوتازلىرىمىزنى ھەيدەپ، پىسلىك دېگەن يەرگە كەلدۇق. سوۋېت چېگرا مۇداپىئە ئەسكەرلىرى بىزنى قوغلاپ كەلمىدى. ئەمما قوي، ئۆچكە، يۈك - تاقلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى ئولجىغا ئېلىپ ياندى. ئۇلارغا ئولجىغا چۈشكەن مال - مۈلۈكنىڭ كونكرېت سانى ئانچە ئېنىق ئەمەس. بولۇپمۇ قوي - ئۆچكە سانى خېلىلا كۆپ ئىدى. بەزىلەر كېيىن ئۇنى 12 مىڭ تۇياق دەيدۇ، بەزىلەر 5 — 6 مىڭ تۇياق دەيدۇ. ئىشقىلىپ خېلى كۆپ ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا 70 قوتاز ئۈكۈز (ھەممىسىگە يۈك ئارتىلغان) 10 تۆگە، 11 ئاتئۇلاغ، 10 تال ئوۋ مىلتىقى ۋە باشقا كىيىم - كېچەك، يوتقان - كۆرپە، ئۆي سەرەمجانلىرى بولۇپ ھەممىسى سوۋېت تەرەپكە ئولجىغا چۈشتى. بىزنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىمىزنى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ قانداق بىلىۋالغانلىقىنى ئېنىق بىلمەيمىز، بەلكىم ھېلىقى ئايغاقچىسى كېچىچە زاستاپقا يانمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئىزدەپ قوغلاپ كەلگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن، باشقا سەۋەبمۇ بولۇشى مۇمكىن.

## سۈرگۈن قىلىنىشىمىزنىڭ جەريانى

بىز گەرچە يۈك - تاق، مال - مۈلكىمىز، چارۋىلىرىمىزنىڭ كۆپ قىسمىدىن ئايرىلغان بولساقمۇ، ئۆزىمىز قوغلاپ كەلگەنلەرنىڭ قولىغا چۈشمەي، يۇرتىمىزغا ھەممە ئادەم ساق - سالامەت قايتىپ كەلگىنىمىزگە مىڭ مەرتە شۈكۈر دېدۇق ھەم يۇرت ياقتا قالغان بالا - چاقا، ئۇرۇق - تۇغقانلار بىلەن پات ئارىدا جەم بولۇپ، خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىدىغان بولدۇق دەپ كۆڭلىمىزنى توق تۇتۇشقا تىرىشتۇق. لېكىن، بىزنىڭ بۇنىڭدىنمۇ كۆپ دىشۋارچىلىقلارغا ئۇچرايدىغانلىقىمىزنى ھەرگىز ئويلىماپتۇق. شېڭ شىسەي دائىرىلىرىنىڭ قايتىپ (توغرىسى قېچىپ) كەلگەنلىكىمىزدىن قانداق خەۋەر تاپقانلىقىنى بىلمىدۇق، ئىشقىلىپ قايتىپ كەلگەنلىكىمىزدىن تېزلا خەۋەر تېپىپتۇ. ئېھتىمال سوۋېت تەرەپتىن مەخسۇس ئادەم ئېۋەتىپ، خەۋەرلەندۈرگەن بولسا كېرەك. ئۇ ۋاقىتتا بېرىش - كېلىش ناھايىتى قويۇق، خەت - ئالاقە دائىم بولۇپ تۇراتتى. مەخسۇس ئادەم ئېۋەتىلسە بىر كۈندە بېرىپ كەلگىلى بولاتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ بېسىمى بىلەن، بىز ئۇرۇق - تۇققانلار بىلەن كۆرۈشۈشكە ئۈلگۈرمەيلا، شېڭ شىسەي دائىرىلىرى ئەسكەر ئەۋەتىپ، ئاۋۋال بىزنى دەپتەر يېزىسىنىڭ چىرەلىق دېگەن ئوتلىقىدا بىر قانچە كۈن نەزەربەند قىلىپ تۇرغۇزدى. ئۇ يەردىن قوتازلىرىمىزنى ھەيدەپ، تاشقورغان ناھىيە بازىرىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئالار ئوتلىقىغا كەلدۇق. شېڭ شىسەي دائىرىلىرى مەخسۇس ئەسكەر ئاجرىتىپ، بىزنى نازارەت قىلدى. باشقا كىشىلەرنىڭ بىز بىلەن كۆرۈشۈشكە

قەتئىي رۇخسەت قىلىنمىدى . بىزنىڭمۇ ئۆز كەنتىمىزدىكى مەھەللىمىزگە بېرىشىمىزغا رۇخسەت قىلىنمىدى . بىر قانچە كۈن مۇشۇ ئوتلاقتا چېدىر تىكىپ ئولتۇردۇق ، بىزدە سوۋېت تەرەپكە ئۆلجىغا چۈشكەن چارۋىدىن باشقا يەنە ئىككى مىڭ تۇياقتەك قوتاز ئېشىپ كەلگەن ئىدى . شۇلارنى بېقىپ ، سۈتىنى سېغىپ ئىچىپ كۈن ئالدۇق ، ئالار ئوتلىقىدا بىر ھەپتە تۇرغاندىن كېيىن ، بىزنى شىڭ شىسەي ئەسكەرلىرى يالاپ ، يەكەنگە يولغا سالدى . يولغا سالغاندىمۇ ئۇرۇق - تۇغقان ، ئائىلە تەۋەلەر بىلەن خوشلىشىشقا يول قويۇشمىدى . ئېسىمدە شۇنداق ئېنىق تۇرۇپتۇ . بىز ماڭغاندا ئالار ئوتلىقىنىڭ غەربىدىكى ۋەرشىدې كەنتىدىكى ئۇرۇق - تۇغقان ، ئائىلە تەۋەلىرىمىز ئوتلاق يېنىدىكى دۆڭلۈككە كېلىپ ، يىغا - زار قىلىشتى . بىزمۇ يىغا - زار قىلىپ ، زار قاقشىدۇق . مۇشۇنداق نالە - پەرياد ، يىغا - زار قىلىشساقمۇ خوش دېيىشكە رۇخسەت قىلىشمىدى . كىشىلەر بىزنى يىغا - زار بىلەن بىرقانچە كىلومېتىر يەرگىچە ئۇزىتىپ ماڭدى . دېمىگەندىمۇ بۇ نالە - پەريادىمىز يوللۇق ئىدى . بىز پەقەت ئۆز ۋەتەن تۇپرىقىمىزنى ، يۇرتىمىزنى دەپ قايتىپ كەلگەن ئىدۇق ، باشقا ھېچقانداق ناتوغرا ئىش قىلغىنىمىز يوق . يۇرت ، ۋەتەن ئارزۇسى بىلەن بېشىمىزنى ئېلىپ قايتىپ كەلسەك ، يۇرتتا تۇرالماي ، ئۇرۇق - تۇغقانلار بىلەن جەم بولالماي ، يەنە سەرسانلىق ، مۇساپىرلىققا مەھكۇم قىلىندۇق . بەزى كىشىلەر ئۈچۈن شۇ كۈنكى خوشلىشىش مەڭگۈلۈك ۋىدالىشىش بولدى . ئەلۋەتتە بىزنىڭ بۇنداق ھېسسىياتىمىز بىلەن ئۇ چاغدىكى مەسئۇل دائىرىلەرنىڭ كارى يوق ئىدى . شىڭ شىسەي ئەسكەرلىرىنىڭ يالىشى بىلەن چىچەكلىك داۋىنىدىن ئېشىپ مېڭىپ يەكەنگە چۈشتۇق . يەكەنگە چۈشكەندىن

كېيىن بىزنى ئۈچ يېزىغا بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇردى . ھەيدەپ كەلگەن قوتازلارنى سېتىپ پۇل قىلدۇق ، بىر قىسمىغا قوي ، ئۆچكە ئالدۇق . بىزگە تېرىلغۇ يەر بەردى . يەر تېرىپ تىرىكچىلىك قىلىشىمىزنى دېدى . ئۇ يەردە بىر يىلدەك تۇردۇق . بىر يىلدىن كېيىن بىزنى يەنە ھەرقايسى يېزىلاردىن يىغىپ ، يەكەن ناھىيە بازىرىغا توپلىدى ھەم « سىلەر تىنچ تۇرمايدىغان خەققەنسىلەر ، سىلەرنى يىراققا ھەيدەش كېرەككەن » دېدى . كېيىن ئۇقساق يەكەندە تىلو ، ئەلىمقۇل ئىسىملىك تاجىكلار بولۇپ ، شېڭ شىسەي دائىرىلىرى ئۇلاردىن ئەنگلىيە « ئىشپىيونى » دەپ گۇمانلىنىدىكەن . ئەلىمقۇل زەمبۇر باي بىلەن تۇغقان بولغاچقا ، زەمبۇر باي ئۇلارنىڭكىگە بېرىپ ـ كېلىپ ، بىر ـ بىرىنى يوقلاشقان ئىكەن . شۇ سەۋەب بىلەن بىزدىنمۇ گۇمانلىنىپ ، بىزنى ئۇ يەردىنمۇ سۈرگۈن قىلماقچى بوپتۇ . ئۈچ كۈن ئىچىدە بىز يەنە ئازغىنا چارۋا ( قوي ـ ئۆچكە ) لىرىمىزنى سېتىپ پۇل قىلدۇق ـ دە ، بىزنى بىرقانچە ھارۋىغا بېسىپ ، ئاقسۇ تەرەپكە يولغا سالدى ، ئەلۋەتتە شېڭ شىسەي دائىرىلىرى بىزنى يالاپ مېڭىشقا ئەسكەر ، يايى قوشتى . 18 كۈن يول يۈرۈپ ، يۇرت ۋە چۆل باياۋانلارنى كېزىپ ، ئاقسۇغا كەلدۇق . ئاقسۇدا بىر دەڭدە 3 — 4 كۈن تۇردۇق . ئۇ يەردىن بىزنى يەنە ئاۋاتقا ئېلىپ كەلدى . ئاۋاتتا بىز 10 نەچچە ئۆيلۈك ئادەمنى بىر دەڭگىلا ئورۇنلاشتۇردى . بىزگە تېرىلغۇ يەر بەردى . تېرىقچىلىق قىلىپ جان بېقىشىمىزنى دېدى . ئۇ يەردە بىز يەر تېرىدۇق . ئاۋات ئۇ ۋاقىتتا كىچىككىنە بىر بازار بولۇپ ، ئاھالىسى ئاز ئىدى . بىز تۇرغان يەردە 20 — 30 ئۆيلۈك ئۇيغۇر دېھقان بار ئىدى . بۇ يەر چەت ياقا جاي بولغاچقا ئۇ دېھقانلارمۇ ئوخشاشلا نامرات ئىدى . ئەمما ، بىزگە ھەر تەرەپتىن ياردەم قولىنى

سۇنۇپ ، بىزنىڭ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇشىمىزغا ياردەم بەردى . بۇ يەر ياقا جاي بولغاچقا ، ياۋا چوشقا ( قاۋان ) ناھايىتى كۆپ ئىدى . تېرىغان زىرائەتلىرىمىزنى كېچە - كۈندۈز بېقىشقا توغرا كېلەتتى . بۇنداق باقساقمۇ ، زىرائەتلەرنى يەنىلا توڭگۇز يەپ بۇزۇۋېتەتتى . شۇڭا ، جاپا چېكىپ تېرىغان زىرائەتلىرىمىزنى توڭگۇز يەپ ناھايىتى ئاز ھوسۇل ئالاتتۇق ، شۇنداقتىمۇ ساتقان قوتازلارنىڭ پۇلىنى جازانىگە بېرىپ ، شۇنىڭ بىلەن تۆت يىلغىچە جان باقتۇق . ئاۋاتتا بىزنىڭ بېشىمىزغا كەلگەن كۈلپەت بەكمۇ ئېغىر بولدى . نۇرغۇن كىشىلىرىمىزنى ئىسسىق ئېلىپ ، يۇقۇملۇق كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ ئۆلۈپ كەتتى . كەلگەندە 93 كىشى ئىدۇق ، قايتقاندا 45 كىشى قالدۇق . يېرىمىمىزدىن ئارتۇقى ئاۋاتتا ئۆلۈپ تۈگىدى . بەزى ئائىلىلەردىن بىرمۇ كىشى ئامان قالمىدى . مەسىلەن ، قەرچەنەي ( ئۆزىنى سوۋېت دائىرلىرى تۇتۇپ يوق قىلىۋېتكەن )نىڭ ئىككى ئوغلى ، ئايالى ھەممىسى ئۆلۈپ ، ئائىلىسىدە بىرمۇ تىرىك جان قالمىدى . تۆت يىلغىچە كۆزىمىزدىن ياش قۇرۇمىدى ، كۆڭلىمىز سەل تەسكىن تاپىدىغان ئىش تاشقورغان بىلەن خەت - ئالاقە قىلىشقا بولاتتى . بۇ يەردىكى ئائىلە - تەۋە ، ئۇرۇغ - تۇغقانلىرىمىزنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىپ تۇردۇق .

## ئاۋاتتىن يېنىش جەريانى

يۇقىرىدا دېگەندەك ئاۋاتتا تۇرغان تۆت يىلغا يېقىن ۋاقىتتا گەرچە ئەتراپتىكى ئۇيغۇر دېھقانلارنىڭ ياردىمى ، غەمخورلۇقىغا ئېرىشكەن بولساقمۇ ، ئەمما ئۆلۈم - يېتىم بەك كۆپ بولۇپ ،

ھەقىقەتەن تۇرغۇچىلىكىمىز قالمىدى. ھەر دائىم يۇرتقا قايتىشنى ئويلايتتۇق. 1943 ـ يىلىغا كەلگەندە شىنجاڭ ۋەزىيىتىدە زور ئۆزگىرىش بولدى. شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن، كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن بىرلىشىش سىياسىتىدىن ۋاز كېچىپ، ئۆزىنى جاڭجېيشىنىڭ قوينىغا ئاتتى. بۇ خىل ۋەزىيەت بىزنىڭ يۇرتقا قايتىشىمىزغا بىر پۇرسەت بولدى. شۇنىڭ بىلەن يۇرتقا قايتىش ئۈچۈن يول مېڭىشقا باشلىدۇق. دەسلەپ بولۇپ تاشقورغاندىن شەرىپ، رەھمەتىللا، تورايخوجا دېگەن كىشىلەر كېلىپ، ئاۋاتنىڭ قازى، بەگلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۆز تۇغقانلىرى نەيىم، خەيرىللا، بەختەلىلارنىڭ ئائىلىسىنى كۆچۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن بىزنىڭ تۇغقىنىمىز ياقۇپ، زەمبۇر باينىڭ چوڭ ئوغلى بۇلبۇل (زەمبۇرباي ئۆزى ئۆلگەن ئىدى). كۆكيار باينىڭ تۇغقىنى سىلىم دېگەن كىشىلەر كەلدى. لېكىن، بىز كىم بىلەن ئالاقىلىشىپ، قانداق يول بىلەن يۇرتقا قايتىشقا رۇخسەت ئېلىشىمىزنى بىلمەيتتۇق. بىز تۇرغان كەنتتىكى مەسچىتنىڭ ئىمامى بىزگە، «تۇل ئاياللار ۋە يېتىم باللار»نى جۈمە ناماز ۋاقتىدا جامە ئالدىغا بېرىپ، ئاۋاتنىڭ قازىسىغا ئەھۋالىمىزنى يىغلاپ مەلۇم قىلىشنى، شۇ كىشىنىڭ يۇرتقا قايتىشىمىزنىڭ يولىنى قىلدىغانلىقىنى ئېيتىپ، يول كۆرسەتتى. بىز ئۇنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە 4 — 5 تۇل ئايال، 8 — 9 يېتىم بالا جۈمە كۈنى نامازدىن بۇرۇنلا مەسچىت ئالدىغا باردۇق. ناماز ئەھلى بىزنى كۆرۈپ، ئىچ ئاغرىتىپ، بىزگە بىرمۇنچە پۇل تاشلىدى. كېيىن قازى بىلەن كۆرۈشۈپ، دەرد ـ ئەھۋالىمىزنى ئۇنىڭغا يىغلاپ مەلۇم قىلدۇق. شۇ چاققىچە بۇ قازى بىزنىڭ شۇنداق كۈنگە قالغانلىقىمىزنى بىلمەيدىكەن. ئۇ بىزگە ناھىيە

ئامباللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، تەلىپىمىزنى ھەل قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ياندۇردى. شۇنداق قىلىپ بىز ئۈچ ئائىلىنىڭ يۇرتقا قايتىشىمىزغا رۇخسەت قىلىندى. بىز قالغان ئائىلىلەر بىلەن يىغلاپ تۇرۇپ خوشلىشىپ، ھارۋا كىرا قىلىپ، قەشقەرگە قايتىپ كەلدۇق. يول ئازابى ئېغىر بولسىمۇ، يۇرتقا قايتىدىغانلىقىمىزدىن بەك خۇرسەن بولدۇق. كېيىن قالغان تۆت ئائىلىمۇ بىرقانچە ئايدىن كېيىن قايتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئاۋات ناھىيىسىگە سۈرگۈن قىلىنغان 11 ئائىلىدىن 10 ئائىلە، 93 كىشىدىن 45 كىشى بېشىمىزدىن ئۆرگۈن جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ، ئاران يۇرتىمىزغا قايتىپ كەلدۇق. بىز ھەممىمىز پەقەت ئۆز تىرىكچىلىكىمىز بىلەن بولىدىغان، ھېچكىمگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەيدىغان، سىياسىي دېگەننى زادىلا بىلمەيدىغان ئاددىي چارۋىچىلار ئىدۇق. يۇرتىمىزدىن، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمىزدىن مەڭگۈ ئايرىلىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەندە نائىلاج يۇرتقا قېچىپ (ئەگەر يۇرتقا قايتىشىنىمۇ قېچىش دېگىلى بولىدىغان بولسا) كەلدۇق. مانا مۇشۇنىڭ ئۈچۈن بىرقانچە يىل ئازاب ـ ئوقۇبەت تارتتۇق. ئۆرغۇنىمىز ئەزىز جېنىدىن ئايرىلدى. كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە بولۇپمۇ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دىن ئىبارەت مالىمان يىللاردا يەنە «چەت ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر» دېيىلىپ، بىرمۇنچە كۆرەش، تەنقىدكىمۇ ئۇچرىدۇق. ئەسلىدە بېشىمىزدىن ئۆتكەن بۇ سەرگۈزەشتىلىرىمىزنى ئەسلەش، سۆزلەشنىڭ ئورنى يوق، كۆڭۈلسىز ئىشلارنى تەگەشنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق دەپ قارىغان ئىدىم. ھازىر جەمئىيەت تىنچ، خەلق خاتىرجەم، ئۆز تىرىكچىلىكىنى قىلماقتا. بىزدەك يوق بەتنامغا قېلىپ، تۇگىمەس دەرد ـ ئەلەم چېكىدىغان ئىشلار ئەمدى كەلمەسكە كەتتى. شۇنداق

بولسمۇ، ئۇزاق ئۆتمۈشىنىڭ بىزگە سالغان ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنى ئۇنتۇشقا بولمايدۇ. بىز كۆرگەن بۇ قىسمەتلەر خەلقىمىزنىڭ ئۆتمۈشتىكى قاراڭغۇ زۇلمەتلىك كۈنلەردە تارتقان ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنىڭ ناھايىتى ئازلا قىسمى، خالاس. بۇلارنى ئەسلىگىنىمدە بۈگۈنكى خاتىرجەم، بەختىيار تۇرمۇشىمىزدىن چەكسىز سۆيۈنىمەن. بۈگۈن بىشىمدىن ئۆتكەن بۇ قىسمەتلەرنى سۆزلىشىم ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئۆتمۈشىمىزدىن خەۋەردار بولۇپ، بۈگۈنكى بەختلىك ھاياتنى قەدىرلەپ، پارتىيىمىزنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، دۆلەتنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا پائال قاتنىشىپ، يۇرتىمىزنى تېخىمۇ ئاۋات، تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىشى، ئۆزلىرىنىڭ، شۇنداقلا ئەۋلادلىرىنىڭ پارلاق كېلەچىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا ئۈندەشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئەگەر بۇ ئەسلىمەمنىڭ كىشىلەرنىڭ شۇنداق ئويلىنىشى ۋە شۇنداق قىلىشىغا ئانچىكىم بولسىمۇ ياردىمى تەگسە چەكسىز خۇرسەن بولغان بولاتتىم.

مەسئۇل مۇھەررىرى: شىجائەتخان ۋەزىرى



# پامىردىن ئۆتكەن سەييالار

## مۇنى تابىلدى، مەدەلىخان

پامىر ئېگىزلىكىنىڭ غەربىي قىسمىغا، ئاسىيا قىتئەسىنىڭ مەركىزىي رايونىغا جايلاشقان بولۇپ، دۇنيادىكى زور تاغ تىزمىلىرىدىن ھىمالايا، قارا قۇرۇم، كۇئېنلۇن، تەڭرىتاغ ۋە ھىندىقۇش تاغ تىزمىلىرى بۇ يەردە بىر - بىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. پامىردا تاغ - جىلغىلار ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 4 — 5 مىڭ مېتىر كېلىدۇ، شۇڭا ھاۋاسى شالاڭ ھەم سوغۇق، ھۆل يېغىن مىقدارى ئاز، ئۆسۈملۈك يېپىنچىلىرى شالاڭ ۋە پاكار. دەل - دەرەخ ئورمانلار يوق دېيەرلىك. بۇ يەردە قار - مۇزلىرى ئېرىمەيدىغان ئېگىز چوققىلار يەنى، مۇز تاغ ئاتا چوققىسى، قوڭۇر دۆۋە چوققىسى قاتارلىق ئاجايىپ مۇزلۇقلار بولغاچقا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چوڭ دەريالاردىن زەرەپشان دەرياسى، ئامۇدەرياسى، سىر دەرياسى مۇشۇ مۇزلۇقلاردىن باشلىنىدۇ. بۇ دەريالار پايانسىز چۆل - جەزىرىلەرنى كېسىپ، ئاسىيادىكى ئەڭ قۇرغاق رايونلاردا ئۆزگىچە جۇغراپىيىلىك مەنزىرە ۋە سان - ساناقسىز بوستانلىقلارنى ھاسىل قىلغان.

يەنە بىر تەرەپتىن پامىر ئاسىيا قىتئەسىنىڭ مەركىزىي رايونىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئىنسانلار پالىيىتىنىڭ دائىرىسى كېڭىيىپ، ئۆزئارا بېرىش - كېلىش ئالاقىسى كۆپەيگەنلىك تۈپەيلىدىن، پامىر رايونى يەنە شەرق ۋە غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولۇپ قالغان. بولۇپمۇ دېڭىز قاتنىشى ئاساسىي ئورۇنغا ئۆتۈشتىن بۇرۇن، بۇ تۈگۈن ئۆزىنىڭ غايەت زور رولىنى جارى قىلدۇرغان.

تاۋار ئالماشتۇرۇشنىڭ كېڭىيىشى بىلەن شەرق ۋە غەرب ئوتتۇرىسىدىكى سودا كارۋانلىرى توختىماي قاتناپ يۈرۈپ، سودا ئالاقىسىنى كۈچەيتىپلا قالماستىن، بەلكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىمۇ تېزلەتكەن.

گەرچە پامىر رايونىنىڭ شارائىتى بەكمۇ مۇشەققەتلىك، بوران - چاپقۇن، كىسلارود يېتىشمەسلىك قاتارلىق خەتەرلىك تەبىئىي مۇھىت كىشىلەرنىڭ بۇ يولدا قاتنىشىغا ھەرۋاقىت زور قىيىنچىلىقلارنى پەيدا قىلغان بولسىمۇ، لېكىن سودا كارۋانلىرى، سەيياھلار، ئېكسپېدىتسىيىچىلەردىن، تارقاتقۇچىلار، ھەربىي قوشۇن ۋە ئىستېلاچىلار خەۋپ - خەتەرگە قارىماي تىلسىماتتەك سىرلىق ماكان دەپ ئاتالغان مۇشۇ رايوندىن توختىماي مېڭىپ تۇرغان ۋە بۇ رايوننىڭ تەبىئىي شارائىتى، مەھسۇلاتى، ئاھالىلىرى، يوللىرى توغرىسىدا ھەرخىل خاتىرىلەرنى قالدۇرغان. بۇ خاتىرىلەر ۋە ئەسلىمىلەر بۈگۈنكى كۈندە، بۇ رايوننىڭ قەدىمىي قىياپىتىنى تەتقىق قىلىشىمىزدا قىممەتلىك ماتېرىيال مەنبەسى بولۇپ قالدى. بۇ ماقالىدە بىز قەدىمدىن تارتىپ پامىردىن ئۆتكەن مەشھۇر سەيياھلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرماقچىمىز.

پامىرنى ئادەتتە كىشىلەر «بامى دۇنيا» يەنى دۇنيانىڭ

ئۆگىزىسى دەپ تەرىپلىنىشىدۇ ، ھەقىقەتەنمۇ ئۇ ئاسىيا قىتئەسىدىكى غايەت زور تاغ تىزمىلىرىنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن تۇتاشقان ئېگىزلىكتىكى تەكشىلىك بولۇپ ، تۈز يېيىلغان ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىگە ئوخشايدۇ . قەدىمكى سودا كارۋانلىرى ۋە سەيياھلار تۆگە ، ئات ، ئېشەك ، قوتاز مىنىپ بېھساپ قارلىق تاغ ـ داۋانلارنى ئېشىپ ، بەگۋاش دەريا ـ ئېقىنلارنى كېچىپ ، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە يولىنى كېيىنكى دەۋرلەردە «يىپەك يولى » دەپ ئاتالغان قاتناش يولىنى ئاچقان .

پامىر رايونى توغرىسىدىكى ئەڭ دەسلەپكى خاتىرىلەر جۇڭگو سەييالىرى تەرىپىدىن يېزىپ قالدۇرۇلغان ، جۇڭگو تارىخىي يازمىلىرىدا پامىر رايونى دەسلەپتە « جوڭشەن » ، چۈنشەن ، سوڭلىڭ دەپ خاتىرىلەنگەن بولۇپ ، سوڭلىڭنى كىشىلەر ھازىر ئۇيغۇر تىلىدا « كۆكئارت » دەپ تەرجىمە قىلماقتا . ① موتيەنزى تەرجىمىھالى » دېگەن كىتابتا قەيت قىلىنىشىچە جوۋخانى مۇۋاڭ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى ( 1001 — 974 ـ يىللار ) غەربىي رايونلارغا ساياھەت قىلىپ كېلىپ ، سوڭلىڭغا چىققاندا

---

① ـ سوڭلىڭنى « كۆكئارت » دەپ تەرجىمە قىلىشنىمۇ بەك توغرا دەپ كەتكىلى بولمايدۇ . چۈنكى ، « كۆكئارت » دېگەن بۇ نام كېيىن پەيدا بولغان . خەنزۇچە خاتىرىلەردە « جۇڭشەن » ، « چۈنشەن » ، « سوڭلىك » دەپ خاتىرىلەنگەندە بۇ يەرنىڭ يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ تىلىدا نېمە دەپ خاتىرىلەنگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ . ھالبۇكى « كۆكئارت » دېگەن بۇ نام تارىخىي ماتېرىياللاردا كۆرۈنگەندە ئۇنىڭ يەرلىك كىشىلەر تەرىپىدىن «پامىر» دەپ ئاتىلىدىغانلىقى شۇەنزاڭنىڭ « غەربىي يۇرت خاتىرىسى » كىتابىدا قەيت قىلىنغان . شۇڭا ، ئۇنى تەرجىمە قىلغاندىن كۆرە ئەسلىي يازمىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە ئالغان تۈزۈك .

ھەيرەتتە قالغان ھالدا « بۇ يەر ھەقىقەتەنمۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئېگىز جاي ئىكەن » دېگەن . كىشىلەر موتىيەنزى تەرجىمھالى — دېگەن كىتابنى رەسمىي تارىخ ئەمەس ، رىۋايەت دەيدۇ ، ئۇنىڭ رىۋايەت ياكى رەسمىي تارىخ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر پەقەت ئۇنىڭ ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدە ۋېي شياڭۋاڭ ( مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 318 — 296 - يىللىرى ) دەۋرىدە يېزىلغانلىقىنى ھېسابقا ئالغاندىمۇ ، پامىر رايونى ھەققىدە ئېلىمىزنىڭ ئىچكىرى جايلىرىدا بۇنىڭدىن 2300 يىل مۇقەددەم خېلى خەۋەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ .

قەدىمكى يۇنان تارىخلىرىدىمۇ پامىر رايونى ھەققىدىكى يازما خاتىرىلەر ئۇچرايدۇ . مىلادىيىدىن بۇرۇنقى II ئەسىردە ئۆتكەن پىتولمى يازغان « گېئوگرافىيە » دېگەن كىتابتا خاتىرىلىنىشىچە ماكېدونىيىلىك سودىگەر مائىس تىتىا يانۇس سېرىس ئېلىگىچە بولغان سودا يولىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن بىرنەچچە ئادەم ئەۋەتكەن ، ئۇلار قەدىمكى باكتېرىيە پايتەختى باكتېرا ( ھازىرقى بەلخ شەھىرى )دىن چىقىپ زىۋىسد تېمى يەنى پامىر تاغلىرىدىن ئېشىپ ( زىۋىس - قەدىمكى يۇنانلىقلارنىڭ ئەڭ ئالىي ئىلاھى ) زىۋىس تېمى يەنى ( پامىر دۇنيادىكى ئەڭ ئېگىز جاي بولغاچقا يۇنانلىقلار ئۇنى « زىۋىس تېغى » دەپ ئاتاشقان ) سېرىس ئېلى يەنى « يىپەك دۆلىتى » ( يۇنانلىقلار جۇڭگونى يىپەك ئىشلەپچىقىرىدىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق دەپ ئاتايتى . )گە سەپەر قىلغانلىقىنى ھەمدە « تاش قەلئە » ( ھازىرقى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى قەدىمى تاش شەھەر »)گە كەلگەنلىكىنى يازىدۇ ، پىتولمىنىڭ يېزىشىچە « تاش قەلئە » شۇ ۋاقىتلاردا ئاجايىپ ئاۋاتلاشقان سودا بازىرى ئىكەن . مەلۇمكى ئۆز ۋاقتىدا

سودا ـ سېتىق جەھەتتىكى بۇ ئاۋاتلاشقان كارۋان يولىدا ھېسابسىز سودا كارۋانلىرى ماڭغان . ئەپسۇسكى ئۇلار ئۆزىنىڭ سودا ـ سېتىق پائالىيەتلىرى بىلەن بولۇپ كېتىپ بۇ مۇقەددەس جاي ھەققىدە ھېچقانداق خاتىرە قالدۇرمىغان . ئەمما ، ئىلىمىزنىڭ خەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە غەربىي رايون ، « يىپەك يولى » ۋە پامىر ھەققىدە ھەقىقىي تارىخىي يازمىلار بارلىققا كېلىشكە باشلىدى . غەربىي خەن خاندانلىقىنىڭ خاقانى خەن ۋۇدى ( مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 140 ــ 87 ـ يىللىرى ) ھونلارنىڭ پاراكەندىچىلىك سېلىشىغا تاقابىل تۇرۇشتا ئىتتىپاق تۈزۈش ئۈچۈن خەنجۇڭلۇق جاڭچيەننى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 139 ـ يىلى ئۇلۇغ ياۋچىلارغا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن . جاڭچيەن پەرغانە ، كانگا ( سوغدىيانىا ) ئۇلۇغ ياۋچى ، باكتېرىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە بارغان . مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 119 ـ يىلى ئىككىنچى قېتىم يەنە غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە چىقىپ ، ئۇيسۇنغا بارغان . ئۇنىڭ نايىبى بولسا پەرغانە ، باكتېرىيە ، ئارشاك ( ھازىرقى ئىران ) دۆلەتلىرىگىچە بارغان . شۇنىڭ بىلەن خەن سۇلالىسى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەللەر ئارىسىدىكى سىياسىي ، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالاقە بارغانسېرى قويۇقلاشقان ئىدى .« خەنىنامە » « غەربىي يۇرتلار تەزكىرىسىدىكى » غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىك ئىچىدە پۇلى ، ئولۇي ، دىرۇ قاتارلىقلار پامىر ۋە ئۇنىڭغا يانداش رايونلاردىكى بەگلىكلەردۇر . شۇنىمۇ قەيت قىلىشقا تېگىشلىككى ، جۇڭگودىن غەربىي رايونلارغا بارىدىغان « يىپەك يولى »نىڭ جەنۇبى ۋە ئوتتۇرا يوللىرى چوقۇم پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتەتتى . شۇڭا ، ئىچكىرى خانلىقلار بىلەن غەربىي يۇرتلار ئوتتۇرىسىدا بېرىپ ـ كېلىدىغان ئەلچىلەرمۇ پامىردىن ئۆتەتتى .

پامىر رايونى توغرىسىدا بىرقەدەر تەپسىلىي خاتىرە قالدۇرغان مەشھۇر سەيياھلاردىن فاشيەندۇر. فاشيەن مىلادىيە 399 - يىلى چاڭئەندىن يولغا چىقىپ، جەنۇبىي يول بىلەن ئۇدۇن (خوتەن) گە كەلگەن. ئۇدۇندىن يەكەن ئارقىلىق پامىرغا چىقىپ، تاشقورغاندىن ئۆتۈپ ھىندىستانغا بارغان. فاشيەندىن كېيىن ئىچكىرى خانلىقلاردىن نۇرغۇن ئەلچىلەر، راھىبلار غەربىي رايونغا كېلىپ، پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ، ھىندى، ئىران ۋە يىراق رىم دۆلىتىگە بارغان. بولۇپمۇ بۇددا راھىبلىرى ھىندىستانغا بېرىپ بۇددا نوملىرىنى ئەكېلىش ئۈچۈن يولنىڭ يىراقلىقىغا قارىماي تۈرلۈك خېيىمخەتەرلەرگە بەرداشلىق بېرىپ، بۇ يولدا ئۈزۈلمەي قاتنىغان. بۇلاردىن مۇھىملىرى، جېڭجىڭ، فايۈن قاتارلىقلار بولۇپ، يەنە كۆچىلىق مەشھۇر تەرجىمان كۇموراجىۋامو پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ ھىندىستانغا بارغان. مىلادىيە 518 - يىلى دۇنخۇاڭلىق سوڭيۈن ۋە خۇيشىڭلارمۇ ھىندىستانغا بارغان، ئۇلار پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ، تاشقورغان رايونىدىكى «قىرپانە بەگلىكى» ئارقىلىق بۇددا نوملىرىنى ئېلىپ ماڭغان. سوڭيۈن تاشقورغان رايونىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى، ھاۋا شارائىتى ۋە شۇ ۋاقىتدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى توغرىسىدا ناھايىتى ئېنىق خاتىرە قالدۇرغان. سوڭيۈن پامىر ئېگىزلىكىنىڭ ئىنتايىن ناچار ھاۋا شارائىتى ۋە شۇ ۋاقىتتىكى «قىرپان» بەگلىكى ئۈستىدە توختالغاندا مۇنداق بىر رىۋايەتنى يېزىپ قالدۇرغان: سوڭلىڭنىڭ ‹ پامىر ›ئۈستىدە بىر كۆل بولۇپ، كۆلنىڭ ئىچىدە بىر زەھەرلىك ئەجدىھا ياشايدىكەن. بىر قېتىم زەھەرلىك ئەجدىھا غەزەپكە كېلىپ، شۇ يەردە قونغان بارلىق سودىگەر، كارۋانلارنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ ؛ قىرپانە بەگلىكىنىڭ بېگى بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، بەگلىك ئورنىنى ئوغلىغا قالدۇرۇپ ، ئۆزى ئودىيانانىڭ ( قەدىمكى بەگلىك بولۇپ پاكىستاننىڭ شىمالىدىكى سىۋات دەرياسى ئەتراپىدا ) بېرىپ ، بىراخمانلاردىن ئەپسۇن ئۆگەنگەن . قايتىپ كەلگەندىن كېيىن زەھەرلىك ئەجدىھانى ئەپسۇن ئوقۇپ بويسۇندۇرغان . بۇ يەردە دېيىلگەن كۆل — سەرىقۇل كۆلى ( چاروسىيە بىلەن ئەنگلىيە پامىرنى بۆلۈشۈۋالغاندا بۇ كۆلنى ئەنگلىيە ئايال پادىشاھىنىڭ نامى بىلەن ۋىكتورىيە كۆلى دەپ ئاتىغان . ) كۆرسىتىدۇ .

كۆلدىكى زەھەرلىك ئەجدىھا توغرىسىدىكى خاتىرىلەر باشقا سەيياھلارنىڭ خاتىرىلىرىدىمۇ كۆزگە چېلىقىدۇ .

پامىر رايونى ھەققىدە تېخىمۇ تەپسىلىيرەك خاتىرە قالدۇرغان ھەمدە ئۇنىڭ نامىنى ئەينەن خەنزۇچىغا ترانسكرىپتسىيەدە قىلىپ ، يېزىلىپ قالدۇرغان كىشى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر راھىب تاڭ شۈەنزاڭدۇر . شۈەنزاڭ مىلادىيە 629 ـ يىلى (تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېڭگۈەننىڭ 3 ـ يىلى) ھىندىستانغا بېرىش ـ كېلىشتە پامىردىن ئۆتۈپ بۇددا نوملىرىنى ئەكەلگەن ھەمدە پامىر دېگەن نامنىڭ خەنزۇچە (波迷罗) دېگەن خەت بويىچە تۇنجى قېتىم يېزىپ قالدۇرغان . پامىر دېگەن نامنىڭ يازما خاتىرىلەردە يېزىلىشى شۈەنزاڭنىڭ « بۈيۈك تاڭ سولالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى » دېگەن كىتابىدا ئۇچرايدۇ . شۈەنزاڭ ھىندىستانغا بېرىشتا پامىرنىڭ شىمالىدىن ئۆتۈپ ، غەربىي تەرىپىنى ئايلىنىپ ، ھىندىقۇش تاغلىرىدىن ئۆتۈپ ھىندىستانغا كىرگەن . قايتىشىدا پامىرنىڭ جەنۇبىي ۋە شەرقىي قىسمىدىن ئايلىنىپ ئۆتكەن .

شۇەنزاڭ پامىرنىڭ تۆت ئەتراپىنى تولۇق كۆزەتكەن ۋە پامىرنىڭ يەر شەكلى، ھاۋا كىلىماتى، ھايۋانات، ئۆسۈملۈك ھەم پامىر رايونىدىكى بەگلىكلەر ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇماتلارنى يېزىپ قالدۇرغان، شۇەنزاڭنىڭ «بۈيۈك تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دېگەن كىتابى ھېلىھەم غەربىي رايون جۈملىدىن پامىر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭ قەدىمىي تارىخ، جۇغراپىيىسى ۋە ئاھالىسىنى تەتقىق قىلىشتە مۇھىم ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. شۇەنزاڭدىن كېيىن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يەنە خۇيچاۋ مىلادىيە 724 ـ يىلى بۇددا تەلىماتلىرىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ھىندىستانغا قىلغان سەپىرىدە پامىردىن ئۆتكەن. ئۇ سەپەر خاتىرىسىدە: «ۋاخان بەگلىكىدىن چىقىپ، شەرققە قاراپ 15 كۈن يول يۈرۈپ پامىر ھەربىي كەنتىگە باردىم، ئۇ يەردە لەشكەرلەرنىڭ تاغنى ساقلاۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. چەت ئەللىكلەر بۇ جاينى «گاربانىيون» دەيدىكەن. خەنزۇلار بولسا سوڭلىڭ: — (葱岭) دەپ ئاتايدىكەن.» دەپ يازغان.

بۇ يەردە دېيىلگەن پامىر ھەربىي كەنتى — تاڭ سۇلالىسى كەييۈەن يىللاردا (مىلادىيە713 — 727 ـ يىللىرى) ئۆز ۋاقتىدىكى قىرپانە بەگلىكى تۇبۇتلەرگە مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن؛ غەربىي چېگرىنى ساقلاش ئۈچۈن ھازىرقى تاشقورغان رايونىدا قۇرغان پامىر بۇقالىنى كۆرسىتىدۇ.

گوربانىيون بولسا قىرپانە بەگلىكىنىڭ نامىنىڭ بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىشىدىن كېلىپ چىققان. خويچاۋ پامىردىن ئۆتكەندە يولنىڭ قىيىنلىقى ۋە خەتەرلىك ئىكەنلىكىدىن ۋايساپ مۇنداق بىر كۇپلېت شېئىر يازغان: «ئەلچى قاقشار غەرب يولىنى ئۇزۇن دەپ، نالە قىلار شەرقمۇ قالدى يىراق دەپ، بۇ يول قاقاس، ھەيۋەتلىك

ھەم خەتەرلىك ، يەنە باردۇر قاراقچىسى دەھشەتلىك . » تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاتاقلىق كورىيىلىك سانغۇن گاۋشە نجىژ مۇ مىلادىيە 747 - يىلى كىچىك پۇلو ( بۇ بەگلىكنى شۇ ۋاقىتتا تۇبۇتلەر ئىشغال قىلغان ئىدى ) بەگلىكى ئۈستىگە جازا يۈرۈشى قىلغاندا تاڭ سۇلالىسىنىڭ 10 مىڭدىن ئارتۇق لەشكىرىنى باشلاپ پامىر بوقالى تۇرۇشلۇق تاشقورغان « تاش شەھىرى » ئارقىلىق مەشھۇر ۋەخىجرۇي داۋىنىدىن ئېشىپ ، ۋاخان كاردورىدىكى سەرھەد دېگەن يەردىكى تۇبۇت قوشۇنلىرىنىڭ « لىەنيۈنباۋ » (بۇلۇتقا تاقاشقان قەلئە » ) قەلئەسىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن بۈگۈنكى پاكىستاننىڭ ياسىن ۋە گىلگىت دېگەن جايلىرىنى ئىشغال قىلغان . ئەنگلىيىلىك سەيياھ ستەيىن كېيىن بۇ يولدىن ئۆتكەندە « گاۋشەنجىژنىڭ 10 مىڭدىن ئارتۇق لەشكەرنى مۇشۇنداق خەتەرلىك يولدىن ئۆتكۈزۈپ ، ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغانلىقىنى بىر مۆجىزە » دەپ قارىغان .

XIII ئەسىردە چىڭگىزخان نايمان قەبىلىسىنىڭ سەردارى كۈچلۈكخاننى قوغلاپ تۇتۇش ئۈچۈن جەبە نايوننى بۇيرۇغاندا ، جەبەنىڭ تۇرشاۋۇلى ئىسمايىل كۈچلۈكخاننى قوغلاپ سەرىكوي رايونىغا چىققان ھەمدە شۇ يەردە كۈچلۈكخاننى تۇتۇپ ئۆلتۈرگەن .

چەت ئەللىكلەردىن پامىر ، تاشقورغان ھەققىدە تەپسىلىيرەك خاتىرە قالدۇرغان ھەمدە پامىر رايونىنى ياۋرۇپاغا دەسلەپ تونۇشتۇرغان كىشى XIII ئەسىردىكى ۋېنتسىيىلىك مارك پولودۇر . مارك پولۇ ئاكا - ئۇكا 1260 - يىلى بۇخارادىن چىقىپ « يىپەك يولى » ئارقىلىق خانبالىققا بارغان . ئۈچ يىلدىن كېيىن ئەسلىي يولى بىلەن قايتىپ كەلگەن . 1271 - يىلى ئاكا - ئۇكىلار ۋە

ئىككى نەپەر دىن تارقاتقۇچى بىلەن ئۇلار بەلخ، پامىر ئارقىلىق جۇڭگوغا كەلگەن. ئۇ بۇ سەپەر ھەققىدە ناھايىتى قىممەتلىك سەپەر خاتىرىسى يېزىپ قالدۇرغان. ئۇ يەنە پامىر ئارقىرنى ياۋروپاغا تونۇشتۇرغان. شۇندىن تارتىپ پامىر ئارقىرى ياۋروپادا «پولوروس» نامى بىلەن مەشھۇر بولغان.

1419 ـ يىلى پىرسىيە پادىشاھى شاھرۇخ جۇڭگو بىلەن بولغان بېرىش ـ كېلىش مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن بېيجىڭغا شادى خوجا، مىرزا باي زەنگى، سۇلتان ئەھمەد، خوجا گويان قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان ئەلچىلەر ئۆمىكىنى ئەۋەتكەن بولۇپ، ئەلچىلەر ئۆمىكى — بەلخ، سەمەرقەند، تاشكەنت ۋە سايراملاردىن ئۆتكەن. كېيىن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي يولى ئارقىلىق تۇرپان، قۇمۇل، سۇجۇ، لەنجۇ قاتالىق جايلار ئارقىلىق كۆزلىگەن مەنزىلگە بارغان. 1421 ـ يىلى ئۇ غەربكە قايتقاندا «يىپەك يولى» نى بويلاپ قەشقەرگە كەلگەن. 1422 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تاشقورغان ئارقىلىق ھىراتقا كەتكەن.

1603 ـ يىلى ئەنگلىيىلىك دىن تارقاتقۇچى بىندۇست گوس بۇيرۇقىغا بىنائەن دىن تارقىتىش ئۈچۈن لاھوردىن چىقىپ، كابۇلغا كېلىپ، تاشقورغان ئارقىلىق قەشقەر، ئاقسۇ، كۇچار، قارا شەھەر، تۇرپان، قۇمۇللاردىن ئۆتۈپ، ئوتتۇرا جۇڭگوغا بارغان ھەم سەپەر خاتىرىسى يېزىپ قالدۇرغان.

XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرى XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا پامىر رايونى ياۋروپادىكى ئېكسپېدىتچىيلەرنى ئۆزىگە شۇنداق جەلپ قىلدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن پامىرغا كېلىپ، قەدىمدىن تارتىپ پۈتۈن دۇنياغا داڭقى كەتكەن بۇ «تىلسىمات» رايوننىڭ سىرىنى ئېچىش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى. بۇنىڭدا

ئەلۋەتتە جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ كېڭەيمىچىلىكى ئۈچۈن ھەر تەرەپلىمە ئاخبارات توپلاشمۇ بىر سەۋەب ئىدى ، ئەلۋەتتە . چۈنكى ، پامىر رايونى جۇڭگونىڭ غەربىي دەرۋازىسى ئىدى . جاھانگىر دۆلەتلەر بولۇپمۇ ئەنگلىيە ۋە چاروسىيە جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىغا ئۆز تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ، پامىر رايونى توغرىسىدا ھەر تەرەپلىمە مەلۇماتلارغا موھتاج ئىدى . شۇ سەۋەبتىن قانداقتۇر ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمەكلىرى ، ئېكسپېدىتسىيىچىلەر ، ئارخېئولوگلار ۋە باشقىلار ئارقا - ئارقىدىن پامىر رايونىغا كىرىشكە باشلىدى .

1833 - يىلى ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيە كاپىتانى جونۋۇد پامىرنىڭ جەنۇبى ئارقىلىق تاكى پامىر كۆللىرىگىچە بارغان . 1855 - يىلى ۋە 1856 - يىللىرى ئەنگلىيە پولكوۋنىكى مونت گومىر باشچىلىقىدىكى ئۈچبۇلۇڭلۇق ئۆلچەش ئەترىتى كەشمىر دەرياسىنى ئۆلچىگەن ، 1859 - يىلى گودۋىن ۋە ئاۋىستىن قاتارلىقلار راسكام دەرياسىنى ( زەرەپشان دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىمى ) ئۆلچىگەن . ئاۋىستىن ھەتتاكى چوگۇرى چوققىسىغا چىقىشقا ھەرىكەت قىلغان ھەم سۆگەت مۇزلۇقىنى ئۆلچىگەن . شۇنىڭدەك ئۆزىنىڭ چوگۇرى چوققىسىنى تەكشۈرگەنلىك ئۈچۈن ئۇنىڭغا « ئاۋىستىن چوققىسى » دەپ ناممۇ بەرگەن .

1868 - يىلى ئەنگلىيىنىڭ لاداقتا تۇرۇشلۇق ئەمەلدارى كەيلېي پامىر ئېگىزلىكىگە كېلىپ ، تەكشۈرۈشتە بولغان . 1869 - يىلى ئۇ يەنە فورسويىت ئەلچىلەر ئۆمىكىگە قاتناشقان .

1873 - يىلى ئەنگلىيىلىك فورسويىت 131 كىشىلىك ئەلچىلەر ئۆمىكىنى باشلاپ چارلاش ئېلىپ بارغان ۋە قايتىشىدا سەرىكوي ئارقىلىق ۋاخان چېگرىسىغىچە كىرگەن .

1876 ـ يىلى روسىيە گېئوگرافى كوسىگىنكى سەرىكوي دىيارىغا كېلىپ، زەرەپشان دەريا بويلىرىنى ئۆلچىگەن ھەم يەنە قارا كۆل بىلەن سەرىكوينى ئايرىپ تۇرىدىغان ئۆزبېل تاغ ئاغزىنى ئۆلچەپ پامىررايونىنىڭ 3700 كۋادرات رۇس چاقىرىمى كېلىدىغان رايونىنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ چىققان.

1886 ـ يىل 4 ـ ئايدا ئەنگلىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى ياڭخا سىبەنىد ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگوغا ئەۋەتكەن ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن بېيجىڭدىن چىقىپ، جاڭجاكو، ئۈرۈمچى، قۇمۇل، تۇرپان، قارا شەھەر، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، قەشقەرلەردىن ئۆتۈپ، يەكەنگە كەلگەن. قايتقاندا تاشقورغان ئارقىلىق كەشمىرگە بارغاندىن كېيىن ئۇ ئەنگلىيە پادىشاھلىق گېئوگرافىيە جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى بولغان.

1889 ـ يىلى فرانسىيىلىك سودىگەر داۋېرگىن، كومبرلاند شاڭشياۋ ۋە بوۋېر جۇڭۋېي ھەمراللىقىدا، لاداقتىن يولغا چىقىپ تاشقورغاندىكى كەلىك داۋىنىدىن ئېشىپ، شىنجاڭدا ئېكسپېدىتسىيە بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇلار پامىردىن ئېشىپ، ئوكسوس دەرياسى (ئامو)نىڭ يۇقىرى ئېقىمىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. داۋېرگىن ئۆز ئالدىغا سەرىكوي رايونىغا كىرىپ، تاغدومباش، زەرەپشانلارنى تەكشۈرگەن. توڭ دەرياسىغا (داتوڭ دەرياسى) كېلىپ ئۇنى تاشقورغان دەرياسىنىڭ تارمىقى دېگەن. ئۇ كاچوڭغا كەلگەندە توسۇلۇپ قېلىپ ئارقىغا قايتقان.

1891 ـ يىل 5 ـ ئايدا روسىيىلىك گرومبچىۋسكى، پىرژىۋاسكى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى باشلاپ، ھىندىستان بىلەن پاكىستان ئوتتۇرىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئەمەلىيەتتە پەقەت ئامو دەرياسىنىڭ مەنبەسىگىچىلا بارغان. ئۇ يەردىن

هىندىقۇش تاغلىرىدىن ئېشىپ پامىرغا كىرىپ، يەنە راسكام دەرياسىنىڭ بېشىغىچە بارغان. ئۇ راسكام دەرياسى ۋە قاراقاش دەرياسى بويىدا ئۆلچەش - سىزىش بىلەن شۇغۇللانغان.

1889 - يىل 7 - ئاينىڭ 27 - كۈنى باۋېر ئىسىملىك ئەنگلىيىلىك قاراقورۇم تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ، شەھىدۇللا ئارقىلىق قاراقاش دەرياسىغىچە بېرىپ، كىلياڭ تاغ ئېغىزىغا كەلگەن ۋە ئارپاتالاغ تاغ ئېغىزى ئارقىلىق سەرىكوي رايونىغا كېلىپ، تاغدومباش پامىرىنى چارلاپ، ياڭغاسبەن بىلەن ئۇچرىشىپ، يەكەنگە كەتكەن.

1892 - يىلى ئەنگلىيىلىك ئالپىنست كانۋىي لوندون پادىشاھلىق گېئوگرافىيە جەمئىيىتىنىڭ ياردىمى بىلەن بىر تاققا چىقىش ئۆمىكى تەشكىللەپ، مۇز تاغ ئاتا چوققىسىغا چىقىشقا كەلگەن. ئۇ مۇز تاغ ئاتا چوققىسىغا چىقالمىغان بولسىمۇ، مۇز تاغ باغرىدا ئالتە ئاي تەكشۈرۈش بىلەن شۇغۇللانغان.

1893 - يىل 6 - ئايدا ئەنگلىيىلىك ئېۋرېل بىر ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى باشلاپ قاراقۇرۇم تاغ ئېغىزى ئارقىلىق زەرەپشان دەرياسى بويىغا كەلگەن. ئۇ زەرەپشان دەرياسىنى بويلاپ سۆگەت تاغ ئېغىزىغا بارغان، يەنە سانجو دەرياسى ئارقىلىق يەكەنگە كەلگەن. ئۇ يەردىن قارا تاغ ئېغىزى ئارقىلىق گەز دەرياسىنى بويلاپ سەرىكوي رايونىغا كېلىپ، يەنە قەشقەرگە قايتىپ، ئۇلۇغچات ئارقىلىق ئوشقا قايتقان.

1883 - يىلى روسىيىلىك پوتىياتا باشلىغان ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى تاشكەنتتىن چىقىپ ئوش ئارقىلىق ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، قارا كۆل، تاشقورغان قاتارلىق جايلارغا بېرىپ تەكشۈرۈشتە بولغان ۋە پامىر رايونىغا ئالاقىدار

ماتېرىياللارنى توپلىغان.

1876 ـ يىلى رۇس جاگجونى كائوپمان سكاپلوۋنى سىزىپ چىقىشقا ئەۋەتىلگەن، ئۇلار تېرەك داۋىنى، پامىر، قىزىلسۇ دەرياسى، كائوپمان چوققىسى ۋە قارا كۆللەردە ئۆلچەش ـ سىزىش بىلەن شۇغۇللانغان.

1893 ـ يىلى شۋېتسىيىلىك مەشھۇر ئېكسپېدىتسىيىچى — سۋېن ھېدىن ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىلىرىدا تۇنجى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئورال تاغلىرى ۋە پامىر تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، قەشقەرگە كەلگەن ھەمدە زەرەپشان دەرياسىنى بويلاپ، تەكلىماكاننى توغرىسىغا كېسىپ، بۇ رايونلارنىڭ دۇنيا خەرىتىسىدىكى جۇغراپىيىلىك بوشلۇقنى تولدۇرغان ھەمدە قۇملۇقتا ياتقان مەدەنىيەت سىرلىرىنى ئېچىشقا بەل باغلىغان.

ئۇ باشتىلا مەرغىلاندىن قەشقەرگە كېلىپ، قەشقەردىن قارا كۆل، پامىر مۇزلۇقى، مۇز تاغ ئاتا چوققىسىغا كېلىپ، تەكشۈرۈشتە بولغان، مۇز تاغنىڭ 6000 مېتىرغىچە ئېگىزلىككە چىقىپ، چوققىسىغا چىقالماي قايتقان ۋە شۇ يىلى قەشقەرە قىشلىغان. ئۇنىڭ «ئاسىيانى كېسىپ ئۆتۈش»، «ئاسىيا قۇملۇقىدىكى خاتىرە» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

1897 ـ يىلى ئەنگلىيە شاگۆيىي دىئاس، كوببولىدىنىڭ ھەمرالىقىدا كەلىك داۋىنىدىن ئېشىپ، ھەمراھىدىن ئايرىلىپ، تاغدومباشتا ئۆلچەش ـ سىزىش بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ غىجەكبوي، زەنگار، ئارقىلىق زەرەپشان بويىغا كېلىپ، چومدى، كىلياڭ، لەنگەرلەرگە بارغان، يەنە مەرياڭ پىچانيارتقا، ئاندىن پىل دەرياسىنى بويلاپ كوسراپقا بېرىپ، ئۇ يەردىن قەشقەرگە بارغان.

1897 ـ يىل 10 ـ ئايدا كاببونلىد ، دىئاسدىن ئايرىلغاندىن كېيىن بىرقانچە ھەمراھلىرى بىلەن بىر گە گەزجىلغىسىنى بويلاپ قەشقەرگە بېرىپ ، تورغات داۋىنى ئارقىلىق تاشرابات ، چادىر كۆل ، نارىن دەرياسى ۋە ئىسسىقكۆلگە بارغان . كېيىن يەنە ئىلى دەرياسىنى بويلاپ بالقاش كۆلىگە بارغان ، ئۇ يەردىن يەنە تەڭرىتاغلىرىدىن ئېشىپ گەز جىلغىسى ئارقىلىق قارا كۆل ، تاشقورغان ، بەرتەك جىلغىسىغىچە بېرىپ ، قارا تىگىندە جاسۇس دەپ تۇتۇلۇپ شىئەنگە ئېلىپ بېرىلغان . قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن يەنە مۇزتاغ يېنىدىن ئۆتۈپ تاشقورغان ئارقىلىق گىلگىتكە كەتكەن .

قىسقىسى XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن XX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە نۇرغۇن ياۋروپالىقلار پامىر ئارقىلىق شىنجاڭغا كېلىپ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بارغان . ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەشھۇرى ۋە تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئەڭ مول ۋە مۇكەممەل بولغىنى مارك ئاۋرېل ستەيىندۇر . مارك ئاۋرېل ستەيىن 1898 ـ يىلى ياز پەسلىدە مەركىزىي ئاسىيا قىلىدىغان ئېكسپېدىتسىيە تەييارلىقىنى ئىشلەپ 1900 ـ يىلى ھەممە جەھەتتىن تەييارلىقىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن ، ئىلمىي تەكشۈرۈش كارۋىنىنى باشلاپ ، كەشمىردىن پامىر ئارقىلىق شىنجاڭغا ئۆتۈپ ، خوتەننىڭ قۇملۇق ۋادىلىرىدا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش سەپىرىنى باشلايدۇ . ئۇ بۇ قېتىم 1900 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىدىن 1901 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە جەمئىي 14 ئاي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ ناھايىتى زور ماتېرىيالغا ئېرىشىدۇ . ئۇنىڭ نەتىجىلىرى توغرىسىدا «ستەيىن ۋە ئۇنىڭ مىراسلىرى» ناملىق ئەسەردە : « ستەيىننىڭ بۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيىسى XX

ئەسىردە ئېلىپ بېرىلغان ئۇنۇملۇك ئېكسپېدىتسىيە بولدى ...
قەدىمكى ھاياتنىڭ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرۇۋاتقان شىنجاڭغا ئوخشاش بۇ كەڭ رېمىنىڭ ئارخېئولوگىيىسى ئايان بولمىسا ۋە تەتقىق قىلىنمىسا XX ئەسىردىكى ئارخېئولوگىيە ئىلمىمۇ يېڭى پاكىتلار بىلەن بېيىمىغان بولاتتى . » دەپ يۇقىرى باھا بەرگەن .
ئاۋرېل ستەيىن بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش بىلەن قانائەت قىلماي 2 ـ قېتىم 1906 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى قەدىمكى كارۋان يولىنىڭ ئىزىنى بويلاپ ، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنىڭ لەشكەرلىرى بېسىپ ئۆتكەن يوللارنى بېسىپ پامىر رايونىغا كېلىپ چېچەكلىك تاغ يولى ئارقىلىق بۇددىست شۈەنزاڭ ( شۋەنزاڭ ) بېسىپ ئۆتكەن يول بىلەن قەشقەرگە يېتىپ كىلىدۇ . ئۇ يول بويى خارابىلەردىن ساپال ئىدىشلار ، مېتال ئەسۋابلار ۋە خوتەن ، تىبەت ، خەنزۇ يېزىقلىرىدىكى يادىكارلىقلارنى ئىزدەپ تاپىدۇ . ئۇ تاشقورغاندىكى « قىز قورغان » ، « تاش شەھەر » خارابىسىنىمو تەكشۈرۈپ ، ئۆلچەپ خەرىتىگە چۈشۈرگەن . توغ لانشاردىكى « جەڭگال مۇنارىسى » خارابىسى ۋە شۇ ئەتراپتىكى قەدىمي قەبىلەرنىمۇ ئۆلچەپ سىزغان . «مۇز تاغ ئاتا » چوققىسىدا بىرقانچە كۆن ئىلمىي تەكشۈرۈشتە بولغان .
ستەيىن 3 ـ قېتىم يەنە سىلنەگەردىن چىقىپ ، تاغدومباش پامىرغا كېلىپ تاشقورغان ئارقىلىق قەشقەرگە بېرىپ ئاندىن بار چوقىا ( ھازىرقى مارالۋېشى ) ئۇ يەردىن خوتەنگە ، نىيە ، چەرچەنلەرگىچە بارىدۇ . ئۇ بۇ قېتىمقى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشتا ئېرىشكەن ماتېرىياللارنى 182 ساندۇققا قاچىلاپ كەشمىرگە ئېلىپ ماڭغان . ئۇ بۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيىسىنى 1916 ـ يىل 6 ـ ئايدا ئاخىرلاشتۇرىدۇ ۋە بۇ قېتىمقى نەتىجىلىرىنى 1928 ـ يىلى ئېلان

قىلغان تۆت تومluۇق كىتابقا كىر گۈزىدۇ . كىشىلەر بۇ ماتېرىياللارنى : « ماتېرىيالى شۇ قەدەر كۆپ ، قىممىتى شۇ قەدەر مولكى ، ئۇلار ئۇستىدىكى تەتقىقاتنى ھېچقاچان تاماملىغىلى بولمايدۇ ، » — دەپ باھا بەرگەن . ستەيىن 1930 - يىلى يەنە بىر قېتىم نەنجىڭغا كېلىپ ، خوتەن چەرچەنلەرگە كەلگەن بولسىمۇ ، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ داۋاملىق تىمسىقلاپ يۈرۈشىگە يول قويمىغانلىقتىن ئۆزىنىڭ كارۋانلىرىنى باشلاپ ھىندىستانغا چىقىپ كەتكەن .

1902 - يىلى ياپونىيىلىك راھىب داگوگۋاڭرۇي لوندوندا دوبىيەن جېشىن بىلەن بىر چارلاش ئەترىتى تەشكىللەپ ، ئۇشقا كېلىپ ، ئۇشتىن تېرەك داۋىنى ئارقىلىق قەشقەرگە كەلگەن . قەشقەردىن تاشقورغانغا چىققاندىن كېيىن داگوگۋاڭرۇي قاتارلىق ئۈچ كىشى ھىندىستانغا چىقىپ ئۇ يەردىن ياپونىيىگە قايتقان . دوبىيەن جېشىن قاتارلىق ئىككى كىشى تاشقورغاندىن كاندور داۋىنى ئارقىلىق داتوڭغا بېرىپ زەرەپشان دەرياسىدىن ئۆتۈپ ، يەكەنگە ، ئاندىن خوتەن ، كۇچا ، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئۇ يەرلەردىن نۇرغۇن ئاسار ئەتىقە ۋە قولىيازمىلارنى تاپقان . ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قىزىقارلىق ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىلىرى بار .

1903 - يىلى ئامېرىكىلىق گېئولوگ پومپىلى ۋە خونتىڭتون چارلاش ئەترىتىنى باشلاپ پامىرغا كېلىپ پامىر ۋە تەڭرىتاغلىرىنىڭ جۇغراپىيىسى ۋە ھاۋا رايىنى تەكشۈرگەن .

1907 - يىلى ئەنگلىيىنىڭ شاڭگاڭغا ئەۋەتكەن ئەمەلدارى كلېمىنت شاڭگاڭغا بېرىپ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى پامىر ئارقىلىق قەشقەرگە كېلىپ ئاندىن شاڭگاڭغا بارغان .

1917 - يىل 10 - ئايدا ئەنگلىيىلىك جوگۆيې ئېتىراتون

گىت ئارقىلىق ھونزاغا كېلىپ، مىڭتىكە داۋىنىدىن ئېشىپ تاغدومباش پامىر ئارقىلىق قەشقەرگە بارغان. ئۇنىڭ ماڭغان يولى باشقىلار كۆپ ماڭغان قەدىمكى يول بولغاچقا بىرەر يېڭى بايقاشلار بولمىغان.

1917 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بولەيىك قاتارلىق ئۈچ نەپەر ئوفىتسېر ۋە 16 نەپەر ئەسكەردىن تەركىب تاپقان ھەربىي ئەلچىلەر ئۆمىكى تەشكىللەپ قەشقەرگە كونسۇل ماكارتنىنىڭ ياردەمچىلىكىگە ئەۋەتىدۇ. ئۇلار سىلىناگاردىن چىقىپ تاشقورغان ئارقىلىق يەكەن ۋە قەشقەرگە بارىدۇ ھەمدە ماكارتنىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە تاشقورغان دەرياسى، ئوپراڭ دەرياسى، چۆپ دەرياسى قاتارلىق جايلارنى تەكشۈرىدۇ.

1922 ـ يىلى ئەنگلىيىنىڭ باش كونسۇللۇقىغا تەيىنلەنگەن سىكېرىن سىتەيىنىنىڭ تەكلىپى بىلەن، نۇرغۇن ئۆلچەش ئەسۋابلىرىنى ئېلىپ، تاشقورغانغا كەلگەن ۋە يېڭىسار ئارقىلىق قەشقەرگە بارغان.

1925 ـ يىلى ئامېرىكىلىق تېئودېيىرى روسۋېل ئىنىسى كېرمىت بىلەن چېكاگو دالا مۇزېيىنىڭ ياردىمى بىلەن نيۇ ـ يورۇكتىن ھىندىستانغا كېلىپ، سىلىناگارگىچە ماشىنا بىلەن مېڭىپ ئاندىن تاغدومباش پامىردىن ئۆتۈپ قەشقەرگە كېلىدۇ. ئۇ قايتىدىغان چاغدا پامىر ئارقىلىق قايتىدۇ ۋە يولدا مارك پولو ئارقىرىنى ئوۋلايدۇ. ئۇ ھىندىستانغا چىقىپ ئاندىن ئامېرىكىغا قايتقان.

1926 ـ يىلى ئامېرىكىلىق موربىدىنى بىر ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى باشلاپ، پامىرغا مارك پولو ئارقىرىنى ئوۋلاشقا كېلىدۇ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ئامېرىكىنىڭ تەبىئەت تارىخي مۇزېيىدىن

كىلاركىمۇ بىللە كېلىدۇ . ئۇلار سىلىناگاردىن گىلگىت ئېغىزى ئارقىلىق بوروغىل ئېغىزىغا كېلىپ ، ئاقسۇ دەرياسىنى بويلاپ قەشقەرگە چۈشىدۇ . 1940 ـ يىلى ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلى سېنپتون هونزادىن مىڭتېكە داۋىنى ئارقىلىق تاشقورغانغا كېلىپ قەشقەرگە چۈشىدۇ . ئۇ گەرچە كۆپ ساياهەت قىلمىغان بولسىمۇ يول بويى ئۆز قاراشلىرى بويىچە خاتىرە يېزىپ ئېلان قىلىدۇ . ئۇ 1946 ـ يىلى قەشقەرنىڭ كونسۇلىغا تەيىنلىنىپ ، قارا قۇرۇم ئېغىزى ئارقىلىق قەشقەرگە بارىدۇ . ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن ، يەنە ساياهەتكە چىقىپ ( تۆشۈك تاش ) ، مۇز تاغ ، ئۆچتاش قاتارلىق جايلاردا چارلاش ئېلىپ بارىدۇ .

جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك مەشهۇر سەيياهلارنىڭ پامىردىكى ئېكسپېدىتسىيىسىدە هەركىتىنىڭ ئۆز كۆڭلىگە پۈككەن ئالاهىدە مەقسىتى بولۇپ ، قەدىمدىن تارتىپ دۇنيانىڭ ئۆگزىسى دەپ هېسابلىنىدىغان بۇ جاپالىق يولدا دىن مۇخلىسلىرى ، سودىگەرلەر ، ئايرىم هۆكۈمەت ئەلچىلىرى ، گېئوگراف ، ئارخېئولوگ ، ئالىملار بولسا ، بەزىلىرى ئايرىم دۆلەتلەرنىڭ ئالاهىدە ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان جاسۇس ئىشپىيونلار بولۇشى مۇمكىن . دېمەك ، بۇ سىرلىق ماكانغا كېلىشتىكى مەقسەتمۇ ئوخشاشمايدۇ . شۇڭا ، ئېكسپېدىتسىيىنىڭ ئىلمىي قىممىتىمۇ ئوخشاشمايدۇ . شۇنداق بولسىمۇ ئۇلارنىڭ خاتىرىلىرى توپلىغان مول ئىلمىي ماتېرىياللىرى مۇشۇ رايوننىڭ ئۆتمۈشىنى تەتقىق قىلىشتا ناهايىتى زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە . ئەلۋەتتە هازىر ئېلىمىزدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ ، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن يوللار راۋانلىشىپ ، كېلىپ ـ كېتىدىغان ساياهەتچىلەر كۈندىن ـ كۈنگە كۆپەيمەكتە . هازىر بۇ رايوننى « سىرلىق ماكان » ، « هاياتلىق چەكلەنگەن

جاي » ــ دەپ ئاتاش ئەلۋەتتە توغرا ئەمەس ! ئەمەلىيەتكىمۇ ئۇيغۇن ئەمەس ، بىز دەرۋازىسى ئېچىۋېتىلگەن بۇ قەدىمىي « يىپەك يولى » تۇگۇنىنىڭ ئىسلاھات ئېچىۋېتىش باھار شامىلى بىلەن تېخىمۇ گۈللىنىپ مەملىكەن ئىچىنىڭ ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېخىمۇ كۆپ سەيياھلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز .

2001 ـ يىل 6 ـ ئاي

مەسئۇل تەھرىرى : شىجائەتخان ۋەزىرى

ئاپتورى : خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومتېتىنىڭ مۇدىرى



# قەھرىمانلار شەجەرىسىدىن

## قەيسەر دۆلەتبېك، قۇربانبېگى سەئىد قەدەم

(قادىر روزى ۋە بايەك چەچەن پەيجاڭ توغرىسىدا)

مەملىكەت بويىچە 3 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن قەھرىمان قادىر روزى 1942 ـ يىل 9 ـ ئايدا تاشقورغان يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئۆز يېزىسىدا باشلانغۇچ مەكتەپنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئائىلىدە بىر مەزگىل تۇرغان. 1960 ـ يىلى ھەربىي سەپكە كىرگەن. 1962 ـ يىلى ھىندىستان قوشۇنلىرى چېگرا توقۇنۇشى پەيدا قىلىپ، جۇڭگونىڭ شىزاڭ چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنى شىددەتلىك توپقا تۇتتى ھەمدە بىرمۇنچە ئورۇندا جۇڭگو چېگرىسى ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ بازا قۇردى. شۇ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئېلىمىز ھىندىستانغا قارشى، ئۆزىمىزنى قوغداپ قايتۇرما زەربە بېرىش ئۇرۇشىنى رەسمىي باشلىدى، چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ھىندىستان قوشۇنلىرىنى ئىككى باسقۇچقا بۆلۈپ چېگرىدىن تولۇق قوغلاپ چىقاردى، شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو زېمىنىدا قۇرۇلغان بىرقانچە 10 تايانچ پونكىتنىڭ ھەممىسىنى تازىلىدى، قادىر روزى بىلەن نوش (بەلدىر يېزىسىنىڭ شىندى كەنتىدىن) قاتارلىق ئىككى تاجىك

ئەسكەرمۇ جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا توقۇنۇشى ئۇرۇشىغا قاتناشقان تاجىك جەڭچىلەر ئىدى. ئۇ چېگرا توقۇنۇشى ئۇرۇشىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بارغاندىن كېيىن، جاپالىق مەشىق قىلىش ئارقىلىق ھەربىي ماھارەتنى تېزلىكتە ئۆگىنىۋالدى، قادىر روزى جەڭ جەريانىدا جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا توقۇنۇشىدىكى مەشھۇر قەھرىمان ئىسمائىل مەمەت (ئۇيغۇر) نىڭ بەندە مۇئاۋىن بەنجاڭ بولغان ئىدى. 10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى جۇڭگو قوشۇنلىرىنىڭ بىر بۆلىكى دۈشمەننىڭ 10 ـ چازىسىغا رازۋېدكا قىلىپ بارغاندا تاسادىپىي دۈشمەنگە يولۇقۇپ قالدۇ ۋە تېزلىكتە جىددىي جەڭ باشلىنىپ كېتىدۇ. جەڭدە بەنجاڭ ئىسمائىل مەمەتىنىڭ كۆكرىكىگە ئوق تېگىپ ئۇ قەھرىمانلارچە قۇربان بولىدۇ. كابىنكىدا ئولتۇرغانلاردىن يەنە ئىككى كىشىمۇ ئېغىر يارىلىنىدۇ. قادىر روزى قاتارلىق 10 نەچچە ئادەم ماشىنىنىڭ تۆپىسىدە تۇرۇپ، دۈشمەنگە قارشى ئوق ئۈزۈشكە باشلايدۇ. ماشىنا كاتاڭغا چۈشۈپ كېتىپ ماڭالماي قالىدۇ. قادىر روزى ئاۋۋال ئىسمائىل مەمەتىنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ، پاختىلىق چاپىنىنىڭ پېشىنى كېسىپ، پاختىسىنى ئېلىپ ئۇنىڭ يارىسىنى تاڭىدۇ. لېكىن، يارىسى ئېغىر بولغانلىقتىن، ئىسمائىل مەمەت بەختكە قارشى قۇربان بولىدۇ، قادىر روزى دەرھال ماشىنىغا بېسىلغان ئۇنلارنى دۆۋىلەپ دالدا ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، توۋلاپ دۈشمەنگە غەزەپ بىلەن ئوت ئاچىدۇ. دۈشمەن يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، قىلچە تەمتىرىمەي، باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ دۈشمەننى چېكىندۈرىدۇ. تاغقا چىقىشتا يەنە ئەڭ ئېغىر قورالنى كۆتۈرۈپ ھەم تېزلىكتە جەڭچىلەرنى باشلاپ ئېگىز چوققىغا چىقىپ، ئەپلىك جاينى ئىگىلەيدۇ، تاغ چوققىسىنى

www.uyghurkitap.com

ئىگىلەپ ، دۈشمەننى چېكىندۈرۈپ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرىدۇ
سول كۆكرىكىگە ئوق تېگىپ ئېغىر يارىلانغان بولسىمۇ ، لېكىن
غەيرەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ . قادىر روزى جەڭ مەزگىلىدە
قەھرىمانلىق كۆرسىتىپلا قالماي ، ئادەتتىكى ۋاقىتلاردىمۇ
سەپداشلىرى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش
روھىنى جارى قىلدۇرىدۇ . مەيلى ھەربىي سەپتە ياكى يەرلىكنىڭ
خىزمىتىگە ئالماشقاندا بولسۇن ئۆزىنىڭ قەھرىمانلىق خىسلىتىنى
ئۆمۈرىنىڭ ئاخىرىغىچە ساقلايدۇ .

1964 - يىلى 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ھەربىي سەپتىن
چېكىنگەن . ئۇنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرى ئاپتونوم رايون ،
ۋىلايەت ، ناھىيىلەردە تەشۋىق قىلىنىدۇ . ئۇ ۋەتەن تۇپرىقىنى
قوغداپ ، چېگرا رايوننى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن قان - تەر
ئاقتۇرۇپ ۋەتەنگە ، خەلققە ، مىللەتكە شان - شەرەپ كەلتۈردى ،
شۇ سەۋەبتىن ھەربىي سەپتە 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن
دەپ ئەنگە ئېلىنىدى .

1965 - يىلى دەپتەر يېزىسىغا تەقسىم قىلىنىپ قوراللىق
بۆلۈمدە ئىشلىگەن . 1966 - يىلى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى
جەريانىدا زىيانكەشلىككە ئۇچراپ خىزمەتتىن سەككىز يىل
توختىتىلغان . 1974 - يىلى خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن
(ناھىيىلىك ئوتتۇرا ئەترەتتە ئىككى يىل ئىشلىگەن ) . 1976 -
يىلىدىن 1977 - يىلىغىچە ناھىيىلىك قوراللىق بۆلۈمدە ئىشلىگەن .

1978 - يىلىدىن 1983 - يىلىغىچە ناھىيىلىك ئىستېمال
شىركىتىدە كادىر بولۇپ ئىشلىگەن . كېيىنكى چاغلاردا راك
كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ ، 1983 - يىل 8 - ئايدا ۋاپات بولغان .

بايەك پەيجاڭ ( 1910 — 1964) تاشقورغان ناھىيە تىزناپ

يېزا چوشمان كەنتىدىن . 1945 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى پارتلىغان « تاشقورغان ئىنقىلابى »غا قاتنىشىپ قۇربان بولغان . «تاشورغان ئىنقىلابى » پارتلىغاندىن كېيىن تاشقورغان تەۋەسىدىكى جايلار تولۇق ئازاد قىلىندى .

1946 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى تاجىك ، قىرغىز ، ئۇيغۇر تۈەنلىرىدىن 300 دىن ئارتۇق ياش ، قاۋۇل جەڭچىلەر ئاجرىتىلىپ يەكەن مۇھاسىرىگە ئېلىندى . ليەنجاڭ ( روتا كاماندىرى ) بايەك باشچىلىقىدىكى 120 نەپەر جەڭچى ئىچكى ئەھۋال ، يەر شەكلىنى تولۇق بىلىمگەن ئەھۋالدا يەكەن ، يېڭىشەھەر ـــ ئالتۇن دەرۋازىسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىدۇ . ئۇنىڭغا «يول باشلىغۇچى » بولغان ئادەم گومىنداڭغا سېتىلغان ئىشپىيون بولغاچقا ئۇلارنى پۈتۈنلەي دۈشمەن مۇھاسىرىسىنىڭ ئىچىگە باشلاپ كىرىدۇ . ئۇلار دۈشمەن مۇھاسىرە چەمبىرىكى ئىچىگە كىرىپ قالغاندىن كېيىن ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلىپ ، قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىدۇ ۋە باتۇرلارچە جەڭ قىلىدۇ . بىر كېچىلىك قانلىق ئۇرۇش نەتىجىسىدە پەقەت 38 كىشىلا مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ كېتەلەيدۇ . 31 كىشى قۇربان بولىدۇ . ليەنجاڭ بايەك دۈشمەننىڭ قاتتىق مۇھاسىرىسى ئىچىدە قېلىپ ، دۈشمەننىڭ قولىغا تىرىك چۈشمەسلىك ئۈچۈن ئۆزىنى ئېتىۋېتىدۇ . « يول باشلىغۇچى » بولغان خائىن ئۇنىڭ كاللىسىنى كېسىپ گومىنداڭغا تاپشۇرۇپ بەرگەن ئىكەن . دۈشمەن تەرەپ بايەكنىڭ كاللىسىنى يەكەن يېڭىشەھەر ئالتۇن دەرۋازا ئالدىدىكى تېرەككە ئېسىپ بىرنەچچە ئاي سازايى قىلغان ئىكەن ، بۇ خائىننىڭ ساتقىنلىق قىلمىشىدىن يۈز بەرگەن بولسىمۇ ، لېكىن خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنقىلابىي ئىرادىسىنى بوشاشتۇرمىغان .

www.uyghurkitap.com

بايەك چەچەننىڭ ئىنقىلابىي ئىش ئىزلىرى خەلق ئېغىزىدا ھازىرغىچىلىك تارقىلىپ يۈرمەكتە . ئۇ ، خەلق مەنپەئەتى ، يۇرت تۇپرىقى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ھاياتىنى تەقدىم قىلغان قەھرىمان بولۇشقا مۇناسىپ !

مەسئۇل مۇھەررىرى : مەدەلىخان

# تاشقورغاندىكى «تورا» لار

«تورا» تۈركچە سۆز بولۇپ ھازىرقى زاماندا گەرچە سۆزلۈكلەردە ئانچە ئۇچرىمىسىمۇ بۇ سۆزنىڭ ئەسلىدىكى لۇغەت مەنىسى «خەۋەرگاھ»، «خەۋەر بەلگىسى» دېگەنگە يېقىن، شىنجاڭنىڭ قۇمۇلدا «تورا» ۋە «تورالار كەنتى» ساقلانغاندەك تاشقورغان رايونىدىمۇ قەدىمي تورالار بىرقەدەر مۇكەممەل ساقلانغان.

«تورا»لار ئاساسلىقى جەڭ غەلىبىلىرىنى ۋە مەغلۇبىيەت خەۋەرلىرىنى يەتكۈزۈش ئاساسي ۋاستە بولغان، قەدىمكى زاماندا ئالاقىلىشىش قالاق، قاتناش قۇلايسىز بولغانلىقى ئۈچۈن «تورا» لاردىن پايدىلىنىپ كېچىسى گۈلخان يېقىش، كۈندۈزى ئىس ـ تۈتەك سېلىش ئارقىلىق ئۇچۇر بېرىلەتتى. بەزى تورالار سوقۇش قىلىش ئۈچۈن ئاكوپ ئورنىدا ئىشلەتكەن، مىلتىق ئاتىدىغان تۆشۈكچىلەرمۇ قويۇلغان.

«تورا»لارنىڭ تاغلىق رايوندىكى ئالاھىدىلىكى شۇكى ئۇ ھەربىر قاتناش تۈگۈنىنىڭ ئاشكارا يەرلىرىگە يەنى بىرقەدەر ئېگىز تۆت ئەتراپىدىن كۆرگىلى بولىدىغان دۆڭلۈك ياكى تۈزلەڭ يولى ئاچاللىرىدا ئۈرۈش پوتەيلىرى شەكلىدە سېلىنغان بولۇپ ئايرىملىرىدا يەنە كىچىك تۇرالغۇ كەپىلىرى، ئات ـ ئۇلاغ

www.uyghurkitap.com

ئېغىللىرىمۇ سەپلەنگەن .

تاشقورغان ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىي تەرەپتىكى تاغار، يېزىسىنىڭ تەگگى ئېغىزىدىكى تورا ، تارىختىن بۇيان تاجاۋۇز قىلىپ كىرىش ياكى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشتىن ئىبارەت ھەرىكەتلەرنى ئېنىق كۆرەلەيدۇ . ئۇ غەرب تەرەپتىن شەپە سەزگەن ھامان گۈلخان ياقىدۇ - دە ، كىشىلەر بىرەر ۋەقەنىڭ يۈز بەرگەنلىكىدىن ئالدىن خەۋەر تېپىپ مۇداپىيىگە ئۆتىدۇ .

يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن « تورا »لار ئىلا - لاشتۇرۇلغان ياكى بولمىسا مەلۇم بەدىئىي تۈس بىلەن رىۋايەتكە ئايلانغان . مەسىلەن ، تاغارما تەگگىدىكى « تورا »نى كىشىلەر كېيىنكى چاغلاردا « رۇستەم پالۋان قەبرىسى » دەپ رىۋايەت قىلىشقان بولسىمۇ بۇ پەقەت شۇ « تورا »دىكى ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ باتۇرلۇقىنى ئەسلەش ئۈچۈن بولسا كېرەك. 1995 - يىلى جۇڭگو - پاكىستان تاشيولى دەل مۇشۇ « رۇستەم پالۋان قەبرىسى »نى كېسىپ ئۆتتى ، خارابە قاتلاملاردىن قارىغاندىمۇ بۇ تاش بىلەن سېپتا ياسالغان « تورا » ۋە شۇ تورادا تۇرۇشلۇق قاراۋۇللارنىڭ ئات ئېغىلى بولۇپ قەۋەت - قەۋەت ئات قىغى ۋە سامان - پاخال پارچىلىرىدىن ، ئوت گۈلخان كۆل دۆۋىدىن ئىبارەت .

رۇستەم پالۋان تاجىك - پارس ئەدەبىياتىنىڭ نامايەندىسى شاھ كىتاب « شاھنامە »دە تەپسىلىي قەيت قىلىنغان بولۇپ بۇ يەردىكى رىۋايەت بەلكىم ئاشۇ « شاھ كىتاب »دىن كەلگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن ، ھەتتا مۇشۇ يەرلەردىكى خەلق ئىچىدىكى خىلمۇخىل قەھرىمانلىق رىۋايەتلىرىدىن « شاھ كىتاب »قا كىرگۈزۈلگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن .

تاغارما تەڭگىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ژېرنىخ ① دېگەن قەدىمى دېڭىز تىندۇرمىلىرىدىن ھاسىل بولغان — توپا - سىغىز، قۇم - شېغىل ( تەبىئىي دۆڭلۈكلەر نەچچە يۈزلىگەن تەبىئىي «تورا »لارنى ھاسىل قىلغاندىن باشقا ) دۆڭلۈكىدىمۇ « تورا » ئىزى بار بولۇپ، بۇ تەبىئىي دۆڭلۈكلەرگىمۇ رۇستەم پالۋاننىڭ رىۋايىتى مۇجەسسەملەشكەن. كىشىلەر بۇ يەر رۇستەم پالۋان ئۆز رەقىبى بىلەن يەتتە كېچە - كۈندۈز چېلىشقان مەيدان بولۇپ خۇددى قاسقاندىكى مانتىدەك قاتار تىزىلغان دۆڭلۈكلەر، رۇستەم پالۋان چېلىشىپ بولغاندا ئايىغىغا قاققاندا ئايىغىنىغا كىرگەن توپىنىڭ قىقىندىسىدىن ھاسىل بولغان دەيدۇ.

ژېرنىخدىكى « تورا » چوشمان كەنتىنىڭ مەرەم بىقدىكى « تورا » بىلەن ئۇدۇل بولۇپ، مەرەم بىق خۇددى كەنت ئوتتۇرىسىغا ئادەملەر توپا دۆۋىلىگەندەك ئاقئۆي شەكىللىك دۆڭلۈكتىن ئىبارەت. دۆڭلۈك ئۈستىگە تاش - توپا بىلەن تىزىلغان قەلئە ئىزى ۋە تورا ئىزى بولۇپ ھازىر خارابىيلىككە ئايلانغان. 1993 - يىلى جۇڭگو - پاكىستان تاشيولىنى كېڭەيتكەندە بۇ يەردىن توپا قېزىلىۋاتقاندا ئەڭ قەدىمي قوپال ھەم خۇمدانىدا تولۇق پىشمىغان ساپال تېپىلغان. بۇ ساپالنىڭ شەكلى كاناي شەكلىدە بولۇپ ھەر ئىككى تەرىپى ئۇچۇق.

مەرەم بىقىدىن ناھىيە بازىرىدىكى قەدىمي تاش قەلئەنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. تاش قەلئەدىنمۇ مەرەم بىقدىن يانغان گۈلخان ۋە ئىس - تۈتەكنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ.

تاشقورغان ناھىيە بازىرىدىن جەنۇبقا، ئاندىن غەربي

---

① ژېرنىخ — تاش جىلغا دېگەن مەنىدە.

www.uyghurkitap.com

جەنۇبتا يەنى خونجىراپ داۋىنى ، مىڭتېكە داۋىنىغا قاراپ مېڭىدۇ
تۇرالار يەنە بىرقەدەر كۆپ بولۇپلا قالماستىن ، تاغ ئۈستىدىكى
قەلئەلەرمۇ بىرقەدەر كۆپ .

دەپتەر يېزىسىنىڭ پەيىك كەنتى قارا چوقۇر جىلغىسىنىڭ ئېغىزىغا جايلاشقان بولۇپ ، « پەيىك » دېگەن بۇ ئىسىممۇ تۈرك تىلىدا « خەۋەرچى » دېگەنلىك ، پەيىك كەنتىدىن داۋاملىق غەربكە ماڭغاندا « تورا بىق » دېگەن يەرنامى بار . بۇ يەرنىڭ « تورا » دەپ ئاتىلىشىمۇ ئاشۇ ئىرماش - چىرماش دۆڭلۈكلەرنىڭ ئۈستىگە « تورا » خارابىسىنىڭ بارلىقىدىن كەلگەن ۋە چەيزىسىنىڭ لەنگەر يايلىقىنىڭ ئېغىزىدىكى دۆڭلۈكتىمۇ ، ئاشۇنداق تورادىن بىرسى بولۇپ ، ئات ، ئۇلاغ چىقىدىغان يولى ، ئاتنىڭ ئوقۇرلىرى ، سوقۇش قىلىدىغان ئاكوپلىرى بار ، يەرلىك كىشىلەر بۇنى مازار دەپ ئۇياق - بۇياققا ئۆتسە ، دۇئا قىلىپ ، « ئامىن » قىلىپ ئۆتىدۇ .

مارياڭ يېزىسىنىڭ كانداگۇز دېگەن يېرىدە ، يول ئۈستىدە بىر دۆڭلۈكتە ئاشكارا جايدا ، يۇقىرىقىغا ئوخشاش قورۇلمىلىق تۇرادىن يەنە بىرسى بار .

مارياڭ يېزىسىنىڭ بوكۇجراپ دېگەن كەنتىدە ، ئېگىزلىكى 10 مېتىر كېلىدىغان تۇرادىن بىرسى بولۇپ ، يوغان تاشنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان ، ئاستىدا ئادەم تۇرىدىغان كەپسى بار ، ئۈستىدە پوتەيدەك تۆشۈكلىرى بار . ئۇرۇش قىلىش ، خەۋەر قىلىش ، ئىس چىقىرىش قورۇلمىلارمۇ بار ، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا ، ئۇنى ئامبار قىلىپ ئەسكى - تۈسكى نەرسە ساقلايدىغان جاي قىلىۋالغان ، ئۇنىڭ قورۇلمىلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئۆز پېتىچە ساقلانغان ، ئۇياق بۇياققا ئۆتكەنلەر ئۇنى زىيارەت قىلىپ ئۆتىدۇ .

قوغۇشلۇق يېزىسىنىڭ قورغان - نايماتان قاتناش تۈگۈنچىسىدە، تاغ ئۈستىدە يەنە بىر پوتەي شەكىللىك ئىككى تورا بولۇپ ئۇمۇ، تاشقورغان دەرياسىنىڭ بويىدىكى دەل يول ئۈستىدە. يۇقىرى - تۆۋەنگە ئۆتىدىغانلارنى كۆزىتىدىغان، يوشۇرۇنۇپ سوقۇش قىلىدىغان، مىلتىق ئېتىشقا ئەپلىك تۆشۈكلۈك قورۇلمىلىرى بار. 1932 - يىللىرى يۇسۇپجان باسمىچىلىرى بۇلاڭ - تالاڭ قىلغاندا، يەرلىك كىشىلەر تەشكىللىنىپ، قارا مىلتىق ( ئۇۋ مىلتىق ) بىلەن تاغ ئۈستىدىكى بۇ تورادىن پايدىلىنىپ ئۇلارغا زەربە بېرىپ، پاسىراۋات جىلغىسى ئاغزىدىن باسمىچىلارنى چېكىندۈرگەن تارتاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ ئالمىلىق كەنتىنىڭ تېرەكلىك، باش كەنت دېگەن جايلارنى، دەريا كېچىك ئاغزىدا بىر، تاش ئۈستىدە، بىر، جەمئىي ئىككى تورا خارابىسى ساقلىنىپ تۇرماقتا، ئۇ يەردە بۇنى « كەڭ گۇرا دەپ ئاتايدىكەن، ئۇلار بۇنى ئاق خوجا، قارا خوجا يېغىلىقىدا، غوجالار سالدۇرغان، دەپ قارايدىكەن، يەنە بەزىلەر قولچاق دەۋرىدە، قولچاقنىڭ تۈتۈن سېلىپ، خەۋەر قىلىدىغان « خەۋەر گاهى » قىلىنغانلىقىنىمۇ بىلىدىكەن.

قەدىمكى زامانلاردا قاراچوقۇر جىلغىسىدىكى، مىڭتېكە لوپگاز ( كەڭ شىۋەر )، مۇز جىلغا، پەيىك جىلغىسىدىكى داۋانلاردىن سانسىزلىغان سودا كارۋانلىرى غەرب بىلەن شەرق ئوتتۇرىسىدا قاتنىغاندىن باشقا، قوشنا ئەللەرنىڭ سىڭىپ كىرىش، تاجاۋۇزچىلىق قىلىشلار تالاي قېتىم يۈز بەرگەنلىكتىن « تورالار » مۇ ھەبىر دوقمۇش ۋە بىرقەدەر ئىستىراتېگىيىلىك جايلارغا سېلىنغان، بولۇپ، ناھىيە مەركىزىنى تاشقى كۈچلەرنىڭ تەھدىتىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرغان.

ئاپتورى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېت مۇدىرى. مەسئۇل مۇھەررىرى: شىجائەتخان ۋەزىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# تاشقوغان ( قىرپانە بەگلىكى ) ھەققىدە يازما خاتىرە قالدۇرغان تارىخىي شەخسلەر توغرىسىدا

## باتۇرجان ئاتىخان

تاشقورغاننىڭ يىراق قەدىمكى زامان تارىخىغا نەزەر سالغىنىمىزدا ھەيۋەتلىك قىرپانە بەگلىكىنىڭ سەلتەنەتىنى كۆرگەندەك بولىمىز . 500 يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈم سۈرگەن ، ئېلىمىز تاجىك ئەجدادلىرى تەرىپىدىن بەرپا قىلىنغان ، فېئوداللىق تۈزۈمدىكى بۇ بەگلىك تاجىكلارنىڭ جۇملىدىن شەرقىي پامىر (تاشقورغاننىڭ ) ئىجتىمائىي - سىياسىي تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىيدۇ .

ئەينى ۋاقىتتىكى بۇ بەگلىكنىڭ سىياسىي - ئىجتىمائىي ، مەدەنىيەت مەركىزى بولغان تاشقورغان يىپەك يولىنىڭ مۇھىم ئۆتەڭگى بولۇش سۈپىتى بىلەن شەرق - غەرب سودىگەرلىرىنىڭ ، مەدەنىيەت ئەلچىلىرىنىڭ ، كارۋانلارنىڭ ، دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ ، دىنىي ئەربابلار ، ساياھەتچىلەرنىڭ ۋە باشقا بىرىپ - كەلگۈچىلەرنىڭ ئارامگاھىغا ئايلانغان ئىدى . شۇ سەۋەبتىن

تاشقورغان ( قىرپانە بەگلىكىدىن ) ئۆتكۈچىلەر ئىجتىمائىي تۈزۈمى ، چارۋىچىلىق ، قول ھۈنەرۋەنچىلىكى ، ھەربىي ئىشلار ۋە دىپلوماتىيە ئالاقىسى تەرەققىي قىلغان بۇ ئەلنى جۇڭگو - چەت ئەللەرگە تونۇشتۇردى ھەم ئۆزلىرىنىڭ سەپەر خاتىرىلىرىگە پۈتۈپ ئىلىمىز تارىخىنىڭ جۈملىدىن تاجىكلار تارىخىنىڭ قېزىلىشىغا ۋە مۇكەممەللىشىشىگە پۇختا ئاساس سېلىپ بەردى . دېمەك ، بۇ جەھەتتە قەدىمكى تاشقورغاننىڭ ( قىرپانە بەگلىكىنىڭ ) ئورنى ، مەدەنىيىتى ، مەنزىرىسى ، ھاۋا كىلىماتى ۋە باشقا تەرەپلىرىدىن مەلۇمات بەرگەن ئىلىمىزدىكى تارىخىي شەخسلەر ئاساسلىقى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت .

## 1 . جاڭ چيەن ( مىلادىيىدىن بۇرۇنقى ؟ — 114 - يىللار )

جاڭ چيەن — ئىلىمىز تارىخىدىكى مەشھۇر شەخس . ئۇ ، خەن پادىشاھى خەن ۋۇدىنىڭ ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشىگە مۇيەسسەر بولغان ئاتاقلىق دىپلومات .

جاڭ چيەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 138 - يىلى مەشھۇر ساياھەتچىلەردە بولۇشقا تېگىشلىك جاسارەت بىلەن خەن ۋۇدى بەرگەن دەستەك ۋە تۇغى ئېلىپ ، 100 نەچچە ئادەمنى باشلاپ 1 - قېتىم غەربىي يۇرتقا ۋە مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 119 - يىلى 300 نەچچە ئادەمنى باشلاپ 2 - قېتىم غەربىي يۇرتقا ، جۈملىدىن پامىر رايونىغا كېلىپ ، غەربىي يۇرت بىلەن ئىچكىرى جايلارنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى يېڭى سەھىپىنى ئاچقان . جاڭ چيەن باشچىلىقىدىكى ئەلچىلەر ئۆمىكى پامىر رايونىنىڭ جۇغراپىيىسى ، تارىخى ، ئاھالىلىرى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرى توغرىسىدا كۆپلىگەن

مول مەزمۇنغا ئىگە خاتىرىلەرنى قالدۇرغان .

## 2 . سىما چيەن ( تەخمىنەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 145— 90 - يىللار )

سىما چيەنىنىڭ تەخەللۇسى زىجياڭ بولۇپ شەنشى ئۆلكىسىدىن . ئۇ ، ئىلىمىزنىڭ قەدىمكى زاماندىكى بۈيۈك تارىخشۇناسى ۋە ئەدىبى . ئۇ ، 20 ياشقا كىرگەندە ھەرقايسى جايلارغا بېرىپ ساياھەت قىلغان . ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ، سىچۇەن ، يۈننەن قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئۆرپ - ئادەت ، قائىدە - يوسۇن ، خەلقنىڭ ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى ئىگىلىگەن . ئۇ ئۆزىنىڭ مول ئىجتىمائىي سەرگۈزەشتلىرى تارىخىي بىلىملىرى ئاساسىدا « تارىخىي خاتىرىلەر » دېگەن ئەسىرىنى يېزىپ چىققان . بۇ ئەسەر ئىلىمىزدە تەزكىرە - تەرجىمىھال شەكلىدە يېزىلغان تۇنجى ئومۇمىي تارىخىي كىتاب بولۇپ ، ئۇنىڭدا خۇاڭدى دەۋرىدىن تارتىپ ، خەن ۋۇدى دەۋرىگىچە بولغان تارىخ بايان قىلىنغان . ئۇنىڭدىن باشقا ، سىماچيەنىنىڭ « تارىخىي خاتىرىلەر » دېگەن بۇ ئەسىرىدە پامىرنىڭ جۇغراپىيىسى ، خەلقلىرى ۋە ئېتنوگرافىيىسى ھەققىدە نۇرغۇن مەلۇماتلار بار .

## 3 . بەن گۇ ( مىلادىيە 32— 92 - يىللار )

شەرقىي خەن سۇلالىسىدىكى بەن گۇ سىماچيەن بىلەن تەڭ قاتاردىكى ئاتاقلىق تارىخشۇناس ۋە ئەدىب . ئۇ ، « خەننامە » دېگەن كىتابنى يېزىپ ، ئۇنىڭغا غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ تارىخىنى پۈتكەن . ئۇ پۈتكەن « خەننامە » تۇنجى « خەننامە »

بولۇپ، ئۇنىڭ داۋامىنى سىگلىسى بەن جاۋ قاتارلىقلار يېزىپ تاماملىغان. مەزكۇر «خەننامە» ئېلىمىزدە تۇنجى ئوتتۇرىغا چىققان بىر سۇلالە تارىخى ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭدا غەربىي خەن سۇلالىسى تېررىتورىيىسىدىكى پامىرنىڭ شەرقىگە قەدەر جايلارنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي ئەھۋالى تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

## 4. فاشيەن

فاشيەن — پامىر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلار توغرىسىدا نىسبەتەن تەپسىلىي سەپەر خاتىرىسى يازغان كىشى. ئۇ، مىلادىيە 399 - يىلى چاڭئەندىن يولغا چىقىپ، ئۇدۇن (خوتەن) ئارقىلىق يەكەننى بېسىپ ئۆتۈپ، غەرب تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلەپ، مىلادىيە 401 - يىلى يازدا «قىرپانە بەگلىكى»گە يېتىپ كەلگەن ۋە بۇ يەردىن بىر ئايدىن ئارتۇق يول يۈرۈپ ھىندىستانغا يېتىپ بارغان. ئۇنىڭ «بۇددىزىم ئەللىرىگە ساياھەت» ناملىق ئەسىرىدە پامىرنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسى، ھاۋا كىلىماتى، ئۆسۈملۈكلىرى ۋە «قىرپانە بەگلىكى»نىڭ مەزكۇر دىياردىكى كوھىستانلار ئارىسىغا جايلاشقانلىقى ھەققىدە مۇھىم خاتىرىلەرنى قالدۇرغان.

## 5. سۇڭ يۈن ۋە خۈيشېڭ

بۇددا راھىبى سۇڭ يۈن بىلەن خۈيشېڭ مىلادىيە 519 - يىلى بۇددا نوملىرىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ھىندىستانغا بېرىش سەپىرىدە تاشقورغاندىكى «قىرپانە بەگلىكى»دىن ئۆتكەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سەپىرى توغرىسىدا سەپەرنامە قالدۇرغان بولۇپ،

www.uyghurkitap.com

ئۇلارنىڭ پامىر ھەققىدىكى خاتىرىلىرىگە فاشىيەنىنىڭ «بۇددىزم ئەللىرىگە ساياھەت» خاتىرىسىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ مەلۇماتلار يېزىلغان. ئۇلار سەپەر جەريانىدا «قىرپانە بەگلىكى»دىكى «خەلقىنىڭ سۇ باشلاپ تېرىقچىلىق قىلىدىغانلىقىنى كۆرگەن».

## 6. شۈەنزاڭ

شۈەنزاڭ — بۇددا تەلىماتلىرىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن پامىردىن ئۆتۈپ، غەربكە ساياھەت قىلغان كۆپلىگەن راھىبلار ئىچىدە پامىر ھەققىدە نىسبەتەن تەپسىلىي مەلۇمات قالدۇرغان شەخستۇر.

شۈەنزاڭنىڭ ئەسلىي ئىسمى چېن، بۇددا نامى شۈەنزاڭ بولۇپ، ھىندىستانغا نوم ئۆگىنىش ئۈچۈن بارغانلىقى بولغان ئىش. ئۇ، مىلادىيىنىڭ 629 - يىلى غەربىي يۇرتلۇق سودىگەرلەرگە قوشۇلۇپ چاڭئەندىن يولغا چىقىپ، غەربىي يۇرتنىڭ ئېگىز تاغ، قارلىق چوققىلىرى، خەتەرلىك ئېقىنلىرى، چۆل - باياۋانلىرىدىن ئۆتۈپ، مىلادىيە 636 - يىلى بۇددا دۆلىتى ھىندىستانغا يېتىپ بارغان ۋە ھىندىستاندىكى ئەڭ مەشھۇر بۇددا ئىبادەتخانىسى — نالاندا ئىبادەتخانىسىدا نوم ئۆگەنگەن.

ئۇ، يەنە نوم ئۆگىنىش جەريانىدا ھىندىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا، بىنگال، پاكىستان، كەشمىر قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ساياھەت قىلغان. ئۇ، نۇتۇق سۆزلەش جەھەتتە كاتتا شۆھرەت قازانغانلىقى ئۈچۈن بۇددا ئېلى بولغان ھىندىستاننىڭ قالدۇرۇپ قېلىش توغرىسىدىكى قايتا - قايتا تەكلىپلىرىنى رەت قىلىپ، بۇددا نوملىرىنى ئېلىپ «قىرپانە بەگلىكى» (تاشقورغان) ئارقىلىق

مىلادىيە 645 ـ يىلى ئايرىلغىلى ئۇزاق بولغان چاڭئەنگە قايتىپ كەلگەن.

17 يىللىق سەپەر جەريانىدا شۈەنزاڭ ئۆزى كۆرگەن غەربىي يۇرتتىكى ئەللەر ۋە ھىندىستان قاتارلىق جايلارنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» ناملىق 12 جىلدلىق ئەسەرنى يېزىپ چىققان.

شۈەنزاڭ ھىندىستانغا بېرىپ ـ كېلىش سەپىرىدە پامىرنىڭ ھەممە يېرىنى كېزىپ چىققان ھەم پامىرنىڭ ئورنى، دائىرىسى ۋە ئەتراپلىرى ھەققىدە ئېنىق بايانلارنى يېزىپ خاتىرە قالدۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا يەرلىك خەلقنىڭ تەلەپپۇزى ئاساسىدا «پامىر»نى «波迷罗»نامى بىلەن يېزىقچا ئالغان.

بىز يۇقىرىقىلارنىڭ قالدۇرغان بايانلىرىدىن ئېلىمىز جۇڭگونىڭ دۇنيادا پامىر ھەققىدە ئەڭ بالدۇر، ئەڭ كۆپ ۋە ئەڭ تەپسىلىي يازما خاتىرە قالدۇرغان دۆلەت، شۇنداقلا پامىر رايونىغا ئەڭ بۇرۇن مەمۇرىي باشقۇرۇش يۈرگۈزگەن دۆلەت ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

مەسئۇل مۇھەررىرى: شىجائەتخان ۋەزىرى

## پايدىلانغان ماتېرىياللار

1. «جۇڭگو تاجىكلىرى» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

2. «شىنجاڭ تارىخىدىن سوئال ـ جاۋابلار»

شىنجاڭ گۈزەل ـ سەنئەت، فوتو ـ سۈرەت نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

1998 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى .

3 . « جۇڭگو تارىخى 1 - قىسىم » تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك .

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى

1997 - يىل 6 - ئاي 5 - بېسىلىشى

# جۇڭگودىكى ۋاخان تاجىكلىرى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە


دادىخا غۇلام ئەلى

جۇڭگودىكى ۋاخان تاجىكلىرى بىلەن چوڭقۇرراق چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئومۇمي تاجىك مىللىتى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش زۆرۈر.

تاجىك مىللىتى — ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ قەدىمكى ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئاھالىلەر ئاساسىدا شەكىللەنگەن، ئۇلارنىڭ پۈتۈن بىر مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەنلىكىگە 1000 يىلدىن ئاشتى. تاجىك تىلى — ھىندى ياۋروپا تىل سىستېمىسىنىڭ ئىران تىللىرى ئائىلىسىگە كىرىدۇ، بۈگۈنكى تاجىك ئەدەبىي تىلى پارس تىلى بىلەن بىر تىل بولۇپ، بۇ تىل دەسلەپتە دەرى پارس تىلى دەپ ئاتالغان. ھازىر بولسا تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتىدە تاجىك تىلى، ئافغانىستاندا دەرى تىلى (— دەرى پارس تىلى) ئىراندا پارس تىلى دەپ ئاتىلىدۇ. پۈتكۈل تاجىك مىللىتى ئولتۇراقلاشقان رايون

پەرقى ۋە باشقا پەرقلەر سەۋەبىدىن ئۆز ئىچىدىن تۆزلەڭلىك تاجىكلىرى ۋە تاغلىق تاجىكلار دەپ ئايرىلىدۇ . تاغلىق تاجىكلار يەنە ئۆزى ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ ناملىرى بويىچە شوغنان تاجىكلىرى ، زىباك تاجىكلىرى ، شكاشۇم تاجىكلىرى ، بەرتەڭ تاجىكلىرى ، ياز قورۇم تاجىكلىرى ، رۇشەن تاجىكلىرى ، سەرىكوي تاجىكلىرى ۋە ۋاخان تاجىكلىرى دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ . تاغلىق تاجىكلار ئۇزاق مۇددەت پامىر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى تاغلىق رايونلاردا بېكىنمە ھالەتتە ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تىلى بىلەن تاجىك ئەدەبىي تىلى ئوتتۇرىسىدا خېلىلا پەرق بار . شۇڭا ، ئالىملار ئۇلارنىڭ تىلىنى ئىران تىل ئائىلىسىنىڭ شەرق تىللىرى گۇرۇپپىسىغا ئايرىغان ھەم ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇپ پامىر تىللىرى دەپ ئاتايدۇ . بۇ تىللارنىڭ تاجىك ئەدەبىي تىلى بىلەن پەرقى بولغاندىن تاشقىرى يەنە ئۆزئارا شېۋە جەھەتتە پارقلىنىدۇ . دۆلىتىمىزدە تاجىك ئەدەبىي تىلىنىڭ سەرىكوي دىئالېكتى بىلەن ۋاخان دىئالېكتىدە سۆزلىشىدىغان كىشىلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان . كىشىلەر ئۇلارنى ئادەتتە سەرىكوي تاجىكلىرى ۋە ۋاخان تاجىكلىرى دەپ ئادەتلەنگەن ، شۇڭا بۇ ماقالەمدە مەنمۇ شۇ ئادەت بويىچە يازدىم ، مەن بۇ يەردە پەقەت تاجىك ئەدەبىي تىلى ۋە ئۇنىڭ دىئالېكتىلىرى بولغان سەرىكوي تىلى بىلەن ۋاخان تىلى ئۈستىدە ئازراق توختىلىمەن .

1 . سەرىكوي تاجىك تىلى بىلەن ۋاخان تاجىك تىلىنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ئوخشاش بولۇپ ، ئۇلارنىڭ تىللىرىدا ئورتاقلىق ۋە ئوخشاشماسلىقلارمۇ خېلىلا كۆپ ، گەرچە ئۇلارنىڭ تىللىرىدا پەرقلەر مەۋجۇت بولسىمۇ بۇ پەرقلەر ئانچە بەك گەۋدىلىك ئەمەس .

2 . ھازىر ئېلىمىزنىڭ مىللەتلەر چوڭ ئائىلىسىدە بۇ ئىككى

ئوخشاش دۆلەت، ئوخشاش ئىجتىمائىي تۈزۈم، ئوخشاش جۇغراپىيىلىك مۇھىت ئىچىدە ياشىغاچقا، مائارىپتا ئوخشاش تىل - يېزىقنى قوللانغاچقا، شۇنداقلا ئۇيغۇر تىلى، خەنزۇ تىلى ۋە ياۋروپا تىللىرىدىن خېلى سالماقتىكى سۆزلەرنى ئوخشاش قوبۇل قىلغاچقا بۇ ئىككى خىل تىل ئارىسىدا پەرقلەر تېخىمۇ ئازايماقتا، بەلكى ۋاخان تاجىكلارنىڭ يەتتە ياشتىن يۇقىرىلىرى سەرىكوي تاجىك تىلىدا ئاساسەن بىمالال سۆزلىيەلەيدۇ. سەرىكوي تاجىكلىرى ئىچىدىمۇ ۋاخان تاجىك تىلىدا سۆزلىيەلەيدىغانلار خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

3. ئېلىمىزدە سەرىكوي تاجىكلىرى بىلەن ۋاخان تاجىكلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادى، توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم، ھېيت - ئايەم قاتارلىق جەھەتلەردىكى بارلىق ئۆرپ - ئادەتلىرى تامامەن ئوخشاش.

تىلشۇناسلار ھازىرقى ۋاخان تىلى ۋە سەرىكوي تىلىنى (ئەمەلىيەتتە بارلىق پامىر تىللىرىنى) قەدىمكى ساك قوۋمىنىڭ تىلى بىلەن ئوخشاش دېيىشمەكتە، ساك تىلى ئىران تىل ئائىلىسىنىڭ شەرقىي تىل گۇرۇپپىسىغا تەۋە تىل بولۇپ، ئۇ باشقا ئىران تىللىرى بىلەن بىرلىكتە بۈگۈنكى تاجىك ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى مۇھىم مەنبە بولغان. ئەمەلىيەتتە بۈگۈنكى تاجىك ئەدەبىي تىلى (پارس تىلى) مۇشۇ تىللارنىڭ داۋامى دېيىشكە بولىدۇ. ۋاخان تاجىكلىرى بىلەن سەرىكوي تاجىكلىرى ئۈستىدە توختالغاندا گەپنى ئاۋۋال ۋاخان ۋە سەرىكوي رايونىدا قەدىمدىن تارتىپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان ساكلاردىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ. ساكلار شەرقىي ئىران قەبىلىلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ تىلى شەرقىي ئىران تىلىغا مەنسۇپ، ۋاخان ۋە سەرىكوي

رايونى ساكلار ئەڭ كۆپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان رايونلارنىڭ بىرى. جۇڭگونىڭ تارىخي ئەسرى «خەننامە» دۇنيانىڭ ئاتاقلىق تارىخچىسى ھىرودوتنىڭ «تارىخ» ناملىق ئەسرى ۋە قەدىمكى پارسنىڭ مەشھۇر «نەقش رۇستەم» ۋە «بىستۇن» ئابىدىلىرىدە مىلادىيىدىن بۇرۇنقى VII ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادا ساكلارنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقىغا دائىر ناھايىتى قىممەتلىك ماتېرىياللار بار. «خەننامە»دە ئۇيسۇن دۆلىتى ئەسلىدە ساكلارنىڭ زېمىنى ئىدى ... دېيىلگەن.

پامىردىكى قەدىمكى «ئېركەشتام بەگلىكى» تونۇشتۇرۇلغاندا «ئۇلار ئەسلىدە ساك قوۋمىدىن ئىدى» دېيىلگەن. ھىرودوت «پارسلار بارلىق سىكتىيانلارنى ساكلار دەپ ئاتايدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

قەدىمكى ھىندىلارمۇ خۇددى پارسلارغا ئوخشاشلا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەبىلىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ ساكلار دەپ ئاتىغان.

«ساك» تىلىدىكى «ساك» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزىگە كەلسەك «ساك» دېگەن سۆز ۋاخان تاجىكچە سۆز بولۇپ، مەنىسى بىز دېگەنلىك بولىدۇ. «سىكتيان» دېگەن سۆز «ساك» دېگەن سۆز بىلەن مەنىداش سۆز بولۇپ، ئوخشاشلا «بىز» دېگەنلىكتىن ئىبارەت. دېمەك «ساك» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىدىن قارىغاندىمۇ سەرىكوي تاجىك تىلى بىلەن ۋاخان تاجىك تىلىنى دەۋرىمىزدىكى ھايات قالغان ساك تىلى دېيىش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن.

يەنە بىر مۇھىم نۇقتا شۇكى، سەرىكوي تىلى بىلەن ۋاخان تىلىنىڭ ئىچكى قائىدە ـ قانۇنىيىتى بىر ـ بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. سەۋەبى بۇ تىللارنىڭ تومۇرداش ئىكەنلىكىدە. ھازىرقى

زامان پارس تاجىك ئەدەبىي تىلى بىلەن ۋاخان تاجىك تىلى ۋە سەرىكوي تاجىك تىلىدىكى ئورتاق ئىشلىتىلىدىغان سۆزلۈكلەرنىڭ سېلىشتۇرما مەزمۇنىدىن قارىغاندىمۇ بۇ تىللارنىڭ تومۇرداش ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. تۆۋەندىكى جەدۋەلدە ئازغىنا بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ سېلىشتۇرمىسى بېرىلدى.

| پارس تاجىك ئەدەبىي تىلى | ۋاخان تىلىدا | سەرىكوي تىلىدا | ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى |
|---|---|---|---|
| چەشىم | چۆژم | سېم | كۆز |
| تەرياك | تورياك | تەريوك | ئەپيۇن |
| توف | توف | تۈ | تۈكۈرۈك |
| تېز | تىز | تەيز | ئۆتكۈر، تېز، |
| جافا | جىفا | جەفو | زۇلۇم، جاپا |
| تو | تو | تاۋ | سىز |
| گەندوم | گىدىم | ژەندەم | بۇغداي |
| جاۋ | ژەۋ | زاۋ | ئاشلىق |
| شوتۇر | شوتور | كوتور | تۆگە |
| چاك | چاك | چوك | يىرتىق |
| مايى | مايى | مويى | بېلىق |
| خوراك | خۇراك | خۇرۇك | تاماق |
| خوك | خوگ | خاۋگ | چوشقا |

| | | | |
|---|---|---|---|
| داماد | داماد | دۇمۇد | كۈيئوغۇل |
| زاناخ | زىنەخ | زەنگۈن | ئېگەك |
| سال | سال | سول | ياش،يىلى |
| سىل | سىل | سەيىل | كەلكۈن |
| شارم | شەرم | كەرم | ئۇيات |
| شىناۋەر | شىناۋەر | كىنۇۋەر | لەيلەش، ئۈزۈش |
| نەمەك | نۆمۆك | نامادج | تۇز |
| پەرىندە | پرىندە | پەرىندا | ئۇچار قانات |
| فىربى | فىربى | فەربې | سېمىز |
| كىجا | كومجەي | كۇجۇي | قەيەر |
| كودام | كوم | چىدۇم | قايسى |
| روغەت | روگىن | راۋن | ياغ |
| كەفەن | كۆفەن | گەفان | كېپەن |
| كەمتەر | كەمتۆر | كەمدىر | ئازراق |
| كور | كور | كاۋر | قارىغۇ |
| گەردەن | گېردەن | گەردان | بويۇن |
| گوشت | گوشت | گۆكت | گۆش |
| لەنگ | لەنگ | لانگ | توكۇر |
| مەغز | مەغز | ماغز | مېگە |



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ماقالىنىڭ ئۇزىراپ كەتمەسلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، سېلىشتۇرما سۆزلۈكلەر ئازراقلا بېرىلدى. ھازىر ماقالىمىزنىڭ ئەسلىي تېمىسى بولغان جۇڭگودىكى ۋاخان تاجىكلارنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدە توختىلايلى.

ۋاخان تىلىدا سۆزلىشىدىغانلار ئىجتىمائىي تۈزۈمى ئوخشاش بولمىغان بىرقانچە دۆلەت ۋە رايونلارغا تارقاق ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئاساسلىقى ھىندىقۇش تاغ باغىرلىرى ۋە پامىر ئېگىزلىكىدە ياشاۋاتقان تاجىكلاردىن ئافغانىستاننىڭ ۋاخان كارىدورى، تاجىكىستاننىڭ تاغلىق رايونلىرى، پاكىستان، كەشمىر، بىنگال، ھىندىستان، ئىران، ئۆزبېكىستان قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلاردىكى بىر قىسىم تاجىكلار، جۇڭگونىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ، تاشقورغان ناھىيىسى، يەكەن ناھىيىسىنىڭ زەرەپشان تاجىك مىللىي يېزىسى، پوسكام ناھىيىسىنىڭ بۇيلۇق تاجىك مىللىي يېزىسى، قاغىلىق ناھىيىسىدىكى بىر قىسىم تاجىك ئاھالىلىرى، خوتەن گۇما ناھىيە نەۋائابات تاجىك مىللىي يېزىسىدىكى تاجىكلار، ئاقتۇ ناھىيە تار تاجىك مىللىي يېزىسىدىكى ئاز بىر قىسىم تاجىكلار بولۇپ، تەخمىنەن 230 مىڭغا يېقىن كىشى ۋاخان تىلىدا سۆزلىشىدۇ (تۈرلۈك دۆلەت ۋە رايونلاردىكى ۋاخان تاجىكلارنىڭ كۆپ قىسمى تەدرىجىي ھالدا ھازىرقى زامان پارس تاجىك ئەدەبىي تىل يېزىقىنى قوللىنىدىغان بولۇپ كەتكەچكە ئۇلار بۇ سانغا كىرگۈزۈلمىدى).

جۇڭگودىكى ۋاخان تاجىكلار تارىختىن بۇيان ھەددى - ھېسابسىز ئىنسىق - سوغۇقنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىكى، ھەر خىل تىلدىكىلەر بىلەن ئۇزاق مەزگىل بىللە ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن ئۇلار ئۆز ئانا تىلىدىن بۆلەك سەرىكوي تىلى، ئۇيغۇر

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

تىلى، قىرغىز تىلى قاتارلىق تىللاردىمۇ سۆزلىشەلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە پارس تاجىك ئەدەبىي تىلىدا سۆزلىشەلەيدىغانلارمۇ مەلۇم سالماقنى ئىگىلەيدۇ. خەنزۇ تىل يېزىقىدىن پايدىلىنالايدىغانلارمۇ تەدرىجىي كۆپەيمەكتە.

ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى ئۇرۇش مالىمانچىلىقى، ھاكىمەت تالىشىش كۈرەشلىرى، ھەر خىل مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشلەر باسمىچى باندىتلارنىڭ پاراكەندىچىلىكى، قۇللۇق ۋە فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى دەھشەتلىك ئېكسپلاتاتسىيە ۋە سىياسىي زۇلۇم، ھەددى - ھېسابسىز ئالۋان - ياساق قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ ۋاخان كارىدورىدىن جۇڭگونى پاناھ تارتىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، جۇڭگو جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تاشقورغان ۋە باشقا بىر قىسىم ناھىيىلەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلارمۇ ئاز ئەمەس، بۇ دەۋردىكى ۋاخان تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئاھالىلەر كېيىنكى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا بارا - بارا سەرىكوي تىلىدا سۆزلىشىدىغان بولۇپ قالغان. ئۇلارنى ھازىر سەرىكوي تاجىكلىرىدىن پەرقلەندۈرگىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى. ئەمما، قەدىمكى ۋاخان تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئاھالىلەرنىڭ يادنامىسى سۈپىتىدە سەرىكوي رايونىدا نۇرغۇن يەر - جاي ناملىرى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە، بۇ يەردە شۇنىڭدىن بىرئاز مىسال كەلتۈرۈشكە توغرا كەلدى.

جۇڭگودىكى ۋاخان تاجىكلىرى ئۈستىدە گەپ قىلغاندا يەنىلا قەدىمكى ساك قوۋملىرى ئۈستىدە سۆزلەشكە توغرا كېلىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە ۋاخان تاجىكلىرى ئافغانىستاننىڭ ۋاخان كارىدورىدىكى ئاھالىلەر ۋە شۇ يەردىن كۆچۈپ چىقىپ دۇنيانىڭ

ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان، لېكىن ئۆزىنىڭ ۋاخان تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئاھالىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما، ئۇزاق تارىختىن سۈرۈشتۈرگەندە بولسا ئىش ئۇنداق ئاددىي ئەمەس. تارىخىي يازمىلاردىن ۋە ئارخېئولوگىيىلىك كەشپىياتلاردىن مەلۇمكى ئۇزاق قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپ، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا ساكلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان. ئەنە شۇ ساك قوۋملىرىنىڭ تىلى بۈگۈنكى ۋاخان تىلى بىلەن ئوخشاش ئىدى. تىلشۇناسلار خوتەن ساك تىلىنى بۈگۈنكى ۋاخان تىلى بىلەن ئوخشاش ئىدى، دېيىشمەكتە. روشەنكى، سەرىكوي رايونىمۇ ساكلار ياشاپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان رايونلارنىڭ بىرى. 1976 ـ يىلى ئارخېئولوگلار تاشقورغان بازىرىنىڭ شىمالىدىكى شامبابا قەدىمكى قەبرىلەردىن قۇللۇق جەمئىيەت دەۋرىگە تەۋە ساك مەدەنىيىتىگە دائىر مەدەنىي يادىكارلىقلارنى تاپتى. بۇ پامىر ئېگىزلىكىنىڭ باشقا جايلىرىدىن چىققان ساك مەدەنىيىتىگە ئائىت يادىكارلىقلارغا ئوخشاش ئەلۋەتتە. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ساكلار كېيىن تۈركلىشىپ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بىر ئېتنىك تەركىبى بولدى. سەرىكوي رايونىدىكى ساكلار بولسا بۈگۈنكى جۇڭگو تاجىكلىرىنىڭ بىۋاستە ئەجدادى بولۇپ قالدى. سەرىكوي رايونىدىكى تاجىكلار ئەنە شۇ قەدىمكى ساك قوۋمىنىڭ ئەۋلادى بولۇش سۈپىتى بىلەن قەدىمدىن تارتىپلا سەرىكوي تىلى ۋە ۋاخان تىلىدا (بۇ ئىككى تىلنىڭ ھەر ئىككىسى قەدىمكى ساك تىلىنىڭ ئوخشاشمىغان دىئالېكتلىرى ھېسابلىنىدۇ). سۆزلەشكەن بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەدىمدىن تارتىپ مۇشۇ يەردە ياشىغان ۋە كېيىن تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن سەرىكوي رايونىغا كۆچۈپ كەلگەن. ۋاخان تاجىكلىرىمۇ شۇ رايوندا ياشاپ

تىرىكچىلىك قىلىش بىلەن بىرگە يەرلەرنىڭ شەكلى، قۇرۇلۇشى، جۇغراپىيىلىك مۇھىتى، يايلاقلارنىڭ سۈپىتى، ئورنى قاتارلىق ئەھۋاللارغا ئاساسەن يەر - جايلارغا ۋاخان تاجىك تىلىدا نام قويغان. نۇرغۇن ئەسىرلەر داۋامىدا بۇ يەر - جاي ناملىرىنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى، تەلەپپۇزى قىسمەن بۇزۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ، كۆپ قىسىم يەر - جاي ناملىرى ئۆز پېتى ساقلىنىپ قالغان.

مەسىلەن، مارياڭ دېگەن سۆز ۋاخان تىلىدىكى «مۇررەڭ» دېگەن سۆزنىڭ بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىشى بولۇپ «مۇررەڭ» «ئالمىدەك» دېگەنلىك بولىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە ئۆز ۋاقتىدا ۋاخان تاجىك ئەجرادلىرى مارياڭدا تۇنجى قېتىم بىر خىل ياۋا ئالما ئۇچراتقان بولۇپ، شۇنىڭغا ئاساسەن بۇ يەرگە «مۇررەڭ» يەنى ئالمىدەك دەم نام قويغان.

بورۇمسال دېگەن سۆز ئەسلىدە ۋاخان تىلىدىكى «بۇلۇڭ سەر» دېگەن سۆزنىڭ بۇزۇلغان تەلەپپۇزى بولۇپ، «بۇلۇڭ سەر» ئۇيغۇر تىلىدا بۇلۇڭ بېشى دېگەنلىك بولىدۇ.

ۋاچا — ئەسلىدە ۋاخان تىلىدىكى «ۋۇچ جەي» دېگەن سۆزنىڭ بۇزۇلغان تەلەپپۇزى بولۇپ، «ۋۇچ جەي» ئۇيغۇر تىلىدا «ئېگىز يەر» دېگەنلىك بولىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ ۋاچا يېزىسى دەپتەر يېزىسى بىلەن بىر تەكشىلىكتە بولۇپ، باشقا يېزىلارغا نىسبەتەن ئېگىز يەر ئىكەنلىكى پاكىت. پىل — ياغاچ تاۋاق دېگەن مەنىدە بولۇپ پىلنىڭ تارلىقىغا ئوخشىتىپ قويۇلغان نام.

«سەرىكوي» تاجىك ئەدەبىي تىلىدىمۇ تاغنىڭ بېشى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

تار — ۋاخان تاجىكچە سۆز بولۇپ، «تار» ئۇيغۇر تىلىدا

ياغاق دېگەنلىك، ئەمەلىيەتتىمۇ تاردا ياغاق كۆپ.

تىزناپ ــ ئەسلىدە ۋاخان تاجىك تىلىدىكى «تۈزناف» دېگەن سۆزنىڭ بۇزۇلغان تەلەپپۇزى بولۇپ، «تۈزناف» ئۇيغۇر تىلىدا «تۇز كىندىك» دېگەنلىك.

بەزى جىلغىلار بىرقەدەر چوڭ بولۇپ ئوتتۇرىسىدىن ئېقىن سۇ تۇراقلىق ئېقىۋاتقان، يان باغىرلىرىدا قىسمەن تېرىلغۇ يەرلەر ۋە بىرقەدەر مۇنبەت ئوتلىقى بولغان يەرلەرگە ۋاخان تىلىدا «ژىرەف» دەپ نام قويۇلغان.

مەسىلەن، ۋىيىن ژىرەف (داۋان جىلغا) بۇ كۆي ژىرەف (ئاچا ـ سىڭىل جىلغىسى) يەش ژىرەف (ئات جىلغا) چۈەن ژىرەف (ئۆرۈكلۈك جىلغا) زوگ ژىرەف (قوتاز جىلغا)، مالىن ژىرەف (مال ـ ۋاران جىلغىسى) پىياك يەنى پىيىك ژىرەف (ئوغۇز جىلغا)، خونجىراف (ئوي جىلغا) قاتارلىقلار، بەزى ئۆي قۇرۇلۇشلارنىڭ ناملىرى ــ يەرشەكلى يەر تۈزۈلۈشىگەقاراپ،يەر ـ جاي ناملىرىنىڭ ئورنىغا قويۇلغان.

مەسىلەن، ۋىيىن خۇن (داۋان ئۆي)، مىس بەر خۇن (مىس ئىشىكلىك ئۆي)، تور تەخۇن (كىچىك ئالدىدىكى ئۆي)، چىل خون (قىرىق ئۆي) قاتارلىقلار يەرلەرنىڭ مۇنبەتلىكى، يەر بايلىقى، يەر شەكلى، كىملەرنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە قاراپ نام قويۇلغان يەرلەرمۇ ئاز ئەمەس.

مەسىلەن، نۇرگىن دۇر (سۇرمىلىق جىلغا)، لۇپ ـ لۇپ ۋورت (چوڭ ـ چوڭ تۆگمەن تېشى)، يەش شىت (ئات ئۆلتەردى)، بەت دۇر (بۇلۇماق جىلغا)، تۇۋرىچ ۋەس (شاخ ــ خاياغاچ). كىرگەس ـ ۋىنگەس (كەزى ــ ۋەراس دەپ بۇزۇپ

تەلەپپۇز قىلىنغان ) . ئۇيغۇرچە مەنىسى تازقارا ، قۇشقاچ دېگەنلىك .

بەزى يەر - جاي ناملىرى چوڭقۇر مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ بۇ توغرۇلۇق بەزى رىۋايەتلەرمۇ كەڭ تارقالغان . قارىغاندا بۇ رىۋايەتلەر ئەمەلىيەتكە بەكمۇ يېقىندەك تۇرىدۇ .

مەسىلەن ، مارىياگدا بىر جاينىڭ نامى ۋاخان تاجىك تىلىدا « مەژدىش » مەنىسى ( مېنى تونۇساڭ بولدى ) دەپ قويۇلغان .

رىۋايەت قىلىنىشىچە ئۆز ۋاقتىدا زەينەپ ئىسىملىك ساھىبجامال بىر قىزنىڭ دادىسى بىر جىلغىدا چارۋا باقىدىكەن . زەينەپنىڭ سەبزلى ئىسىملىك كېلىشكەن بىر ئاشىقى بولۇپ ، بۇ يىگىت پات - پات زەينەپنى يوقلاپ كېلىدىكەن .

بىراق قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى سەبزلىگە ئانچە چىراي ئاچمايدىكەن ۋە سەبىرەلى ھەر نۆۋەت قىزنى يوقلاپ كەلسە غۇدۇرايدىكەن .

زەينەپنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ بۇ قىلىقى سەبزلىگە بەكمۇ هار كەلگەچكە ئۇ زەينەپكە : — بولدىلا زەينەپ سىزنىڭ ئاتا - ئانىڭىز بىزنىڭ توي قىلىشىمىزغا رازىلىق بەرمىگەندىن كېيىن ، مەن سىزنىمۇ ، ئۆزۈمنىمۇ قىينىماي ، بىزنىڭ بىرگە بولۇشىمىز پېشانىمىزگە پۈتۈلمىگەن ئوخشايدۇ ، دەپتۇ .

بىراق ، زەينەپنىڭ سەبزلىگە بولغان مۇھەببىتى چىن مۇھەببەت بولغاچقا ، ئۇ يىگىتكە سىز بۇ ئىشتا سەۋرچان بولۇڭ ، ئاتا - ئاناممۇ ئاستا - ئاستا قوشۇلۇپ قالار . «تومەژدىش » يەنى (سىز مېنى تونۇساڭ بولدى ) . دەپتۇ ، زەينەپ بىلەن سەبزلىنىڭ ساپ مۇھەببىتىدىن تەسرلەنگەن قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى ئاخىر سەبىرەلى بىلەن زەينەپنىڭ توي

قىلىشىغا رازىلىق بىلدۈرۈپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ جاينىڭ نامى زەينەپىنىڭ سۆزى بويىچە ۋاخان تىلىدا «مەۋدىش» دەپ قويۇلۇپ قاپتۇ. يەنە مۇنداق بىر رىۋايەتمۇ كەڭ تارقالغان. رىۋايەت قىلىنىشىچە ئۆز ۋاقتىدا ۋاخان تاجىكلار بوز يەر ئېچىش جەريانىدا ئەمگەك كۈچىنىڭ ئازلىقى، ئىشلەپچىقىرىش، قورال - سايمانلارنىڭ قالاقلىقى سەۋەبلىك بەزى يوغان قورام تاشلارنى يۆتكەشكە ھېچ ئامال قىلالماي كۆڭۈللىرى يېرىم بولۇپ، مەيۈسلىنىپ قاپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا چىراي - شەكلى نۇرانە، بەستلىك، ئەقىل - پاراسەتلىك زەفەرخان ئىسىملىك بىر ياشانغان كىشى بار ئىكەن، ئۇ بوز يەر ئاچقۇچىلارنىڭ بۇ مەيۈس ھالىتىنى كۆرۈپ ئۇلارغا: — يىگىتلەر، سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلار. مەن تۈنۈگۈن كېچە بىر چۈش كۆرگەن ئىدىم. چۈشۈمدە بىر خىزىرنى كۆردۈم، ئۇ خىزىرنىڭ دېيىشىچە بىزنىڭ بوزيەر ئېچىش جەريانىدىكى جاپالىق ئەمگىكىمىز ئاللا تائالانى تەسىرلەندۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئەتە بىزگە ئەرشتىن «سەدىكەش» يەنى 100 نەپەر يىگىت چۈشۈرۈپ بىزنىڭ ئىشىمىزغا مەدەت بەرگۈدەك. مېنىڭ چۈشۈم ھەرگىز خاتا چىقمايدۇ، شۇڭا سىلەر ھازىر قايتىپ بېرىپ، ھەربىرىڭلار تۆت گەز ئۇزۇنلۇقتا بىردىن تۈز قۇرۇق ياغاچ تەييارلاڭلار دەپتۇ. بوزيەر ئاچقۇچىلار زەفەرخان بوۋاينىڭ دېگىنىدەك قىلىپ ئەتىسى ئىش ئورنىغا كەپتۇ. زەفەرخان بوۋاي بوزيەر ئاچقۇچىلارنى ئۈچتىن، تۆتتىن بىرقانچە گۇرۇپپىغا ئايرىپ، ھېلىقى بادرا ياغاچلارنى پىشاك قىلىپ ئىشلىتىپ يوغان - يوغان قورام تاشلارنى ئىلگىرىكىدەك ئانچە بەك كۈچەپ كەتمەيلا ئورنىدىن قوزغاپ دومىلىتىپ يۆتكىگىلى تۇرۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىش سۈرئىتى ئىلگىرىكىدىن بىرقانچە ھەسسە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئوگۇشلۇق ۋە ئۇنۇملۇك بوپتۇ.

بوزيەر ئاچقۇچىلار شۇ چاغدىلا زەفەرخان بوۋاينىڭ خاسىيەتلىك چۈشىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى چۈشىنىپ يېتىپتۇ. ۋە پىشاك ئىشلىتىپ ئاچقان بوزيەرنىڭ نامىنى ۋاخان تىلىدا «سەدىكەش» يەنى 100 يىگىت قويۇپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ نام ئۇ يەرنىڭ نامىغا ئۆزلىشىپ قاپتۇ.

تۆۋەندە بىز يېقىنقى زاماندا ۋاخان رايونىدىن كۆچۈپ كېلىپ سەرىكوي ۋە شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ھازىرغىچە يەنىلا ۋاخان تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئاھالىلەر ئۈستىدە توختىلىمىز. ئۇلارنىڭ كۆچۈپ كېلىشىنى مۇنداق ئۈچ باسقۇچقا ئايرىشقا بولىدۇ.

1 ـ باسقۇچ: مىلادىيە 1514 ـ يىلى يەكەن سەئىدىيە خاندانلىقى قۇرۇلدى. بۇ خاندانلىق ئەڭ قۇدرەت تاپقان مەزگىللەردە پامىردىكى بەدەخشان ۋاخان تاغلىق رايونىمۇ ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارايتتى.

يەكەن سەئىدىيە خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە تاشقورغان رايونىدا بىرمەزگىل تىنچ ـ خاتىرجەملىك ۋەزىيىتى ئورنىتىلغان بولغاچقا XVII ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يىللىرىدا پامىرنىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىدىكى ۋاخان، شوغنان، رىباك قاتارلىق جايلاردىن خېلى كۆپ ساندىكى تاجىكلار ئېلىمىز تەۋەسىگە كەلگەن.

2 ـ باسقۇچ: مىلادىيە 1860 ـ يىللىرى ئەنگلىيە ۋە چاررۇسىيە جاھانگىرلىرى پامىر رايونىنى ئۆزئارا تالىشۋاتقان مەزگىللەردە ئافغانىستان ئەمىرى ئابدۇراھماننى كۈشكۈرتۈپ ۋاخان ۋە شۇغنان رايونلارىنى ئىشغال قىلدۇردى. ئافغانىستاننىڭ

يېڭىدىن ئىشغال قىلغان بۇ رايونلاردا خەلقنى ئېغىر دەرىجىدە قاقتى ـ سوقتى قىلىشى ، ھەددى ـ ھېسابسىز ئالۋان ـ سېلىق سېلىش ۋە چېكىدىن ئاشقان مىللەتچىلىك خاھىشى قاتارلىق مىللىي زۇلۇم ۋە ئىقتىسادىي ئېكسپىلاتاتسىيىسى بۇ رايونلاردىكى خەلقنى جىنىدىن جاق تويغۇزدى . يۇقىرىقىدەك دەھشەتلىك زۇلۇم دەستىدىن مىلادىيە 1865 ـ يىللىرى ۋاخان كارىدورى ۋە شۇغنان رايونىدىن بىر تۈركۈم تاجىكلار توزغاقتەك توزۇپ كەتتى . ئالدى ـ كەينى بولۇپ بۇ ئىككى تۈركۈم بويىچە جۇڭگو تەۋەسىگە كەلگەنلەرنىڭ بىر قىسمى تاشقورغاننىڭ دەپتەر قاتارلىق يېزا كەنتلىرىگە (ئەمەلىيەتتە ئۆز ۋاقتىدا دەپتەر پۈتۈنلەي ئىگىز ئۆسكەن چىغلىقتىن ئىبارەت بىر بوزلۇق بولۇپ ، ئۇ يەردە تېخى ھېچقانداق ئىگىلىك تىكلەنمىگەن ئىدى ) . يەنە بىر تۈركۈمى جۇڭگو جەنۇبىي شىنجاڭ تەۋەسىدىكى يەكەننىڭ زەرەپشان ، پوسكامنىڭ بويلۇق ، تۇغچى ، ئاقتام ، ئايكۆل ، ئىككىسۇ ، قاغىلىقنىڭ خوجىرىق ، شاخاپ ، كۆكيار ، چۇپان ، خوتەن گۇمىنىڭ نەۋ ئابات ، ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ تار قاتارلىق جايلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى . يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان يەرلەرنىڭ بەزىلىرى قاقاس ، بىنەم يەرلەر ئىدى . بەزىلىرى يايلاق ياكى ئېكىنزارلىق بولۇپ يايلاق ئېكىنزارلىقلارنى مۇساپىرلار پۇلغا سېتىۋالغان ئۇلارنىڭ پۇلىغا سېتىۋالغان يەر ـ زېمىن ، يايلاقلارنىڭ يەر خېتى تېخى يېقىنقى زامانلارغىچە خەلقنىڭ قولىدا ساقلانغان ئىدى . «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دەۋرىدە يىغىۋېلىنىپ كۆيدۈرۈۋېتىلگەن .

3 ـ باسقۇچ : مىلادىيە 1949 ـ يىلى 30 ئۆيلۈككە يېقىن ۋاخان تاجىكلىرى . جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكىنى

كۆڭۈلىگە پۈكۈپ يەنە بىر جەھەتتىن ئۆزلىرىنىڭ تاشقورغان رايونىدىكى تۇغقانلىرىنى ئاساس قىلىپ ئافغانىستاندىن جۇڭگوغا كەلدى. بۇ تارىخي باسقۇچقا كەلگەنلەرنىڭ تەلىيى خېلى ئوڭ كەلدى. چۈنكى، بىرىنچىدىن بۇلارنىڭ كەلگەن ۋاقتى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش ھارپىسىغا يېقىنلاپ قالغان چاغ ئىدى. دېمەك، پارمىر ئېگىزلىكىدە ئازادلىق تاڭ نۇرى كۆرۈنەي دەپ قالغان چاغ ئىدى. يەنە بىر جەھەتتە ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى دەپتەر، پىسلىك كەنتلىرىگە، ئاز بىر قىسمىنى تاشقورغان، تاغارما قاتارلىق يېزىلارنىڭ بىر قىسىم كەنتلىرىگە ئورۇنلاشتۇردى.

3 ـ باسقۇچتا كەلگەنلەر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ غەمخورلۇقىغا ئۇلاشتى. شۇڭا، ئۇلار بوزيەر ئېچىپ، ئۆي ـ ماكان قۇرۇپ، يېڭىدىن ئېگىلىك تىكلەپ ئۆزلىرىنى تېزلا ئوڭشىۋېلىشى پۇرسىتىگە ئېرىشتى.

ۋاخان تاجىكلارنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ جۇڭگوغا كېلىشى تاشقورغاننىڭ ئىشلەپچىقىرىش، مەدەنىيەت ۋە ھۈنەر ـ سەنئەت قاتارلىق جەھەتلەردە يۈكسىلىشىگە مەلۇم تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

ئۆز ۋاقتىدا جۇڭگونىڭ تاشقورغان رايونىدا ئاھالە شالاڭ، ئەمگەك كۈچى يېتىشمەسلىك ئەھۋالى ئېغىر ئىدى. ۋاخان تاجىكلىرى تاشقورغان رايونىغا كەلگەندىن كېيىن مەدىكارلار كۆپەيگەچكە ئىشلەپچىقىرىش يەنىمۇ يۈكسەلدى. بىنەم ئېچىپ قاقاسلىقلارنى كۆكەرتىش قەدىمى تېزلەشتى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تاشقورغان رايونى ۋە باشقا بىر قىسىم ناھىيىلەردە يېڭىدىن تاجىك يېزا كەنتلىرى بارلىققا كەلدى. ئۆز ۋاقتىدا

جۇڭگوغا كەلگەن يىرىك توقۇمىچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ۋاخان تاجىكلارنىڭ خېلى بىر قىسىم ھۈنەرۋەنلىرى ئىنتايىن نەپىس ۋە داڭلىق چەكمەن، ھەر خىل پالاس، خۇرجۇن، ئىنتايىن كۆركەم ھەر خىل گۈللۈك پايپاق، بەلۋاغ، شارپا، ھەر خىل كەشتە قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملارنى توقۇپ سېتىش ئارقىلىق تاشقورغان رايونىدا يىڭى قول ھۈنەرۋەنلەرنىڭ كۆپىيىشى ۋە يۇقىرىدىكى تۇرمۇش بۇيۇملارنىڭ تاۋارلىشىش جەھەتتە مەلۇم نىسبەتتە ئىجابىي ۋە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. ئۇلار ئېلىپ كەلگەن مەدەنىيەت سەرىكوي تاجىكلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ بېيىتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر گە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، جۇڭگوغا كەلگەن ۋاخان تاجىكلار نۇرغۇن ئەسىرلەر داۋامىدا باشتىن ـ ئاخىر سەرىكويدىكى ھەر مىللەت قېرىنداش خەلقنىڭ قىزغىن قوللىشى، مەدەت بېرىش ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە ياردەم بېرىشكە ئېرىشىپ كەلدى. سەرىكوي تاجىكلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۆزىدىكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى يەنىمۇ بېيىتىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى.

مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى جۇڭگو تاجىكلىرىنى يەنىلا قانداقتۇر بۇرۇنقى تاجىك، كېيىنكى تاجىك، ئۇ تاجىك، بۇ تاجىك دەپ ئايرىپ قاراشنىڭ ھېچقانداق ئىلمىي ئاساسى يوق. بەلكى جۇڭگودىكى بارلىق تاجىكلار جۇڭگودىكى تاجىك مىللىتىنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسى بولۇپ تاشقورغاننىڭ تارىخىنى تاشقورغاندىكى ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق ياراتقان.

ئاپتورى: تاشقورغان ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتر ئىدارىسىنىڭ سابىق باشلىقى ( ۋاپات بولغان )

مەسئۇل مۇھەررىرى: مەدەلىخان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئېلىمىز تاجىكلىرى ئېتىقاد قىلغان دىنلار ۋە ئىسمائىلىيە مەزھىپى توغرىسىدا

**جەلىل ياۋاسىل ، شىجائەتخان ۋەزىرى**

دىن كىشىلەرنىڭ تەبىئەتتىن تاشقىرى نەرسىگە بولغان ئېتىقادى . ئۇ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە كىشىلەرنىڭ تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىش جەريانىدا تەبىئەت ھادىسىلىرىگە بولغان ئاجىزلىقلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن . دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادى شۇ مىللەت كىشىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ، مەدەنىيەت ، سەنئەت ۋە مىللىي ئۆرۈپ - ئادەتلىرىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن ۋە قويۇق ئىزلارنى قالدۇرغان . ئېلىمىز تاجىكلىرىمۇ بۇ خىل تەسىردىن خالىي ئەمەس ئەلۋەتتە . بۇ ماقالىدە ئېلىمىز تاجىك ئەجدادلىرى ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن دىنلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز . ئېلىمىز تاجىكلىرى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەركىزىي رايونى پامىر ئېگىزلىكىدە ئەسىرلەردىن بېرى ياشاپ كېلىش جەريانىدا باشقا كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرگە ئوخشاشلا ئەڭ دەسلەپ ئىپتىدائىي ئېتىقاد ، تەبىئەت ۋە تۇتېم ئېتىقادىنى شەكىللەندۈرگەن . كېيىنچە شامان دىنى ، ئاتەشپەرەسلىك دىنى ، بۇددا دىنى ، مانى دىنى ۋە ئىسلام دىنى قاتارلىق دىنلارغا ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن . تاجىكلار توپلىشىپ

ئۇلتۇراقلاشقان پامىر ئېگىزلىكى ئەتراپلىرى ئەڭ دەسلەپكى ئىنسانلار پائالىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى ( شىنجاڭدا تۇنجى بولۇپ تاشقورغاننىڭ جىرغال دېگەن يېرىدىن كونا تاش قورال ئىزى تېپىلدى ) بولۇپ قەدىمكى تاجىك ئەجدادلىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىپتىدائىي دىنى ئەقىدىسى تەبىئەتكە ، ئەجدادلىرىغا ۋە تۇتېمگە ئېتىقاد قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلەنگەن . بۇ كېيىنچە تەرەققىي قىلىپ ئەڭ دەسلەپكى ئىپتىدائىي دىن ـــ شامان دىنىي ئەقىدىسىگە مەركەزلەشكەن . شامان دىنىنىڭ ئىلمىز تاجىكلىرى ئارىسىدىكى تەسىرى شىنجاڭدىكى باشقا قېرىنداش مىللەتلەرگە ئوخشاشلا باخشىلار پىر ئويناش ، دىنىي تۇمار ئېتىش ، دۇئالىق سۇ تەييارلاش ، ئىسرىق سېلىش قاتارلىق روھىي جەھەتتىن داۋالاش شەكىللىرى ئىسلام ئەقىدىسىنى يېپىنچا قىلىپ مەلۇم جەھەتتە داۋام قىلىپ كەلمەكتە . بۇ قەدىمكى شامان ئەقىدىسىنىڭ ئىسلام ئەقىدىسى بىلەن يۇغۇرۇلۇشى نەتىجىسىدە داۋام-قىلىپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ .

تاجىكلار ئىپتىدائىي ئېتىقاد باسقۇچىدا تەبىئەتكە ، تەبىئەت ھادىسىلىرىگە ، كېيىنچە تۇتېمگە چوقۇنغان . دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن تاجىك خەلق ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرىدىن « مۇزتاغ ئاتا رىۋايىتى » ، « بۈركۈت نەي رىۋايىتى » ۋە ھازىرقى دەۋرىمىزگىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بىرقىسىم تەبىئەت ھادىسىلىرىگە جۈملىدىن « مۇزتاغ ئاتا »غا سەجدە قىلىش ، بۈركۈتنى ئۇلۇغلاش ، ئاتنى ئۇلۇغلاش ( شىنگان دۇلدۇلى ) . ئاق رەڭ ـ قۇياش نۇرى ، ئوت ، تۇز ، سۈت ، ئۇن قاتارلىقلارنى پاك ھېسابلاپ يورۇقلۇق ۋە ئاقلىققا تەمسىل قىلىش ) قاراشلىرى تەبىئەت ھادىسىلىرىگە چوقۇنۇش ئادەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ . تاجىكلارنىڭ قەدىمكى

ئەجدادلىرىدىن شەرقىي ئىران قەبىلىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا « ئات »نىڭ مۇھىم ئورنىدا تۇرۇشى ، تاجىكلاردا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى « ئارغىماق ئۇسۇلى»، « ئات تۇپى » ( چەۋگەن ) ئويۇنى ۋە ئات ئۇستى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنىڭ ( ئوغلاق تارتىش ، ئات بەيگىسى قاتارلىقلار ) «بۇركۈت نەي » بىلەن ئورۇندالغان « بۇركۈت ئۇسۇلى » بىلەن بىرلەشتۇرۇلۇشى ، بولۇپمۇ بۇ خىل تەبىئەت ۋە تۇتېم ئېتىقادى ئىزناسىنىڭ ئىسلام ئېتىقادى بىلەن يوغۇرۇلۇشى نەتىجىسىدە بۇركۈت ۋە ئاتنى تاجىكلارنىڭ تۇتېم ئېتىقادىنىڭ ئىزناسى ۋە ھازىرقى ساقىندىلىرى دېيىشكە بولىدۇ ①.

تاجىكلارنى ئىپتىدائىي كۆپ ئىلاھلىق ئېتىقادى ئۇلارنىڭ « چاھار ئاناسىر » ( ئاب ، ئاتەش ، خاك ، ھاۋا ) قارشىدىمۇ روشەن ئىپادىسىنى تاپقان ۋە بۇ خىل قاراش كېيىنكى دەۋرلەردە تەرەققىي قىلىپ ئاتەشپەرەسلىك دىنى ۋە ئۇنىڭ دەستۇرى «ئاۋستا »نى بارلىققا كەلتۇرگەن .

ئاتەشپەرەسلىك دىنى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى VI ئەسىردە باكتېرىيە ( ئافغانىستان تەۋەسى )دە زەردوشت ( مىلادىدىن ئىلگىرىكى 628 — 551 - يىللار ) تەرىپىدىن بارلىققا كەلتۇرۇلگەن بولۇپ زەردوشت دىنى ياكى زورو ئاسترا دىنى دەپمۇ ئاتىلىدۇ . ئوت ۋە يورۇقلۇق — ياخشىلىقنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئۇلۇغلىنىدىغان بۇ دىننىڭ مۇقەددەس دەستۇرى « ئاۋستا » ئېلىمىز تاجىكلىرى ئارىسىغىمۇ كەڭ تارقىلىپ چوڭقۇر تەسىرلەرنى قالدۇرغان ، تاجىكلار ئارىسىدىكى گۈلخان يېقىش ، ئوت قېقىپ

---

① « ئات ۋە تاجىكلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى » قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1999 - يىلى 1 - سان ، 78 - بەتتىگە قارالسۇن .

كېسەل داۋالاش ئادىتى بۇ خىل تەسىرنىڭ بىر قىسىم ساقىندىلىرى سۈپىتىدە خەلق ئىچىدە ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە ، تاجىكلارنىڭ ھاياتلىق قارىشىدىكى « نۇر ۋە شەيتان » ئەپسانىسىمۇ ئاتەشپەرەسلىك دىنىنىڭ دىنىي رىۋايىتىدىن كەلگەن . تاجىكلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ئوتنى ئۇلۇغلاش ، ئوتقا چوقۇنۇش ئوت ئارقىلىق دۇئا دەستۇر قىلىش قاتارلىقلار كەڭ دائىرىدە ساقلانغان . مان بۇلارمۇ ئاتەشپەرەسلىك دىنىنىڭ تەسىرىدىن ئىبارەت .

بۇددا دىنى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى VI ئەسىردە قەدىمكى ھىندىستاندا گاۋتاما سىدارتا ياكى ساكيامونى ( مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 483 — 563 - يىللار ) تەرىپىدىن بەرپا قىلىنغان . مىلادىيىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا تاشقورغان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدا ئولتۇراقلاشقان تاجىك ئەجدادلىرى بولغان شەرقىي ئىران قەبىلىلىرى قۇرغان « قىرپانە بەگلىكى » بۇددا دىنىنى دۆلەت دىنى قىلغان بولۇپ بۇ بەگلىك 500 يىل داۋام قىلغان . ئېلىمىزنىڭ خەنزۇچە تارىخ ماتېرىياللىرىدا بۇ بەگلىك ۋە ئۇنىڭ بۇددىزم ئېتىقادى ۋە مەدەنىيىتى توغرىسىدا خېلى كۆپ مەلۇماتلار قالدۇرۇلغان . مەشھۇر سەيياھ شۈەنزاڭ ( 602 — 664 )نىڭ «ئۇلۇغ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتلار خاتىرىسى »دە قىرپانە بەگلىكىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى بۇددا دىنى ئەھۋالى ، تاش قەلئە ئەھۋالى ۋە بۇددىزمنىڭ خېلى تەرەققىي قىلغانلىقى خاتىرىلەنگەن .

مانى دىنى مىلادىيە III ئەسىردە پېرسىيە ( ئىران )دە مانى ( تەخمىنەن 216 — 277 - يىللار ) تەرىپىدىن بەرپا قىلىنغان . ئېلىمىز تاجىكلىرى ئارىسىدا مانى دىنىغا ئائىت يازما خاتىرە ۋە

باشقا ئىزنالار ساقلانمىغان بولسىمۇ ئەمما تاجىكلارنىڭ پائالىيەت مەركىزى بولغان تاشقورغان ئەتراپلىرى ھەرقايسى دىنلارنىڭ شەرق ۋە غەربكە تارقىلىشىدىكى مۇقەررەر ئۆتۈشمە يولى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ دىنمۇ ئېلىمىز تاجىكلىرى ئارىسىغا تارقالغان ۋە كېيىنچە ئىسلام دىنىنىڭ سىقىپ چىقىرىشىغا ئۇچرىغان بولۇشى مۇمكىن . بۇ تېمىنى داۋاملىق تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ .

ئىسلام دىنى مىلادىيە VII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى مەككىدە مۇھەممەت پەيغەمبەر ( 570 — 632 ) تەرىپىدىن بارلىققا كەلتۈرۈلگەن . مۇھەممەت پەيغەمبەردىن كېيىن خەلىپىلىككە ( ئىزباسارلىققا ) ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسىدىكى ئىختىلاپ تۈپەيلىدىن ئىسلام دىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدا سۈننىي مەزھىپى ( ئەنئەنىچىلەر ) بىلەن شىئە مەزھىپى ( ئەگەشكۈچىلەر ) دىن ئىبارەت ئىككى چوڭ مەزھەپ بارلىققا كەلگەن . بۇ ئىككى چوڭ مەزھەپ يەنە بىرمۇنچە تارماق مەزھەپلەرگە بۆلۈنگەن .

ئېلىمىز تاجىكلىرى جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ئىچىدە ئىسلام دىنىغا ئەڭ بۇرۇن ئېتىقاد قىلغان مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ ئىسلام دىنىدىكى ئىككى چوڭ مەزھەپنىڭ بىرى بولغان شىئە مەزھىپىنىڭ مۇھىم بىر تارمىقى ئىسمائىلىيە مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدۇ . يەنە ئاز بىر قىسىم تاجىكلار سۈننىي مەزھىپىگىمۇ ئېتىقاد قىلىدۇ . شىئە مەزھىپى VII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا خەلىپە ھەزرىتى ئەلى ھاكىمىيىتى تەرەپدارلىرىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ھالدا مەيدانغا كەلگەن . VIII ئەسىرنىڭ بېشى ۋە ئوتتۇرلىرىدا شىئە مەزھىپىدە ئىماملارنىڭ سانى ، قايسى ئىمامنىڭ ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسى ، ۋە قايسى ئىمامنىڭ ئەڭ ئاخىرقى غايىب بولغان ئىمام ئىكەنلىكى مەسىلىسىدىكى ئىختىلاب سەۋەبىدىن 12 ئىمام مەزھىپى ،

ئىسمائىلىيە ( يەتتە ئىمام ) مەزھىپى ۋە زەئىدىيە مەزھىپى قاتارلىق بىرقانچە تارماق مەزھىپىنى شەكىللەندۈرگەن .

ئىسمائىلىيە مەزھىپى VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا ئەلىپەرەسلەر ( شىئەلەر )نىڭ 6 ـ ئىمامى جەئفەر سادىق ( 703 ــ 765 ـ يىللار ) ۋاپاتىدىن كېيىن شەكىللەنگەن بولۇپ بۇ مەزھەپنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى توغرىسىدا بىرقەدەر ئىشەنچلىك بولغان تارىخىي ماتېرىياللاردا ئېيتىلىشىچە مۇھەممەت پەيغەمبەر ۋە ھەزرىتى ئەلى ئەۋلادىغا مەنسۇپ بولغان ئىمام ھەسەن ، ئىمام ھۈسەيىن ، ئەلى ئىبنى ھۈسەيىن ، مۇھەممەت باقىرغىچە بولغان ئىماملاردىن كېيىن 6 ـ ئىمام جەئفەرى سادىق 760 ـ يىلى ئۆزى بىلەن بىر پىكىردە بولمىغان چوڭ ئوغلى ئىسمائىلنى ۋارىسلىقتىن قالدۇرۇپ ئىككىنچى ئوغلى مۇساكازىمنى ئۆز ئورنىغا ۋارىسلىققا كۆرسەتكەن . 765 ـ يىلى جەئفەرى سادىق ۋاپاتىدىن كېيىن ئىماملىققا ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسىدە يەنىلا ئىختىلاپ كۆرۈلۈپ ئىسمائىل تەرەپدارلىرى ئىسمائىلىيە مەزھىپى (يەتتە ئىمامچىلار مەزھىپى ) ، مۇسا كازىم تەرەپدارلىرى مۇساۋىيە مەزھىپى ( ئالدىنقى ئالتە ئىمامدىن كېيىن مۇسا كازىم ، ئەلى رىزا ، مۇھەممەت جەۋۋاد ، ئەلى ھادى ، ھەسەن ئەسكەرى ، مۇھەممەت مەھدى قاتارلىق 12 ئىمام ) 12 ئىمام مەزھىپى دەپ ئاتالغان مەزھەپنى شەكىللەندۈرگەن .

ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ ئىلىمىز تاجىكلىرى ئارىسىغا تارقىلىشى بۈيۈك تاجىك مۇتەپەككۇر شائىرى ، ئىسمائىلىيە پەيلاسوپى ناسىر خىسراۋ ( 1004 ــ 1088 )نىڭ پامىر رايونىغا كېلىپ ئىسمائىلىيە تەلىماتلىرىنى تارقاتقانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك . ئەبۇ مۇھەددىن ئەل قۇبادىيانى ناسىر خىسراۋ

تاجىكىستاننىڭ قۇبادىيان دېگەن شەھىرىدە تۇغۇلغان. قەدىمكى مەدەنىيەتلىك شەھەر بەلخ ۋە مەرۋىدە ئوقۇپ تۈرلۈك ئىلىملاردىن خەۋەر تاپقان، غەزنەۋىيلەر خاندانلىقى ۋە سالجۇقىيلار خاندانلىقىدا ئەمەلدار بولۇپ ئىشلىگەن. 1046 ـ يىلىدىن باشلاپ ئەمەل مەنسەپتىن ۋاز كېچىپ دەرۋىشلىك ھاياتىنى باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيا، كىچىك ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ۋە شىمالىي ئافرىقا قاتارلىق جايلارنى ئايلىنىپ ساياھەت قىلىپ، مول تۈرمۇش بىلىملىرى ۋە دىنىي ـ پەننىي بىلىملەرنى توپلىغان. ئۇ مىسىردىكى ئىسمائىلىيە مەزھىپىدىكىلەر قۇرغان فاتىمە خاندانلىقى (909 ــ 1171)نى زىيارەت قىلىپ خەلىپە مۇستەنسىر بىللا تەرىپىدىن دىنىي ھۆججەت (ئىسمائىلىيە مەزھىپىدە ئىمامدىن قالسلا 2 ـ ئورۇندا تۇرىدىغان داھىي) سۈپىتىدە خۇراسان رايونىغا ئەۋەتىلگەن. ئۇ بۇ جايلاردا ئىسمائىلىيە تەلىماتىنى تارقاتقاچقا سالجۇقىيلار خاندانلىقىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان.

ئۇ زىيانكەشلىكتىن ساقلىنىش ئۈچۈن بىرمەزگىل يوشۇرۇنۇپ يۈرگەندىن كېيىن 1061 ـ يىلى خىلۋەت پامىر رايونىغا كېلىپ تاغلىق بەدەخشاندىكى يومگان دېگەن يەرگە ماكانلىشىپ ئىسمائىلىيە تەلىماتىنى تارقاتقان ۋە مۇشۇ يەردە ئالەمدىن ئۆتكەنگە قەدەر يېزىقچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ «سەپەرنامە»، «زادىل مۇساپىرىن» (مۇساپىرنىڭ ئوزۇقى)، «روشەننامە»، «سائادەتنامە»، «ۋەجىددىن» (دىننىڭ ھۆججەت دەلىللىرى)، «جامئۇل ھېكمەتەيىن» (ئىككى ھېكمەتنىڭ قوشۇلۇشى) قاتارلىق شېئىرلار توپلاملىرى، ساياھەت خاتىرىلىرى، دىنىي پەلسەپىۋى ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇنىڭ پامىر رايونىدىكى 20 يىللىق پائالىيىتى شىئە

ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ ئېلىمىز تاجىكلىرى ئارىسىغا تارقىلىشىدا يېتەكچى رول ئوينىغان ھازىرغىچە دىنىي پائالىيەتلەردە ئۇنىڭ تەلىماتلىرى يېتەكچى ئىدىيە بولۇپ كەلمەكتە. مىللىي يېزىقتىكى مەنبەئەلەردە بايان قىلىنىشىچە 1061 - يىلىدىن ئىلگىرى ناسىر خىسراۋ بىلەن بىرگە پامىرغا كېلىپ دىن تارقاتقۇچىلاردىن يەنە سەيىد ھەسەن زەررابى، سەيىد سوراپ ۋەلى، سەيىد جالال بۇخارى، جاھان مەلىكشاھ قاتارلىق كىشىلەرمۇ بار ① ئۇلارنىڭ بەزىلىرى سەرىكوي (تاشقورغان) گە كېلىپ ئىسمائىلىيە ئەقىدىلىرىنى تارقاتقان ۋە مۇرىت قوبۇل قىلغان. ناسىر خىسراۋنىڭ ئەسەرلىرى ۋە تەلىماتلىرى ھازىرغىچە ئېلىمىز تاجىكلىرى ئارىسىغا كەڭ تارقالغان ۋە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ھەمدە خەلقنىڭ ئەقلىيە سۆزلىرى، ماقال - تەمسىللىرى،ناخشا - قوشاق ۋە رۇبائىيلىرىغا تەبىئىي ھالدا سىڭىپ كەتكەن. بولۇپمۇ ئۇ يازغان «چىراغ نامە» ئۆلگۈچىنىڭ دەپنە قىلىنغان ئاخشىمىدىكى چىراغ يورۇتۇش مۇراسىمىدا ئوقۇلۇپ ئۆلگۈچىنىڭ ئۇ دۇنيالىقىغا دۇئا - تىلاۋەت قىلىنىدۇ. شۇنداق بولغاچقا ئىسمائىلىيە مۇرىتلىرى ئۇنى «پىرى شاھ ناسىر خىسراۋ»، «ئەۋلىيا ئاتا» دەپ ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ. نۇرغۇنلىغان دۇئا - تىلاۋەت ۋە نەزىر - چىراغ پائالىيەتلىرىنىڭ ئاخىرىنى ئۇنىڭ مۇبارەك نامى بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ. ھەتتا ھازىرقى ئېلىمىز تاجىكلىرى ئارىسىدىكى سەيىد - ئىشانلار ئۆزلىرىنى تارىختا ناسىر خىسراۋ بىلەن بىللە تاشقورغان رايونىغا كېلىپ دىن تارقاتقان كىشىلەرنىڭ ئەۋلادى دەپ قارايدۇ.

---

① «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى» مىللەتلەر نەشرىياتى 1995 - يىل نەشرى. 80 - بەتكە قارالسۇن.

ئىسمائىلىيە مەزھىپى كېيىنكى تەرەققىيات داۋامىدا بىر مەزگىل ئىراننى مەزكىرىي پائالىيەت نۇقتىسى قىلىپ، ئىسمائىلىيە مەزھىپىنى روناق تاپقۇزۇش يولىدا ئەينى ۋاقىتتىكى ئىران خانلىقى بىلەن كۈرەش قىلغان. شۇ سەۋەبلىك، ئىراندا تۇغۇلۇپ، ئىسمائىلىيە پائالىيەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلغان 46 ـ ئىمام ئاغا ھەسەن ئەلى شاھ ئىران خانلىقى تەرىپىدىن ئىران زېمىنىدىن قوغلىنىپ 1840 ـ يىلى ھىندىستانغا بارغان. بىرمەزگىل كاراچى ۋە كالكۇتتىدا تۇرغان، كېيىن ھىندىستاننىڭ بومباي شەھىرىگە كېلىپ ماكانلىشىپ ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ ئىماملىقىقا باشلامچىلىق قىلىپ زور شۆھرەت قازانغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بومباي ئىسمائىلىيە مۇرىتلىرىنىڭ ھازىر ئىمامنى تاۋاپ قىلىدىغان مۇقەددەس جايغا ئايلانغان. ئۇ جاينى «پىرخانە»مۇ دەپ ئاتايدۇ. ئۇ، 1881 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى ئاغا ئەلى شاھ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاغا سۇلتان مۇھەممەت شاھ، ئۇنىڭدىن كېيىن 1957 ـ يىلىدىن باشلاپ ھازىرقى 49 ـ ئىمام ئاغا كەرىم ئەل ھۇسەيىن ئىماملىق بۈيۈك ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلمەكتە.

ئىسمائىلىيە مۇرىتلىرى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ دەسلەپكى يەتتە ئىمام ــ ھەزرەت ئەلى، ئىمامى ھەسەن، ئىمامى ھۇسەيىن، ئەلى ئىبنى ھۇسەيىن، مۇھەممەت باقىر، جەئفەر سادىق، ئىسمائىل ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھەرقايسى بۈيۈك ئىماملاردىن تارتىپ تاكى ھازىرقى ئىمام ئاغا شاھ كەرىم ھۇسەيىنگە قەدەر بولغان 49 ئىمامنى بىر جەمەت، بىر نەسەبتىن دەپ قاراپ، ئۇلارنى ئۇلۇغلايدۇ ۋە ئۇلارنى يۈكسەك ئەقىدە باغلاپ تىلدا ۋە دىلدا مەدھىيىلەيدۇ.

دېمەك، ئىلمىمىز تاجىكلىرى ئۆزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات مۇساپىسىدە پامىر ئېگىزلىكىدە يىلتىز تارتىپ ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلغان ئىپتىدائىي ئېتىقاد، ئاتەشپەرەسلىك، بۇددا، مانى، ئىسلام دىنى ئېتىقادىغا مۇناسىۋەتلىك مۇقەددەس جايلار، تارىخىي ئىزنالار، مەقبەرە ـ گۇمبەزلەر (مازارلار) كىشلەرنىڭ تاۋاپگاھى بولۇپ كەلمەكتە. مۇقەددەس جايلاردىن ئۇلۇغ مۇزتاغ ئاتا، رۇستەم بۇلاق، شىنگان دۇلدۇلى، ئاغا قەدەمگاھى قاتارلىقلار بار. مەشھۇر تارىخىي شەخسلەرنىڭ مازارلىرىدىن مازار قويچىلىق فېرمىدىكى سەيىد ھەسەن مازىرى، تاشقورغان يېزىسىنىڭ قوزغۇن كەنتىدىكى ئەمىر بىنىنى ئەمزە مازىرى، تاشقورغان ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىكى تاش قەلئە (شەھەر)نىڭ يېنىدىكى بەدئوزرامان (شاھ ئەۋلىيا) مازىرى، بەلدىر يېزىسىنىڭ شىندى كەنتىدىكى ئۆمەر مەھدى كەرپ مازىرى، تاشقورغاننىڭ زەرەپشان دەرياسى بويىدىكى داتوڭ يېزىسىنىڭ لەڭگەر كەنتىدىكى بامافىل ۋەلى ۋە بامافىل مۇجەررەد مازىرى قاتارلىقلار بار. بۇ مازارلارنىڭ تەزكىرىسىنى تۇرغۇزۇش مۇھىم ئىلمىي ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ ھېسابلىنىدۇ. يېقىنقى ۋە ھازىرقى زاماندىكى ئاتاقلىق دىنىي تارىخىي شەخسلەردىن سەيىد مەۋلابەخش (1866 ــ 1956)، سەيىد ئاسى مەۋلاداد (1910 ــ 1973)، سەيىد ئابلىزخان مەۋلابەخش (1930 ــ 1996)، ئەبۇ سەيىدخان، خان سەدىرىدىن، ياقۇتشاھ قاتارلىق بىرقانچە بۇيۇك شەخسلەر خەلق ئارىسىدا يۇقىرى ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ كەلگەن مۆتىۋەر تارىخىي شەخسلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئىش ئىزلىرىنى تارىخىي ماتېرىياللار توپلىمىغا كىرگۈزۈش مۇھىم خىزمەتلەرنىڭ بىرى. دەل مۇشۇ خىزمەتنىڭ

تۇرتكىسى بىلەن تاشقورغان تارىخىي ماتېرىياللىرى توپلىمىنىڭ 1 - سانىدا سەيىد ئابلىزخان ھەزرەتلىرىنىڭ قىسقىچە ئىش - ئىزلىرىنى يازغان ئىدۇق . بۇ ھەقتە باشقىلارنىڭ داۋاملىق ئىزدىنىپ كەم تەرەپلىرىنى تولۇقلاپ بىر پۈتۈن تارىخنى يورۇتۇپ بېرىشكە تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشىنى سەممىي ئۈمىد قىلىمەن .

## پايدىلانغان ماتېرىياللار


1 . ھاجى نۇرھاجى ، چېن گوگواڭ : « شىنجاڭ ئىسلام تارىخى » مىللەتلەر نەشرىياتى 1995 - يىل نەشرى .

2 . چېن ۋەنلى : « قىسقىچە ئىسلام تارىخى » شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 - يىل نەشرى .

3 . شېرىن قۇربان ، مەدەلىخان : « جۇڭگو تاجىكلىرى » شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1994 - يىل نەشرى .

4 . ناجو ( ئابدۇرەھمان ) قاتارلىقلار : « ئەرەب - ئىسلام مەدەنىيىتى » شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىل نەشرى .

5 . سادىق ھاپىز « قىسقىچە ئىسلام لۇغىتى » شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1994 - يىل نەشرى .

6 . چېك ئۇئاگلىيەن : « ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ ئېلىمىزدىكى تاجىك مىللىتىگە بولغان تەسىرى توغرىسىدا » شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1992 - يىل 1 - سان .



ئاپتورى : تاشقورغان ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ، تاشقورغان ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش رەئىسى


مەسئۇل مۇھەررىرى : مەدەلىخان

# داتوڭ سېرىقيار قاشتېشى كېنىنىڭ ئېچىلىش تارىخى

**باتۇرجان ئاتىخان**

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى سېھىرلىك جىلغىلار ئارىسىدا يىراق - يېقىنغا نامى مەشھۇر بولغان داتوڭ يېزىسى بار. داتوڭ يېزىسىنىڭ جەنۇبىغا تەخمىنەن تۆت كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا مادارىن ئاچقان قاشتېشى «كان خارابىسى» سېرىقيار قاشتېشى خېگى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. سېرىقيار قاشتېشى خېگىنىڭ زاپاس مىقدارى مول، قاشتېشى سۈپىتى ياخشى بولۇپ، ئاق، ناۋاترەڭ ۋە دېگىزرەڭلەردە چىقىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان سېرىقيار قاشتېشى خېگىنى ئېچىشقا ۋە قېزىشقا ئەھمىيەت بېرىلىپ، خېلى ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىلىش بىلەن بىللە، قېزىپ يۆتكەلگەن بۇ تاشلار داتوگدىن ئىبارەت بۇ خىلۋەت دىيارنى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا تونۇتتى. ھازىر داتوڭ يېزىسى قاشتېشى ۋە ئاق چاقماق تېشى ئالىدىغان سودىگەرلەرنىڭ سۆيۈملۈك ماكانىغا ئايلاندى. مەملىكەت ئىچىدىكى ۋە سىرتىدىكى تاش سودىگەرلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتىپ كېلىۋاتقان بۇ خاگىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قاچانلاردا ئېچىلغانلىقى ھەققىدە يازما خاتىرە يوق. لېكىن، ئەينى ۋاقىتتا مادارىنغا ئەگىشىپ، سىرىقيار قاشتېشى خېنىدا ئىشلىگەن داتوكنىڭ يېزىسىنىڭ ئاق تۆگە لەڭگەرلىك قىيابەگ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئەھۋال ئىگىلىگىنىمىزدە ۋە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىكى مادارىن ھەققىدىكى بايانلارنى يىل سۈرۈپ تەھلىل قىلغىنىمىزدا سىرىقيار قاشتېشى خېنىنى 1923 - يىللىرى ئېچىلغان دەپ جەزملەشتۈرگىلى بولىدۇ.

بۇ خاننى ئاچقۇچى مادارىنغا كەلسەك ئۇ، ئەسلىي بۇگۇرلۇق ئۇيغۇر بولۇپ، 1915 - يىل 6 - ئايدا گۇمىغا ئامبال بولغان. 1916 - يىلى جۇڭگو ھۆكۈمىتى دۆلەت چېگرىسىنى بېكىتىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدىن بىر خەنزۇ ئەمەلدارنى مەخسۇس گۇمىغا ئەۋەتكەن. بۇ خەنزۇ ئەمەلدار ئېگىزلىكى 80 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 50 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 40 سانتىمېتىر كېلىدىغان، چويۇندە قۇيۇلغان، ئىككى تەرىپىگە خەنزۇچە خەت ئويۇلغان «جۇڭگو دۆلەت چېگرىسى بەلگىسى»نى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەلگەن. گۇما ئامبىلى مادارىن خەنزۇ ئەمەلدار بىلەن ھېلىقى جۇڭگو دۆلەت چېگرا بەلگىسىنى ئېلىپ، قاراقۇرۇم تاغلىرى ئارىسىغا بېرىپ، ئۇنى جۇڭگو ھىندىستان چېگرىسىغا ئورناتقان. ئەسلىي گېپىمىزگە كەلسەك پىل، داتوك قاتارلىق جايلارمۇ قارا قۇرۇم تاغلىرى ئىچىگە جايلاشقان بولۇپ، بۇ يەرلەردىن ئېسىل قاشتېشى چىقىدۇ. گۇما ئامبىلى مادارىن قاشتېشى دىيارى خوتەندە ئەمەل تۇتقانلىقى ئۈچۈن ئۇ، قاشتېشىنىڭ قىممىتىنى ۋە ئۇنى قېزىشنىڭ يوللىرىنى خېلى ئوبدان بىلىدىكەن. ئۇ، قارا قۇرۇم تېغىدىكى جۇڭگو ھىندىستان چېگرىسىغا چېگرا بەلگىسى ئورنىتىش سەپىرى جەريانىدا پىل تاغلىرىدىكى قاشتېشى

مەنبەلىرىنى ئۇچراتقان . گۇمىنغا قايتىپ ئۇزاق ئۆتمەي يەنى 1919 ـ يىللىرى پىلغا كېلىپ قاشتېشى ئېچىشنى باشلىغان . ئۇ ، يەرلىك خەلقلەرنى قاشتېشى قېزىشقا ، قاشتېشى مەنبەلىرىنى ئىزدەشكە سالغان ۋە « تاش بازار » بەرپا قىلغان ( هازىر خەلقلەر مادارىن ئاچقان خاڭلارنى تاش بازار دەپمۇ ئاتايدۇ ) . پىلدىكى مۆتىۋەر كىشىلەر ئاڭلىغانلىرىنى دەپ بېرىشىچە مادارىن تاش بازار بەرپا قىلىش جەريانىدا ئۆزىگە قاشتېشى كارىۋاتمۇ ياساتقان ئىكەن . كېيىن ئۇ پىلدىن كېتىش هارپىسىدا هېلىقى قاشتېشى كارىۋاتنى زەرەپشان دەرياسى ساھىلىدىكى قۇملارغا كۆمۈۋەتكەنمىش . لېكىن ، كىشىلەر ئۇنى هازىرغىچە ئىزدەپ تاپالمىغان .

1922 ـ يىلى ، مادارىن يەكەندە تاشقورغاننىڭ هاكىم بېگى مۇھەممەد كەرىمبەگنىڭ ، باشقىلارغا سوۋغا قىلغان بىر پارچە ئاق قاشتېشىغا كۆزى چۈشۈپ قالىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇ نىشانىنى داتوڭغا يۆتكەپ ، 1923 ـ يىلى ئەتىيازدا 20 گە يېقىن ئەسكەرنى ئەگەشتۈرۈپ ، لەنگەر كەنتىنىڭ ئارپا تالاغ داۋىنىدىن ئېشىپ ، زەرەپشان دەرياسىدىن سال بىلەن ئۆتۈپ ، داتوڭغا كېلىدۇ . ئاندىن سېرىقيارغا كېلىپ ئۆي ـ ئىمارەت سالدۇرىدۇ . داتوڭ لەپكەشتىكى 93 ياشلىق قۇبەنىڭ دېيىشىچە مادارىن سېرىقيارغا ئىمارەت سالدۇرغاندا ئالتە ياشلاردا ئىكەن . ئۇ ، ئۆيىنىڭ ياغاچلىرىنى توشۇغان دادىسى ۋە باشقىلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ بۇ خاڭغا بارغان ئىكەن . قىيابەگنىڭ ئوغلى لەشكەر ، قەمچىبەگلەرنىڭ دېيىشىچە مادارىن سېرىقيار قاشتېشى كېنىغا ئىش باشلىغاندا داتوڭدىكى قابىل ياشلاردىن 40 قا يېقىن كىشىنى ئىشلەتكەن ئىكەن . شۇلارنىڭ ئارىسىدا دادىسى قىيابەگمۇ ئىشلىگەن ئىكەن . بىر كۈنى مادارىن قىيابەگ قاتارلىق تۆت

كىشىنى قاشتېشى مەنبەسى ئىزدەشكە ئەۋەتىپتۇ. قىيابەگ قاتارلىقلار ھازىرقى خاڭنىڭ شىمالىغىراق توغرا كېلىدىغان سىلىق تاش قىيادىن ئۆتۈپ خېلى ئىزدەپتۇ ھەمدە ئەينەكتەك سۈزۈك قاشتېشى مەنبەسىنى تېپىپتۇ. بىراق، بۇ جاي ناھايىتى قىيىن، خەتەرلىك بولغاچقا، بۇ تۆت كىشى مەسلىھەتلىشىپ، نۇرغۇن ئادەمنىڭ بۇ يەردە ئۆلۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇلار گېپىنى بىر قىلىپ، مادارىنغا: «كان تاپالمىدۇق» دەپ مەلۇم قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مادارىن ئەسلىدە ئىش باشلىغان كاننى ئېچىشقا كىرىشىپتۇ. ئەينى ۋاقىتتا پىلىك، پىستان دېگەندەك پارتلىتىش بۇيۇملىرى بولمىغاچقا، مادارىن ئادەملىرىگە ياغ، ئوتۇن، قوي، قوتاز ۋە باشقا ھايۋانلارنىڭ تېرىسىنى يىغدۇرۇپ، قاشتېشىنىڭ ئۈستىگە ئوت قالىتىدىكەن. نەرسىلەر كۆيۈپ، تاش قىزىغاندىن كېيىن يېرىلىپ ئېتىلىشقا باشلايدىكەن. تاش بىرئاز سوۋۇغاندىن كېيىن تۆمۈر ياكى قاتتىق ئۆرۈك ياغىچىدىن ياسالغان «شىنا»نى قېقىپ قاشتېشىنى پارچىلاپ چىقىرىدىكەن. مادارىن مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ئۈچ يىلدىن ئارتۇقراق قاشتېشى قېزىپتۇ. ئۇ ھەر جۈمە كۈنلىرىدە مال سويۇپ نەزىر - چىراغ بېرىپ، ئىشچىلىرىنى تويغۇدەك غىزالاندۇرىدىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا مادارىن مۇھەممەد كەرىمبەگ بىلەن بىر قېتىم جېدەللىشىپ قالغان ئىكەن. مۇھەممەد كەرىمبەگ مادارىنغا: «سەن بۇ يەرگە كەلگىلى خېلى بولدى، ماڭا بىر قېتىممۇ سالام - سەئەت قىلمىدىڭ، قاشتېشىنىڭ ھەققىنى بەرمىدىڭ، بۇنداق قىلساڭ قانداق بولىدۇ» دېگەندە مادارىن ئاچچىقلىنىپ، مۇھەممەد كەرىمبەگكە قورال تەڭلەپتۇ.

مادارىن قازغان قاشتېشىنى ئۇدۇللۇق يۆتكەپ

تۇرۇپتۇ (ئېيتىشلاغا قارىغاندا ئۇ ، تاشلارنى بېيجىڭ قاتارلىق ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە يۆتكىگەنمىش ) . ئۇ ، تاشلارنى سال بىلەن زەرەپشان دەرياسىدىن ئۆتكۈزۈپ ، كىچىكلىرىنى سېۋەتلەرگە قاچىلاپ ، چوڭلىرىنى ياغاچ غالتەكلىك هارۋىغا بېسىپ ، بىرقانچە ئادەم ئالدىنى تارتىپ ، قالغانلىرى ئارقىدىن ئىتتىرىپ ئېلىپ ماڭىدىكەن . ئەينى ۋاقىتتا مادارىن لەنگەر ئارپا تالاغ داۋىنىغا كىچىك غالتەك هارۋا يولى ياساتقان ئىكەن . 1933 ـ يىلىنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە مادارىن خوتۇنى ئەۋەتكەن ماخۇسەن قوشۇنلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىنى ئىشغال قىلىپ ، خوتەنگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن ئۇ ، تۇيۇقسىز ساراسىمگە چۈشۈپ قايتىپ كەتمەكچى بوپتۇ . ئۇ ئەسكەرلىرى بىلەن قىيابەگ قاتارلىق ئۈچ كىشىنى ئېلىپ ، لەنگەرنىڭ سۆگەتلىك دېگەن يېرىدە قونۇپتۇ . ئۇ ، قىيابەگكە ئۆزىگە هەمراھ بولۇپ داۋاملىق ماڭسا ، نۇرغۇنلىغان ئالتۇن ـ كۈمۈش بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ . بىراق ، قىيابەگ ئۇنىڭ گېپىدە نۇرغۇن شۈملۈكنىڭ بارلىقىنى سېزىپ ، تۈن يېرىمى بولغاندا ، مادارىنىنىڭ ئۇخلاپ قالغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئۆزى بىلەن كەلگەن ئىككى كىشىنى ئېلىپ قېچىپ كېتىپتۇ . ئۇلار بەش كۈنگىچە يىراق تاغ ئۆڭكۈرىدە يوشۇرۇنۇپ ياتقاندىن كېيىن ، ئاندىن ئۆيلىرىگە قايتىپ كېلىشىپتۇ . شۇنىڭدىن باشلاپ مادارىنىنىڭ داتوڭ بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈلۈپتۇ .

ئاپتور : ناهىيىلىك سىياسىي كېڭەشتە ئىشلەيدۇ

مەسئۇل مۇھەررىرى : مەدەلىخان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئېگىزلىكتىكى ئورمان ئەلچىسى

**شىجائەتخان ۋەزىرى ، دىلسادىق ئىبراھىم**

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ دۆلەت 314 - تاشيولى بويىدىكى جايلارنىڭ ھاۋا كىلىماتى تىپىك ئېگىز ، سوغۇق ، قۇرغاق رايون كىلىماتىغا تەۋە بولۇپ ، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 4000 مېتىرغىچە كېلىدۇ .

بۇ جايلاردا قەدىمدىن تارتىپ شەكىللەنگەن تەبىئىي ئوتلاقلاردىكى ئوت - چۆپلەردىن باشقا ، قومۇش ، چىغ قاتارلىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈكلەر ھەم جىغان ، كۆك سۆگەت ، يۇلغۇن ، ئارچا ، قاراقات قاتارلىق دەل - دەرەخ چاتقاللارلا ئۆسەلەيدىكەن ، ئۇلاردىن بۆلەك ھاۋا شارائىتىنىڭ سوغۇقلۇقى ، چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ كۆچمەن تۇرمۇش مۇھىتى ، كىشىلەرگە كۆپلەپ ئورمان ، دەل - دەرەخ يېتىشتۈرۈش ، باغ - ۋارانلارنى بەرپا قىلىش ئىمكانىيىتى بەرمىگەن . رىۋايەت قىلىنىشىچە ، بۇنىڭدىن تەخمىنەن 100 نەچچە يىل ئىلگىرى ( 1880 - يىللىرى ) ئىسلام دىنى ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ تەرغىباتچىسى شاھ لەنگەر ھىندىستاننىڭ بومباي شەھىرىدە سۇلتان مۇھەممەد شاھ ئاغاخان پىرخانىسىنى تاۋاپ قىلىپ ، تاشقورغانغا كەلگەن . قايتىش سەپەردە

تاشقورغاننىڭ ۋەرشىدې كەنتىدىن ــ مۇھەممەد ياررەجەبمەمەد، تىزناپلىق مەركۇت قاتارلىقلار تۆگە، ئات، ئېشەكلىرى بىلەن بۇ زاتنى ھىندىستانغا يەتكۈزۈپ قويماقچى بولغان.

ئۇلار ئۇنى شۇ ۋاقىتتىكى ھىندىستان (ھازىرقى پاكىستان تەۋەسى)نىڭ شىمالىي رايونىدىكى تاشقورغان بىلەن چېگرىداش بولغان شىقەمەن دېگەن يەرگە ئاپىرىپ قويىدۇ.

ئۇ يەردە شاھلەنگەر تۇرۇپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئىشان ئۇلارنىڭ جاپا چېكىپ، ئۆزىنى ساق ـ سالامەت كۆزلىگەن مەنزىلگە يەتكۈزگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىدۇ ھەم ئۇلارغا يول خىراجىتى بېرىدۇ، ئۇلاردىن يەنە نېمە تەلەپلىرى بارلىقىنى سورايدۇ.

مۇھەممەد يار پۇل ـ مال ئالماي شىقەمەن دېگەن يەردىكى سېرىق ۋە قىزىل سۆگەت كۆچىتىنى ئېلىپ، يۇرتىدا تىكىپ ئۆستۈرۈشنى ئېيتىدۇ. شاھلەنگەر ئۇنىڭ بۇ تەلىپىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا جىرىم كېسىپ كېتىشنى ئېيتىدۇ.

ئۇ قىزىل، سېرىق سۆگەت جىرىملىرىنى كېسىپ، تۆگە، ئاتلىرىغا ئارتىپ يۇرتىغا قايتىدۇ. ئۇنىڭ قايتقان ۋاقتى باش باھار مەزگىلى بولۇپ، دەرەخ تىكىشكە تازا باب مەزگىل ئىكەن، ئۇ ئۆز يۇرتى ۋەرشىدې كەنتىنىڭ لەڭگەردىكى «شاھ ئەۋلىيا» مازىرى يېنىدىكى ئۆيى ئەتراپىغا ۋە ۋەرشىدې كەنتىنىڭ بۇرغۇل دېگەن يېرىدىكى ئۆيى ئەتراپىغا بۇ جىرىملارنى تىكىدۇ. قىزىل، سېرىق سۆگەتنىڭ قۇرغاقچىلىققا، سوغۇققا، ناچار تۇپراققا ماسلىششچانلىقى كۈچلۈك بولغاچقا، بۇ سۆگەتلەر شۇ يىلىدىلا كۆكلەپ ئۆسىدۇ. مۇھەممەد يارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىشى بىلەن، بۇ كۆچەتلەر 7 ــ 8 يىلدىن كېيىن، باراقسان

شاخلىنىپ ، ئاجايىپ گۈزەل دەرەخزارلىق بولۇپ يېتىشىپ ، نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدۇ . كىشىلەر بارا - بارا بۇ يەردىمۇ جىرىم تىكىپ دەرەخ ئۆستۈرۈشكە بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىدۇ .

مۇھەممەد يار ئۆزىنىڭ تۇنجى مۇۋەپپەقىيىتىدىن تېخىمۇ ئىلھاملىنىپ ، چارلۇغنىڭ پاسىراۋات دېگەن يېرىدىكى دوستى بەتەي ھاجىنىڭ ياردىمىدە ، پاسىراۋاتتىن ئاق تېرەك كۆچىتى ئەكېلىپ يۇقىرىدا ئېيتىلغان مەھەللىرىگە تىكىپ ، ئەي قىلىپ ، ئۇنىڭدىمۇ مۇۋاپپەقىيەت قازىنىدۇ .

يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ، بۇ دەرەخلەرنىڭ كۆچىتىنى ھەرقايسى كەنتلەردىكى قولۇم - قوشنا ، دوست - يارلىرىغا بېرىپ ، ئۇلارنىمۇ دەرەخ تىكىشكە ئۈندەيدۇ .

بۇنىڭ نەتىجىسىدە تاغارمىدىكى ئاقيول ، بارات بەگ گۇر ئوغلى دېگەن كىشىلەر ، تىزناپتىكى قۇربانجان ، غوجاردۇمباق ، تاشقورغاندىكى ھەيدەربەگ ، دافەدار ، سەۋگەن ، بايجان ، مەتۇن ، شەنباي ئابادخان ، بوز يىگىت ، ئۇشۇراخۇن ، مەھەممەد يار بەگ ، ھەبىبىللا . تۇرابخوجا ، قوزىباي ، داۋۇت ، بوغداي قاتارلىق كىشىلەرمۇ بۇ دەرەخلەرنىڭ نوتىسىنى ئۆز ھويلا - ئاراملىرىغا تىكىپ ئۆستۈرىدۇ .

ئورمان ئەلچىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، ئوغلى رەمەتىللا ۋە ئىزەتىللالار ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ ، ئاتىسى تىكىپ يېتىشتۈرگەن سېرىق سۆگەت ، قىزىل سۆگەت ۋە ئاق تېرەكلەرنى ياخشى پەرۋىش قىلىپ ، ئورمان كۆلىمىنى يەنىمۇ زور دەرىجىدە كېڭەيتىدۇ .

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە رەمەتىللا ، ئىزەتىللالار يېتىشتۈرگەن دەرەخزارلىق « تاش شەھەر » يېنىدىكى

« شاھ ئەۋلىيا » مازىرى ئەتراپىدا ئاجايىپ دىلكۆشا ئارامگاھ بولۇپ ، كىشلەر ياز كۈنلىرى ئۇ يەرگە كېلىپ سالقىندايدىغان ، ھۇزۇرلىنىدىغان بولىدۇ . كېيىن بۇ ئورمانلار يەنە ناھىيە بازىرىدىكى كوچىلارغا ۋە تاشقورغان دەرياسى بويىدىكى يېزىلارغا ۋە بەلدىر يېزىسىغا گۈيخۇالاشتۇرۇش مەزگىلىدە كۆپلەپ تىكىلىپ ، ناھىيىمىزنىڭ يېشىل ئورمان سېپىلىنى بەرپا قىلىشقا ئاساس سالغان .

ھازىر ناھىيىمىزنىڭ بازار ئىچى ۋە يېقىن يېزىلاردا ئالتۇندەك سېرىق كۆرۈنگەن مەنزىرىلىك دەرەخلەر ۋە تېرەكلەر ئەنە شۇلارنىڭ تەرەققىياتى ۋە راۋاجىدۇر .

ئەنە شۇ ئورمان ئەلچىسى مۇھەممەد يارنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى رەھمەتتىللا ، ئىزەتتىللانىڭ تۆھپىسىدۇر . كېيىن مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن ئىبارەت ئەنسىز يىللاردا ئۇلار تىككەن دەرەخلەر كېسىلىپ ، ھەتتا تۈپ يىلتىزىدىن كولىنىپ ، ۋەيران قىلىۋېتىلگەن بولسىمۇ ، ئەمما ئۇلار تارقاتقان كۆچەتلەر ھەممە يەردە كۆكلەپ ، ئاپتونوم ناھىيىمىزنىڭ ئورمانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇپ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلاشتا زور رول ئوينىغان . بۈگۈنكى كۈندە بىز ۋەتەننى كۆكەرتىپ ، مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان پەيتتە ، ئاپتونوم ناھىيىمىزدىكى تۆھپىكار ئورمان ئەلچىلىرىنى ياد ئېتىپ ، ئۇلارنىڭ تۆھپە خىزمەتلىرىنى تارىخ بېتىگە پۈتۈش زۆرۈر دەپ قاراپ ، بۇ قىسقا ماقالىمىزنى كىتابخانلارغا ئالاھىدە تەقدىم قىلىشنى توغرا تاپتۇق .

مەسئۇل مۇھەررىرى : مەدەلخان

( ئاپتورى : پارتكوم ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىدا )

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى
www.uyghurkitap.com

# يۈسۈپجان پاراكەندىچىلىكى ۋە گۈلشىرخان بىگۈنىنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرى

## قەيسەر دۆلەتبېك

تاشقورغان رايونىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا يۈسۈپجان پاراكەندىچىلىكى زور ۋەقە ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 20 ـــ 30 ـ يىللىرىدا شىنجاڭدا ياڭزېڭشىڭ، جىن شۇرېن، شېڭ شىسەي قاتارلىق مىللىتارىستلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە، شىنجاڭ خەلقى، جۈملىدىن تاشقورغاندىكى ھەر مىللەت خەلقى ئېغىر ئازاب ـ ئوقۇبەتكە دۇچار بولغان ئىدى. ئازاب ـ ئوقۇبەتكە ئۇچرىغان ھەر مىللەت خەلقى تۈرلۈك يوللار بىلەن زۇلۇمغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. لېكىن، بۇ قوزغىلاڭلاردىن بەزىلىرى تېزلا يەنە ئەكسىيەتچى بۆلگۈنچى كۈچلەر تەرىپىدىن پايدىلىنىپ كېتىلدى. جەنۇبىي شىنجاڭدا سابىت داموللا باشچىلىقىدىكى بۆلگۈنچىلەر «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى» قۇرغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيادا پېتراپ يۈرگەن باسمىچىلاردىن يۈسۈپجان، يۇنۇسجان ئاكا ـ ئۇكا ئۇلارغا قوشۇلۇۋالغان ئىدى. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى بىتچىت

قىلىنغاندا، يۈسۈپجان قېچىپ تاشقورغانغا چىقىپ ھەدەپ بۇلاڭ ـ تالاڭ ۋە قىرغىنچىلىق قىلىپ، خەلققە ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ئازاب ـ ئوقۇبەت ئېلىپ كەلگەن ئىدى. تاشقورغاندىكى ھەر مىللەت خەلقى شۇ ۋاقىتتىكى تاشقورغان ھاكىمى شەرىپ ۋە ئىنىسى ئۆلپەتشاھ (ئۆلپەتشاھ بۇ ۋاقىتتا چېگرا مۇداپىئە ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئىدى)نىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن، يۈسۈپجان پاراكەندىچىلىكىنى تارمار قىلىپ، تاشقورغان خەلقىنى بالا ـ قازادىن ئامان ساقلىغان، گۈلشىرخان بۇ ۋاقىتتا زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، يۈسۈپجان پاراكەنچىلىكىنى (خەلق ئارىسىدا يۈسۈپجان ئىنقىلابى دېيىلىدۇ) تىنچىتىشتا زور خىزمەت كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ پائالىيەتلىرى ھېلىمۇ خەلق ئارىسىدا ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا تارقىلىپ يۈرمەكتە. بۇ ماقالىدە گۈلشىرخانىنىڭ يۈسۈپجان پاراكەنچىلىكىنى تىنچىتىشتا كۆرسەتكەن خىزمىتى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھايات پائالىيەتلىرى خەلق ئارىسىدىن تەكشۈرۈلگەن ماتېرىياللارغا ئاساسەن قىسقىچە بايان قىلىنىدۇ.

گۈلشىرخان بىگۇن تاشقورغاننىڭ دەپتەر يېزىسىدا تۇغۇلغان. بوۋىسى ئەلىفبىگ ۋە دادىسى بىگۇنىنىڭ قولىدا دىنىي بىلىم تەھسىل قىلغان، ئۇنىڭ دادىسى ۋە چوڭ دادىسى دەپتەر دىيارىدا خېلى زور تەسىرگە ئىگە خەلقپەۋەر بولۇپ، يۇرتىنىڭ دىنىي ئىشلىرىنى باشقۇرغاندىن تاشقىرى، يەنە ئۇرۇق ـ تۇغقانىنىڭ بالىلىرىنىمۇ ئوقۇتۇپ، ساۋاتىنى چىقارغان.

گۈلشىرخان كىچىكىدىن باشلاپلا ئەقىللىق، زېرەك، سۆزمەن بولۇپ، دادىسىدىن دىنىي ئىلمىنى مۇكەممەل ئىگىلىۋالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

1912 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئۇ پۇلى ناھىيىسىنىڭ مەمۇرى ئىشلىرىغا قاتنىشىدۇ، يەنى گومىنداڭنىڭ پۇلى ناھىيىسىدىكى تىنچلىق ساقلاش ئەترىتىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ چېگرىدىن كىرىپ ـ چىققۇچىلارنىڭ سالاھىيىتى ۋە كىرگۈزۈلگەن ماللارنىڭ تۈرلىرىنى تەكشۈرۈپ، چېگرىدىن كىرىپ ـ چىقىدىغان ماللارنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلغان.

ئەينى ۋاقىتتىكى پۇلى ناھىيىسىنىڭ تۇنجى ھاكىمى شەرىف رەشىد، ئۇلفەتشاھ رەشىدلەر بىلەن يېقىن تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى ۋە خىزمەتلەردە ئۆزئارا ماسلىشىش مۇناسىۋىتى تۈپەيلىدىن، مۇھىم ئىشلار ئۈستىدە ئۆزئارا پىكىر يۈرگۈزۈپ، با مەسلىھەت ئىش قىلاتتى.

1932 ـ يىلىغا كەلگەندە، بىز يۇقىرىدا دېگەن يۇسۇپجان پاراكەندىچىلىكى يۈز بەردى. خەلقنىڭ تۇرمۇشى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغاندىن كېيىن، ناھىيىنىڭ ۋەزىيىتى مۇقىمسىز بولغان ئىدى. يۇسۇپجان بىرمۇنچە ئەسكىرىي كۈچى بىلەن تاغارمىنىڭ دەرىشات ئېغىزىدىن كىرىپ، ئۆيمۇئۆي بۇلاڭچىلىق قىلىپ، خەلقنىڭ مال ـ چارۋىلىرىنى مەجبۇرىي تارتىۋېلىپ، بىگۇناھ پۇقراغا زۇلۇم سالغان ھەمدە چەت ئەلگە چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ، يولبويى چوشمان، تىزناپ، ۋەرشىدې، دەپتەر قاتارلىق جايلاردىكى پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىنى بۇلاپ ـ تالىغان. ھەتتا پەسراۋاتتىن كىرىپ قوغۇشلۇقنىمۇ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغان. شەرىف، ئۇلفەتشاھ، گۈلشىرخان قاتارلىق يۇرت مۆتىۋەرلىرى مەسلىھەتلىشىپ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياردەم تەلەپ قىلىدۇ ھەمدە گۈلشىرخان باشچىلىقىدىكى بىرمۇنچە ئەسكەرلەر سوۋېتقا بېرىپ، ئوق ـ دورا ۋە مىلتىق قاتارلىقلارنى ئەكېلىدۇ. گۈلشىرخانىنىڭ بۇ ئىشىدىن

خەۋەر تاپقان يۈسۈپجان ئۇنىڭ دەپتەردىكى ئۆيىنى بۇلاپ ـ تالاپ ئوت قويىدۇ ھەمدە سايدىقول جىلغىسىغا يوشۇرۇپ قويۇلغان بارلىق مال ـ مۈلۈكىنى تاپتۇرۇپ مۇسادىرە قىلىدۇ. دەپتەر يېزىسىنىڭ داڭباش يايلىقىدىكى سەرەرىق يايلىقىدىكى گۈلشىرخان ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ كىگىز ئۆيىنىمۇ يېرىم كېچىدە قورشاپ، ئوققا تۇتىدۇ. شۇ چاغدا گۈلشىرخانمۇ شۇ كىگىز ئۆيلەرنىڭ بىرىدە بار بولۇپ، مىلتىق ئاۋازى ئاڭلىنىش بىلەن تەڭ گۈلشىرخان ۋە ئايالى ئەلىمە كىگىز ئۆينىڭ كەينى تەرىپىدىكى كىرەگۈنى پىچاق بىلەن كېسىۋېتىپ چىقىپ كېتىدۇ. لېكىن، گۈلشىرخاننىڭ ئىنىسى كىرىمخانغا ئوق تېگىپ قۇربان بولىدۇ. باسمىچىلار گۈلشىرخاننىڭ قۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى سېزىپ كىگىز ئۆيلەرگە ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىدۇ ھەمدە پەيىك جىلغىسىغا يېتىپ كەلگەندە، 100 گە يېقىن يەرلىك تاجىك ئەسكەرلەرنىڭ پىستۇرمىسىغا دۇچ كېلىپ، بەرداشلىق بېرەلمەي قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ، ئافغانىستانغا چىقىپ كېتەلمەي كەينىگە يېنىشقا مەجبۇر بولىدۇ. بىر تۇغقان قېرىندىشى ۋە بارلىق مال ـ مۈلكىدىن ئايرىلىپ قالغان گۈلشىرخان يۈسۈپجاننىڭ كەينىدىن قوغلاپ ئۇنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى ئاساسىي جەھەتتىن تارمار قىلىدۇ. چەتنىڭ باسمىچىلىق ھەرىكەتكە قارشى تۇرۇپ، قان كېچىپ جەڭ قىلىش ئارقىلىق ۋەتەن تۇپرىقىنى قوغداپ، ئۆزىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى نامايان قىلغان.

1937 ـ يىلىغا كەلگەندە، شىنجاڭدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ شەكىللەندى ھەمدە بىر تۈركۈم جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرى شىنجاڭدا خىزمەت ئىشلەشكە ئەۋەتىلىپ، كومپارتىيىنىڭ خەلقچىللىق ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلغان دەۋرلەردە، گۈلشىرخان بىر تەرەپتىن سوۋېت بولشېۋىكلار پارتىيىسىنىڭ تەلىمىنى قوبۇل قىلسا، يەنە بىر

تەرەپتىن كومپارتىيىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ ، خىزمەت ئۇسۇلىدا بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىدۇ .

1943 - يىلىغا كەلگەندە ، شېڭ شىسەي ئىككى يۈزلىمىچىلىك ئەپت - بەشىرىسىنى تولۇق ئاشكارىلاشتىن سەل ئىلگىرى ، كوممۇنىستىك ئىدىيىسىدە بولغانلارنى ھەر خىل باھانە - سەۋەبلەر بىلەن كۆزدىن يوقىتىش كويىغا چۈشۈپ ، باشقا يەرگە يۆتكەپ يوق قىلىش تاكتىكىسىنى قوللانغان . ناھىيە ھاكىمى شەرىف ۋە ئىنىسى ئۇلفەتشاھلارنى ئۈرۈمچىگە چاقىرتىپ يوق قىلىدۇ . گۈلشىرخان بىگۈننى ئاۋۋال ئۈرۈمچىگە چاقىرتىپ ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا قويىدۇ . كېيىن ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىدۇ . ئاردىن بىر يېرىم يىل ئۆتكەندىن كېيىن ، ئۇنى ئاقسۇ كەلپىن ناھىيىسىگە ھاكىم قىلىپ ئەۋەتىدۇ ، يېرىم يىلغا يېقىن خىزمەتتىن كېيىن يەنى 1944 - يىل 12 - ئايدا مەخپىي كىشىلەر تەرىپىدىن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈۋېتىلىدۇ .

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئات - تۆگە بىلەن ئىككى ئايدىن ئارتۇق يول يۈرۈپ ، ئۇنىڭ جەسىتىنى تۆگىگە ئارتىپ دەپتەرگە ئەكىلىپ قويىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا ئاتاپ مەقبەرە ياسىتىدۇ . مەقبەرىسى ھازىرمۇ بار .

قولىمىزدا گۈلشىرخاننىڭ ئارخىپى ۋە يېتەرلىك ماتېرىياللار بولمىغاچقا ، بەزى نۇقسانلارنىڭ بولۇشى تەبىئىي . كىتابخانلارنىڭ تولۇقلىشى ۋە تۈزىتىپ بېرىشىنى سورايمىز .

مەسئۇل مۇھەررىرى : مەدەلىخان

ئاپتورى : پارتكوم تارىخ تەزكىرە ئىشخانىسىدا

# تاشقورغان ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ناھىيە دەرىجىلىك ۋەزىپە ئۆتىگەنلەر ھەققىدە ئىزاھات

( شىجائەتخان ۋەزىرى ، قەيسەر دۆلەتبېكلەر رەتلىگەن )

ناھىيىلىك سىياسي كېڭەش تارىخي ماتېرىياللار كومىتېتى ـــ ناھىيىمىز تارىخي ماتېرىياللىرىنىڭ كەڭ ، چوڭقۇر ، تولۇقراق بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ ، ناھىيىلىك تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ يېقىندىن ياردەملىشىپ ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىشى ۋە ھەر تەرەپتىن ئىزدىنىپ ، ئەھۋال ئىگىلەپ رەتلەپ چىقىش نەتىجىسىدە تاشقورغان ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغاندىن بۇيانقى بولغان ھاكىم ۋە مۇئاۋىن ھاكىملار ئىسىملىكىنى تۈزۈپ چىقتۇق ؛ بۇ تىزىملىك قىسقا ، ئىخچام بولسىمۇ ، تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇشتا مۇھىم ماتېرىيال بولۇپ قالار دەپ ئويلايمىز . بۇ ماتېرىيالنى 1930 ـ يىللاردىن باشلاپ ناھىيە ھاكىملىق تەشكىلي تۈزۈمنى يولغا قويغاندىن باشلاپ تاكى 1950 ـ يىلىغىچە بولغان 20 نەچچە يىل ئىچىدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەيىنلىگەن ھاكىم ۋە مۇئاۋىن ھاكىملار بولۇپ جەمئىي 12 نەپەر ئىكەن . ئازادلىقتىن كېيىن سايلانغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھاكىم بەش نەپەر ، مۇئاۋىن ھاكىملار جەمئىي 27 نەپەر كىشى .
1981 - يىلى خەلق قۇرۇلتىيىنى دائىمىي كومىتېتى تەسىس قىلىنغاندىن بۇيانقى 20 يىل ئىچىدە مۇدىر ، مۇئاۋىن مۇدىر بولغانلار جەمئىي 18 نەپەر كىشى (ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ، مۇئاۋىن رەئىسلەر ئىسمىلىكى بىرىنچى توپلامدا بېرىلگەنلىكتىن ، بۇ قېتىم قايتا بېرىلمىدى ) ئازادلىقتىن بۇيانقى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى بولغانلار 11 كىشى بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئىسمىلىكى جەدۋەللەشتۇرۇپ بېرىلدى .

ئېھتىمال ، ۋاقىت ۋە باشقا جەھەتلەردە سەۋەنلىك ، خاتالىقلار بولۇشى مۇمكىن ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ توغرا چۈشىنىشىنى ، تارىخنىقا قىزىققۇچىلارنىڭ ئوقۇمۇشلۇق زاتلارنىڭ تولۇقلاپ ، تۈزىتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز . بۇ يەردە ئىزاھلاپ قويۇشقا تېگىشلىك يەنە مۇنداق ئۈچ مەسىلە بار .

بىرىنچى : بىزنىڭ بىلىشىمىزچە 1912 - يىلى تاشقورغان ناھىيە بولۇپ ( شۇ ۋاقىتتا خەنزۇچە پۇلى ناھىيىسى دەپ ئاتالغان ) قۇرۇلغاندىن بۇيان ئىچكىرىدىن ناھىيە ئامبىلى تەيىنلەنگەن بولسىمۇ ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئادەتتىكى خەلق ئىشلىرىنى يەنىلا بۇرۇنقى ھاكىمبەگ مۇھەممەت كەرىمبەگ باشقۇرۇپ كەلگەن . مۇھەممەت كەرىمبەگ ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئارىلىقتا بىرنەچچە يىل يەنىلا ئۇنىڭ ئوغلى ئابلىكىمبەگ قىسقا مەزگىل بولسىمۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان . ھاكىمبەگلىك تۈزۈمىنىڭ تاشقورغاندا ئۇزاق مۇددەت ساقلىنىپ قېلىشىدا بەلكىم تاشقورغاننىڭ مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك چېگرا رايون بولغانلىقى كۆزدە تۇتۇلغان بولسا

كېرەك . يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ يۇرتنى تىنچ ـ ئامان سوراپ، چېگرىنى قوغداپ بەرسىلا ئۇلارنىڭ مەنسىپىگە تەگمىگەن بولۇشى مۇمكىن .

ئىككىنچى بىر مەسىلە : داتوگدىكى مۇھەممەت كەرىمبەگ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە ( 1892 ــ 1924 ) چېگرا تىنچ، يۇرتمۇ بىرقەدەر تىنچ ـ ئامان ئۆتكەن، چەت ئەل باسمىچىلىرى، بۇلاڭچىلارمۇ ئانچە كۆپ كېلەلمىگەن، ھونزا ئەمىرى بىلەن قىز بېرىپ، قىز ئېلىشىپ، قۇدا ـ باجا بولۇشتەك دوستلۇق ئورنىتىپ، مۇناسىۋەتنى ياخشىلىغان . باسمىچىلارنىڭ پاراكەندىچىلىكى ئازايغان، چارروسىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن چوڭ سۈركىلىش بولمىغان، مۇشۇنداق بىرمۇنچە تارىخىي مۇناسىۋەتلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، ھاكىملىق تەشكىلىي تۈزۈمنى كېيىنچىرەك يولغا قويغان بولۇشى مۇمكىن .

ئۈچىنچى بىر مەسىلە : شىنجاڭنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتىدە بولسا داۋالغۇش، ئۇرۇش، نىزالار ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇرغان . ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ جاي چەت ـ يىراق، قاتنىشى قىيىن بولغانلىقتىن، شىنجاڭدىكى يەرلىك مىللىتارىست ھۆكۈمەتلىرى يېتىشەلمەي، باشقۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمەي، شۇ بويىچە قويغان بولۇشى مۇمكىن ۋەھاكازالار . تارىخچىلار بۇ مەسىلىنى ئىلمىي تەھلىل قىلىپ توغرا چۈشىنىشى، ئەلۋەتتە بۇ ھەقتە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىزدىنىش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشى زۆرۈر .

مەسئۇل مۇھەررىرى : مەدەلىخان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئازادلىقتىن بۇرۇنقى پۇلى ناھىيىسىنىڭ ھاكىم ، مۇئاۋىن ھاكىملار ئىسىملىكى ( 1932 — 1949 )

| ئىسىم فامىلىسى | مىللىتى | ۋەزىپىسى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|
| شەرىف رەشىد | تاجىك | ھاكىم | 1935. 4—1932. 3 |
| ۋىن جىك | شىۋە | " | 1938. 2—1935. 7 |
| شۇلياڭ | خەنزۇ | " | 1940. 7—1938. 6 |
| داكا شاھنەزەر | تاجىك | " | 1942. 7—1940 |
| ئەلىفشا تەيفۇر | تاجىك | " | 1947. 9—1946. 8 |
| قابىل مەمەرەيىم | تاجىك | " | 1949. 3— 1947. 9 |
| كارۋانشا تاجىبەك | " | مۇئاۋىن ھاكىم | 1940 —1938. 1 |
| مىڭ شەنجاڭ | خەنزۇ | " | |
| ۋاڭ شەنجەڭ | " | " | |
| سوڭ شەنجاڭ | " | " | |
| ئابدۇقادىر | ئۇيغۇر | " | 1946. 9—1946. 2 |
| غوجامكەلدى خۇدابەردى | قىرغىز | " | 1950. 3—1947. 4 |

## ئازادلىقتىن كېيىنكى تاشقورغان پۆلى ناھىيىسىنىڭ ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىملار ئىسىملىكى ( 1950—2001 )

| ئىسىم فامىلىسى | مىللىتى | ۋەزىپىسى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|
| غوجامكەلدى خۇدابەردى | قىرغىز | ھاكىم | 1953. 8—1950. 3 |
| شېرنىبەك مەمەت | تاجىك | " | 1981. 5—1954. 8 |
| ئەبۇزەل خەلىل | " | " | 1990. 8—1981. 7 |
| مىرزايى دوسمەمەت | " | " | 1996. 7—1990. 8 |
| روزى گۈلباي | " | " | 1997. 2— ھازىرغىچە |
| رېن شىڭ جيا | خەنزۇ | مۇئاۋىن ھاكىم | 1956. 6—1950. 3 |
| شېرنىبەك مەمەت | تاجىك | " " | 1954. 6—1952. 5 |
| زۇلال ياقۇپ | " | " " | 1958. 3—1955. 1 |
| بەگقەدەم شاھباز | " | " " | 1960. 1—1957. 5 |
| پېيشمىن | خەنزۇ | " " | 1965. 7—1959. 8 |
| ئابدۇقادىر موللەك | قىرغىز | " " | 1965. 5—1959. 8 |
| رۇستەم ماناس | تاجىك | " " | 1966. 5—1965. 4 |
| ليۇيى | خەنزۇ | " " | 1970. 5—1965. 5 |
| قارغىباي تۇردىباي | تاجىك | " " | 1987. 9—1981. 7 |
| ئاخۇنباي بونىك | " | " " | 1987. 9—1981. 7 |
| توختى بوز | " | " " | 1985. 3—1981. 7 |

www.uyghurkitap.com

| | | | |
|---|---|---|---|
| ياڭ شۇلۇن | خەنزۇ | مۇئاۋىن ھاكىم | 1985.3—1981.7 |
| يۈمن جيەنمىن | خەنزۇ | " " | 1993.3—1987.9 |
| مونى تابلىدى | تاجىك | " " | 1993.3—1987.9 |
| ئابلىمىت ئابدۇرەھمان | ئۇيغۇر | " " | 1993.3—1987.9 |
| جياڭ شىڭيى | خەنزۇ | " " | 1996.3—1989.7 |
| ليۇجۇگزى | " | " " | 1997.4—1993.4 |
| لى شيۆ جىن | " | " " | 1996.12—1993.4 |
| پەرھات ياسىن | ئۇيغۇر | " " | 1997.4—1993.4 |
| مەۋلانقۇل مەنسۇرخان | تاجىك | " " | 2001.2—1998.3 |
| ئىنىمجان ئابدۇرەھمان | " | " " | ھازىرغىچە —1998.3 |
| جاڭ جىن شىڭ | خەنزۇ | " " | ھازىرغىچە —1998.3 |
| ۋاڭ شياۋمىڭ | " | " " | 2000.7—1998.3 |
| شۆجىيمىڭ | " | " " | ھازىرغىچە —2001.2 |
| لى لىن فىڭ | | " | " " " |
| دىلمۇرات ئىبراھىم | تاجىك | " " | " " |
| دولقۇن مەشرەپ | ئۇيغۇر | " " | " " |

## ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مودىر مۇئاۋىن مۇدىر ئىسىملىكى

| ئىسىم فامىلىسى | مىللىتى | ۋەزىپىسى | نۆۋەتلىك قۇرۇلتايدا | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|
| سەيدۇللا بەيلەم | تاجىك | مۇدىر | 7-، 8-، 9- | 1990. 8—1981. 7 |
| بەكرى مەيلىباي | " | " | 10-، 11- | 1994. 5—1990. 8 |
| مونى تابىلدى | " | " | 10-11- | 1995. 2— ھازىرغىچە |
| ئىمارەتشا بەيگۈن | تاجىك | مۇئاۋىن مۇدىر | 7-، | 1985. 3—1981. 7 |
| لى جىڭيا | خەنزۇ | " | 7-8- | 1987. 3—1981. 7 |
| دوردانە قەقۇل | تاجىك | " | 7- | 1985. 3—1981. 7 |
| ئابدۇقادىر موللەك | قىرغىز | " | 7-8-9،- | 1990. 8—1981. 7 |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| توختى بوز | تاجىك | " | " | 8 ـ ، | 1987. 9—1985. 3 |
| مايىگۈشلىك | خەنزۇ | " | " | 9 ـ ، | 1990. 8—1987. 3 |
| ھاجى ئەيسا | قىرغىز | " | " | 10 ـ ، | 1993. 3—1990. 8 |
| شەۋكەت كابۇل | تاجىك | " | " | 10 ـ | 1993. 3—1990. 8 |
| ئابدۇرېشىت داداق | ئۇيغۇر | " | " | 10 ـ 11 ـ | 1996. 12—1990. 8 |
| گاۋفالياڭ | خەنزۇ | " | " | 11— | 1996. 12—1993. 3 |
| سىجەك ۋەزىرى | تاجىك | " | " | 11 ـ | 1996. 12—1993. 3 |
| مەمەتتوختا | قىرغىز | " | " | 11 ـ، 12 ـ | 1993. 3— ھازىرغىچە |
| سەفەربېگ مىرخان | تاجىك | " | " | 12 ـ | 1998. 3— ھازىرغىچە |
| نىڭ جىغلىڭ | خەنزۇ | " | " | 12 ـ | 1998. 3— ھازىرغىچە |
| تۇراخۇن يۇسۇپ | ئۇيغۇر | " | " | 12 ـ | 1998. 3— ھازىرغىچە |

## ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىلىرىنىڭ ئىسىملىكى

| ئىسىم فامىلىسى | مىللىتى | ۋەزىپىسى | نۆۋەتلىك قۇرۇلتايىدا | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|
| ماروي سەن | خەنزۇ | شۇجى | پۈلى ناھىيىسى | 1953.5—1950.3 |
| جىڭ فاشياڭ | " | " | " | 1954.9—1953.5 |
| رېن شىڭ جيا | " | " | 1 — نۆۋەتلىك | 1960.6—1956.5 |
| ۋاڭيىرېن | " | " | 2 ـ 3 ـ 4 — | 1966.5—1962.7 |
| لوشيەن جۇ | " | " | 5 — | 1975.7—1971.6 |
| زۇلال ياقۇپ | تاجىك | مۇۋەققەت شۇجى | 5 — | 1978.10—1975.8 |
| ئىسمائىل ئەزىز | " | شۇجى | 6 — | 1987.10—1985.12 |
| جاڭ لىمىڭ | خەنزۇ | شۇجى | 7 — | 1992.11—1988.10 |
| خۇڭ جياشى | " | " | 8 — | 1997.7—1992.11 |
| يىن جوگجي | " | " | 9 — | 2000.12—1997.8 |
| گۇجيەنۋى | " | " | 10 — | 2001.3— ھازىرغىچە |

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

# مەملىكەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنلىرىغا قاتناشقان تاجىك ۋەكىللىرىنىڭ ئىسملىكى

## ھەققىدە ئىزاھات

( شىنجاڭ تاجىكلار قۇتلىقى، قەيسەر دۆلەتبەگلەر رەتلىگەن )

تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاپ، رەتلەپ نەشر قىلىشتا جەمئىيەت ئارىسىدا تونۇلغان نوپۇزلۇق، مەشھۇر شەخسلەر شۇ تارىخىي دەۋر بىلەن چوڭ مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، ئۇلارنى يېزىش ۋە تونۇشتۇرۇش شۇ دەۋرنى تونۇشتۇرۇش بولۇپ، ناھايىتى ئەمەلىي رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىز، ئازادلىقتىن كېيىن ناھىيىمىزدىن مەملىكەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە خەلق سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى بولۇپ سايلانغانلارنىڭ ئىسملىك جەدۋىلىنى تۈزۈپ چىقتۇق. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 1973 ـ يىلىدىن باشلاپ بىرقانچە نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرۇلتايلىرىغا قاتناشقان

ۋەكىللەر چۇمان، ئىسمائىل ئەزىز، شەمبى ھەقىق، شادىيە نۇرئەلى، ئەركە مۇساق قاتارلىق بەش كىشى ۋەكىل بولغان. بۇلاردىن ئىسمائىل ئەزىز ئىككى نۆۋەت ۋەكىل بولۇپ قاتناشقان. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا 1964 ـ يىلى 3 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدىن باشلاپ ھازىرغىچە ئۇدا ھەر نۆۋەتلىك قۇرۇلتايغا قاتناشقانلار: كاملجان ئارىپ، غوجە ئەمەت، قۇربانجان جانمەمەت، ئەبۇزەر خېلىل، مىرزايى دوستمەمەت، روزى گۈلباي قاتارلىق ئالتە كىشى ۋەكىل بولغان. بۇلاردىن ئەبوزەر خېلىل ئۇدا ئىككى نۆۋەت ۋەكىل بولغان.

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشكە 1988 ـ يىلىدىن ھازىرغىچە ئىككى نەپەر كىشى ئەزا بولۇپ، ئۇلار: زۇلال ياقۇپ (ئىككى نۆۋەت ئەزا بولغان)، رۇستەم مىناسۇپ بىر نۆۋەت ئەزا بولۇپ قاتناشقان.

ۋەكىل مەسىلىسىدە ئىزاھات بېرىدىغان يەنە بىر ئىش بار. ئازادلىقتىن ئىلگىرىمۇ دۆلەت دەرىجىلىك ۋەكىل بولغانلار بولغان. بىرىنىڭ ئالاقىدار زاتلاردىن قايتا ـ قايتا ئىگىلەپ كۆرۈشىمىزچە 1946 ـ يىلى مەرياڭ يېزىسىدىكى سەدەنبەگ (تاشقورغان ناھىيە شەرقىي يېزىنىڭ باش بېگى بولغان) گومىنداڭ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مىللىي قۇرۇلتاي ۋەكىلى بولۇپ سايلانغان. بەلدىرلىك قاۋۇل بەگ (گومىنداڭ پۇلى ناھىيىلىك سەيىنخۇي يىجاڭى، كېيىن ناھىيە ھاكىمى بولغان) ئۆلكە ۋەكىلى بولۇپ سايلانغان. ئۇلار ئىككىسى ئۇرۇمچىگىچىلىك بېرىپ، ئۆلكىدىكى يىغىنغا قاتناشقان. لېكىن، نېمە ئۈچۈندۇر سەدەنبەگ نەنجىڭغا بارالماي قايتىپ كەلگەن.

## پارتىيە قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئىسىملىكى

| ئىسىم فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | سىياسىي قىياپىتى | ۋەزىپىسى | نۆۋەتلىك ساھەسى | ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| چۇمان نىيازمەممەت | ئەر | تاجىك | پارتىيە ئەزاسى | كادىر | 10 ـ نۆۋەتلىك | 1977—1973 |
| شەمبى ھەقىق | " | " | | دادۈي سېكرېتارى | 11 ـ نۆۋەتلىك | 1983—1977 |
| ئىسمائىل ئەزىز | " | " | " | ناھىيىلىك پارتكوم شۇجى | 12 ـ 13، ـ نۆۋەتلىك | 1992—1983 |
| شادىيە نۇرئەلى | ئايال | " | " | ئىنتىزام تەكشۈرۈش شۇجىسى | 14 ـ نۆۋەتلىك | 1997—1992 |
| ئەركە مۇساق | " | " | " | ئوقۇتقۇچى | 15 ـ نۆۋەتلىك | 1997 |

## مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئىسىملىكى

| ئىسىم فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | سىياسىي قىياپىتى | ۋەزىپىسى | نۆۋەتلىك | ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| كامىلجان ئارىق | ئەر | تاجىك | پارتىيە ئەزاسى | يېزىلىق پارتكوم شۇجى | 3 ـ نۆۋەتلىك | 1970—1964 |
| خوجەئەمەت | " | " | " | چارۋىچى | 4 ـ نۆۋەتلىك | 1978—1973 |
| قۇربانجان جانمەمەت | " | " | " | " | 5 ـ نۆۋەتلىك | 1983—1978 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئەبۆزەر خېلىل | " | " | " | ھاكىم | 6 ـ 7، ـ نۆۋەتلىك | 1983—1993 |
| مىرزايى دوستمەمەت | " | " | " | ھاكىم، دۇيى ۋېيۈەن | 8 ـ نۆۋەتلىك | 1993—1998 |
| روزى گۈلباي | " | " | " | ھاكىم | 9 ـ نۆۋەتلىك | 1998 |

## مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىكى

| ئىسىم فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | سىياسىي قىياپىتى | ۋەزىپىسى | نۆۋەتلىك سانى | ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| زۇلال ياقۇپ | ئەر | تاجىك | پارتىيە ئەزاسى | سابىق مۇئاۋىن ۋالىي | 7 ـ 8، ـ نۆۋەتلىك | 1988—1998 |
| رۇستەم ماناس | " | " | " | ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم يېزا خىزمەت بۆلۈم مۇئاۋىن باشلىقى | 9 ـ نۆۋەتلىك | 1998 |

## گومىنداڭ دەۋرىدىكى ۋەكىللەر ئىسىملىكى

| ئىسىم فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | سىياسىي قىياپىتى | ۋەزىپىسى | ۋاقتى | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|---|---|
| سەدىنبېك | ئەر | تاجىك | | زۇلابەگ | 1946 يىل | تەنجىلق ۋەكىلى |
| قاۋۇل بەگ | " | " | " | ھاكىم | 1946 يىل | شىنجاڭ ئۆلكە ۋەكىلى |

مەسئۇل مۇھەررىرى: مەدەلىخان

www.uyghurkitap.com

# جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشتىن بۇرۇنقى تاشقورغاندىكى پائالىيەتلىرى

1949 ـ يىل 12 ـ ئايدىن 1954 ـ يىل 9 ـ ئايغىچە

## ۋاڭ سۇگيۇەن

1949 ـ يىل 12 ـ ئايدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 1 ـ دالا ئۇرۇش ئارمىيىسى 1 ـ بىڭتۇەن 2 ـ كورپۇس 4 ـ دىۋىزىيە 11 ـ تۇەن 1 ـ ليەن پۇلى ناھىيىسىگە (بۈگۈنكى تاشقورغان ناھىيىسى) كىلىپ ئورۇنلاشتى 1950 ـ يىل 3 ـ ئايدا پارتىيە ھۆكۈمەت 2 ـ كورپۇس، 4 ـ دىۋىزىيە، 11 ـ تۇەندىن مارۇسەن، رېن شىڭ جيا، لى جىڭخەي، جياڭ شىگيى، رۇڭ گۇيتىڭ، جىن زىباۋ، ليۇچاڭلىڭ، ۋاڭ ئىنجى، گاۋ چۇنخەي، يۈەن يۇسەي، فىڭ دىيەنچىڭ ۋە بىر نەپەر تەرجىمان بولۇپ جەمئىي 12 كىشىنى ھەربىي ۋەكىل سۈپىتىدە پۇلى ناھىيىسىگە يۆتكەپ كىلىپ كونا ھاكىمىيەتنى ئۆتكۈزۈۋالدى. شۇنىڭ بىلەن پۇلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ، غۇجامكەلدى خۇدا بەردى ( قىرغىز )

ناھىيە ھاكىمى بولدى. شۇ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پۇلى ناھىيىلىك كومىتېتى قۇرۇلدى. ھەربىي ۋەكىل مارۇيسەن، مۇئاۋىن ھاكىم رېن شىڭجىيا، تەكشۈرۈش پونكىت باشلىقى فۇخېيمىڭ، چېگرا مۇداپىئە ئەترىتىنىڭ باشلىقى خۇخۇچىڭ ۋە لى جىڭخەي قاتارلىق بەش كىشى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ئەزاسى، مارۇيسەن ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى بولدى. پۈتۈن ناھىيە ئىككى رايونغا ئايرىلدى، رايونلۇق كومىتېت تەسىس قىلىنمىدى. 17 يېزا قۇرۇلدى. ناھىيىلىك پارتكومدا كاتىبات ئىشخانىسى، تەشكىلات بۆلۈم، تەشۋىقات بۆلۈم، ئىجتىمائىي بۆلۈم ۋە دېموكراتىك ئاياللار بىرلەشمىسى، يېڭى دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقى خىزمەت كومىتېتى، چېگرا مۇداپىئە پونكىتى تەسىس قىلىندى. 4 - ئايدا پۇلى ناھىيىسىدە ھەر مىللەت ھەر ساھەدىكىلەرنىڭ خەلق كېڭىشى چاقىرىلدى. ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كادىرلار ئىشلىرى جەھەتتە تەڭشىلىش بولدى. شۇ ئايدا پۇلى ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى تۇنجى بىرلەشمە پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلدى. ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى گاۋجۇنخەي ياچېيكا شۇجىسى بولدى.

12 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە پۇلى ناھىيىسىدە تۇنجى قېتىملىق ھەر مىللەت، ھەر ساھە قۇرۇلتىيى يىغىنى چاقىرىلدى. يىغىندا، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ھەر ساھە خىزمەتلەردە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر ۋە ساقلانغان مەسىلىلەر خۇلاسىلەندى ھەمدە ئىشپىيونلارنى تازىلاشنى، كېيىنكى باسقۇچلۇق خىزمەتنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى قىلىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئەتىيازلىق تېرىلغۇ، ئۇرۇق تاللاش،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قوش كالىلىرىنى ئوبدان تاللاش قاتارلىق خەلق تۇرمۇشىغا زۆرۈر بولغان كۈندىلىك ئىشلارمۇ كۈن تەرتىپكە قويۇلدى. يىغىندا غوجامكەلدى خۇدابەردى (قىرغىز) پولى ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا، رېنشىڭجيا، شېرىنبېك مەمەتلەر مۇئاۋىن ھاكىملىققا سايلاندى. ھەمدە شېرىنبېك مەمەت يەنە ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلاندى. ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدىغانلىقى، تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ پولى بازىرىدا بولىدىغانلىقى بەلگىلەندى.

1951 - يىل 9 - ئايدا پولى ناھىيىلىك چارۋىچىلىق كومىتېتى قۇرۇلدى. مارۇيىسەن كومىتېت مۇدىرى بولدى.

12 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 12 - كۈنىگىچە ناھىيىدە، ناھىيە، يېزا، كەنت ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى ئېچىلدى. 1952 - يىلىنىڭ دەسلىپىدە ئاساسىي قاتلام تەشكىلىي ئاپپاراتى قۇرۇلۇشقا باشلىدى. پۈتۈن ناھىيە تۆت رايونغا بۆلۈندى. ناھىيىلىك پارتكوم تۆت نەپەر پارتىيىلىك كادىرنى رايونلۇق كومىتېتنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلىدى. 1 - رايون: تاشقورغان رايونى بولۇپ، رايونلۇق كومىتېت تۇرۇشلۇق ئورۇن تاغارما ئىدى. كېيىن ناھىيە بازىرى ئىچىگە يۆتكەپ كېلىندى (ھازىرقى سۇ ئېلېكتر ئىدارىسى قورۇسى ئىچىدە). رايونلۇق كومىتېت شۇجىسى لى جىڭخەي. 2 - رايون: چارلۇڭ رايونى بولۇپ (ھازىرقى ئاقتۇ ناھىيىسىگە تەۋە)، رايونلۇق كومىتېت شۇجىسى چىن زىباۋ. 3 - رايون: بەلدىر رايونى بولۇپ (كېيىن ۋاچا يېزىسىغا يۆتكەلگەن)، رايونلۇق كومىتېت شۇجىسى ليۇ چاڭلىڭ. 4 - رايون: بۇلۇڭكۆل رايونىدا (ھازىر ئاقتۇ ناھىيىسىگە

تەۋە) بولۇپ، رايونلۇق كومىتېت شۇجىسى روك گۈيتىڭ ئىدى.

تۆت رايونغا بۆلۈنگەن ۋاقىتدا، ئەسلىدىكى ئىككى رايون 17 يېزا ۋاقىتتىكى ۋەرشىدې يېزىسىنىڭ ئىسمى تاشقورغان يېزىسىغا ئۆزگەرتىلدى. ئەسلىدىكى داتۇڭ يېزىسىنىڭ بىر كەنتى بولغان بۇرۇمسال كەنتىنىڭ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلۈپ، بۇرۇمسال يېزىسى بولدى. شۇنىڭ بىلەن ناھىيە بويىچە تۆت رايون 18 يېزا قۇرۇلدى.

10 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى پۇلى ناھىيىلىك پارتكوم چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدا مۇھىم تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ يىغىن ئاچتى.

1953 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىن 28 ـ كۈنىگىچە، پۇلى ناھىيىسى تەۋەسىدە ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز توختىماي قاتتىق قار يېغىپ، 2 ـ، 4 ـ رايوندىكى قىسمەن كەنتلەردىن سىرت، باشقا رايونلاردا قارنىڭ قېلىنلىقى 30 — 40 سانتىمېتىردىن ئاشتى. ئەڭ ئېغىر بولغىنى 1 ـ رايون 4 ـ يېزا بولۇپ، قارنىڭ قېلىنلىق دەرىجىسى بىر مېتىردىن ئاشتى. بارلىق يايلاقلاردىكى ئوت ـ چۆپلەر قار ئاستىدا قالغاچقا، قېرى، ئاجىز، يېڭىدىن تۇغۇلغان چارۋىلارنىڭ كۆپۈنچىسى سوغۇقتا توڭلاپ ئۆلدى. قار ياغقاندا، قار ئېرىگەن ۋاقىتتا، جىلغا ـ جىلغىلاردىن كەلكۈن كېلىپ نۇرغۇنلىغان چارۋىلار سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلدى. بۇ قېتىمقى قار ياغقان، قار ئېرىگەن ۋاقىتتىكى زىيان بولغان ھەر خىل چوڭ ـ كىچىك چارۋىلار 6942 تۇياقتىن ئارتۇق بولدى. بۇ قېتىمقى قار ئاپىتىدە، ئۆزىنى ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش جەريانىدا، ئالدى بىلەن پۈتۈن ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ھەرىكەتكە كەلتۈرۈلۈپ، ئاپەت رايونىدىكى ئالدىنقى سەپكە بېرىپ

ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش، دېھقان - چارۋىچى ئاممىسىغا ياردەم بېرىش، قاپسىلىپ قالغان چارۋىچى، چارۋا ماللارنى جىلغا ئىچىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىپ ئەكېلىشتىن ئىبارەت بولدى. دېھقان - چارۋىچىلار ئاممىسى ئاپەت رايونىدا ئۆزئارا ياردەم بېرىش، ئۆزئارا كۆيۈنۈشتەك كوممۇنىستىك روھنى جارى قىلىپ، بىر - بىرىنى ئاپەتتىن قۇتۇلدۇردى. ناھىيەدىن يەم - خەشەك، ئوت - چۆپ، پۇل، ماددىي بۇيۇملار ئاجرىتىلىپ، ھەرقايسى ئاپەت رايونلىرىغا يەتكۈزۈلدى. ناھىيەدە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش كومىتېتى ۋە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. ئاممىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، چارۋىلارنى ئايرىپ بېقىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، قېرى، ئاجىز، ئورۇق چارۋىلارنى بىرلەشتۈرۈپ مەخسۇس يەم - خەشەك بېرىپ بېقىش، ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئېغىل - قوتان سېلىش، ئېغىل - قوتاندىكى قارلارنى ۋاقتىدا تازىلاپ تۇرۇش، چارۋىلارنى تۈرلەرگە ئايرىپ، چوڭ - كىچىك پادا بويىچە بېقىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇپ زىياننى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدە تىزگىنلىدى. ئاپەتكە مەخسۇس ئاجرىتىلغان 6 مىليون يۈەن پۇل دەل جايىدا ئىشلىتىلدى.

7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، پۇلى ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنى تەستىقلىدى. جىڭ فاشياڭ، رېن شىڭجيا، لى جىڭخەي، زۇلال ياقۇپ ( تاجىك ) قاتارلىق تۆت نەپەر كىشى كومىتېت ئەزاسى، جىڭ فاشياڭ شۇجى بولدى.

7 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 9 - كۈنىچىگە پۇلى

ناھىيىسىدە ئاساسىي قاتلام سايلام خىزمىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. ۋاقتى ئۈچ ئاي بولدى. 18 يېزىنىڭ ھەممىسىدە سايلام خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى. دەسلەپكى قەدەمدە سايلام خىزمىتى ئۈچ باسقۇچ بويىچە ئېلىپ بېرىلدى. بىرىنچى باسقۇچى 40 كۈن بولۇپ ئۈچ يېزىنىڭ سايلام سىناق خىزمىتى تاماملاندى. ئىككىنچى باسقۇچىنىڭ ۋاقتى 30 كۈن بولۇپ، توققۇز يېزىنىڭ سايلام خىزمىتى ۋە يېزا ئايرىش خىزمىتى تاماملاندى. ئۈچىنچى باسقۇچىنىڭ ۋاقتى 25 كۈن بولۇپ، قالغان ئالتە يېزىنىڭ سايلام خىزمىتى تاماملاندى.

8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت 99 - قېتىملىق مەمۇرىي يىغىن بۇيرۇقىنى ئېلان قىلىپ، شىرىنبېك مەمەتنى پۇلى ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلەپ، ئۇنى مۇئاۋىن ھاكىملىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى، ئەسلىدىكى ھاكىم غوجامكەلدى خۇدابەردىنى ھاكىملىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، ئۇنى قىزىلسۇ قىرغىز ئوبلاستىغا يۆتكەپ كېتىپ باشقا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇردى.

1953 - يىلى ئىچىدە پۇلى ناھىيىسىدە ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى. غوجامكەلدى خۇدابەردى، رېن شىڭجيا، شىرىنبېك مەمەت قاتارلىقلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا يىغىندا دوكلات بەردى، شۇجى مارۇيسەن خۇلاسە سۆزى قىلدى. ئاساسلىقى چارۋىچىلىق ئىشلىرىنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەرقايسى يېزا، كەنت، مەھەللىلەردە تەشۋىقاتچىلىق خىزمىتىنى كۈچەيتىپ ئامموۋى يىغىنلارنى ئېچىپ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە پروگراممىسىنى يەتكۈزۈش، خەلقنىڭ مىللىي ئۆرپ - ئادىتى مەسىلىسىگە ھۆرمەت قىلىش، بىر ئەر، بىر ئاياللىق تۈزۈمىنى يولغا

قويۇپ، يېڭى نىكاھ قانۇنى بويىچە ئىش كۆرۈپ ئوغۇللار 18 ياشقا، قىزلارغا 16 ياشقا توشقاندىن كېيىن ئىككى تەرەپنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ، ئاندىن توي خېتىنى بېرىش، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىش، لېكىن مەكتەپلەردە دىنىي دەرس ئۆتۈشكە رۇخسەت قىلماسلىق قاتارلىقلار تەكىتلەندى.

1954 - يىل 6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيە قۇرۇلۇشىغا تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتى قۇرۇلدى. بۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى: مىللىي تېررىتورىيىلىك سىياسەتلەرنى تەشۋىق قىلىش، تەشكىللەش ۋە سايلامغا يېتەكچىلىك قىلىش، ۋەكىللەر نامزاتىنى بېكىتىش، تەكشۈرۈش ۋە جەمئىيەت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشتىن ئىبارەت بولدى.

6 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە پۇلى ناھىيىسىدە ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلقىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. ۋەكىللەر ئىشلەشكە تېگىشلىك نۇرغۇن مۇھىم خىزمەتلەر ۋە مەسىلىلەرنى تېپىپ چىقتى ۋە جىددىي ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى»، «ئاساسىي قانۇننىڭ دەسلەپكى لايىھىسى» ئۆگىنىپ ئۆتۈلدى. شېرىنبېك مەمەت ھاكىملىققا، رېن شىڭجيا مۇئاۋىن ھاكىملىققا سايلاندى.

8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى مەركەز جېڭۋۇيۈەن (政务院) نىڭ تەستىقلىشى بىلەن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت پۇلى ناھىيىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى قۇرۇشنى قارار قىلدى.

9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. شۇ ۋاقىتتا يەنە ئىككىنچى رايون، تۆتىنچى رايوننىڭ مۇجى، بولۇڭكۆل، گەز، پەسراۋات، چارلۇڭ، كۇسىراپ، تار قاتارلىق يەرلەر ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. خاتىرىلەرگە قارىغاندا، شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن 1912 ـ يىلى يەكەن خان ئامبىلى باشقۇرۇشىدىكى پۇلى مۇداپىئە ھۆكۈم شۆبە ۋازارىتى، پۇلى ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلگەن ۋە قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭغا مۇجى، بۇلۇڭكۆل، گەز، ۋەرشىدې، تاغارما، چۈشمان، تىزناپ، توغىلانشار، بەلدىر، دەپتەر، مارياڭ، راسكام، قوغۇشلۇق، پەسراۋات، چارلۇڭ، كۇسىراپ، تار، داتوڭ، بۇرۇمسال (چۆپ)، پىل قاتارلىق 27 كەنت قارايتتى.

شۇ كۈنى، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى. شېرىنبېك مەمەت ئاپتونوم ناھىيىنىڭ ھاكىملىقىغا، رىن شىڭجيا، زۇلال ياقۇپ، بەگقەدەم شەھبازلار مۇئاۋىن ھاكىملىققا سايلاندى.

(ئاپتورى: ناھىيىلىك پارتكوم تارىخ تەزكىرە ئىشخانىسىدا)

قەيسەر دۆلەتبېكە تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىرى: مەدەلىخان

# قەيسەر جەڭچى، تۆھپىكار چاكار، چېۋەر رەھبەر

( قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن ۋالىيسى زۇلال ياقۇپ توغرىسىدا )

## قەيسەر دۆلەتبېك، شىجائەتلىك ۋەزىرى

### 1 . چەت، خىلۋەت دىياردىكى تەلەيلىك ئوغۇل



تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ ۋاچا يېزىسى — مۇشۇ ناھىيىدىكى ئېگىز، سوغۇق، جاپالىق يېزىلارنىڭ بىرى. مۇشۇ يېزىنىڭ قورەغ كەنتى ۋاچا دەرياسى بويىدىكى گۈزەل چىمەنلىككە جايلاشقان. زۇلال ياقۇپنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى مانا مۇشۇ چىمەنلىك بويىدا ئولتۇراقلىشىپ تىرىكچىلىك قىلغان. گەرچە بۇ يېزا ئاپتونوم ناھىيىدىكى باشقا يېزىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ ئېگىزرەك، تېخىمۇ سوغۇق بولسىمۇ، ئەمما ئۇ

يەردىكى شويدۇن چىمەنلىكى، سەبەسۇ ۋە ۋەياۋنبۇن قاتارلىق ئېگىزلىك ئوتلاقلىرى قوي، قوتاز قاتارلىق چارۋىلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا باب كېلىدىغان ياخشى جاي. زۇلال ياقۇپ 1920 ـ يىل 11 ـ ئايدا مۇشۇ يېزىدا بىر دىنىي مۆتىۋەر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.

ئۇ تۇغۇلۇپ بىر يىلدىن كېيىن يەنى 1921 ـ يىلى ئىسلام دىنىي ئىسمائىلىيە مەزھىپى نىزار گۇرۇھىنىڭ كاتتا داھىيسى ئاغاخان مۇرىتلىرىنى يوقلاپ تاشقورغان، يەكەن قاتارلىق جايلارغا كەلگەن. يەكەندىن قايتىش يولىدا داتوگدىن ئۆتۈپ، ۋاچىغا كېلىپ زۇلالنىڭ دادىسى ياقۇپ قازىنىڭ ئۆيىدە قونغان ھەم مۇرىتى ياقۇپ قازىغا زۇلالنىڭ كەلگۈسىدە ياراملىق، قابىلىيەتلىك ئادەم بولىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىپ، ئۇنى ئوبدان ئوقۇتۇپ، ياخشى تەربىيىلەش لازىملىقىنى تاپشۇرغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە چوڭ دادىسى ئابدۇرەھمان مۇشۇ يېزىدا زور تەسىرگە ئىگە قازى بولۇپ، دادىسى ياقۇپمۇ ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلغان. شۇڭا، ئاتا ـ بالا ئىككىلىسى ئۆز دەۋرىدىكى ئوقۇمۇشلۇق دىنىي ئۆلىما ھېسابلىناتتى. بىر تەرەپتىن ئۆزلىرى ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر بولغاچقا، بالىلىرىنى ئوقۇتۇپ، ئوقۇمۇشلۇق قىلىپ تەربىيىلەشنى ئۆز بۇرچى ھېسابلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئاغاخاننىڭ تاپشۇرۇقىنى ئېسىدە چىڭ تۇتقانلىقى ئۈچۈن زۇلالنى باشتا ياقۇپ قازى ئۆزى ئوقۇتىدۇ. كېيىن دىنىي ئۆلىما سەئىد بابانىڭ ئۆيىدە بىبى چېھرەنىڭ قولىدا ئوقۇيدۇ ھەم دەسلەپكى ساۋاتىنى چىقىرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ياقۇپ قازى قەشقەر شەھىرىدىن ئابدۇقادىر قارىنى تەكلىپ قىلىپ، بالىسى زۇلال قاتارلىقلارنى بىر يىل ئوقۇتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر ئىسمائىلىيە ئۆلىماسى شاھزادە ئىدرىسنىڭ قولىدا ئوقۇپ، دىنىي جەھەتتە خېلىلا بىلىمگە ئىگە

بولىدۇ. 1933 ـ يىلى 12 ـ ئاپرېل شېڭ شىسەي سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ دۇبەنلىك ھوقۇقىنى قولىغا ئېلىپ، داۋالغۇپ تۇرغان ۋەزىيەتنى ئوڭلاش ئۈچۈن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، كومپارتىيە بىلەن بىرلىشىش قاتارلىق «ئالتە بۈيۈك سىياسەت»نى يولغا قويغان ئىدى. مائارىپ ـ ئاقارتىشنى يولغا قويۇشمۇ شۇنىڭ ئىچىدىكى بىر مۇھىم تەرەپ بولغان. مۇشۇنداق ۋەزىيەت ئاستىدا 1936 ـ يىلى پۈلى ناھىيىسىدىمۇ ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى بىر باشلانغۇچ (شەنلى) مەكتەپ قۇرۇلغان. زۇلال ياقۇپ مۇشۇ مەكتەپنىڭ دەسلەپكى ئوقۇغۇچىلىرىدىن بىرى بولۇپ، بۇ مەكتەپتە ئۈچ يىل ئوقۇيدۇ. ئۇ چاغلاردا ئوسمان خەلپىتىم (قەشقەر شەھىرىدىن)، ئەبەيدۇللا (تازغۇنلۇق) قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلار دەرس بەرگەن. مەكتەپ مۇدىرلىقىنى ئابلا قازى ئۈستىگە ئالغان. 1939 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 6 ـ ئايغىچە زۇلال ياقۇپ، مۇبارەكشا، سەفەر قاتارلىق بىرقانچە تاجىك ئوقۇغۇچى بىلەن بىرلىكتە قەشقەردە ئېچىلغان ئالتە ئايلىق ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش كۇرسىدا ئوقۇغان. بۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرى لى زىلياڭ بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلىقنى روزىيوف، جالالىدىن، مۇسا قاتارلىقلار ئۈستىگە ئالغان. مەكتەپتە ھېساب، ئانا تىل، جۇغراپىيە، سىياسىي ـ پەلسەپە، تارىخ قاتارلىق دەرسلەر ئوقۇتۇلغان. لى زىلياڭدىن كېيىن لى جوڭفاڭ، چېڭ پاڭبەي قاتارلىقلار مۇدىر بولغان. 1939 ـ يىلىدىن 1941 ـ يىلىغىچە ئۈرۈمچىگە بېرىپ، دارىلفۇنۇن مەكتىپىدە ئىككى يىل ئوقۇغان. 1941 ـ يىل 10 ـ ئايدىن 1945 ـ يىل 6 ـ ئايغىچە خۇاڭفۇ ھەربىي مەكتىپىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى 9 ـ شۆبە تارماق مەكتىپىدە بەش يىل ئوقۇغان ھەمدە ھەربىي تەلىم ـ

تەربىيە ئالغان .

زولالىنىڭ بالىلىق ، ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە ھەققەتەن تەلىيى ئوڭدىن كەلگەن . ئۇنىڭ بالىلىق ، ئۆسمۈرلۈك دەۋرى شىڭ شىسەيىنىڭ « ئاپرېل ئۆزگىرىشى » قوزغاپ ، « ئالتە بۈيۈك سىياسەت »نى يولغا قويۇپ ، شىنجاڭدا بىر مەزگىل ئىلغار ، تەرەققىيپەرۋەر سىياسەتلەرنى قوللانغان دەۋرگە توغرا كەلگەچكە ، ئۇ يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ بىلىم ئېلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان . بۇ جەھەتتە ئۇنى زامانداش بالىلارغا قارىغاندا تەلەيلىك دېيىشكە بولىدۇ . ئۇنىڭ خۇاڭفۇ ھەربىي مەكتىپىنىڭ 9 ـ شۆبە مەكتىپىدە ئوقۇشقا كىرىشى ئۇنىڭ ھاياتىدىكى يەنە بىر مۇھىم ئۆزگىرىش باسقۇچى دېيىشكە بولىدۇ . بۇ مەكتەپتە ئۇ ھەر تەرەپلىمە بىلىم ئالغاندىن تاشقىرى يەنە شۇ دەۋردىكى ئىلغار پىكىرلىك تەرەققىيپەرۋەر زاتلار بىلەن تونۇشۇش ، ئىلغار ئىدىيىنى قوبۇل قىلىپ ، ئىنقىلاب يولىغا مېڭىش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ . شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ، ئۇنى « يىراق خىلۋەت دىياردىن كەلگەن تەلەيلىك ئوغۇل » دېيىش تامامەن توغرا .

## 2 . ئىنقىلاب بوران ـ چاپقۇنىدا تاۋلانغان قەيسەر جەڭچى

خۇاڭفۇ ھەربىي مەكتىنىڭ 9 ـ شۆبىسىدە شىنجاڭدىكى نۇرغۇن جايلاردىن كەلگەن ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ ، شىڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ، بۇ مەكتەپكە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن ئوقۇتقۇچىلار ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ۋەكىللىرىمۇ كېلىپ دەرس ئۆتكەن . ئوقۇغۇچىلاردىن نۇرغۇنلىرى مەكتەپ ۋە جەمئىيەتتىن ئىلغار

ئىدىيىلەرنى قوبۇل قىلىپ، تەدرىجىي ھالدا ئىنقىلاب يولىغا مېڭىشقا باشلايدۇ. شۇنداق شارائىتتا 1943 - يىلى ئوقۇغۇچىلار «شىنجاڭ ئىنقىلابىي ياشلار تەشكىلاتى» دېگەن مەخپىي تەشكىلاتنى قۇرۇپ، ئىلغار ئىدىيىلەرنى تارقاتقان. بۇ ۋاقىتتىكى خۇاڭفۇ ھەربىي مەكتىپىنىڭ مۇدىرى جاڭ جېيشى، 9 - شۆبە مەكتەپ مۇدىرى دەسلەپ شېڭ شىسەي، ئۇ كەتكەندىن كېيىن غەربىي - شىمال ھەربىي - مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ باشلىقى جۇ شاۋلياڭ ئىدى. زۇلال ياقۇپ «ئىنقىلابىي ياشلار تەشكىلاتى» نىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا ئەنۋەر، قۇربان بۇرھانلار (بۇ كىشى ئۇ ۋاقىتتا شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىكەن) ئىدى.

1945 - يىل 6 - ئايدا خۇاڭفۇ ھەربىي مەكتىپىنىڭ ئۈرۈمچى 9 - شۆبە تارماق مەكتىپىنى پۈتكۈزۈپ، ئوقۇش پۈتكۈزۈش گۇۋاھنامىسىنى ئالغان. بۇ تەشكىلاتتىكى ئىلغار كىشىلەر ۋە دېموكراتىك زاتلار ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭمۇ قوللىشىغا ئېرىشكەن. تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى ئارقىلىق يەتكۈزۈپ بەرگەن. زۇلال ياقۇپ، مامۇتوۋ قۇربان (قەشقەر ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ سابىق ۋالىيسى)، ئىمىن ئىمرباقى، ئەزىزوۋ قاسىم (شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ سابىق مۇئاۋىن قوماندانى)، ئىمىنوۋ ھامىت (ئاپتونوم رايوننىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى) قاتارلىق زاتلار بۇ تەشكىلاتنىڭ ئاساسىي تايانچلىرى ئىدى. بۇ مەكتەپتە ئوقۇش پۈتكۈزۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ. «ئىنقىلابىي ياشلار تەشكىلاتى» مۇزاكىرە قىلىپ، مۇراسىمدىن كېيىن، مەكتەپ ئىچىدىكى گومىنداڭ ئىشپىيونى ئابلا توڭگۇزنى كۆزدىن

يوقىتىشنى قارار قىلىدۇ . چۈنكى ، ئۇ تەشكىلاتنىڭ نۇرغۇن مەخپىيەتلىكىنى ئىگىلەپ بولغان بولۇپ ، تەشكىلاتقا ناھايىتى زور خەۋپ پەيدا قىلغان ئىكەن . بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا كەنجى ئىسىملىك بىر ئوقۇغۇچىنى تەيىنلەيدۇ . كەنجى ئابلا توڭگۇزنى پىنھان جايغا باشلاپ بېرىپ ئاتىدۇ . ئەمما ، ئوق ئۆلىدىغان جايغا تەگمەي ، ئابلا توڭگۇز قۇتۇلۇپ قالىدۇ . ئابلا توڭگۇز « ئىنقىلابىي ياشلار تەشكىلاتى »نىڭ نۇرغۇن تايانچلىرىنى ۋە پائالىيەتلىرىنى گومىنداڭ ساقچىلىرىغا پاش قىلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ ساقچىلىرى شۇ كۈنى يېرىم كېچىدە يۇقىرىدا دېيىلگەن 30 نەچچە ئوقۇغۇچىنى تۇتۇپ تۈرمىگە سولاپ ئۇرۇپ قىينايدۇ . بۇلارنىڭ ئىچىدە زۇلال ياقۇپمۇ بار بولۇپ ، ئۇرۇمچىدە بىر يىلدىن ئارتۇق تۈرمە ئازابىنى تارتىدۇ . « تىنچلىق بىتىم » تۈزۈلگەندىن كېيىن ، بۇ ياشلار ئاندىن قويۇپ بېرىلىدۇ . تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي رەھبەرلىرىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن غۇلجا تەرەپكە ئۆتۈپ ، « ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى » ئارمىيىسىدە پەيجاڭ ، ليەنجاڭ ، يىڭجاڭ قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ . شىنجاڭ ئازاد بولغانغا قەدەر غۇلجىدا تۇرىدۇ . بۇ جەرياندا گومىنداڭ ئەسكىرىي قوشۇنى بىلەن كۆپ قېتىم سوقۇشقا قاتنىشىدۇ . ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئەڭ چوڭ ئۇرۇشى — شىخو ئۇرۇشىغىمۇ قاتنىشىدۇ . ئوسمان باندىتىنىڭ قىسىملىرى بىلەن ئېلىشىدۇ . ئىنقىلاب جەرياندا تەۋرەنمەس ، قەيسەر روھىنى نامايان قىلىپ ، باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىدۇ . قىسمىدا ئارمىيە قۇرۇلۇشى ئۈچۈن غەيرەت - شىجائەت بىلەن ئىشلەپ ، ئىنقىلابىي ئارمىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

كوماندىرىنىڭ قەھرىمانلىق جاسارىتىنى نامايان قىلدى .

## 3 . خەلق ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىغان ياخشى رەھبەر

شىنجاڭ تىنچ ئازاد بولغاندىن كېيىن زۇلال ياقۇپ 1950 - يىل 4 - ئايدىن 11 - ئايغىچە قەشقەر ئازادلىق ئارمىيە تۈمەن سىياسىي بۆلۈم باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ ، چېگرا قوغداش قىسمىغا ئاساسلىق مەسئۇل بولىدۇ . 1950 - يىل 4 - ئايدا تاجىكلار ئىچىدىن چىققان تۇنجى كوممۇنىست بولىدۇ . كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئۇنى تاشقورغان ناھىيىسى ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەيدۇ . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن زۇلال ياقۇپ چەت - چېگرا ، نامرات ناھىيە تاشقورغان ئۈچۈن ، تاشقورغاندىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن قان - تەر ئاقتۇرۇپ ئىشلەيدۇ ، ھەرقانداق جاپا - مۇشەققەت ئالدىدا باش ئەگمەي ، ھەممىدە خەلق مەنپەئىتىنى كۆزلەپ ، دادىل ئىشلەپ ، خەلقنىڭ چەكسىز ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ . 1953 - يىلدىن 1960 - يىلغىچە ناھىيىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى ، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ . بۇ ئارىلىقتا يەنە 1958 - يىل 5 - ئايدىن 1960 - يىل 10 - ئايغىچە مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇپ ، ماركسىزم - لېنىنىزم ، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى نەزەرىيىۋى سەۋىيىسىنى ئۆستۈرىدۇ . 1960 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىدە مۇئاۋىن ۋالىي بولۇپ ئىشلەيدۇ . ئارىلىقتا 1964 - يىل 3 - ئايدىن 1965 - يىل 7 - ئايغىچە شىنجاڭ 1 - ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك

ئىنىستىتۇتىدا ( ھازىرقى « يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى » ) دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق كەسپى بويىچە بىلىم ئاشۇرۇپ، كەسپىي بىلىم ئېلىپ، يۇقىرى سەۋىيىلىك نەزەرىيىۋى بىلىم ۋە ئەمەلىي خىزمەت قابىلىيىتىگە ئىگە چېۋەر رەھبەر بولۇپ يېتىشىدۇ. 1983 - يىلى دەم ئېلىشقا چىقىدۇ ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ ئىشلەيدۇ.

زۇلال ياقۇپنىڭ خىزمىتى جاپالىق، قىيىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھەر ۋاقىت ئاممىا بىلەن بىرگە بولۇپ، ئاممىۋى لۇشيەندە مېڭىپ، ئاممىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئۆزىنى پاك تۇتۇپ، جان - دىل بىلەن ئەمەلىي ئىشلەپ كەلدى.

ئۇ تاشقورغان ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان مەزگىللەردە، قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىپ، بىگۇناھ پۇقرانىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداپ، چېگرا رايوننىڭ بىخەتەرلىكى، جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداپ، خەلقنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشى ئۈچۈن قان - تەر ئاقتۇرۇپ، مول تۆھپە قوشىدۇ. خەلق ئاممىسى ۋە كادىرلار مۇناسىۋىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىتتىپاقلىقنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ ئىشلىگەچكە باشقىلارغا ئۈلگە - نەمۇنە ياراتقان.

1955 - يىلى ئۇ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىرىگە ۋە موسكۋا، لېنىنگرادقا ئېكسكۇرسىيىگە بارغان. 1974 - يىلى ئۇ يەنە پاكىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىگە زىيارەتكە بېرىپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ.

دەشت - باياۋانلارنى ئاۋاتلاشتۇرۇپ، تاشقورغان رايونىنىڭ كۆكەرتىش — ئوتلاق - يايلاق يېتىشتۇرۇش، ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىش قاتارلىق يېزا ئىگىلىك ساھەسىدە ئۇنتۇلماس

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىزلارنى قالدۇرغان. تاشقورغان يېزا، ۋاچا يېزا، تىزناپ يېزا، بازار دەشت چارۋىچىلىق ـ ئورمانچىلىق مەيدانى، مازار قويچىلىق فېرمىسى، رەڭ ئۆستەڭى قاتارلىق يېزا ئىگىلىك، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرىنى پىلانلاش، ئىشلەشتە ئۆزى بىۋاستە قوماندانلىق قىلىپ ئىشلىگەن.

تاشقورغان رايونىدا مەدەنىيەت، ئەدەپ ـ ئەخلاق جەھەتتىكى ئەنئەنىۋى ئېسىل قىياپەتنى ساقلاشقا زور كۈچ سەرپ قىلىپ، دەۋرنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان يامان ئىللەت، يامان ئادەتلەرنى تۈگىتىش جەھەتتە پائال ئىزدەنگەن. 1983 ـ يىلى ئۇ ۋىلايەتلىك مەھكىمە مەمۇرىي مەھكىمە نامىدىن مەركىزىي مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمايىل ئەھمەتكە، تاشقورغاندىكى تاجىكلار ئارىسىدا ئۆتمۈشتىن ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بوۋاقلارنى قىش پەسلىدە قىغدا بۆلەپ بېقىشتىن ئىبارەت نامراتلىقتىن، ئىلاجسىزلىقتىن بولغان كونا بېقىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدا دوكلات يوللىغان. سەھىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى شىجائەتخان ۋەزىرنى بېيجىڭگە ئەۋەتىپ، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى سەيپىدىن ئەزىزنىڭ غەمخورلۇق قىلىشى بىلەن 100 مىڭ يۈەن ھەل قىلىپ كەلگەن. بۇ پۇلغا 200 دىن ئارتۇق يۇرۇشلۇك بۆشۈكلەرنى ياستىپ، يېزىلارغا ھەقسىز تارقىتىپ بەرگەن.

ۋاچا، مەرياڭ قاتارلىق جايلاردىكى ئىسسىقبۇلاقلارنى رېمونت قىلىپ، كىشىلەرنىڭ يۇيۇنۇشىغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بەرگەن ھەمدە تازىلىق، سالامەتلىك، رىتىملىق تۇرمۇش كۆچۈرۈش جەھەتلەردە نۇرغۇن ياخشى خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. مۇئاۋىن ۋالىي بولغان مەزگىلدە، يەكەن، قاغىلىق، پوسكام، پەيزىۋات، يوپۇرغا، يېڭىشەھەر، كونىشەھەر، يېڭىسار قاتارلىق

قېرىنداش ناھىيىلەرگە تاشقورغاننىڭ داڭباش چوڭ قوَيرۇقلۇق قوي نەسلىنى كېڭەيتكەن.

ئۇنىڭ كۆچ چىقىرىپ يېتەكلىشى بىلەن تاشقورغاننىڭ بىر قانچە يېرىدە زۇلالنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى، ئورمانزارلىق ۋە ئوتلاقلار بەرپا بولدى. مەسىلەن:

«زۇلال ئۆستىڭى» — بۇھازىرقىناھىيىلىكچارۋىچىلىق - ئورمانچىلىق مەيدانىغا چىقارغان ئۆستەڭ بولۇپ، ئەسلىدە بىر قاقاس جاي ئىدى. زۇلال ياقۇپ تاشقورغان ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ مۇۋەققەت شۇجىسى بولغان مەزگىللەردە 1976 - يىلى ناھىيىدىكى ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچى، دېھقان - چارۋىچىلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، بۇ يەردە 20 مىڭ مودىن ئارتۇق ئوتلاق، ئورمان بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشىنى ئىشلىدى. ھازىر بۇ جاي رەسمىي ئاۋات يۇرت قاتارىدىن ئورۇن ئالالىدى ھەم يېزا دەرىجىلىك چارۋىچىلىق - ئورمانچىلىق مەيدانى بولدى.

« زۇلال ئاباد » — دېگەن بۇ يەر ناھىيىنىڭ جەنۇبىدىكى قارا دەشت دېگەن يەردە بولۇپ، ئۆزى مەبلەغ سېلىپ، 500 مودىن ئارتۇق جاينى قاشالاشتۇرۇپ، سۇ باشلاپ يايلاق يېتىشتۈردى ھەمدە ئۆي سالدى. ئۇ ھەر يىلى يازدا بۇ يەرگە كېلىپ جىرىم تىكىپ ئورمان ئەھيا قىلىدۇ ھەمدە داڭباش چوڭ قوَيرۇقلۇق قوينى يېتىشتۈرىدۇ.

« زۇلال باغچىسى » — ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىي دۆڭلۈكتىكى تاش قەلئە سېپىلى ئىچىدە بولۇپ، زۇلال ياقۇپ ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ مۇۋەققەت شۇجىسى بولغان مەزگىللەردە قورام تاشلارنى يۆتكەپ، ئېرىق چېپىپ، ھەر خىل سۆگەت، سېدە، جىگدە كۆچەتلىرىنى تىكتۈرۈپ، بىدە تېرىپ، باغچىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئايلاندۇرغان. بۇ يەردە ھازىرمۇ ھەر يىلى ئورمان ئەھيا قىلىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ يەرگە تۇنجى بولۇپ زۇلال «يېشىللىق ئۇلى» سالغانلىقى ئۈچۈن «زۇلال باغچىسى» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

ئۇنىڭ تاشقورغان چارۋىچىلىقىغا، بولۇپمۇ قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلىرىغا قوشقان تۆھپىسى زور بولۇپ، تاشقورغاننىڭ داڭباش چوڭ قۇيرۇقلۇق قوينى يېتىشتۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. داڭباش چوڭ قۇيرۇقلۇق قوي نەسلىنى جەنۇبىي شىنجاڭغا كېڭەيتتى. ئافغانىستاننىڭ ۋەغجىر دېگەن يېرىدىن ئېسىل قوي نەسلىنى كىرگۈزۈپ، پۇچەكلىشىپ قالغان داڭباش چوڭ قۇيرۇقلۇق قوي نەسلىنى ياخشىلىدى. ئۇ يەنە شىمالىي شىنجاڭدىن ئالاتاۋ سورتلۇق كالىلارنى كىرگۈزۈپ، نەسىللىك كالىلارنى يېتىشتۈرگەن ھەمدە بەدەخشان قاتارلىق سىرتقى جايلاردىن نەسىللىك ئاتلارنى كىرگۈزۈپ، ئات ۋە كالىلارنىڭمۇ سورتىنى ياخشىلاشقا ھەسسە قوشقان.

قەشقەر ۋىلايىتى تەۋەسىدە چارۋا ـ ماللارنىڭ تۈرى ۋە نەسلىنى ياخشىلاپ، چارۋىچىلىق تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى ھەمدە پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ گۆش ۋە سۈت بىلەن تەمىنلىنىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن، چەت ئەللەردىن نەسىللىك كالىلارنىڭ مۇزلىتىلغان ئىسپېرمىسىنى كىرگۈزۈپ، ۋىلايەت تەۋەسىگە تارقىتىپ بېرىپ، قوي، كالا، قوتازلارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاشقا كۈچ چىقاردى.

ئۇ يەنە خەلق ئۈچۈن بىر خالىس مەسلىھەتچى بولۇپ، ناھەق دېلو، ناھەق ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا، ئادىل مەسلىھەت بېرىپ، كۈچ ـ ئەقىل سەرپ قىلىپ، كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ

چەكسىز ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ كەلمەكتە. نۇرغۇن رەھبىرىي يولداشلار يولۇقۇۋاتقان چىگىش، مۇرەككەپ، نازۇك مەسىلىلەردە ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سوراپ تۇرماقتا.

زۇلال ياقۇپنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى بار بولۇپ، تاشقورغان رايونىدىكى ھەرقايسى يۇرتتىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نەسىل - نەسەبىنى بىلىدۇ. ئالدىغا بارغان ھەرقانداق بىر ئادەم بىلەن قىزغىن پاراڭلاشقاندىن سىرت يەنە پاراڭلاشقۇچى كىشىنىڭ نەسىل - نەسەبىنى سورايدۇ. قالغان قىسمىغا ئۆزىنىڭ بىلىدىغانلىرىنى قوشۇمچە قىلىدۇ. ئۇ بىر نەسەبشۇناستۇر.

بىز قەشقەرگە بېرىپ، زۇلال ياقۇپتەك ئالىيجاناب زاتنى زىيارەت قىلىش ئىستىكىدە، ئۇنىڭ ھەشەمەتچىلىكتىن خالىي، ئاددىيغىنا ئۆيگە بارغىنىمىزدا، ئۇ ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى بېغىدا ئىشلەۋاتقان ئىكەن. 81 ياشتىن ھالقىغان بۇ مويسىپىتنىڭ تەن سالامەتلىكى يەنىلا ياخشى تۇرۇپتۇ، روھىي - كەيپىياتىمۇ كۆتۈرەڭگۈ ئىكەن. ئۇنىڭ ئاددىي - ساددا تۇرمۇش ئۇسۇلى، مېھرىبان چىرايى، دانالارچە پەند - نەسىھەتلىرىنى ئاڭلىغىنىمىزدىن ئىنتايىن خۇشال بولدۇق. بۇ زاتنىڭ سەممىيلىكى ۋە ئاقىللىقىنى بۇرۇنلا ئاڭلىغان ئىدۇق. ئۇنىڭ بىلەن بىۋاستە دىدارلىشىپ ھەمسۆھبەت بولغىنىمىزدىن سۆيۈندۇق ھەم بۇ زاتقا ئۇزاق ئۆمۈر، چەكسىز سالامەتلىك تىلەپ ياندۇق.

بۇ ماقالىمىزنى تاجىك شائىرى قەدەم دىربىنزادەنىڭ «زۇلال ياقۇپ» ناملىق شېئىرىدىكى مۇنۇ مىسرالار بىلەن ئاخىرلاشتۇرماقچىمىز:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

زۇلال دېگەن ھۆرمەت نام ،
خەلقىنىڭ ئاغزىدا داستان .
تىلدا ئەمەس ھەتتاكى ،
قىيا تاشقا ئويۇلغان .

زۇلال بوپتۇ مويسىپىت ،
ئېگىلىپتۇ قامىتى .
مۇنار بولۇپ تىكلەنگەن ،
دىللاردا شان ـ شۆھرىتى !

ئاپتورى : ناھىيىلىك پارتكوم تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسى
ئاپتورى : ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى
مەسئۇل مۇھەررىرى : مەدەلىخان

# مېنىڭ ئۆمۈر سەرگۈزەشتىلىرىم

**ئىمارەتشا بېگۈن ئاغزىدىن ئېلىپ شىجائەتخان ۋەزىرى رەتلىگەن**



تاشقورغاننىڭ تاغارما دىيارى سىرلىق قەدىمىي دىيار . مانا بۇ دىيارنىڭ شىمالىي قىسمىدا ھەيۋەتلىك « مۇزتاغ ئاتا » چوققىسى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ . تاغدومباش پامىرنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان « مۇزتاغ ئاتا » مۇزلۇقنى يىراقتىن قارىغاندا ئاپئاق بولۇتتىن سەللە يۆگەپ تۇرغان مويسىپىتتەك مەزمۇت قەد كۆتۈرۈپ ئۆزىنىڭ سىرلىق ھەم ھەيۋەتلىك تۇسى بىلەن پامىر ئېگىزلىكىگە قەدەم باسقان ھەر قانداق كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تۇرىدۇ . « مۇزتاغ ئاتا » چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 7524 مېتىر بولۇپ ، دۇنيادىكى ئېگىز چوققىلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ . ھەيۋەتلىك «مۇزتاغ ئاتا » چوققىسىنىڭ مۇزلۇقى ، تۈگىمەس سۇ مەنبەسى بولۇپ ، تاغارما شىندى ، پەسراۋات ، چارلۇڭ ، كەڭ قول ، قوگۇر تۆپە ، گەز قاتارلىق ئۇن نەچچە دەريا ۋە جىلغا سۇلىرىنى پەيدا قىلىپ ، ئۇلارنى مەڭگۈ سۇ

بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدۇ .

مۇز تاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدە كەڭ كەتكەن ئويمانلىق جايلاشقان بولۇپ ، مۇز تاغنىڭ يەر ئاستىغا سىڭگەن سۈيىدىنمۇ ئويمانلىقتا ئاجايىپ چىمەنزارلىق پەيدا بولغان . مۇزتاغ سۈيىدىن سان - ساناقسىز چەشمە بۇلاقلار بۇ چىمەنزارغا مەڭگۈلۈك جان ئاتا قىلغان . بۇ چىمەنزارنىڭ كۆلىمى 50 مىڭ مودىن ئارتۇق بولۇپ ، ھەر يىلى كىشلەر ئوتلاقتىن 10 مىليون جىڭدىن چۆپ يىغىۋېلىپ چارۋا - ماللارنىڭ قىشلىق ئوزۇقى قىلىدۇ .

جۇڭگو - پاكىستان دوستلۇق يولى يەنى 314 - دۆلەت يولى بويىدىكى ئالتە يېزا مەيدانىنىڭ 2000 غا يېقىن قوتىنى ۋە نەچچە تۈمەن تۇياقتىن ئارتۇق ھەر خىل مال - چارۋا بۇ ئوتلاقتا قىشلايدۇ . تاغارمىدا يەنە داڭلىق شىپالىق ئارىشاڭ بولۇپ ، ئارىشاڭمۇ شۇ چىمەنزارنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان . تاغارما ئارىشىڭى تاغارمىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان .

دېمەك ، يۇقىرىقىدەك جۇغراپىيىلىك ئورۇنغا جايلاشقان تاغارما دىيارىدا چارۋا - مال بېقىپ ، تىرىكچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان ئاددىي - ساددا ، ئوچۇق چىراي ، ئاق كۆڭۈل بەيگۈن ئاقساقال بەش بالىنى بېقىپ چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشقان . مەن بولسام بالىلارنىڭ ئىككىنچىسى ئىدىم .

مەن 1923 - يىل 2 - ئايدا تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ تاغارما يېزىسى سەرەلە كەنتىدە تۇغۇلغان ئىكەنمەن . كىچىكىمدىن تارتىپ دادامغا ياردەملىشىپ بىرلىكتە چارۋا بېقىپ ، تېرىقچىلىق قىلىپ ، ئىش - ئەمگەكتە پىشقان ئىدىم . 12 يېشىمدا تاغارمىدىكى داڭلىق موللام قۇربانىنىڭ قولىدا بىر يىلدىن ئارتۇق دىنىي بىلىم تەھسىل قىلىپ ساۋاتىمنى چىقارغان ئىدىم .



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

1934 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادا بولاگچىلىق قىلىپ يۈرگەن يۇسۇپجان قوراللىق باسمىچىلىرى تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ تاغارما، تىزناپ، تاشقورغان، دەپتەر، قارا چوقۇر، تاغدومباش قاتارلىق جايلاردا خەلقىنىڭ مال ـ مۈلۈك ۋە چارۋىلىرىنى بولاڭ ـ تالاڭ قىلدى. 2000 گە يېقىن باسمىچى ـ باندىت تاشقورغاننىڭ كۆپ قىسىم زېمىنلىرىنى ئالتە ئايغا يېقىن بېسىپ يېتىپ، تاشقورغاندىكى ھەر مىللەت خەلقىنى زار قاقشاتقان ئىدى. شۇ مەزگىلدە تاشقورغان ناھىيىسىدىن بىرەر يۈزگە يېقىن چارۋىچى ئائىلىسى زۇلۇم دەستىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە ئۆتۈپ پاناھلاندى.

بۇ ۋاقىتتا مەن دادام بىلەن بىرگە سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە ئۆتۈپ، چارۋا بېقىپ بىر مەزگىل تۇرۇپ قالدىم. يۇسۇپجان باسمىچىلىرىنى گۈلشىرخان، شەرىفبەك، ئۇلفەتشاھ، شاھخۇمار قاتارلىق ۋەتەنپەرۋەر تاجىك قەھرىمانلاردىن تەشكىللەنگەن چەت ئەل باسمىچىلىرىغا قارشى كۈچلەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى بىلەن قوراللىق جەڭ قىلىپ، تاشقورغاندىن قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىن ئاندىن ئۆز يۇرتىمىزغا قايتىپ كېلەلىدۇق.

1936 ـ يىلىغا كەلگەندە مەن تاشقورغان ناھىيىسىدە (يولى) تۇنجى قۇرۇلغان پەننىي مەكتەپ (شىيەنلى مەكتەپ) كە كىرىپ، ئانا تىل، ھېساب، تەنتەربىيە، تەبىئەت، رەسىم قاتارلىق پەنلەرنى ئۆگەندىم. ئۇ چاغلاردا يەنە دىنىي دەرسلىكلەرمۇ ئۆتۈلەتتى. ئوقۇش ماتېرىيالى كەمچىل، ئوقۇتۇش سەۋىيىسى تۆۋەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەغەز، قەلەم يېتىشمىگەچكە ياغاچ كۆمۈرى، سىغىز، تاختايلار خەت يېزىش قورالى ھېسابلىناتتى. ياغاچ ـ كۆتەكلەر ئۈستىدە ئولتۇرۇپ دەرس

www.uyghurkitap.com

ئاڭلايتتۇق . ئۈچ يىللىق ئوقۇش جەريانىدا تۇرمۇش ئىشلىرى جاپالىق ۋە قىيىن بولسىمۇ ، ساۋاتىنى چىقىرىش ئۇ دەۋرلەردە چوڭ ئىش ھېسابلىناتتى . 1939 ـ يىلى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى چوڭ ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى ، خەلقئارا كىلىماتنىڭ تەسىرى بىلەن شىنجاڭدا « ئالتە بۈيۈك سىياسەت »نى يولغا قويۇپ ، بەزى ياخشى ئىشلارنى قىلغان ئىدى . بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر ئىش قەشقەر نەزەرباغدا تاجىك تەمىناتلىق باشلانغۇچ مەكتىپى ئېچىلدى . بۇنىڭغا تاشقورغاندىن 60 قا يېقىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى . مەنمۇ بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ، ئۈچ يىلغىچە بۇ مەكتەپتە ئوقۇغان ئىدىم . مەكتەپداش ۋە ساۋاقداشلىرىمدىن زۇلال ، ئەلىفشاھ ، ئىلال ، مۇبارەكشاھ ، ئەلىيار ، زىننەت ، ئامانباي ، بەگقەدەم ، مەنسۇرخان قاتارلىقلار بار ئىدى . شۇ ۋاقىتتا بۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرى قۇربان دۆلەت ( تاجىك ) بولۇپ ، ئۇ تاجىك ئوقۇغۇچىلارغا كۆپ غەمخورلۇق قىلغان ۋە كۆڭۈل بۆلگەن ئىدى . بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى ئازادلىقتىن كېيىن تاشقورغان ناھىيىسىدىكى غوللۇق كادىر ۋە ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى بولۇپ ناھىيىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرىغا زور تۆھپە قوشقان باشلامچىلاردىن بولۇپ قالدى . بۇ ئوقۇغۇچىلار 30 ـ ، 40 ـ يىللاردا تاشقورغان ـ قەشقەر يولىدا قاتناش بولمىغاچقا ، ئات ، ئېشەك قاتارلىق ئۇلاغلار بىلەن پىيادە يۈرۈپ قەشقەرگە باراتتى . تاشقورغاندىن قەشقەرگە بارىدىغان ئۇلاغ يولىدىن چىچەكلىك داۋان ، تەڭگى تار ، تەرئارت ، چىلگۈمبەز ، قاشقاسۇ ، شور بۇلاق قاتارلىق قار ـ مۇز قاپلىغان تاغ ـ داۋان ۋە تۈگىمەس تاغ ـ جىلغىلىرى ، سۇلىرىدىن كېچىپ ئۆتۈپ ، كەڭ قول يايلىقى ، قىزىل تاغ جىلغىسى ئارىسىنى كېسىپ ئۆتۈپ

يېڭىسارغا بارغاندىن كېيىن ، ئاندىن قەشقەرگە 8 ــ 10 كۈندە يېتىپ بارغىلى بولاتتى .
مەكتەپتە دوختۇر ، دورا دېگەندىن ئەرسىلەر بولمىغاچقا ، ئوقۇغۇچىلاردىن بىرەرسى كېسەل بولۇپ يېتىپ قالسا ئاخۇنۇمغا ئوقۇتۇش ياكى يەرلىك تېبابەت بويىچە ئامال قىلىپ داۋالاشقا توغرا كېلەتتى . بىر قېتىم مەن قاتتىق ئاغرىپ ئىچىم سۈرۈپ 10 كۈندەك يېتىپ قالدىم . ھېچ ئامال قىلالمىغان ئەھۋالدا مېھرىبانسا ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر ئايال جىگدە يېگۈزۈپ ، قېتىق ئىچكۈزۈپ جېنىمنى قۇتقۇزۇۋالدى . بۇ مومايىنىڭ شەپقىتى مېنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالغان ئىدى . كېيىن مەنمۇ بۇ مومايىنى قورغان دېگەن يەرگە ئىزدەپ بېرىپ تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئېلىشنى بۇرچۇم دەپ ھېسابلاپ دائىم ئىزدەپ تۇردۇم .
1943 ـ يىلى قەشقەر نەزەرباغ تاجىك مەكتىپىنى پۈتكۈزۈپ ، تاشقورغانغا قايتىپ كېلىپ ئۆز يۇرتۇم تاغارمىدا بىر مەزگىل تۇردۇم . بۇ ۋاقىتتا شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى كومپارتىيىدىن ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈپ ، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ياۋۇزلۇق ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئاشكارىلىغان ئىدى . بۇ مەزگىلدە مەن سەييارە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىدىم . بەزىدە بەگ ، ئەمەلدارلارغا كاتىپ ( مىرزا ) بولۇپمۇ ئىشلىدىم . شېڭ شىسەي ئەكسىيەتچىلىرى بىر قىسىم ۋەتەنپەرۋەر ، ئىلغار پىكىرلىك زاتلارنى تۇتقۇن قىلىپ نۇرغۇنلىرىنى يوق قىلىۋەتتى .
تاشقورغان كۆپ دۆلەتلەر بىلەن چېگرىداش مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك جاي بولغانلىقتىن يېقىنقى زامان تارىخىدا چەت ئەللەردىكى جاھانگىر تاجاۋۇزچى باسمىچى كۈچلىرىنىڭ تالىشىدىغان رايونىغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى . پىشقەدەم

زىيالىيلارنىڭ ئەسلىشىچە ، تاشقورغاننىڭ XIX ئەسىردىكى تارىخى ئىنتايىن ئەنسىزلىك ، پاراكەندىچىلىك ۋە بۇلاڭ ـ تالاڭ ئىچىدە ئۆتكەن تارىخ بولۇپ ، خەلق پۈتمەس ـ تۈگىمەس جەڭگى ـ جېدەل ، بۇلاڭ ـ تالاڭ دەستىدىن ھالىدىن كەتكەن ئىدى . مەسىلەن ، ئاق تاغلىق ، قارا تاغلىق خوجىلار يېغىلىقى ، قوقەن خاندانلىقىنىڭ كۆپ قېتىم ئەسكەر ئەۋەتىپ سەرىكوينى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشى ، بەدۆلەت ياقۇپبەگنىڭ ئىشغالىيەتچىلىكى ، چارروسىيىنىڭ پامىر رايونىنى ئىشغال قىلىۋېلىشى ، ھونزا ئەمىرىنىڭ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشى ۋە باشقا باسمىچى ـ باندىتلارنىڭ بۇلاڭ ـ تالاڭلىرى ، 1933 ـ يىلىدىكى ماخۇسەن ئەسكەرلىرىنىڭ خەلقنى دەھشەتلىك بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشى ، 1934 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادا قاڭقىپ يۈرگەن يۈسۈپجان ، يۇنۇسجان ئاكا ـ ئۇكىنىڭ بۇلاڭچىلىقى ، شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىقىنىڭ كېيىنكى مەزگىلدىكى زۇلمەتلىك تېررورلۇق زۇلمى ، كېيىنكى دەۋرلەردىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنىڭ خەلقنى دەھشەتلىك ئېزىشى ۋە تۈگىمەس ئالۋان ـ ياساقلار تۈپەيلىدىن ۋەتەنىنىڭ چەت ـ چېگرا رايونىغا ئولتۇراقلاشقان تاجىك قاتارلىق ھەر مىللەت خەلقىنى كۈن ئالالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغان ئىدى . « قەيەردە زۇلۇم بولسا ، شۇ يەردە قارشىلىق بولىدۇ » . چىدىغۇسىز زۇلۇم ئاخىر خەلقنى قولىغا قورال ئېلىشقا مەجبۇر قىلدى . 1944 ـ يىلى نىلقا ناھىيىسىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ ، 1945 ـ يىل 3 ـ ئايدا مۇنتىزىم قوراللىق قوشۇن — مىللىي ئارمىيە قۇرۇلدى . ئىنقىلابنىڭ تەسىرى شىنجاڭنىڭ بىر قىسىم جايلىرىغا كېڭەيدى . بۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى ۋە خەلقنى

رىغبەتلەندۈرۈش يولى بىلەن 1945 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تاشقورغاندىكى تاجىك، قىرغىز قاتارلىق ھەر مىللەت خەلقى « پۆلى ئىنقىلابى »نى قوزغاپ، گومىنداڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قاتتىق زەربە بەردى.

تاشقورغان ئىنقىلابىغا تاغارمىدىن كارۋانشاھ، تاجىبەگ، ئاقىيولبەگ، سوپىبەگ، ئوبۇلقاسىم، سارىبەگ ( قىرغىز ) قاتارلىق مەشھۇر كىشىلەرنىڭ تەشكىللىشى بىلەن يەنەمەن ـ گەۋھەر، ئەۋزەل، رەھمۇتوللا، تاش قاتارلىق 40 نەچچە كىشى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىكى « توختامىش » دېگەن يەردە تەربىيىلىنىپ كېلىپ، بۇ ئىنقىلابقا قاتناشقان ئىدۇق. مەن تاشقورغان ( پۆلى ) ئىنقىلابىي قوشۇنىنىڭ قوماندانى كارۋانشاھنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە تاغارما سەرەلەدىكى قوماندانلىق شتابىنىڭ قورال ـ ياراغ ئامبىرىنى باشقۇرۇش، قوشۇمچە ستاتىستىكا قىلىش، كاتىپلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىدىم. ئۇ مېنى ئوقۇغان، ئىشەنچلىك ھەم يۇرتلۇقۇم دېگەن ئىشەنچ بىلەن بۇ ۋەزىپىگە قويغان ئىدى.

مەن پۈتكۈل ئۇرۇش ۋاقتلىرىدا نەچچە مىڭ تال مىلتىق، پىلىموت، مىناميوت، گرانات ۋە نۇرغۇن ئوق ـ دورىلارنى بىخەتەر باشقۇرۇپ ئالدىنقى سەپكە يەتكۈزۈپ بېرىشكە مەسئۇل بولۇپ، خىزمەتنى ئەستايىدىل ئىشلىگەچكە باش قوماندان كارۋانشاھ، سىياسىي كومىسسار مەدەيوۋ زەمىر، سىدىقخان تۆرە ۋە شتاب باشلىقى قاۋۇل مىرزەك قاتارلىقلارنىڭ ماختىشى ۋە ئىشەنچىگە ئېرىشكەن ئىدىم. مېنىڭ خىزمەتتە ئېھتىياتچان، ئەستايىدىل بولۇشۇمنى تەلەپ قىلاتتى. بىرەر مىلتىق ياكى گراناتنى باشلىقنىڭ رۇخسىتىسىز بىر تەرەپ قىلىشقا بولمايتتى. ئۆزۈمگە تەقسىم قىلىپ بەرگەن مىلتىقنىمۇ ئۆيگە ئاپىرىشقا بولمايتتى.

1945 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئالدىنقى سەپ ـ قوشراپ چاماساللارغا ئىنقىلابىي قوشۇن رەھبەرلىرى بىلەن بىرگە قوراللارنى تەكشۈرۈش، ئىشلىتىش ۋە ئۇلارنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى تەكشۈرۈشكە باردۇق. چىلگۇمبەزدىكى ئەسكەرلەر ئارىسىدىن بىرسىنىڭ پىلىموتى كەم چىقىپ قالدى. شۇ ۋاقىتتا بىرەر مىلتىق ياكى پىلىموت قاتارلىق قورال ـ ياراغ يوقاپ كەتسە ياكى كەم چىقىپ قالسا ھەربىي ئىنتىزام بويىچە قاتتىق بىر تەرەپ قىلىناتتى. پولكوۋنىك تۇەن كوماندىرى ئوبۇلقاسىم (قىرغىز) بۇ ئىشنى قاتتىق سۈرۈشتۈرۈپ، ئەتىدىن قالدۇرماي پىلىموتنى تېپىپ چىقىشنى، بولمىسا ئەسكەرلەرنىڭ بېشىنىڭ كېتىشىنى ئۇقتۇردى. مۇشۇنداق پەيتتە مەن كېچىچە قوراللارنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ ستاتىستىكىنىڭ خاتا بولۇپ قالغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقىپ تۇەن كوماندىرى ئوبۇلقاسىمغا ۋاقتىدا دوكلات قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئەسكەرلەرنىڭ ھاياتى ساقلاپ قېلىندى. ئەمما، ئۆزۈم ئىككى كۈن مۇزلىتىلغان سوغۇق ئۆيگە سولىنىپ جازالىنىشقا ئۇچرىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن مەن تېخىمۇ ئېھتىياتچان ۋە ئەستايىدىل بولۇپ ئىشلەيدىغان بولدۇم.

1946 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى ئىمزالىغان 11 ماددىلىق تىنچلىق كېلىشىمىنى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابىنىڭ باش قوماندانى گېنېرال لېيتنانت ئىسھاقبېك مونونوپ ئۆزى قوشراپ ئالدىنقى سېپىگە كېلىپ ئۇقتۇردى. قوشۇنىنىڭ تەرتىپلىك ھالدا تاشقورغانغا چېكىنىپ كېتىشىنى، قورال ـ ياراغلارنىڭ ھەممىسىنى تاغارما ـ سەرەلە باش شتابىغا ئېلىپ بېرىپ، توغرا ستاتىستىكا قىلىشنى ھەمدە تېزلىكتە سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە يەتكۈزۈشنى

ئۇقتۇردى . مەن ، ئادىلجان يەنە بىر يۈرۈش ئەسكەر مەسئۇل بولۇپ ، بۇ ئوق ـ دورا ، قورال ـ ياراغلار ۋە كىيىم ـ كېچەكلەرنى 100 دىن ئارتۇق تۆگە ، ئات قاتارلىق ئۇلاغلارغا ئارتىپ قاراسۇ داۋىنى ئارقىلىق تومۇش دېگەن يەرگە ساق ـ سالامەت يەتكۈزۈپ ، ئۆتكۈزۈپ بەردۇق . 1946 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تاشقورغانغا قايتا چىقىپ مىللىي ئىنقىلاب تايانچىلىرىنى ھەر خىل باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن يوق قىلىشقا باشلىدى ياكى تۇتۇپ سولاپ ، قىيىن ـ قىستاققا ئالدى . ئۇ چاغدا ئەلىفشاھ ھاكىم بىرقەدەر ئېغىر ـ بېسىق ، ياۋاش بولغانلىقتىن بۇ ئىشقا ئارىلاشمىدى ھەم ئۇ ئۆزىمۇ ئۇقمايتتى .

گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىپ نۇرغۇن كىشىلەرنى مەخپىي ئۆلتۈرۈۋەتتى . ئىگىلىگەن ئەھۋاللارغا ئاساسلانغاندا ، شۇ چاغلاردا ناھىيىمىزدىن 95 كىشى قولغا ئېلىنغان بولۇپ ، 60 كىشىنى ئىز ـ دېرەكسىز يوق قىلىۋەتكەن ئىدى . ئۇ زاماندا كېچىسىمۇ يول يۈرۈش مەنئى قىلىنغان ئىدى ، ھەممىلا يەرنى گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى ۋە پايلاقچىلار قاپلاپ كەتكەن ئىدى . مېنىڭ ئارقامغىمۇ پايلاقچى قويۇلغان بولۇپ ، « قورال يوشۇرغان » دېگەن بەتنام بىلەن قىيىن ـ قىستاققا ئېلىندىم . ئۆيۈمنى ئاختۇرغاندا بىر پارچە « شەرق ھەقىقتى » ژۇرنىلى چىققانلىقى ئۈچۈن مېنى « روس ئاخباراتچىسى » ، « سوۋېت ئىشپىيونى » دەپ سولاپ قويۇپ ، ئون نەچچە كۈن ئۇرۇپ قىيىندى . تامغا ئېسىپ قامچا بىلەن ساۋىدى ، ھەتتا قىزدۇرۇلغان سىم بىلەن دۈمبەمنى داغلىدى ( داغلانغان ئىزلىرى ھازىرمۇ بار ) . كېيىن تاغارمىدىكى يۇرت ئاقساقاللىرىدىن قىرغىزبەك ، ئىنايىتۇللا ، سوپى بەگ ، نىياز بەگ قاتارلىقلار ئارىغا چۈشۈپ ، سالا ـ سۆلھى

www.uyghurkitap.com

قىلىش ئارقىلىق گومىنداڭچىلارنىڭ قولىدىن مېنى كېپىللىككە ئېلىپ قۇتۇلدۇردى. لېكىن، ئۇزاق مەزگىلگىچە نازارەت ئاستىدا تۇردۇم. بىر مەزگىلدىن كېيىن ناھىيىلىك مائارىپ بۆلۈمى تەرىپىدىن ئوقۇتقۇچىلىققا تەيىنلىنىپ تاغارمىنىڭ شەرنېق دېگەن كەنتىدە (بۇ جاي ھازىر كۆكيار قىرغىز مىللىي يېزىسىغا قارايدۇ) خىدىربېك (قىرغىز) بىلەن بىرلىكتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلدىم. شۇ چاغدا مەن ئوقۇتقانلاردىن مۇسا خەشۇن، شەمسىدىن سەخى، خالمەمەت، ئىمىنجان، مەمەي قاتارلىق 20 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى بولۇپ، 1949 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئوقۇتقۇچىلىق قىلدىم. بۇ مەزگىلدە رەسمىي مەكتەپ يوق ئىدى. باللارنى شەخسلەرنىڭ ئۆيىدە ئوقۇتاتتۇق. ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرىمۇ يوق دېيەرلىك ئىدى. ئۇلار قارا قېرىنداش، نىل قەلەم، خام قەغەز ـ سېغىزلارغا ئوخشاش ئىنتايىن ئاددىي ئوقۇش قوراللىرىلا بار ئىدى. مېنىڭ ئۆتىدىغان دەرسلىرىم ئانا تىل، ھېساب، تەنتەربىيە قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. مەن ئوقۇتقۇچىلىقنى ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك كەسىپ دەپ بىلىپ ئوقۇغۇچىلارنى ئەستايىدىل ئوقۇتتۇم. ئۇلارغا غەمخورلۇق قىلدىم. ئوقۇغۇچىلارمۇ ماڭا ئامراق ئىدى.

1949 ـ يىلى 12 ـ ئايدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ بىر لىيەن ئەسكىرى تاشقورغانغا چىقتى. ئۇلار بىلەن چىققانلاردىن مارۇيشەن (ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى)، چېك زىبۇ (چارلۇك 2 ـ رايونلۇق پارتكوم شۇجىسى)، لى جىڭخەي (1 ـ رايونلۇق پارتكوم شۇجىسى)، روك گېتاك (3 ـ رايونلۇق پارتكوم شۇجىسى)، لۇچاڭلۇن (2 ـ رايونلۇق پارتكوم شۇجىسى) ۋە يەنە ئۈچ ھەربىيمۇ بار ئىدى. بۇ كوممۇنىستلار كېلىپ پامىر ئېگىزلىكىگە بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراقنى قادىدى. تاشقورغان

تىنچ يول بىلەن ئازاد بولدى . تاجىك قاتارلىق ھەر مىللەت خەلقى زۇلمەتلىك ، قاراڭغۇ كونا جەمئىيەتتىن قۇتۇلۇپ ، ئازاد ، بەختىيار زامانغا ئىگە بولدى . خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى تاغارمىغا كەلگەندە مەن 30 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنى تەشكىللەپ ، سەپ تۈزۈپ ، تاغارمىدىكى 100 دىن ئارتۇق تاجىك ۋە قىرغىز خەلقى بىلەن بىرلىكتە ھازىرقى كۆكيار يېزىسىنىڭ « تۆگىرەك بۇلاق » دېگەن يەرگىچە بېرىپ ئازادلىق ئارمىيىنى قىزغىن قارشى ئالدۇق ھەمدە ھەممىمىز قايناق ھېسسىياتىمىز بىلەن « ياشىسۇن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى » ، « ياشىسۇن يېڭى جۇڭگو ! » ، « ياشىسۇن ئازادلىق ئارمىيە ! » دەپ ئۈنلۈك شوئار توۋلاشتۇق . مۇزتاغ ئېتىكى چەكسىز خۇشاللىققا چۆمدى . تاجىك خەلقى داپ ، نەي چېلىپ ، ئۇسسۇل ئويناپ ، ئۆزىگە يېڭى زامان ، بەختىيار تۇرمۇش ئاتا قىلغان خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى كۈتۈۋالدى .

1950 - يىل 1 - ئايدا تاغارمىدا 1 - رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى . مەن رايون كاتىپى بولۇپ خىزمەتكە كىردىم . خىزمەتكە قاتناشقاندىن كېيىن ، ئەستايىدىللىق ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن خىزمەت ئىشلىدىم . 1 - رايونلۇق پارتكوم شۇجىسى لى جېڭخەي ( 1988 - يىلى ئۆلۈپ كەتكەن ) مېنى نۇقتىلىق تەربىيىلەپ خەنزۇ تىلىنى ئۆگەتتى . قىسقىغىنا بىر يىل ئىچىدە ئادەتتىكى خەنزۇچە گەپلەرنى قىلالايدىغان ۋە ئوقۇيالايدىغان بولدۇم . مېنىڭ خىزمەتكە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىقىم پارتىيىگە ، خەلققە بولغان سەممىي ساداقىتىمنى كۆزدە تۇتۇپ لى جېڭخەي مېنى پارتىيىگە ئائىت بىلىملەردىن خەۋەردار قىلىپ ، كوممۇنىستىك پارتىيىگە كىرىشىمگە ئىلھام بەردى . 1951 - يىل 10 - ئايدا رۇڭ گۇتاڭ دېگەن كىشى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىرگە مېنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىقىغا تونۇشتۇردى. مەن تاشقورغاندا تاجىكلار ئىچىدىن تۇنجى قېتىم كومپارتىيىگە ئەزا بولۇپ كىردىم (مېنىڭدىن ئىلگىرى زۇلال 1950 - يىل 4 - ئايدا 12 - دېۋزىيىدە پارتىيىگە كىرگەن ئىكەن). ھازىر ھايات قالغان پېشقەدەم زىيالىي، كادىرلارنىڭ ھەممىسى مېنى «تاشقورغان تاجىكلىرى ئىچىدىن ئەڭ بۇرۇن كوممۇنىست بولغان كومپارتىيە ئەزاسى، پارتىيىمىزنىڭ كونا تاجىك پارتىيە ئەزاسى» دېيىشىدۇ. مەن شۇ چاغدا پارتىيىگە كىرىپ قەسەم بەرگەندە خۇشاللىقىمدىن يىغلاپ كەتكەن ئىدىم ھەمدە «پارتىيە ئۈچۈن جېنىم پىدا بولسۇن» دەپ شوئار توۋلىدىم. ئىش قىلىپ پېشقەدەم كوممۇنىست بولغانلىقىم ئۈچۈن، پارتىيىگە كىرگەندە بەرگەن قەسىمىمنى ھەر ۋاقىت يادىمدا چىڭ تۇتۇپ، پارتىيە ۋە خەلققە سادىقلىق بىلەن خىزمەت ئىشلەشكە تىرىشتىم. بولۇپمۇ تاشقورغانغا چىققان باشقا مىللەت كادىرلىرى بىلەن ئوبدان چىقىشىپ، ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قوللاپ، خىزمەت ۋە تۇرمۇشتا يولۇققان قىيىنچىلىقلىرىغا قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم بەردىم. ئۇلارغا ئات، تۆگە، قوتاز، ئېشەك قاتارلىق ئۇلاغلارنى مىنىشنى ئۆگەتتىم. تۇرمۇشتا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئادەتتىكى تاجىكچە گەپ - سۆزلەرنى ئۇلارغا ئۆگىتىپ، تاجىك چارۋىچىلىرى بىلەن راۋان ئالاقە قىلىپ خىزمەتلەرنى يۈرۈشتۈرۈشكە ياردەملەشتىم. شۇ ۋاقىتتىكى 1 - رايون شۇجىسى لى جېڭخەي تاجىك دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئۆيىگە بارغاندا مىللىي ئۆرپ - ئادەتكە ھۆرمەت قىلىپ، مىللىي ئۆرپ - ئادەت بويىچە ئىش كۆرگەنلىكتىن خەلقنىڭ ھۆرمىتى ۋە ماختىشىغا سازاۋەر بولغان ئىدى.

مېنىڭ خىزمەتتىكى نەتىجىلىرىمگە ئاساسەن تەشكىل مېنى 1953 - يىلى 1 - رايوننىڭ مۇئاۋىن رايون باشلىقلىقىغا ئۆستۈردى. ئۇ چاغدا ئىنەيىتۇللا رايون باشلىقى، خىدىربېك (قىرغىز) مۇئاۋىن رايون باشلىقى ئىدى. ئىنەيىتۇللا يۆتكەلگەندىن كېيىن خىدىربېك رايون باشلىقى بولغان. 1950 - يىللاردا ئامېرىكا جاھانگىرلىكى چاۋشيەنگە تاجاۋۇز قىلىپ دۆلىتىمىزنىڭ بىخەتەرلىكىگە ئېغىر تەھدىت سالغان ئىدى. 1950 - يىل 10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى پېڭ دېخۇەي قوماندانلىقىدىكى جۇڭگو پىدائىيلار قوشۇنى يۈكسەك ئىنتېرناتسىئونالىزملىق روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش، ۋەتەننى قوغداش ئۇرۇشىنى باشلىدى. چاۋشيەن ئارمىيە، خەلقى بىلەن بىرلىكتە مۈرىنى - مۈرىگە تىرەپ ئىككى يىل توققۇز ئاي جەڭ قىلىپ، ئامېرىكا تاجاۋۇزچى قوشۇنىنى قوغلاپ چىقىرىپ، چاۋشيەننىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغداشقا ياردەم بەرگەن ئىدى. بۇ ۋاقىتتىكى ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش پائالىيىتى مەملىكەت كۆلەملىك بىر قېتىملىق داغدۇغىلىق ياردەم بېرىش پائالىيىتى بولۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىمۇ بۇ پائالىيەتنى قىزغىن قانات يايدۇرغان ئىدى. 1951 - يىل 4 - ئاينىڭ 22 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا سەيپىدىن ئەزىزى ئۆزى شەخسەن سەپەرۋەرلىك سۆزى قىلىپ، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش تارماق جەمئىيىتى قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلاپ ئۆلكە بويىچە مەزكۇر پائالىيەتنى كەڭ تەشۋىق قىلىشنى، شۇنداقلا «1 - ماي بايرىمى» مەزگىلىدە ئىئانە توپلاش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇشنى

جاكارلىغان ئىدى . بۇ پائالىيەتكە ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇش ئۈچۈن تاشقورغان ناھىيىسىدە 1952 - يىل 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى يەنى « 1 - ماي » ھارپىسىدا ، ھەر مىللەت خەلقى 50 مىڭ يۈەن ئىئانە توپلاپ ، بىر زەمبىرەك سېتىۋېلىپ « پامىردىكى تاجىك خەلقىنىڭ سوۋغىسى » دېگەن خەنزۇچە خەتنى قىزىل تاۋارغا چاپلاپ ، ئۇنىڭغا « پامىر زەمبىرىكى » دەپ نام بېرىپ ، مېنى تاجىك ۋەكىلى قىلىپ جەنۇبىي شىنجاڭ ھال سوراش ئۆمىكى تەركىبىدە چاۋشيەنگە ئەۋەتتى .

جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى قاسىمجان قەمبىرىنىڭ باشچىلىقىدا 30 دىن ئارتۇق ھەر مىللەت ، ھەر ساھە ۋەكىللىرى ، ئوندىن ئارتۇق مەدەنىيەت - سەنئەت ھال سوراش ئۆمىكى تەشكىللىنىپ بارغان ئىدى . بىزلەر لەنجۇغىچە قارا ماشىنا بىلەن ، ئاندىن پويىز بىلەن نۇرغۇن شەھەر - يېزىلارنى كېسىپ ، نەچچە كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ بېيجىڭغا ، ئاندىن 38 - پاراللېل ئالدىنقى سەپ مەيدانىغا بېرىپ ، جۇڭگو خەلق پىدائىيلار قوشۇنى ۋە چاۋشيەن خەلقىدىن ھال سورىدۇق . بۇ جەرياندا مەن چاۋشيەندە بىرئاز ئاغرىپ قالدىم . بىر چاۋشيەنلىك ئايال دوختۇر داۋالاپ ساقايتتى ھەمدە قايتىش ۋاقتىدا بۇ دوختۇر ماڭا بىر پارچە رەسىم بەرگەن ئىدى ( ئۇنىڭدا چاۋشيەنچە خەتلەر يېزىلغان ئىدى ) . بۇ رەسىم بوران - چاپقۇنلۇق « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دا كۈرەش - پىپەن قىلىنغان چېغىمدا كۆيدۈرۈلگەن . بۇ ھال سوراش ئۆمىكى بىلەن 20 كۈنگە يېقىن چاۋشيەن تەۋەسىدە تۇرغاندىن كېيىن ، قايتىش سەپىرىدە شەرقىي شىمال ، جەنۇبىي جۇڭگو قاتارلىق جايلاردىكى بېيجىڭ قاتارلىق چوڭ - كىچىك شەھەرلەردە ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق . نەزەر دائىرەمنى

كېڭەيتىپ پۈلى ناھىيىسىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، تاجىك خەلقىنىڭ ھال سوراش ۋە ئېكسكۇرسىيە جەريانىدىكى تەسىرات ۋە كۆز قاراشلىرىمنى تونۇشتۇرۇپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ چەكسىز، ئۇلۇغ غەمخورلۇقىنى تەشۋىق قىلدىم.

مەن 1956 - يىل 5 - ئايدىن 1960 - يىل 5 - ئايغىچە ناھىيىلىك مالىيە سودا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىدىم. ئۇ چاغلاردا قاتناش قولايسىز بولۇپ، ئات، تۆگە، ئېشەك، قوتاز بىلەن قەشقەردىن سودا يۆتكەپ كېلىنەتتى. قاتناش جاپالىق بولسىمۇ، مەن ۋە باشقا سەپداشلار بىلەن بىرگە ئون نەچچە قېتىم سودا ئەترىتىنى تەشكىللەپ، تاشمىلىق، يېگىسار قاتارلىق جايلاردىن مىڭ بىر مۇشەققەتتە مال يۆتكەپ تاشقورغاندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىشىغا كاپالەتلىك قىلغان ئىدۇق.

1957 - يىلى كوپىراتسىيىلەشتۈرۈش مەزگىلىدە مەن ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ھەيئەت ئەزالىقىغا بېكىتىلگەندىن كېيىن، ئىشىمۇ ئېغىر ۋە جاپالىق خىزمەت ئىشلەشكە توغرا كەلدى. ئىلگىرى - كېيىن بەلدىر، داتوڭ قاتارلىق يېزىلاردا ئىككى يىلغا يېقىن ئۇقتىدا تۇرۇپ ئىشلىدىم. ئائىلەمنىمۇ يۆتكەپ بېرىپ، دېھقان - چارۋىچىلار بىلەن بىرگە بولدۇم. قىش زىمىستان قاتتىق سوغۇقتا قوغۇشلۇق، داتوڭ يېزىلىرىغا بېرىش ئۈچۈن كەندار مۇزلۇق داۋىنىدىن نەچچە قېتىم ئېشىپ جاپالىق ئىشلەشكە توغرا كەلگەن ئىدى. مەن بىر قېتىم مۇزدا يىقىلىپ چۈشۈپ سول پۇتۇم يانپاش قىسمىدىن زەخمىلەنگەچكە قېرىغاندا ئاقساپ ماڭىدىغان بولۇپ قالدىم. 1960 - يىل 5 - ئايدىن 1966 - يىل 5 - ئايغىچە ناھىيىلىك ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش، ئالاقىلىشىش بۆلۈمىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستۈمگە ئالدىم. چەت ئەللەر بىلەن ئالاقە ۋە سودا قىلىشقا مەسئۇل بولدۇم. بۇ ئالاقە خىزمىتى ئاساسلىقى ئافغانىستان، پاكىستان، كەشمىرنىڭ ئەنۋار رايونى بىلەن مال ئۆتكۈزۈش ۋە ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتى بولۇپ، بۇ خىزمەت ئىنچىكە ۋە زىل، مەخپىي بولغاچقا، پارتىيە ۋە تەشكىلنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە دۆلەتنىڭ ئىناۋەت نوپۇزى، ئابرۇيىغا داغ تەگكۈزمەي، ئۇزاق يىللارغىچە قار - مۇزلۇق داۋانلارنى ئېشىپ، دەريا - ئېقىنلارنى كېچىپ ماللارنى چېگرىدىن ئۆتكۈزۈپ، سودا قىلىشتۇق. خىزمەت جەريانىدا، دۆلەت مەخپىيەتلىكىنى قەتئىي ساقلاپ كەلدىم. چېگرا - مۇداپىئە ئورۇنلىرىغا ياخشى مەسلىھەت بەردىم.

1966 - يىل 5 - ئايدىن كېيىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» قوزغىلىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا كېڭەيدى. بۇ ھەرىكەتنىڭ شاملى جۇڭگونىڭ ئەڭ غەربىدىكى، چەت ۋە يىراقتىكى تاشقورغانغا 1967 - يىل 1 - ئايلاردا يېتىپ كەلدى. قارا بوراندەك ئاق - قارىنى پەرق ئەتمەستىن ھەممە كىشىنى بىر قېتىمدىن ( قىسمەنلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا ) غەلۋىردە تاسقىغاندەك تاسقاپ كۆرەش، تەنقىد قىلىش باشلاندى. ناھىيىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىدىن تارتىپ بارلىق زىيالىيلارغىچە ھەممىسى دېگۈدەك ئەدىپىنى يېدى. مېنىڭ بېشىمغىمۇ قارا كۈنلەر كەلدى. ماڭا «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار»، «چەت ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر»، «شيۇجېڭجۇيىچى»، «گومىنداڭنىڭ قالدۇقى» دېگەن بىر - بىرىدىن ئېغىر قالپاقلار كىيدۈرۈلۈپ، تۆھمەتلەر چاپلاندى. بېشىمغا كىيدۈرۈلگەن قەغەز

قالپاق بارغانسېرى ئېگىزلەپ ئېغىرلىقىدىن ئۆرە تۇرالمايدىغان بولۇپ قالدىم. دۇمبەمگە «چەت ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر» دېگەن تۆھمەت خېتى چاپلىنىپ، كوچا ئايلاندۇرۇپ سازايى قىلىندىم. خىزمەتتىن توختىتىلىپ ئات باقارلىق، ھاجەتخانا تازىلاش ئىشلىرىغا سېلىندىم. كېچىسى كۆرەش قىلىش يىغىنى چاقىرىلىپ، ھالىمدىن كەتكۈچە ئۇرۇپ قىينىسا، كۈندۈزى ھەر خىل ئېغىر ئىشلارغا سېلىپ تازا قىينايتتى. ئۆيۈمگە قايتىشقا رۇخسەت قىلىنمايتتى. ئايالىم، بالا - چاقىلىرىم تاماق ئەكېلىپ، كىر قاتلىرىمنى يۇيۇپ بېرەتتى. بەزىدە يامانراقلىرى بۇنىڭغىمۇ يول قويمايتتى. مەن ھەر كۈنى كۆرەش قىلىنىش ۋە سوغۇق ياتاقتا يېتىش سەۋەبىدىن ئۆپكە ۋاسپىلىنىيىسى كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، قان تۈكۈرۈپ يېتىپ قالدىم. ئايالىم دۇرسۇلتان «قىزىل قوغدىغۇچىلار» ۋە «جەڭگىۋار دۈي»نىڭ قەھرىمانلىرىغا يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ، ئاران رۇخسەت ئېلىپ دوختۇرخانىدا ئىككى ئايدىن ئارتۇق يېتىپ ئاران ساقايدىم. كېيىن يەنە ئاتالمىش «818» ، «سەنسىخۇي» ، «خۇڭ ئېرسى» دېگەن تەشكىلاتلار نۆۋەتلىشىپ دېلو تۇرغۇزۇپ قىيناپ سوراق قىلدى.

مەن ئاشۇ مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن ئىبارەت بالايىئاپەت يىللىرىدا كۆپ خارلاندىم. كۆپ قېتىم قىين - قىستاققا ئۇچرىدىم، جاھان ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن بۇ ۋاقىتتا قارا قورساق، مۇتتەھەم ئىسيانچىلار ھېچنېمىنى سۈرۈشتۈرمەيلا كىشىلەرنى قىيناپ زار قاقشىتاتتى. ئۇلارنىڭ قىلىدىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىغان ئىدى. سەككىز يىلغىچە نۇرغۇنلىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جاپالارنى تارتىپ ھالىمدىن كەتتىم ، لېكىن ئۆلمىدىم ، يەنە « پارتىيە ۋە ماۋجۇشى ماڭا قايتا ھاياتلىق بەرگەن » ئىدى .

1976 ـ يىلىلىرى « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » مۇ ئاخىرلاشتى . مېنىڭ خىزمىتىممۇ ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى . بىر مەزگىل يەنە سودا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىدىم . 1977 ـ يىل 6 ـ ئايدىن 11 ـ ئايغىچە ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ئىشخانا مۇدىرى بولۇپ ئىشلىدىم . 1978 ـ يىل ئاخىرىدىن 1981 ـ يىل 3 ـ ئايغىچە ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ ئىشلىدىم . 1981 — 1988 ـ يىل 3 ـ ئايغىچە ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدا مۇئاۋىن مۇدىر بولۇپ ئىشلىدىم . خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېت مۇدىرى سەيدۇللا بەيلەم بىلەن يېقىندىن ماسلىشىپ دېموكراتىيە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ، قانۇنىي نازارەت قاتارلىق خىزمەتلەرنى تىرىشىپ ئىشلىدىم . سايلام قانۇنى ۋە سايلام تەرتىپىنى كۆچەيتىپ ، توسالغۇلارنى يېڭىپ ، پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ ، دادىل ئىشلىدىم . 1988 ـ يىل 3 ـ ئايدا يېشىم توشقانلىقتىن ئىلتىماس يېزىپ دەم ئېلىشقا چىقتىم . ھاياتىمدا نۇرغۇن ئىسسىق ـ سوغۇق ۋە جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى بېشىمدىن كۆچۈردۈم ھەم يەنە جاپانىڭ ھالاۋىتىنىمۇ كۆردۈم . پارتىيە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىدا ئالتە بالام ياخشى تەربىيىلىنىپ ، خەلققە يارام‍لىق كىشىلەردىن بولۇپ يېتىشتى . ئۇلار ھەرقايسى خىزمەت ئورۇنلىرىدا پارتىيە ۋە خەلق ئۈچۈن تىرىشىپ خىزمەت قىلماقتا .

ئەمدى ئويلىسام ، ئۆمرۈم بىھۇدە ئۆتمەپتۇ . ئۆتۈپ كەتكەن

ئۆمرۈمگە ھەرگىز ئۆكۈنمەيمەن. ھازىر ئائىلەمدە خاتىرجەم دەم ئېلىۋاتىمەن. ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمۈر سەرگۈزەشتىلىرىمنى ئەسلىسەم، پۈتكۈل ھاياتىمدا پارتىيە، خەلق ئۈچۈن ئازراق بولسىمۇ پايدىلىق ئىش قىلغانلىقىمدىن ئىپتىخارلىق ھېس قىلىمەن. مەنىلىك ئۆتكەن ھاياتىم ئۈچۈن بەخت تۇيغۇسىغا چۆمىمەن.

مەسئۇل مۇھەررىرى: مەدەلىخان

ئاپتور: خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى

# ئۆمۈر ۋاراقلىرىدىن ئۇنتۇلماس ئەسلىمىلەر

## بەگقەدەم شاباز



مەن 1920 - يىل 4 - ئايدا تاشقورغان ( پۇلى ) ناھىيىسىنىڭ تىزناپ يېزىسىدا كەمبەغەل - چارۋىچى ئائىلىسىدە تۇغۇلدۇم . ھازىر 80 ياشتىن ئاشتىم . ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش تارىخىي ماتېرىياللار كومىتېتىدىكى يولداشلارنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن بېشىمدىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىلىرىمدىن ئېسىمدە قالغانلىرىنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا يادنامە سۈپىتىدە قالدۇرۇشنى توغرا تېپىپ قولۇمغا قەلەم ئالدىم .

### باللىق دەۋرىمدە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم

بىلىشىمچە دادام شاباز ، بوۋام سارمۇساق ، چوڭ بوۋامنىڭ ئىسمى دۆلەتبەيگ بولۇپ ، بىزنىڭ جەمەتىمىز ئەۋلادمۇ - ئەۋلاد دېھقان - چارۋىچى بولۇپ ، تىزناپتىلا ياشاپ كەلگەن ئىكەن . مەن ئەقلىمگە كەلگەندىن بۇيان ئۆيدە چارۋا بېقىش ، ئوتۇن ئەكېلىش ،

قوزا ـ ئوغلاق بېقىش ئىشلىرىنى قىلاتتىم . مۇشۇ دەۋر شىنجاڭدا ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان دەۋر بولۇشى مۇمكىن . بىر كۈنى دادام بىلەن ناھىيە بازىرىغا باردۇق . ئۇ چاغدا تىزناپتىن ھەسەن پالۋانشاھ بىلەن ئەلىفبېك دېگەن ئادەملەرنى يامۇلغا قاماپ قويغان ئىكەن . تىزناپنىڭ يۇرت ـ مۆتىۋەرلىرىدىن شاباز سارمۇساق ( دادام ) ، كەلىك بەيىگ خوجەم ، ئەلىفدىن قاتارلىق 20 نەچچە ئادەم ( مەنمۇ دادام بىلەن بىرگە بارغان ئىدىم ) ھەسەن پالۋانشاھ بىلەن ئەلىفبېك قاتارلىق ئادەملەرنىڭ گۇناھىنى تىلەش ئۈچۈن يامۇلغا كىردۇق .

ئېسىمدە قېلىشىچە ، ھازىرقى كونا يامۇل ( تاش قەلئە ) ناھايىتى ھەشەمەتلىك بولۇپ ، بىز پەلەمپەي ئارقىلىق يامۇل دەرۋازىسىغا چىقتۇق . ئۈچ دەرۋازىدىن كىرگەندىن كېيىن سوراقخانا ( قوبۇلخانا بولسا كېرەك ) كەڭ مەيدان ( سەھنە )نىڭ ئوتتۇرىسىدا دۈگىلەك شەكىلدە ئولتۇردۇق . ئوتتۇرىسىدا يۇملاق شىرە قويۇلغان ئىدى . بىر پەستىن كېيىن ئامبال ( خەنزۇ بولۇپ ئىسمىنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيمەن )نى زەمبىلدەك بىرنەرسىدە ئولتۇرغۇزۇپ ، داقا ـ دۇمباق بىلەن كۆتۈرۈپ ئەكىلىپ ، ھېلىقى يۇملاق شىرەنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدى ( كېيىن ئۇنىڭ مانجۇچە مۇراسىم كىيىم كىيگەنلىكىنى ھېس قىلدىم ) . بېشىغا يوغان باش كىيىمى كىيگەن ھالدا سوراق باشلانغان ئىدى . خەنزۇچىدىن خەۋىرىم بولمىغاچقا ھەمدە ئۇيغۇرچىنىمۇ تازا بىلەلمىگەچكە ھېچنېمىنى بىلمىدىم . ئامبال بىردەم ۋارقىراپ ، بىردەم پەس ئاۋازدا گەپ قىلىپ بىرنېمىلەرنى دېگەندىن كېيىن يۇرت ئاقساقاللىرى بىلەن قايتىپ چىقتۇق . ئارىلىقتا توڭچى ( تەرجىمان ) خەنزۇچە گەپنى ئۇيغۇرچە ئۆرۈپ بەردى . ئېھتىمال

ھەسەن بىلەن ئەلىفبېك دېگەن ئادەملەرنىڭ گۇناھىدىن كەچمىگەندۇ. ئۇ چاغلاردا ئۇلارنى قويۇپ بەرمىدى، ئامبال دارىن، چېرىك، يايى دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يامۇلنىڭ ئىچىدە تۇراتتى. بىر قانچە يىل ئائىلىدە تۇردۇم. بۇ مەزگىلدە قالايمىقان ئۆزگىرىشلەر كۆپ بولۇپ تۇردى.

ھازىر ھېس قىلىشىمچە، يۇسۇپجان تۇنجى قېتىم (1932 - يىلى) تاشقورغانغا چىقىپ، ئادەملەرنى تۇتقۇن قىلىپ، ئۆلتۈرۈپ يامۇلنى ئىگىلىدى. مۇقىمسىزلىق يۈز بېرىپ، دېھقان - چارۋىچىلار يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ، ئۆيلىرىدە خاتىرجەم ئولتۇرالمايدىغان ھالەتلەرگە دۇچار بولغان ئىدى. تۆرەم ئىسىملىك ئۆزبېك نۇرغۇن ئۆزبېك، قىرغىزلارنى باشلاپ چىقىپ، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ ئافغانىستانغا قېچىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن تۇڭگانلار (خۇيزۇلار) كېلىپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ كەتتى. 1934 - يىلى يۇسۇپجان دېگەن ئۆزبېك يەنە تاشقورغانغا چىقىپ، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، تاجىك، قىرغىز خەلقلىرىنى ئېغىر كۈنلەرگە قويۇپ، ئاندىن ئافغانىستانغا قاچماقچى بولغاندا ناھىيە ھاكىمى شەرىف رەشىدبېك، ئۇلفەتشاھ رەشىدبېك، گۇلشىرخان بىگۇن، سالىمان نەبى، شاخۇمار (تىزناپتىن) قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى 60 تىن ئارتۇق يەرلىك ئادەملەرنى باشلاپ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ، ياردەم سوراپ قوراللىنىپ بەيك جىلغىسىنى ئاساسىي بازا قىلىپ، يۇسۇپجان باسمىسىنى تارمار قىلىپ، قەشقەر تەرەپكە قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلغان، تاشقورغانغا تۆر كۆمەلەپ كەلگەن قېپچاق باسمىچى بۇلاڭچىلاردىن ھاكىمىيەت تارتىپ ئېلىنغاندىن كېيىن يەرلىك تاجىكلاردىن ئەسكەر قوبۇل قىلىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بىر يىلغىچە تاشقورغاننىڭ ۋەزىيىتى بىرقەدەر مۇقىم، تىنچ

بولدى. شەرىق ھاكىم ئىنىسى ئۇلفەتشاھ، چىكرا ساقچى ئەترەت دۈيجاڭى گۈلشىرخان بىگۇن قاتارلىقلار شىڭ شىسەي تەرەپتىن يوق قىلىنىۋېتىلگەندىن كېيىن، تىزناپتىن داكە شاھنەزەر مۇئاۋىن ھاكىم بولۇپ بىر مەزگىل ئىشلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن پەيزىۋاتقا يۆتكىلىپ پەيزىۋات ناھىيىسىگە ھاكىم بولغان، كېيىن بولاڭچىلار تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

1936 ـ يىلى تاشقورغاندا يېڭىي مەكتەپ قۇرۇلدى، مەن ئۇ شىيەنلى مەكتەپكە كىرىپ ئۈچ يىل ئوقۇدۇم. بىزنى ئوقۇتقان ئوقۇتقۇچىلار ئىككى ئۇيغۇر مۇئەللىم بولۇپ، ئەبەيدۇللا ئۆمەر بىلەن ئوسمان ئەپەندى بىزگە دىنىي دەرس، ئانا تىل، ھېساب، غەزەل (ناخشا)، رەسىم، تەنتەربىيە قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتەتتى، ئوقۇتۇش جەريانىدا جازالاش ئۇسۇللىرى بار بولۇپ، تاياق بىلەن قاتتىق ئۇراتتى، ئەبەيدۇللا ئۆمەر مۇئەللىم كېتىپ ئورنىغا قاسىم ئەپەندى كەلدى. ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىمدا تىرىشىپ ئۆگەنگەنتىم، شىيەنلى مەكتەپتە تۆۋەن سىنىپ، مۇرەككەپ سىنىپ دېگەنلەر بار ئىدى. شۇ چاغدىكى مەكتەپ مۇدىرى بادۇرشا (قۇزغۇندىن) بولۇپ، ئۇ تاغارمىدىكى دەباي دېگەن ئادەم قوزغىماقچى بولغان توپىلاڭغا چېتىشلىق دېگەن باھانە بىلەن يوق قىلىنىۋېتىلگەندىن كېيىن، جاك فامىلىلىك بىر خەنزۇ مەكتەپ مۇدىرى بولدى، ئوقۇغۇچىلار تاشقورغان ناھىيە (ھازىرقى) تەۋەلىكىدىن باشقا يەنە گەز، بۇلۇڭكۆل، سۇ باشى، تار، ئالمىلىق، كوسراپ قاتارلىق جايلاردىنمۇ كېلەتتى، جەمئىي 200 گە يېقىن ئوقۇغۇچى بار بولۇپ، مەكتەپ ئورنى ھازىرقى پەس بازار (2 ـ يېڭىنىك سانائەت قۇرۇلۇشلىرىنىڭ) ئائىلىلىكلەر قورۇسىدا ئىدى.

1939 - يىلى 11 - ئايدا 3 - سىنىپتىنلا قەشقەردە ئېچىلغان ئالتە ئايلىق ئوقۇتقۇچىلارنى يېتىشتۈرۈش كۇرسىغا بېرىپ ئوقۇدۇم. بىز بەش بالا ئىدۇق. ئەلىيار مەمەدياربەك ( تاشقورغان يېزىسىدىن ) ، ئەلىفشاھ ( داتوك يېزىسىدىن ) ، تىللا ( ۋاچا يېزىسىدىن ) ، بۇلبۇل ( ۋاچا يېزىسىدىن ) ۋە مەن ( بەگقەدەم شاباز ) بىز بەشىمىز 1940 - يىل 5 - ئايغىچە ئانا تىل ، ھېساب ، غەزەل ( ناخشا ) ، رەسىم ، تەنتەربىيە ، تەبىئەت ، تارىخ ، گرامماتىكا ( ماتېرىياللارنىڭ كۆپىنچىسى تاشكەنت باسمىسىدىكى ئۆيغۇرچە ماتېرىياللار ) قاتارلىق دەرسلەردىن تەلىم ئېلىپ ، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆزۈم ئوقۇغان مەكتەپتە بەش يىل ئوقۇتقۇچى بولۇپ ، ئانا تىل ، ھېساب ، تارىخ ، تەبىئەت قاتارلىق پەنلەردىن دەرس ئۆتتۈم. بۇ چاغدىكى مەكتەپ ئورنى يەنىلا پەس بازارنىڭ دۆڭدىن چۈشىدىغان جايىدا بولۇپ ، ئىككى چوڭ زالدا ئوقۇغۇچىلار ياتاتتى ، زاللارنىڭ ئىككى تەرىپىدە كاڭ ياسالغان بولۇپ ، ئىككى يەردە مەش قويۇلغان. تەمىناتلىق مەكتەپ بولغاچقا يوتقان - كۆرپە ، كىيىم - كېچەك ، تاماق مەكتەپتىن بېرىلەتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ يوتقانلىرىنى ئىبراھىم كېرىم ، شەمسىدىن سەخى ، قۇربان دۆلەتلەر ھەربىيچە قاتلاپ يىغاتتى. دېرىزىدە « گۈلجاھان » ماركىلىق سوپۇن پاراشوكى قويۇلغان. ھەر كۈنى بىر سوتكىدىن ئىككى ئوقۇغۇچى نۆۋەتلىشىپ دىجورنىلىق قىلىپ ، سىنىپلارغا ئوت قالايتتى ، تازىلىق قىلاتتى. نۆۋەت بىلەن ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار تەمىناتلىق مەكتەپنىڭ قويلىرىنى باقاتتى. ھەر دۈشەنبە كۈنلىرى دەرسنىڭ قىيىنىنى ئۆتەتتى. بۇ كۈندە باللارغا پولۇ ئېتىپ ، دەرستە ياخشى باللارغا پولۇ بېرىلەتتى. دەرستە ناچار باللارغا نان تارقىتىپ بېرەتتى. قالغان

كۈنلىرى ئارپا نان ۋە سۈتلۈك چاي قىلاتتى . جاڭ فامىلىلىك مەكتەپ مۇدىرىدىن كېيىن مۇبارەكشاھ ( مارىياگدىن ) مەكتەپ مۇدىرى بولدى . مۇبارەكشاھتىن كېيىن ئەلىفشاھ ( داتۇڭ يېزىسىدىن ) مەكتەپ مۇدىرى بولدى . ئارقىسىدىن ئىبراھىم كېرىم ( تىزناپ يېزا چۇشماندىن ) پۈلى مىللىي ئىنقىلابىغىچە مەكتەپ مۇدىرى بولدى .

## ئازادلىق يولىدىكى كۈرەش

1945 - يىلى 8 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن تاشقورغاندا « پۈلى ئىنقىلابى » پارتلاپ گومىنداڭغا قارشى قاقشاتقۇچ زەربە بېرىلدى . مەن مىنتىكە ، خونجىراپ ، داپتار چېگرا ئۆرۈنلىرىدا بەنجاڭ ، پەيجاڭ ، لىيەن كاتىپى بولۇپ ئىشلىدىم . شۇ يىلى 11 - ئايدا يەكەننىڭ كاچۈڭ ، چۇپان ، تۇمشۇقساراي ، ياقئېرىق دېگەن جايلاردا گومىنداڭ ئەسكىرىي كۈچلىرى بىلەن ئۇن نەچچە قېتىم جەڭ قىلىپ غەلىبە قازاندۇق .

1946 - يىلى 1 - ئايدا قاغىلىق ناھىيىسىگە ئەتىگەندە ھۇجۇم قىلىپ ، چۈشتە قاغىلىقنى ئىشغال قىلدۇق . گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بىر قىسمى ئۆلدى . بىر قىسمى تېرە - پىرەن بولۇپ خوتەن تەرەپكە قاچتى . دەل مۇشۇ كۈندىكى جەڭدە گومىنداڭ پوتىيىگە ئوت ئاچقىنىمىزدا سول قولۇمنىڭ جەينىكىگە ئوق تېگىپ يارىدار بولدۇم . ھازىرمۇ ئوق ئىزى بار . يارىدارلاردىن غەرىپشاھ ( تاغارمىدىن ) ئىككىمىزنى قاغىلىق دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىپ ئۇ يەردە ئىسھاقجان دېگەن دوختۇر ( بۇ ئادەم ئازادلىقتىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كېيىن قەشقەر ۋالىي مەھكىمە سەھىيە بۆلۈم باشلىقى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان) يارامنى دورا بىلەن يۇيۇپ تازىلاپ تېڭىپ قويدى. ھەپتىدىن كېيىن بىز كاچۇڭغا قايتىپ دەم ئالدۇق. مىللىي قوشۇنىمىز قاغىلىقتا تۇرۇۋاتقاندا، خوتەن تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن گومىنداڭ قىسىملىرى بىلەن گوما - قاغىلىق ئارىسىدىكى چولاقساي دېگەن يەردە بىر كېچە - كۈندۈز جەڭ قىلىپ ئاخىر غەلىبىگە ئېرىشتۇق، قاغىلىقتا بىر ئاي تۇرغاندىن كېيىن، خوتەن، يەركەن تەرەپلەردىكى گومىنداڭ قالدۇق قىسىملىرى بىرلا ۋاقىتتا ھۇجۇم قىلىپ كەلگەنلىكتىن قاغىلىقتىن چېكىنىپ چىقىپ قوشراپتا مۇداپىئە قىلىپ تۇردۇق.

1946 - يىل 3 - ئايدا قوشۇننى تەرتىپكە سېلىپ ئەسلىدىكى تۆت ليەن (ئىسكادرون) نى تۆت تۇەنگە ئۆزگەرتىپ بېكىتتى. بىزنىڭ تۇەنىمىز تاجىك 28 - ئاتلىق تۇەنى بولۇپ بېكىتىلدى. لەشكەر تۇەن كوماندىرى، مەن شتاب باشلىقى (سەنموجاڭ) بولۇپ تەيىنلەندۇق. 4 - ئايدا تۇەنىمىز ئايرىتاشتا مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان مەزگىلدە، گومىنداڭنىڭ بىر تۇەن ئەسكىرىي كۈچى ئارقا داۋان ئارقىلىق بىزگە ھۇجۇم قىلىپ كەلدى. بىز ئارقا داۋاننىڭ پەس تەرىپىدە، گومىنداڭ ئېگىز تەرەپتە تۇرۇپ، جەڭ باشلىنىشى بىلەن تۇەن كوماندىرى لەشكەرنىڭ سول پۇتىنىڭ پاچىقىغا ئوق تېگىپ يارىدار بولدى، مىنگەن ئېتىغىمۇ ئوق تېگىپ ئات ئۆلدى. لەشكەر تۇەنجاڭ جەڭگە مېنىڭ قوماندانلىق قىلىشىمنى بۇيرۇدى. شۇ كۈندىكى جەڭ بىر يېرىم كۈن داۋام قىلدى. گومىنداڭ ئەسكىرىي كۈچى ئاساسىي جەھەتتىن يوقىتىلدى. ئاز بىر قىسمى يەكەن تەرەپكە قېچىپ

كەتتى . بىز تەرەپتىن ئەكرەم ( ۋەرشىدىن ) ، گۈرگ (ۋەرشىدىن ) ، زەمىرىك ( ۋاچىدىن ) ، نىياز ( ئۈچ بەلدىردىن ) قاتارلىق تۆت ئادەم قۇربان بولدى . ئۇلارنى كۆمۈپ قويدۇق . يەتتە ئادەم يارىدار بولدى ( بۇلارنىڭ ئىچىدە پولات مەمەت بار ئىدى ، قالغانلىرى ئېسىمدە قالماپتۇ ) . يارىدارلارنى كوسراپقا ئاپىرىپ داۋالاتتۇق . 6 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابىنىڭ باش قوماندانى گېنېرال ئىسھاقبېك مونونوف بىز تۇرغان قوشراپ فرونتىغا كېلىپ مىللىي ئىنقىلاب ھۆكۈمىتى تەرەپ بىلەن گومىنداڭ تەرەپ « 11 ماددىلىق تىنچلىق كېلىشىمى » نى ئىمزالاپ ، ئۇرۇشماي ھاكىمىيەتنى بىرلىكتە باشقۇرىدىغانلىقىنى ، ئۇرۇش فرونتلىرىنىڭ تەرتىپلىك ھالدا قايتىپ كېتىشىنى ئېلان قىلدى .

گومىنداڭ ئۇرۇش فرونتىمىزنىڭ قايتىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ قوشراپ بىلەن چاماسال ئوتتۇرىسىدىكى زەرەپشان دەرياسىدىن كېمە بىلەن ئۆتۈۋاتقان قىرغىز غەلبە تۆەنگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ، ئاز بولمىغان ئىنقىلابچىلىرىمىز قۇربان بولدى . شۇنىڭ بىلەن « 11 ماددىلىق تىنچلىق كېلىشىمى » گومىنداڭنىڭ خىلاپلىق قىلىشى بىلەن بۇزۇلدى . شۇ يىلى كېزىك كېسىلى تارقىلىپ ، تاشقورغان ناھىيە تىزناپ يېزىسىدىلا 40 تىن ئارتۇق ئادەم ئۆلۈپ كەتتى . 8 ـ ئايدا قەشقەردىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى يەنە تاشقورغانغا كېلىپ ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈشكە باشلىدى . 11 ـ ئايلاردا مەن بازار ئىچى باشلانغۇچ مەكتەپتە تاكى 1949 ـ يىل ئوتتۇرىلىرىغىچە ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندىم . ئوقۇغۇچى ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۇرمۇشى خارابلاشتى . مائاش بېرىلمەيدىغان ھالەتكە چۈشتى ، مائاش بەرگەن تەقدىردىمۇ ، نەچچە يۈز يۈەنگە بىرەر نانمۇ كەلمەيدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولۇپ قالدى . قورساقتا يەيدىغان كۆندىلىك بۇيۇملارنى بازاردىكى ناۋاي ، مانتىپەزلەردىن نېسى ئېلىپ يەپ قەرزدار بولۇپ قالدۇق . مەن مەكتەپتىن ئائىلەمگە قايتىپ كەتتىم . ئۇ چاغدا مەكتەپ مۇدىرلىرىدىن قۇربان دۆلەت ، مەن ، ئەلنىيار مەمەديار بەگ ، نىدا مەمەت قاتارلىقلار بار ئىدۇق . نەبى ( ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئىدى ) . مېنى تىزناپتىن سەككىز كىشىنى پارتىزان دېگەن نام بىلەن يىغىپ ئۆزىنى قوغداشقا ئىشلەتتى . بۇ سەككىز ئادەمنىڭ كۆپىنچىسى تىزناپتىن بولۇپ ، مەن ، شاخۇمار ، خوجا بەگ ، ئامانباي ، ھەيدباي ، تاشمەت ( بەلدىردىن ) ئايتاش ، مەدەلى قاتارلىقلار ئىدۇق . خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭغا كىرىشى بىلەن ناھىيىمىزدە بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق تىكلەندى . نەبى « پاكىستانغا قاچىدىغان بولدى » دەپ ئۇنى گومینداڭنىڭ تاشقورغاندا تۇرۇشلۇق قىسىم باشلىقى سۇ دۇيجاڭ تۇتۇپ قامىدى . شۇ قاتاردا بىزلەرنىمۇ ( نەبىنىڭ قوغدىغۇچى ئەسكەرلىرى ) تۇتۇپ ، سەككىز كۈنگىچە قاماقتا ياتتۇق . 1950 ـ يىل 1 ـ ئايدا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى تاشقورغانغا يېتىپ كېلىپ بىزنى قۇتۇلدۇرۇۋالدى .

## ھاياتىمدىكى بەختلىك چاغلار

1950 ـ يىل 1 ـ ئايدا مەن خەلق ھۆكۈمىتىگە خىزمەتكە كىرىپ ، خەلق ئىشلار بۆلۈمىدە ئىشلىدىم . 1951 ـ يىل 11 ـ ئايدىن 1954 ـ يىل 4 ـ ئايغىچە مائارىپ بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقلىق ۋەزىپىسىدە بولدۇم . بۇ جەرياندا مائارىپنىڭ يۈكسىلىشى ئاستا بولسىمۇ ، لېكىن قىيىن شارائىتتا خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت

سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلىندى . ھەرقايسى يېزىلاردىمۇ مەكتەپلەر قۇرۇلغان بولۇپ ، دۆلەت بىر تۈتاش تارقاتقان ماتېرىياللار بىلەن ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلغان ئىدى . ئۇ چاغدا ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى بەك كەمچىل بولۇپ ، ھەر بىر يېزىدا بىردىن ئىككىگىچە ئادەملەر بار ئىدى . تىزناپتا موللا نىياز ، تاغارمىدا خىدىربەگ ( قىرغىز ) ، ۋاچىدا بۇلبۇل ، دەپتەردە نۇرمەممەت ، مارياڭدا فەقىرشاھ ، داتوڭدا مەمەلەتىق ، قوغۇشلۇقتا دۆلەتباي ، تاردىن خۇدابەردى ، قارغاباي قاتارلىقلار بار ئىدى . 1954 - يىل 4 - ئايدىن 1957 - يىل 5 - ئايغىچە ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بولدۇم . 1957 - يىل بېشىدا ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە نازارىتىنىڭ سابىق نازىرى مۇسايوفنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا ، شىمالىي ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىن 30 نەچچە ئادەم سىياسىي قانۇن ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى تەشكىللىنىپ ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ بىرقانچە شەھەرلىرىدە ئېكسكۇرسىيىدە بولدۇق . پايتەخت بېيجىڭدا دۆلەت رەھبەرلىرىدىن ماۋزېدوڭ جۇشى ، ليۇ شاۋچى ، دېڭ شياۋپىڭ قاتارلىقلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ خاتىرە ئۈچۈن رەسىمگە چۈشتۇق ( بۇ رەسىملەر « مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا » كۆيدۈرۈۋېتىلدى ) .

1957 - يىل 5 - ئايدىن 1960 - يىل 1 - ئايغىچە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى بولدۇم . 1960 - يىل 1 - ئايدىن 1966 - يىلىغىچە ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىق ۋەزىپىسىدە بولدۇم . بۇ جەرياندا 1962 - يىلى بېيجىڭدا ئېچىلغان 7000 كىشىلىك مەركىزىي خىزمەت يىغىنىغا قاتنىشىپ يەنە بىر قېتىم ماۋجۇشى ۋە باشقا رەھبەرلەر بىلەن دىدار كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولدۇم . 1966 - يىل 12 - ئايدا قارا قويۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شامال پەيدا بولۇپ، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى باشلىنىپ پىپ قىلىندىم. 1979 ـ يىلى 1 ـ ئايدا مەسىلەمنى «خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت» دەپ بېكىتىپ، مېنى تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى. خىزمەت جەريانىدا سالامەتلىكىم ياخشى بولمىغاچقا، 1980 ـ يىلى دەم ئېلىشقا چىقتىم. 1985 ـ يىلىۋە1995 ـ يىللىرى يەنە ئىككى قېتىم ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئېكسكۇرسىيىگە بېرىپ كەلدىم. جەمئىي ئۈچ قېتىملىق ئېكسكۇرسىيە جەريانىدا بېيجىڭ، تيەنجىن، ئىچكى موڭغۇل، باۋتۇ، خەينەن، خاربىن، شىنياڭ، ئەنشەن پولات تۆمۈر زاۋۇتى، نەنجىن، شاڭخەي، خاڭجۇ، گۇاڭجۇ، ۋۇشى، سۇجۇ، گۈيلىن، ۋۇخەن، شىنجىن، شىئەن، لەنجۇدىن ئىبارەت ئۆلكە ـ شەھەر، ناھىيىلەردە ئېكسكۇرسىيە قىلىش، كۆرۈش، ئاڭلاش جەريانىدا ئاز بولمىغان بىلىم ۋە ئاڭ تۈيغۇسىغا ئىگە بولدۇم.

بەختلىك چاغلىرىم دېگەندە خىزمەت قىلىش ياكى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئېكسكۇرسىيە جەريانىدا خەلق ئۈچۈن، ئامما ئۈچۈن هالال ئىشلەشنىڭ نەقەدەر بۇيۇكلۇكىنى ھېس قىلدىم، پارتىيە ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقالايدىغان بىر رەھبەر بولۇشنىڭ ئۆزىمۇ بىلىم سەۋىيە ۋە ئىنقىلابىي قاراشتىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم.

## ھاياتىمدىكى مۇشەققەتلىك چاغلار

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ جۇڭگودىكى كۆپ ساندىكى كىشىلەرگە كەلتۈرگەن زىيىنىنى تۇغرىسىدا توختالمىسامۇ، ھەممىگە ئايان پاكىت. مەن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا بېشىمدىن كەچۈرگەن مۇشەققەتلىك كۈلپەتلەرنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئەينەك ۋە ساۋاق ئۈچۈن يېزىپ

قالدۇردۇم. ناھىيىمىزدە 1966 ـ يىل 12 ـ ئايلاردا « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » باشلىنىپ ئالدى بىلەن مەن توغرۇلۇق يېزىپ چاپلانغان دازىباۋ ( چوڭ خەتلىك گېزىت )لار كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تاملارغا لىق توشقۇزۇلغان، شۇنىڭ بىلەن نەق يەتتە يىل داۋاملىق كۈرەش ۋە پىپەن قىلىندىم. ۋەزىپەمنى ۋە ئىشخانامنى تارتىۋېلىپ، مېنى سۇ توشۇشقا، ئوتۇن يېرىپ ئوت قالاشقا، كوچىلارنى سۈپۈرۈشكە سالدى. دەسلەپتە مەن، مەنسۇرخان، شەمسىدىن سەخى قاتارلىقلارنى يېرىم كېچىدە ئاچىقىپ گۇناھلىرىمىزنى يازدۇرۇشقا سالدى.

ناھىيىمىزدە ئۈچ پەي ( گۇرۇھ )، سەنسىخۇي ( ئۈچنى ئىلگىرى سۈرگۈچىلەر )، جۇسەن ( 9.3 تەشكىلاتى )، لەنۋى (بىرلەشمە تەشكىلات ) دىن ئىبارەت ئۈچ پەينىڭ ھەممىسى مېنى يوقىتىدىغان پەي ئىدى. كۈندۈزى ئىش قىلىشتىن باش كۆتۈرگۈزمەيتتى، كېچىسى كۆزلىرىمنى تېڭىپ بۇرۇنقى ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ كارىدورىدا ئايلاندۇرۇپ، بىر ئۆيگە ئېتتىرىپ كىرگۈزۈپ، سوتلاپ، ئۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، قايتۇرۇپ چىقىپ، توختىماي قوياتتى. مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە « كۈرەش، تەنقىد، ئۆزگەرتىش » مەزگىلى بولۇپ، ئائىلەمنى سوتلاپ، بالىلىرىمنى ئالداپ، گەپ سوراپ ھاقارەتلىدى. ئۆيۈمنىڭ تاملىرىغا چوڭ خەتلىك گېزىتنى چاپلاپ، مېنى « ئۇنسۇر »، « گومىنداڭ قالدۇقى »، « خائىن » دەپ ھاقارەتلىدى. 1973 ـ يىل مەسىلەمنى « ئادەتتىكى تارىخي مەسىلە » دەپ بېكىتىپ پارتىيە تۇرمۇشۇمنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

## خۇرسىنىش ۋە ئىشەنچ

يېشىم 80 دىن ئاشتى، 30 نەچچە يىلدىن ئارتۇق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئوقۇتقۇچىلىق ۋە پارتىيە خىزمىتى جەريانىدا ياخشىلىقنىڭ ھامان غالىب كېلىدىغانلىقىنى تولۇق تونۇپ يەتتىم . كىمنىكى خەلققە ، دۆلەتكە ، دوستلارغا ياخشىلىق ، ھەقىقىي ياردەم ، كۆيۈمچانلىق ئاتا قىلىدىكەن ئاخىر مول نېئمەتلەرگە ئېرىشىدۇ ، ياخشى كۈن كۆرىدۇ . خەلق ۋە پارتىيە مېنى ئۇنتۇپ قالمىدى . ئۈچ قېتىم ئېكسكۇرسىيىگە ئاپىرىپ سالامەتلىكىمنى تەكشۇرتۇپ ساقايتتى ، بەش پەرزەنتىمنىڭ ھەممىسى ( تۆت ئوغۇل بىر قىز بولۇپ بىرسى تۇگەپ كەتكەن ) جەمئىيەتكە يارامىلىق ئادەم بولۇپ يېتىلدى . لېكىن ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » قەلبىمدە جاراھەت قالدۇردى ، بىگۇناھ ھاقارەتلەندىم ، كۆپ دەرد تارتتىم . ئۇنىڭ ئۇستىگە ئايالىم ۋە بالىلىرىمنى « ئۇنسۇرنىڭ بالىسى » دەپ يەكلەپ چەتكە قېقىپ ھاقارەتلىدى . « ئۇنسۇر » ، « خائىن » دېگەن گەپلەر ئېسىمگە كەلسىلا ، ئاشۇ دەۋرگە قاتتىق ئېچىنىمەن ۋە ئېغىر خورسىنىمەن ! لېكىن ، پارتىيىمىز يەنىلا توغرا ، ئادىل ، ئۇلۇغ پارتىيە ، ھەق - ناھەقنى ئادىل ئايرىيدۇ . ئىشەنچىم كامىلكى ، مەن يېتىلدۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ھازىرمۇ مېنى « مۇئەللىم » دەپ چاقىرىدۇ . مەن بۇنىڭدىن چەكسىز پەخىرلىنىمەن . ناھىيە رەھبەرلىرى ، ئوقۇمۇشلۇق زاتلار ۋە بىلىم قەدرىگە يېتىدىغان زىيالىيلار مېنى دائىم يوقلاپ تۇرىدۇ ، ھۆرمەتلەيدۇ ، بۇ چاغدا ئۆتكۈزگەن ئۆمرۈمدىن قانائەتلىنىمەن ، پەرزەنتلىرىم دائىم سالامەتلىكىمگە كۆڭۈل بۆلۈپ تۇرىدۇ ، بۇنىڭدىن چەكسىز سۆيۈنىمەن !...

ئاپتورى : تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ سابىق باشلىقى ، پېنسىيە كادىرى

مەسئۇل مۇھەررىرى : قەيسەر دۆلەتبېك

# دادام ۋە ئاكىلىرىمنى ئەسلەيمەن

## ئاتىكە زەمرى



(1898 — 1945 )

ئانامنىڭ ماڭا دەپ بېرىشىچە ، مەن 1943 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ( دۈشەنبە كۈنى ) قەشقەر شەھىرىدە بىر ھەربىي ئائىلىدە تۇغۇلغان ئىكەنمەن . دادام مۇھەممەت زەمىر ( بۇ ئەسلىي تولۇق ئىسمى بولۇپ ، ئادەتتە كىشىلەر زەمىر دەپلا قىسقارتىپ ئاتاۋەرگەن ) ئەسلىي شىڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە تۇرۇشلۇق 31 - ئاتلىق تۇەنىنىڭ تۇەن كوماندىرى ئىكەن . ئاپامنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە ، دادام زەمىر 1898 - يىلى 1 - ئايدا ھازىرقى تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ زىباك ئەمىرلىكىنىڭ نىتىسىم دېگەن يېرىدە قازى ھېكىم ئائىلىسىدە تۇغۇلغان ئىكەن .

قازى ھېكىمنىڭ دادىسى ئەمىربەك ئەينى يىللاردىكى زىباك ئەمىرلىكىنىڭ ئەمىرى بولغان ئىكەن . قازى ھېكىمنىڭ ئايالى يەنى مېنىڭ مومام ھايات بەيگىم ۋاخان ئەمىرىنىڭ قىزى ئىكەن . ۋاخان

بىلەن زىباك ئوتتۇرىسىدا بىرلا دەريا بولۇپ، كېيىن چارروسىيە بىلەن بۈيۈك بېرىتانىيە ئىمپېرىيىسى پامىر رايونىدا تەسىر دائىرىسىنى ئايرىغاندا دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى ۋاخان ئافغانىستانغا تەۋە قىلىنىپ، زىباك روسىيىگە تەۋە قىلىنغان. بۇ ئىككى ئەمىرلىك ئۆزئارا قىز بېرىپ، قىز ئېلىشىدىكەن. گەرچە ئىككى ئەمىرلىكنىڭ تىللىرى ئوخشاشلا ئىران تىل ئائىلىسىگە كىرسىمۇ ئىككى تىل ئوتتۇرىسىدا يەنىلا ئانچە - مۇنچە پەرق بار. ۋاخانلىقلار ۋاخان تىلىدا، زىباكلىقلار تاجىك تىلىدا، يەنى دەرى پارس تىلىدا سۆزلىشىدىكەن.

قازى ھېكىمنىڭ چوڭ قىزى گۈلى زىبا خىنزۇ ئىنتايىن گۈزەل بولغاچقا، ئۇ بۇخارا ئەمىرىگە ياتلىق قىلىنغان ئىكەن. دادام زەمىر 10 ياشقا كىرگەندە ئافغانىستان ئەمىرى ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن زىباكنى تالان - تاراج قىلىپ، ئۆزىگە بويسۇندۇرماقچى بولغان، چارروسىيە تەرەپ بۇنىڭغا ئىگىدارچىلىق قىلىپ زېمىننى تارتىۋالغان. بۇ تۈگىمەس جەڭگى - جېدەللەردىن بىزار بولغان قازى ھېكىم بىر تۇغقان ئىنىسى فەرمانبېكنى ئېلىپ، جۇڭگونىڭ سەرىكوي زېمىنىغا ئۆتۈپ كەتكەن. ئەمىربەك بۇ ئىككى ئوغلىنىڭ كەتمەسلىكىنى دەپ كۆپ يالۋۇرسىمۇ قازى ھېكىم ۋە فەرمانبېك ئىككىسى يەنىلا كېتىپ قالغان. قازى ھېكىم ۋە فەرمانبېكلەر سەرىكوي تەۋەسىگە ئۆتكەندىن كېيىن بۇ تەرەپتە ياشايدىغان، مېھماندوست، ئاق كۆڭۈل سەرىكوي تاجىكلىرى ئۇلارنى چىن قەلبىدىن قارشى ئالىدىكەن. كېيىن ئۇلارنىڭ نەۋرە، ئىنىلىرىدىن دۆلەتئېلى جاھانگىر ( جانباي ) لارمۇ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئىزدەپ كېلىپ سەرىكويدا ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇپ سەرىكويدا ئولتۇراقلىشىپ



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قالدىكەن ( ئۇلارنىڭ قەبرىسى تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ تاغارما يېزىسىدابار ) .

ئەينى يىللاردىكى مەنچىڭ ھۆكۈمىتى ئەمەلدارلىرىمۇ ئۇلارنى جۇڭگو پۇقراسى بولۇشقا قوبۇل قىلىپ، يەر - زېمىن ئاجرىتىپ بېرىدىكەن.

چوڭ دادام تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ ۋەرشىدې كەنتىگە ئورۇنلىشىپ، مەكتەپ ئېچىپ بالا ئوقۇتىدىكەن. تاشقورغان ناھىيىسىدە ئۆتكەن تارىخشۇناس، ئوقۇمۇشلۇق زات دافەردارىبەگ ۋە مەتۇن خەلپە قاتارلىق كىشلەرنىڭ دېيىشىچە چوڭ دادام قازى ھېكىم، فەرمانبەگلەر بۇخارا مەدرىسەلىرىدە ئوقۇغان بىلىملىك ئۆلىما كىشلەر ئىكەن. ئافغانىستان ئەمىرى ئۇلارنىڭ سەرىكوي تەرەپتە تىنچ ئاسايىش تۇرمۇش كەچۈرۈپ، مەكتەپ ئېچىپ ئادەم تەربىيىلەۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، كۆپ قېتىم لەشكەر ئەۋەتىپ، ئۇلارغا تەھدىت سېلىپ، پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرغان. بۇ پاراكەندىچىلىكتىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىش ئۈچۈن ئاكا - ئۇكىلار مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ رۇخستى بىلەن جەڭگى - جېدەل، پاراكەندىچىلىكتىن يىراق دەپتەر يېزىسىنىڭ راسكام كەنتىگە بېرىپ ئولتۇراقلاشقان. ئۇ يەردىمۇ مەكتەپ ئېچىپ ئادەم تەربىيىلىگەن. بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىپ تۇرمۇش كەچۈرگەن. دادام زەمىر 10 ياشتىن تارتىپ بۇخارادىكى ئاچىسى گۈلى زىبا خىنىزۇنىڭ قېشىدا تۇرۇپ ئوقۇيدىكەن. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن ھەربىي بولۇپ، بىرقانچە يىل ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئالىدىكەن. ھەربىي ئوفىتسىرلار مەكتىپىدە ئوقۇيدىكەن. 1929 - يىلى تاجىكىستاننىڭ پايتەختى دۇشەنبىدە سوۋېت بولشېۋىكلار پارتىيىسىگە قوبۇل قىلىنىدىكەن. شىنجاڭدا شېڭ

شىبسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە شىڭ شىسەي دەسلەپكى ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى يولغا قويۇپ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بىر قىسىم ھەربىي ئوفىتسېرلارنى تەكلىپ قىلىپ، ھەربىي ئوفىتسېرلارنى تەربىيىلىگەن. دادام زەمىر ئاشۇ ئوفىتسېرلار قاتارىدا جۇڭگوغا كەلگەن ئىكەن. شىڭ شىسەي ئۇنى ئەينى ۋاقىتتىكى تاشقورغان چېگرا مۇداپىئە چوڭ ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقلىقىغا تەيىنلەيدىكەن. دادامنىڭ دادىسى قازى ھېكىم ۋە تاغىسى فەرمانبېكلەر سەرىكويىدا بولغاچقا دادام بۇ ۋەزىپىنى جان دەپ قوبۇل قىلىدىكەن.

دادام زەمىر تاشقورغان چېگرا - مۇداپىئە ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى بولغاندىن كېيىن يۇرتقا بېرىپ ئايالى شۇبەيگىم ۋە ئوغۇللىرى شېرىنبەگ، مەدەيوۋلارنى بىللە ئېلىپ كەلگەن. ئىككى ئاكام شۇ يىللاردا تاجىكىستاننىڭ دۈشەنبە شەھىرىدە ئوقۇپ ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەۋاتقان بولۇپ، مەدەيوۋ ئاكام ئالىي مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇماقچى بولۇۋاتقاندا دادام ئۇلارنى ئۆزى بىلەن بىللە تاشقورغانغا ئېلىپ كېلىپ قول ئاستىدا ئەسكەر قىلغان. شېرىنبەگ ئاكام باللارنىڭ چوڭى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن پادىشاھبەيگىم دېگەن ئاچام، ئۇنىڭدىن كېيىن مەدەيوۋ ئاكام، ئەڭ ئاخىرىدىكى كەنجى بالىسى مەن ئىكەنمەن. ئاچام پادىشا بەيگىم 16 يېشىدىلا ۋاخان تەرەپكە ياتلىق قىلىنغاچقا بۇ تەرەپكە كېلەلمىگەن.

ئۆز ۋاقتىدا چېگرا - مۇداپىئە پونكىتلىرىغا يەتكۈزۈلىدىغان ئاشلىق، يەم - خەشەكلەر ئاساسەن دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن. دادام ئۇلارنىڭ سىلىقىنى يەڭگىللەتكەن. دادام ئەينى يىللاردىكى ناھىيە ھاكىمى ۋىن جىنىڭ (شەرقىي

شىمالدىن شۋە)، مۇئاۋىن ھاكىم كارۋانشاھ (تاشقورغاننىڭ
تاغارما يېزىسىدىن) قاتارلىقلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ۋە زىچ
ھەمكارلىشىپ تاشقورغاندىكى ئەنگلىيە پوچتا ۋاكالەتخانىسىنىڭ
ئەتكەسچىلىك ۋە جاسۇسلۇق ھەرىكەتلىرىگە قارشى قەتئىي
كۆرەش قىلغان. ئەينى يىللاردا تاشقورغان ناھىيە بازىرىدا
ئەنگلىيىنىڭ پوچتا ۋاكالەتخانىسىنىڭ زەھەر ئەتكەسچىلىكى
ئىنتايىن ئەۋج ئالغان بولۇپ، سەرىكوي خەلقىنى ئەپيۈن بىلەن
زەھەرلەپ، قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان. شۇنداقلا ئەنگلىيە
پاسپورتىنى تارقىتىپ كىشىلەرنى ئەنگلىيە پۇقراسى بولۇشقا
زورلىغان. شۇ ۋاقىتتىكى چېگرا ـ مۇداپىئە پونكىتىدا «شيەن»
فامىلىلىك بىر ئەترەت باشلىقى بولۇپ، ئۇ ئەنگلىيە پوچتا
ۋاكالەتخانىسى تەرىپىدىن سېتىۋېلىنغان. خەلقنى زار قاقشاتقان
ياۋۇز ئەبلەخ ئىكەن. «ۋاكالەتخانا» ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىپ
نۇرغۇن ئەسكى ئىشلارنى قىلغان. «شيەن» دۇيجاڭ دېگەن بۇ
قانخور مۇناپىق ئەسكەرلەرنى خالىغانچە ئۇرۇپ تىللىغان. خەلققە
زۇلۇم سالغان. دادام ۋىن ھاكىم بىلەن بىرلىكتە شيەن دۇيجاڭنىڭ
خائىنلىق، ساتقىنلىق ھەرىكەتلىرىنى توسۇپ، ئۇنىڭغا قارشى
تىغمۇتىغ كۆرەش قىلغان. دادام ۋە ۋىن ھاكىمنىڭ پاش قىلغان
ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن، شېڭ شىسەي ئاخىر شيەن دۇيجاڭ
دېگەن ئەبلەخنى يۆتكەپ كەتكەن (بۇ ۋاقىتتا شېڭ شىسەي تېخى
ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئاشكارىلىمىغان) كېيىن
ۋىن ھاكىممۇ يۆتكىلىپ كەتكەن. ئورنىغا جۇڭگو
كوممۇنىستلىرىدىن شۇلياڭ ھاكىم بولۇپ كەلگەن. جۇڭخۇا
مىنگونىڭ 29 ـ يىلى 12 ـ ئايدا خوجيەن شىنجاڭ تاشقورغان
ناھىيىسىنىڭ چېگرا ـ مۇداپىئە ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقلىقىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورىكىتى
www.uyghurkitap.com

تەيىنلەنگەن. بۇ ئادەم 8 ـ ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىش بېجىرىش ئورنىدىن ئەۋەتىلگەن بولۇپ، دادام خو دۇيجاڭ بىلەن ناھايىتى تېزلا چىقىشىپ، يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالغان. ئۇلار بىرلىكتە بارلىق چېگرا ـ مۇداپىئە پونكىتلىرىنى تەكشۈرۈپ ئەسكەرلىرىنى ئۆزى قول سېلىپ زاستاپ قۇرۇلۇشلىرىنى ئۆزى ئىشلىگەن. ئېيتىلىشىچە تاشقورغاندىكى تاش شەھەر ئورۇنلاشقان دۆڭنىڭ جەنۇبىي تەرەپتىكى دۆڭدىكى «گازارما» دەپ ئاتىلىدىغان قۇرۇلۇش شۇ ۋاقىتتا كېڭەيتىپ سېلىنغان ئىكەن. ئۇلار بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، كۈرەش قىلىپ ئاخىر ئەنگلىيىنىڭ «ۋاكالەتخانىسى» دەرۋازىسى ئۈستىدىكى ئالا بايراقنى ئېلىپ تاشلايدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئىش بېجىرگۈچى بەش ئۇنسۇرنى چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. دادام بىلەن خوجيەنىنىڭ دوستلۇقى ۋە تاشقورغان ناھىيىسىدە قىلغان ياخشى ئىش ـ ئىزلىرى «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 1 ـ توپلامنىڭ خوجيەن يازغان «پامىردىكى ئەنگلىيە بايرىقىنىڭ چۈشۈرۈلۈشى» دېگەن ماقالىدە تەپسىلىي يېزىلغان. 1939 ـ يىل 9 ـ ئايدا دادام زەمىر قەشقەر يېڭىشەھەردىكى 31 ـ تۇەنگە تۇەنجاڭ بولۇپ يۆتكىلىدۇ. بۇ ئاساسەن ئاتلىق ئەسكەرلەر تۇەنى بولۇپ، خەنزۇ، ئۇيغۇر، قىرغىز، تاجىك، ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەردىن تەشكىل تاپقان ئىكەن. دادام بۇ تۇەنگە يۆتكىلىش ھارپىسىدا دادىسى قازى ھېكىم تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ ۋەرشىدى كەنتىدە ئالەمدىن ئۆتىدۇ (مەقبەرىسى ھازىرغىچە شۇ كەنتتەبار). دادام ئوغۇللىرى شېرىنبەگ، مەدەيوۋلارنى ئۇلارنىڭ ئانىسى شۇبەيگىم بىلەن تاجىكستان تەۋەسىدىكى خاروق ئوبلاستىنىڭ مۇرغاپ رايونىغا ئەۋەتىدۇ. بىر يىلدىن كېيىن ئايالى

شۇبەيگىم كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى. دادام 31 - تۇەنگە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن ھەربىيلەرگە خاس ئىنتىزامچان ۋە ئاق كۆڭۈل، كۆيۈمچان، سەممىي، چىقىشقاق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئابرۇيى تېزلا ئۆستى. ئەتراپىتا دوستلىرى كۆپەيدى. ئەمما، داۋاملىق يالغۇزلۇق ھېس قىلدى. چۈنكى، قېشىدا ئەمدى خوجىيەن، كارۋانشاھ، دادىسى ۋە ئايالى، ئوغۇللىرى شېرىنبەگ، مەدەيوۋلار يوق ئىدى.

كېيىن 31 - تۇەندىكى خېلىلا ئابرۇيلۇق گايىت لىيەنجاڭنىڭ قىزى ھۆرنىسا خېنىم بىلەن توي قىلدى. گايىت لىيەنجاڭ ئاپامنىڭ ئۆگەي دادىسى بولۇپ، ئۆز دادىسى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەرغىلان دېگەن يېرىدىن كەلگەن تۆرەمنىڭ يالغۇز ئوغلى ھاشىمجان ئىكەن. ئاپامنىڭ دادىسى ھاشىمجان چوڭ دادام ماتىتەيگە قارشى قوزغالغانلارنىڭ باشلامچىلىرىدىن بولۇپ، خائىنىنىڭ چېقىپ قويۇشى بىلەن تۇرمىگە تاشلىنىپ دارغا ئېسىلدى. ئۇ دارغا ئېسىلغاندا 29 ياشلىق ياش يىگىت ئىكەن. ئاپام 40 كۈنلۈك بوۋاق قالغان بولۇپ، چوڭ ئانام ھاۋا خېنىم كېيىن گايىت لىيەنجاڭغا تۇرمۇشقا چىققان ئىكەن. دادام بىلەن ئاپام توي قىلغاندىن كېيىن، ئاپام يەنە مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. ئاپام ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئوقۇتقۇچى بوپتۇ. 1943 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى مېنى تۇغۇپتۇ. مەن 40 كۈنلۈك بولغىنىمدا دادامنى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ چىرا ناھىيىسىگە ھاكىم قىلىپ يۆتكەپتۇ. دادام چىرا ناھىيىسىگە بارغاندىن كېيىن شۇ يەردىكى يەرلىك كىشىلەر بىلەن زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ئىلغار زاتلار بىلەن بىرلىشىپ، بولۇپمۇ ناھىيىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى جاڭ... بىلەن بىللە خەلقنىڭ ئۈستىدىكى ئالۋان - ياساقنى ئازايتىش ۋە چىرا

ناھىيىسىنىڭ سۇ قۇرۇلۇش ۋە مائارىپ ئىشلىرىدا نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بوپتۇ. چىرا ناھىيىسىدە بىر يېرىم يىل ئىشلىگەندىن كېيىن شېڭ شىسەي دادامنى يەنە قەشقەرگە يۆتكىدۇق دەپ ئۇقتۇرۇش قىپتۇ. خوتەندىن بالا - چاقىلىرىنى ماشىنىغا بېسىپ يەكەنگە كەلگەندە يولدا ساقلاپ تۇرغان ھۆكۈمەتنىڭ پۇقراچە كىيىنگەن ساقچى ماشىنىسى توسۇپ، دادامنى يەكەن ۋىلايەتلىك ساقچىخانىغا ئەكېتىپتۇ. ئاپاملار بىر كۈن ساقلىسىمۇ دادام قايتىپ كەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاپاملار قەشقەرگە كېلىپ، قەشقەر چاسىدا سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئاكىسى ئابلەق ئەپەندىنىڭ ھويلىسىغا ئورۇنلىشىپتۇ. شۇ ئىش ئۆتۈپ 40 كۈن بولغاندا دادام يەكەندىن قايتىپ كەپتۇ. بىر ھەپتىدىن كېيىن يەنە قەشقەر ساقچى ئىدارىسىگە چاقىرىپ كېتىپتۇ. شۇ كىرگەنچە ئىككى ئايغىچە قويۇپ بەرمەپتۇ. چوڭ ئانام ھاۋاخېنىم دادامغا ئىچ كىيىم ۋە تاماق ئېلىپ بارسا قوبۇل قىلماپتۇ. ئىككى ئايدىن كېيىن دادام تۇيۇقسىز قويۇپ بېرىلىپتۇ. شېڭ شىسەي سوۋېتتىن كەلگەن ئوفىتسېرلارنى بىر - بىرلەپ ئۆرۈمچىگە يىغىنغا چاقىرىپ يوقىتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئەينى يىللاردىكى قەشقەر سەمەندە تۇرۇشلۇق سوۋېت كونسۇلخانىسىغا چىقىپ شۇ يەردىن سوۋېتكە ئۆتۈپ كېتىشنى پىلانلاپتۇ. يەكەندە نېمە ئۈچۈن 40 كۈن سولانغىنىنى، قەشقەردە نېمە ئۈچۈن ئىككى ئاي سولانغىنىنى ئاپامغا تەپسىلىي ئېيتىپ بەرمەپتۇ. پەقەتلا ھازىر شېڭ شىسەينىڭ سىياستى ئۆزگەرگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ سوۋېت بولشېۋىكلار پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى ئىكەنلىكى ئۈچۈن ئۆزىنى تەقىب قىلىۋاتقانلىقىنى دېگەن ئىكەن. ئەگەر كېيىن ئاپامنى سوراق قىلىپ قالسا، ھېچ نەرسە

دېمەسلىكنى جېكىلەپتۇ . گايىت لېەنجاڭمۇ كېسەللىك سەۋەبىدىن قازا قىلغان ئىكەن . ھاۋا خېنىم ئانام بىر مەپىكەشكە يۇقىرى ھەق بېرىپ ، دادامنى مەپىگە سېلىپ ، ئۆزى مەپىنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ تاكى دادام كونسۇلخانىغا كىرىپ كەتكۈچە قاراپ تۇرۇپ ، كىرىپ كەتكەن ئىدى . كېيىن قايتىپ كەپتۇ . كېيىن ئانامنىڭ باشقىلاردىن ئاڭلىشىچە ، دادام ساق ـ سالامەت كونسۇلخانىغا كىرىپ كەتكەندىن كېيىن ، بىرقانچە كۈن ئۆتۈپ كونسۇلخانا خىزمەتچىلىرى بىلەن بىللە ماشىنا بىلەن ئەركەشتام ئېغىزىغىچە بېرىپتۇ . كېيىن بىر خائىننىڭ چېقىپ قويۇشى بىلەن چېگرا ئېغىزىدىن ئۆتكۈچە شىڭ شىسەي ئەسكەرلىرى ماشىنىنى توسۇپ ، دادامنى ئۇرۇمچىگە يىغىنغا بارىدۇ دەپ تۇتۇپ كېتىپتۇ . شۇ كەتكەنچە دادام قايتىپ كەلمەپتۇ . ئاپتونوم رايوننىڭ سابىق مۇئاۋىن شۇجىسى ھامىت ئىمىنوپ ۋە ئابدۇرېھىم ئەيسۇپلارنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە ، دادام تۈرمىدە بىر يىلدىن ئارتۇق ياتقاندىن كېيىن ، تۈرمىدە دادامنىڭ بويىنىغا كۆيدۈرگە چىققان ئىكەن . تۈرمىداشلار كۆيدۈرگىنى يەرلىك ئۇسۇل بىلەن كۆيدۈرۈپ داۋالىغان بولسىمۇ پايدا قىلماپتۇ ، تۈرمە دائىرىلىرى دادامنىڭ كېسىلىنى ۋاقتىدا داۋالىماي كېسەل ئېغىرلاشقاندا ، داۋالايمىز دەپ بىرلا ئوكۇل سالغان ئىكەن دادام شۇ ئوكۇل بىلەن 1945 ـ يىل 11 ـ ئايدا ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ . قاراماي نېفىتلىكىنىڭ سابىق باشلىقى ۋارىسجان ئاكىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە ، دادام يەنە ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ئامراق ، سەنئەتخۇمار ئادەم ئىكەن . 31 ـ تۈەنگە تۈەنجاڭ بولۇپ تۇرۇۋاتقىنىدا ئەسكەر ۋە ئوفىتسېرلار ئىچىدە ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمەك قۇرغان ئىكەن . چۈنكى ، دادام ۋە بوۋىلىرىم ئىنتايىن سەنئەتخۇمار كىشىلەر بولۇپ ، ناخشا ـ مۇزىكىغا تولىمۇ

www.uyghurkitap.com

ھەۋەس باغلىغان ئىكەن. ئەينى يىلدىكى ئاشۇ تۇەنگە تۈرك باشلامچىلىق قىلىدىكەن. ئاتاقلىق سەنئەتكار ئەمەت ئۆمەر ئاكا، يولۋاسخان ئاكا، ئابدۇقەييۇم ئاكا، ئىمىن تۇردى ئاكا قاتارلىقلار ( ئەمەت ئۆمەر شىنجاڭدا تونۇلغان كومېدىيە ئارتىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا - ئۇسسۇل ئانسامبىلىدا ئىشلىگەن. ئالەمدىن ئۆتكەن، ئىمىن تۇردى تەڭرىتاغ كىنو ستودىيىسىدە ئىشلىگەن، ئالەمدىن ئۆتكەن، يولۋاسخان، ئابدۇقېيۇم، ئۆمەر ئىللار قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلىگەن. ھازىر پېنسىيىدە). 31 - تۇەننىڭ ئاشۇ سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ھەربىي ئارتىسلىرى ئىكەن. دادام دەم ئېلىش كۈنلىرى فاتىفون قويۇپ ئۇسسۇل ئويناشنى ياخشى كۆرىدىكەن. مەن ئالتە ئايلىق بولۇپ ئەمدىلا ئولتۇرغۇدەك بولغىنىمدا ئولتۇرۇپلا دادامغا ئەگىشىپ ئۇسسۇل ئوينايدىكەنمەن. دادام ماڭا قاراپ: قىزىم كەلگۈسىدە چوقۇم ئارتىس بولىدۇ دېگەن ئىكەن. مەن چوڭ بولۇپ ئارتىس بولغىنىمدا ئاپام كۆپ قېتىم دادامنىڭ ئاشۇ گېپىنى تەكىتلەيتتى.

دادامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن مەدەيوۋ ئاكام تاجىكىستاننىڭ پايتەختى دۇشەنبە شەھىرىدە ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇيدۇ، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ تۇنجى ھاكىمى شېرىنبەك ھاكىمنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، مەدەيوۋ ئاكام تاشقورغان چېگرا قوغداش ئەترىتىدە ھەربىي بولۇپ تۇرغىنىدا شېرىنبەگ ھاكىم بىلەن قۇرئان قويۇپ دوست بولۇشقان ئىكەن ( قۇرئان قويۇپ دوست بولۇش بۇ يەردىكى خەلقنىڭ بىر خىل ئادىتى ) مەدەيوۋ ئاكامنىڭ ئانىسى شوبەيگىم ۋاخانلىق بولۇپ، شېرىنبەك ھاكىمنىڭ دادىسى بىلەن بىر نەۋرە تۇغقان ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە قول بېرىشىپ، قۇرئان قويۇپ، ئۆمۈرلۈك ئايرىلماس دوست بولۇشقان.

مەدەيوۋ ئاكام تاجىكىستاندا ئوقۇۋاتقىنىدىمۇ، بۇ تەرەپتە خىزمەت ئىشلەۋاتقان دادامنى ۋە باشقا ئۇرۇق - تۇغقانلارنى بىر كۆرۈشنى ئىنتىزار بولۇپ ياشىدى. ئۇلار ئۆزى ئۆسكەن يۇرتى - شەھەرنى كۆپ ئەسلىگەن. ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ يۇرتى، تۇغۇلغان يېرى ئېسىدىن چىقمىغان. ئۆزى ئۆسكەن تاشقۇرغاننىڭ ھاۋاسى، سۈيى ئىزدىن كەتمىگەن. 

1944 - يىلى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ ۋۇ جۇڭشىن شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەيدۇ. گومىنداڭنىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇپ ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن شۇ يىلى 9 - ئايدا ئىلىدا «ئات تەقدىم قىلىش» قا قارشى تۇرۇش يۈزىسىدىن قوراللىق قوزغىلاڭ پارتلايدۇ. بۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مۇقەددىمىسى ئىدى. گومىنداڭنىڭ باشقا جايلاردىكى ھۆكۈمران گۇرۇھى يەرلىك ئاممىغا يۇقىرى بېسىملىق سىياسەتنى داۋاملىق يۈرگۈزۈپ، بىگۇناھ ئاممىنى بۇلاپ - تالايدۇ. تۈرمىگە تاشلايدۇ، مانا مۇشۇنداق زۇلمەتلىك پەيتتە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى بىلەن تاشقورغاندىكى بىر قىسىم تەرەققىيپەرۋەر زاتلار، مەسىلەن كارۋانشاھ، ئاقيولبەك، سوپىبەگ قاتارلىقلار سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە ئۆتۈپ، پارتىزانلار ئەترىتى تەشكىللەيدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىلىرى ئاكام مەدەيوۋ، دادامنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى لەشكەر يەنە ئاكام شېرىنبەگلەرنى مۇشۇ ئەترەتكە قاتناشتۇرىدۇ. ئاكام مەدەيوۋ بۇ ئەترەتنىڭ ئاساسىي تەشكىللىگۈچىسى ۋە مەسئۇلى بولىدۇ. ئۇلار مۇرغاپ رايونىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

توختامىش  دېگەن يېرىدە مەخپىي كېڭەش ئۆتكۈزۈپ، قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنىڭ لاھىيىسىنى تۈزۈپ چىقتى. شېرىنبەگ مەمەت بىلەن كۆپ قېتىم خەت ـ ئالاقە قىلىشتى. توختامىشتا تۇرۇپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلىق قىلدى. ھەر ئىككى تەرەپ يېقىندىن ماسلىشىپ پۇختا تەييارلىق قىلدى. 1945 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تاڭ سەھەردە تاشقورغان مىللىي ئىنقىلابى «تاشقورغان ئىنقىلابى» تاشقورغاندا غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ تاغارما يېزىسىدا كېڭەش ئۆتكۈزۈلۈپ، تاشقورغان ۋالىي مەھكىمىسى قۇرۇلدى، ئاقيولبەك ۋالىي بولدى.

مەدەيوۋ ئاكام تاشقورغان ئىنقىلابىنىڭ باش قوماندانى بولدى. شېرىنبەگ ئاكام ۋە لەشكەر تاغام ئىسكادرون كوماندىرى بولدى. شېرىنبەگ مەمەت گارنىزون تۇەنىنىڭ باشلىقى بولدى. ئىنقىلاب جەريانىدا ئاكىلىرىم جاپا ـ مۇشەققەت، ئۆلۈمگە پىسەنت قىلماي خەلقنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن قان كېچىپ جەڭ قىلدى، تاشقورغان ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشى ۋە ئىنقىلابىي ئارمىيىنىڭ ئۇرۇش جەريانىنى «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» ھەم تاشقورغان ئىنقىلابى ھەققىدىكى ئەسلىمىلەردە تەپسىلىي بايانلار بېرىلگەن. گومىنداڭ بىلەن «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» ئوتتۇرىسىدا 11 ماددىلىق تىنچلىق كېلىشىمى تۈزۈلگەندىن كېيىن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلىپ، مىللىي ئىنقىلاب رەھبەرلىرىنى بىر ـ بىرلەپ تۇتۇشقا باشلىغاندا، مەدەيوۋ، شېرىنبەگ ئاكام ۋە لەشكەر

تاغام سوۋېت تاجىكىستانغا چىقىپ كەتكەن ( شۇ ۋاقىتتا يەنە كارۋانشاھ، ئاقىيولبەگلەرمۇ سوۋېت تاجىكىستانغا چىقىپ كېتىپ شۇ يەردە ۋاپات بولغان . ئۇلارنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادلىرىمۇ ھازىر تاجىكىستاننىڭ مۇرغاپ رايونىدا ) . شېرىنبەگ ئاكام ئۇ تەرەپكە بارغاندىن كېيىن ھەممە ئىشنى تاشلاپ ، قىزىل رابات دېگەن يەردە ئولتۇراقلىشىپ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ ، تاكى 1985 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكۈچە شۇ يەردە ياشايدۇ ، ھازىرمۇ قەبرىسى شۇ يەردە . ئەمىربەك ئىسىملىك بىرلا نەۋرىسى ھازىر تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتى مۇرغاپ رايونىدا . شېرىنبەگ ئاكام ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا قاتناشماي ، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان . مەدەيۋۇ ئاكام گورنى بەدەخشان ئوبلاست مۇرغاپ رايونىنىڭ ( ناھىيىگە تەڭ كېلىدۇ ) رايكوم ( رەئىس ) بولۇپ ئىشلىگەن . 1959 ـ يىل 8 ـ ئايدا خارۇق ئوبلاستىغا يىغىنغا بېرىپ قايتىشىدا ماشىنا ھادىسىسى بولۇپ ، ماشىنا دەرياغا چۈشۈپ كېتىپ ھادىسىدە ۋاپات بولغان . تاشقورغان ئىنقىلابىدىن كېيىن تاجىكىستانغا بېرىپ ساۋاقدىشى قىرغىز قىزى قۇربانبۈۋى ( ھازىر تاجىكىستاندا بار ) بىلەن توي قىلغان . تاغايبەك ، فەرمانبەك ، مەمەت ناسىر دېگەن ئۈچ ئوغلى بار . چوڭ ئوغلى تاجىكىستان ئاۋىئاتسىيىسىدە دىسپېتچېر ، ئوتتۇرانچى ئوغلى ھەربىي مايور ، كىچىك ئوغلى ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەيدۇ . تەقدىر دېگەن ئاجايىپ نەرسە ، ھېچكىم ئۆز تەقدىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلەلمەيدۇ . دادام ۋە ئاكىلىرىمنىڭ مىللىتىمىز ئىچىدە يۇقىرى ئىناۋىتى بار . مەن تاشقورغان سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلەۋاتقىنىمدا

ناھىيىسىنىڭ ھەممە يېرىگە باردىم . مۇشۇ جەريانىدا مەن مەيلى قەيەرگە بارماي ، ھەممە يەردە ئالاھىدە قىزغىن كۈتۈۋېلىندىم . مەن تونۇمايدىغان نۇرغۇن پېشقەدەم بوۋاي ، موماي‌لار ئاتايىن ئىزدەپ كېلىپ كۆرۈشتى . ئۆيلىرىگە چاقىرىپ ، ئىززىتىمنى قىلىپ ، قوي سويۇپ مېھمان قىلدى . ئاتالمىش « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » بولغان مالىمانچىلىق يىللىرىدا خەلق ئۆزىگە قورساق تويغۇزغۇدەك ئارپا نان ، پۇرچاق نان تاپالمايۋاتقان غۇربەتچىلىك ئىچىدە ياشىسىمۇ ، ئۆزى يېيىشكە قىيمىغان قويلىرىنى مەن ئۈچۈن سويدى . ئۇۋ قىلىپ ئېتىپ كەلگەن كېيىك ، ئۇلا گۆشلىرىنى مەندىن ئايىمىدى . كۆمەچتانغا سالغان قاتلىمىلىرىنى ماڭا يوللۇق تۇتتى . ماڭا يېگۈزدى . ھەممىسىنىڭ ئاغزىدا « زەمىرنىڭ قىزى كەپتۇ » ، « مەدەيوۋنىڭ سىڭلىسى كەپتۇ » دەپ مېنى ئالاھىدە ئىززەتلىدى . بۇلارنىڭ ھەممىسى دادام ۋە ئاكىلىرىمنىڭ خەلققە قىلغان ياخشىلىقلىرىنىڭ جاۋابى ئىدى . تارىخى بولمىغان ھاياتنىڭ نېمە مەنىسى بولسۇن ! مەن دادام ۋە ئاكىلىرىمنى سېغىنىپ ئەسلەيمەن . ئۇلاردىن پەخىرلىنىمەن . ئۇلارنىڭ پەقەت بىرلا قېتىم كەلگەن ھاياتىنى ئەڭ ئۇلۇغۋار ئىشقا ، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئازادلىق ئىشلىرىغا بېغىشلىغانلىقى ھەرگىز بىكار كەتمىدى ، ئۇلار ياشاش يولىنى ئىنتايىن توغرا تاللىغان . مانا بۈگۈن ۋەتىنىمىز ئازاد بولۇپ 56 مىللەت ئۇلۇغ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە زىچ ئەگىشىپ بەختىيار ، تىنچ ئاسايىشلىق تۇرمۇشقا ئىگە بولدى . مىللىتىمىزمۇ باشقا مىللەتلەر قاتارىدا قەد كۆتۈرۈپ ، بۇ گۈزەل زېمىندا مىللەتلەر چوڭ ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە شادىمان

تۇرمۇشقا ئېرىشتى . دادام ۋە ئاكىلىرىمنىڭ غايىسى ئەمەلگە ئاشتى . ئۇلارنىڭ ئىنقىلاب يولىدا ئاقتۇرغان قان تەرى بىكارغا كەتمىدى . مەنمۇ شۇلاردىن قالغان ھايات شاھىت . ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ 40 يىللىق ھاياتىمنى خەلقىمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرى ئۈچۈن بېغىشلىدىم . ئەمدى مېنىڭ ئۈچ ئوغۇل ، بىر قىزىم ئەجدادلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ ، ياراملىق ئادەم بولۇش يولىدا ئىزدەنمەكتە . ۋەتەن ، خەلق ئۈچۈن ھەسسە قوشماقتا . مەن دادام زەمىر ، قازى ھېكىم ، ئاكىلىرىم شېرىنبەگ ، مەدەيوۋلارنى مەڭگۈ سېغىنىپ ئەسلەيمەن . ئۇلاردىن پەخىرلىنىمەن . ئۇلار قەلبىمىزدە مەڭگۈ ھايات ! پەرزەنتلىرىمنىڭ بۇ ئىزلارنى بويلاپ مەڭگۈ ئالغا بېسىشىغا ئىشىنىمەن !

ئاپتورى : قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاممىۋى سەنئەت سارىيىنىڭ ئۇسۇل يېتەكچىسى ، ھازىر دەم ئېلىشتا

مەسئۇل تەھرىرى : مەدەلىخان

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# تاجىك ئاياللىرى ئىچىدە «ئۈچ تۇنجى» شەرىپىگە مۇيەسسەر بولغان ئىستېداتلىق زىيالىي — شادىيە نۇرئەلى

## شىجائەتخان ۋەزىرى

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىكى 80 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا بىر كۆندە توققۇز قېتىم كۈن چىقىپ، توققۇز قېتىم كۈن پېتىشتەك ئاجايىپ تەبىئىي مەنزىرىنى كۆرگىلى بولىدىغان بىر خاسىيەتلىك جاي بار. ئۇ بولسىمۇ قوغۇشلۇق يېزىسى. 1949 - يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدىن ئىبارەت بۇ قەدىردان بوۋاقنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكى پۈتۈن دۇنيا خەلقىگە جاكارلىنىش ھارپىسىدا، قوغۇشلىق يېزىسىدىمۇ بىر سۆيۈملۈك قىز دۇنياغا كەلدى. ئۇ، بۈگۈنكى تاجىك ئاياللىرى ئارىسىدىن چىققان تۇنجى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، تۇنجى ناھىيە دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىر، دۆلەت رەئىسى، باش شۇجىسى جياڭ زېمىننىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن ۋە پارتىيە 14 - قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان تۇنجى ئايال ۋەكىل ئىستېدادلىق زىيالىي — شادىيە

نۇرئەلى ئىدى.

شادىيەنىڭ بالىلىق، ئۆسمۈرلۈك دەۋرى كۆيۈمچان ئاتا - ئانىسى نۇرئەلى بىلەن گۈلشەنىنىڭ تەربىيىلىشىدە ئۆتتى. ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپنى ئۇستازى دۆلەتباينىڭ قېتىرقىنىپ دەرس بېرىشى بىلەن پۈتكۈزدى. 1959 - يىلى ئەمدىلا توققۇز ياشقا كىرگەن شادىيەنى دادىسى نۇرئەلى ئاتقا مىندۈرۈپ، ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ تاشقورغانغا ئېلىپ چىقتى. ئەينى ۋاقىتتىكى، ئانا سۈتى ئاغزىدىن تېمىپ تۇرغان شادىيەنىڭ كىچىك تۇرقىنى كۆرگەن ئوقۇتقۇچىلار ئۇنىڭ ئوقۇيالماسلىقىدىن ئەنسىرەپ دادىسى نۇرئەلىگە قايتۇرۇپ كېتىش تەكلىپىنى بەردى. لېكىن، شادىيە تولىمۇ چېچەن قىز ئىدى. ئۇنىڭ چېچەن، ئەقىللىقلىقىنى سەزگەن مەكتەپنىڭ ئىلمىي مۇدىرى تۇردى ئالماس (ئۇيغۇر) ئۇنى مەكتەپكە قوبۇل قىلدى. شۇنداق قىلىپ كىچىك شادىيە كىچە - كۈندۈز تىرىشىش ئارقىلىق دەرستە ئالدىنقى قاتاردىكى ئوقۇغۇچىلاردىن بولۇپ قالدى. ئاردىن ئۈچ يىل ئۆتۈپ ئۇ سەككىز تاجىك ئوقۇغۇچى قاتاردىكى تۇنجى قىز ئوقۇغۇچى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن قەشقەر ۋىلايەتلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە كېلىپ ئوقۇيدۇ. ئەينى ۋاقىتتا تاجىكلار ئارىسىدا قىز بالىنى ئوقۇتۇش، بولۇپمۇ ئۆيدىن ئايرىلىپ، يىراق يەرلەرگە ئەۋەتىش تولىمۇ قىيىن ئىش ئىدى. بۇنداق ئىشلار ئاتا - ئانىلارنىڭ ئىدىيىسىدىن ھەرگىز ئۆتمەيتتى. 1965 - يىلى شادىيە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ «غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ سىياسىي قانۇن فاكۇلتېتى»غا ئۆتۈپ، قوبۇل قىلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. بۇ چاغدا شادىيە ئۆزىنىڭ تاجىك قىزلىرى ئارىسىدىن تۇنجى بولۇپ

ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەنلىكىدىن سۆيۈنۈپ خۇشال بولسا، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ كۆڭلى يېرىم ئىدى. بىر قېتىملىق ئائىلە يىغىنىدا زور كۆپچىلىك تۇغقانلىرى ئۇنى ئوقۇتماسلىق تەلىپىدە چىڭ تۇردى. ساۋاتسىزلىقنىڭ دەردىنى كۆپ تارتقان دادىسى، يېزىنىڭ ئاياللار مۇدىرى ئانىسى كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا سۈكۈت ئىچىدە جىم تۇردى. ئەينى ۋاقىتتا تاجىك قىزلىرىدىنمۇ ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغان ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى ئىمىنوپمۇ ناھايىتى خۇشال بولدى. ئىمىنوپ، تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى شېرىنبەك قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ قايتا - قايتا ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلىشى نەتىجىسىدە شادىيە ئائىلىسىدىكى «يېشىلمەس تۈگۈن» ئاخىر يېشىلىپ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە يۇرتداشلىرى ئۇنى ئالىي مەكتەپكە ئۇزىتىپ قويدى. بۇ شادىيە مۇيەسسەر بولغان «بىرىنچى تۈنجى» ئىشى ئىدى.

1972 - يىلى، شادىيە نۇرئەلى تۇنجى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان تاجىك قىزى بولۇش سۈپىتى بىلەن غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملاپ، تەشكىلنىڭ ئۈرۈمچى ۋە قەشقەردە ئىشلىتىش تەلىپىنى رەت قىلىپ، ئانا يۇرتى تاشقورغانغا قايتىپ كېلىدۇ. تەشكىل ئۇنى ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىگە تەقسىم قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شادىيەنىڭ خىزمەت ھاياتىنىڭ تۇنجى قەدىمى بېسىلىشقا باشلايدۇ. ئۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش جەريانىدا كۆپ قاتلاملىق بىلىم قۇرۇلمىسىنى يېتىلدۈرگەچكە خىزمەتلەرنى ئەتراپلىق، ئىنچىكە ئىشلەيتتى. ئاياللارغا بولغان ئىدىيىۋى خىزمەتنى كۆچەيتىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى كۈچەيتىپ، باللىرىنى ياخشى، يارامىلىق ئادەم قىلىپ

تەربىيىلەشكە رىغبەتلەندۈرەتتى. تەشكىل ئۇنىڭ خىزمەت ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرىلىقىنى، ئاما ئارىسىغا چۆكۈپ، ئېگىز تاغ - داۋانلاردىن ئېشىپ خىزمەتنى ئىشلەيدىغان ئەمەلىيەتچىل روھىنى بايقاپ 1974 - يىلى مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا ئۆستۈردى. شادىيە نۇرئەلى مائارىپتىكى ئېغىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغاندىن كېيىن تاشقورغان مىللىي مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇش ھەققىدە چوڭقۇر باش قاتۇردى. تاغ جىلغىلىرى ئارىسىدىكى مەھەللىلەرگە بېرىپ، ئوقۇتۇش ئىشلىرىدىكى قىيىن مەسىلىلەرنى ئىگىلىدى. چوڭقۇر تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق 1981 - يىل 6 - ئايدا «مەملىكەتلىك مىللىي مائارىپ خىزمەت يىغىنى»غا ۋەكىل بولۇپ قاتنىشىپ 10 نەچچە تۈرلۈك تەكلىپ پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپلەر ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولغاچقا، يۇقىرى دەرىجىلىك مائارىپ تارماقلىرى كۈچ چىقىرىپ تاشقورغاندا ئوقۇتۇش شارائىتى ناچار بولغان ئورۇنلارغا ياتاقلىق مەكتەپ قۇرۇپ بەردى. شۇنداق قىلىپ شادىيە تەشكىل ۋە ئاممىنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشىدىغان بىردىنبىر ئايال كادىر بولۇپ قالدى. ئۇ 1983 - يىلىدىن بۇيان ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ. تەشكىل يەنە ئۇنىڭ ئىزچىل ئاساسىي قاتلامدا پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، 1997 - يىلى ئۇنى ۋىلايەتلىك ئەدلىيە باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈپ يۆتكەپ كەلدى. 1998 - يىلى، ئۇنىڭغا تەشكىل ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىق ۋەزىپىسىنى بەردى.

www.uyghurkitap.com

« ئالتۇنىنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ ساپلىقىدا » دېگەندەك شادىيە نۇرئەلى ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى ، ئۆزىگە خاس جاسارىتى ۋە ياخشى رەھبەرلىك ئىستىلى بىلەن پارتىيە تاپشۇرغان خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ «ئۆزىنىڭ چاكارلىق » ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلدى . ئۇ تاجىك ئاياللىرىنىڭ نەمۇنىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن تۇنجى قېتىم باشقارما ( ناھىيە ) دەرىجىلىك خىزمەت ۋەزىپىسىگە ئېرىشتى .

شادىيە ھاياتىدىكى ئەڭ ئۇنتۇلغۇسىز مىنۇتلار 1992 - يىلىدىكى 10 - ئاي مەزگىللىرى بولدى . ئۇ مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى مۇقەددەس جاي پامىر ئېگىزلىكىدىن تاشقورغاندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جۈملىدىن تاجىك ئاياللىرىنىڭ ئوتلۇق سالىمىنى ئېلىپ پايتەخت بېيجىڭغا باردى . ئۇ پارتىيە 14 - قۇرۇلتىيىنىڭ تۇنجى تاجىك ئايال ۋەكىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى . ئۇ ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەلگەن تاجىك ئەرلىرىنىڭ تۇمىقىنى خەلق سارىيىدا دۆلەت رەئىسى جياڭ زېمىنغا كىيگۈزدى . تاجىك ئاياللىرىنىڭ چېكەن كۆلتىسىنى ئۇنىڭ خانىمىغا سوۋغا قىلدى . تاجىكلارنىڭ « تۇتېم » نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا شادىيەنى بىر قەيسەر ئانا بۈركۈت دېسەك ئۇنىڭ ھاياتلىق پەرۋازى پامىر تاغلىرىدىن تارتىپ شەرقتە سەددىچىن سېپىلىغا قەدەر لەرزان قانات قاقتى .

شادىيە نۇرئەلى پارتىيىنىڭ ساداقەتمەن رەھبىرىي كادىرى بولۇش بىلەن بىرگە يەنە بىر مۇنەۋۋەر ئىختىيارىي مۇخبىر . ئۇ ، ئىزچىل تۆردە خىزمەتتىن سىرت ئاخبارات ، تەشۋىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ ، نۇرغۇن خەۋەر ماقالىلەرنى يېزىپ ئېلان

قىلدى . شادىيە نۇرئەلى تاجىك ئايال كادىرلىرى ئارىسىدىن چىققان تۇنجى زەپەردەست زىيالىي بولۇپ ، ئۇنىڭ ھايات مۇساپىسىدىكى « ئۇچ تۇنجى » تاجىك ئاياللىرى قەلبىدە ئۇنتۇلماس تارىخ بولۇپ قالغۇسى .

مەسئۇل مۇھەررىرى : پاتۇرجان ئاتىخان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# تاشقورغان سەھنە سەنئىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى

## ئابلىكىم زەمرى

ئېلىمىزدىكى تاجىك خەلقى ناخشا - ئۇسسۇلغا ماھىر خەلق. ئۇلار ناخشا - قوشاق، داستان، تىياتىر، ئېيتىشىش، رۇبائىي، «چاپسۇز ئۇسسۇلى»، «مەيلىس ئۇسسۇلى». «ئارغىماق ئۇسسۇلى» «شۇڭقار ئۇسسۇلى» قاتارلىق مول ئورۇنداش سەنئەت مىراسلىرى ۋە «بەيگە»، «ئوغلاق تارتىش»، «چاۋگەن» قاتارلىق تەنھەرىكەت، كۆڭۈل ئېچىش سەنئەت مىراسلىرىغا ئىگە. بۇ ئۇلارنىڭ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات مۇساپىسىدە ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ بىر قىسمى، ئەمما 1000 يىللاپ ئۆتكەن تارىخىي تەرەققىيات مۇساپىسىدە بۇخىل سەنئەت ئەسەرلىرى ئاساسەن ھېيت - بايرام، توي - تۆكۈن، بەزمە، باراۋەت سورۇنلىرىدا ئورۇندالغان بولۇپ، مەخسۇس سەھنە سەنئىتى يوق ئىدى.

ئۇلۇغ «4 - ماي» ھەرىكىتىنىڭ پارتلىشى، جۇڭگو

كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ دۇنياغا كېلىشى، ماركسىزم - لېنىنىزملىق ئىدىيىلەرنىڭ شىنجاڭ رايونىغا بولغان تەسىرىنىڭ كۈنسايىن كۈچىيىشى، تاجىك خەلقىنىڭ يېڭى دېموكراتىزملىق يېڭى زامان مائارىپى ۋە مەدەنىيەت - سەنئىتىگە بولغان ئىنتىلىشىنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى. يۇقىرىقىدەك ئىچكى - تاشقى ئىجتىمائىي تەرەققىيات دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىنىڭ تەسىرى ئاستىدا «ئاپرېل ئۆزگىرىشى»دىن كېيىن 1935 - يىلى تاشقورغان ناھىيىسىدە مەكتەپ قۇرۇلۇپ، مەكتەپ مائارىپى يولغا قويۇلدى. بۇ مەكتەپتە ئوقۇغان ۋە ئىشلىگەن تاجىك زىيالىيلاردىن ئىلىيار مەمەدىياربەگ، سەپەر مۇزراپ، ئۇبۇلھەسەن، نىدامەمەت، شەمسىدىن سەخى، ئىمارەتشاھ، مۇبارەكشاھ، بېگنەزەر (قىرغىز)، ئىلال، قۇربان دۆلەتلەر. ئوقۇتقۇچىلاردىن قەشقەر شەھرى شامالباغ يېزىسىدىن ئوسمان ئەپەندى، تازغۇنلۇق ئوقۇتقۇچى ئەبەيدۇللا ئۆمەرلەرنىڭ ئوقۇتۇشى ۋە تەشكىللىشى بىلەن مەكتەپتە سەنئەت كۇرۇژۇكى تەشكىل قىلىنغان. بۇ سەنئەت كۇرۇژۇكىدا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش، يېڭى مەكتەپ مائارىپىغا ئاتلىنىش، نادانلىق ۋە خۇراپاتلىققا قارشى تۇرۇش، ئىلىم - مەرىپەت ئارقىلىق خەلقنى ئويغىتىپ، يېڭىلىققا يۈرۈش قىلىش، ھەم فېئوداللىق زەنجىر - كىشەنلەرنى پاچاقلاپ تاشلاش، ئەپيۇن بىلەن زەھەرلىنىشكە قارشى تۇرۇش، قىمارۋازلىققا قارشى تۇرۇش مەزمۇنىدىكى ناخشا - قوشاق، ئۇسسۇللارنى ئىجاد قىلىپ، مەكتەپ پائالىيىتىدە، ھېيت - بايراملاردا ئويىنىغان ۋە ئوقۇغان. ئەمما، بۇ مەزگىللەردە خەلق يەنىلا فېئوداللىق ئۆرپ - ئادەت، دىنىي ئاسارەتنىڭ ئىسكەنجىسىدە بولغاچقا بۇنداق ئويۇنلارنى پەقەت ئەرلەرلا ئويىنىيالىغان. ئاياللارنىڭ ئورۇندىشى مۇمكىن بولمىغان. ئەينى يىللاردا ئەپيۇنگە

قارشى تۇرۇش يۈزىسىدىن نورۇز باي بىلەن زەينەپخان دېگەن كومېدىيىلىك ئېيتىشىش تەييارلانغان بولۇپ، نورۇزباي رولىدا ئوبۇلھەسەن، زەينەپخان رولىدا سەپەر مۇزراپ چىققان. يەنە بىر نومۇرنى شەمسىدىن سەخى بىلەن قۇربان دۆلەت ئورۇندىغان بولۇپ، بۇ نومۇردا قىمار ئويناش تەنقىد قىلىنغان.

شىنجاڭدىكى شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرى ۋە كېيىنكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىق مەزگىلدە ئەمدىلا بارلىققا كېلىشكە باشلىغان سەھنە سەنئىتىنىڭ بۇ نازۇك مايسىلىرى ئاستا ـ ئاستا سولىشىپ، يوقىلىش گىرادابىغا بېرىپ قالدى. 1949 ـ يىلى ئۆكتەبىردە ئۇلۇغ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ، 12 ـ ئايدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراقنى پامىر ئېگىزلىكىگە قادىدى. ئۇزاق يىللار ئېزىلگەن تاجىك خەلقى ئازادلىققا ئېرىشتى.

ئازادلىقتىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغان ھەربىر ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەردە توي ـ تۆكۈن، ھېيت ـ بايراملاردا سەنئەتخۇمار خەلقىمىز ئۆزىنىڭ سۆكەك نەي ۋە داپلىرىنى ياڭرىتىپ، ئۆز خۇشاللىقلىرىنى ئىزھار قىلىپ كەلدى. «چاپسۇز ئۇسسۇلى»، «مەيلىس ئۇسسۇلى»، «ئەبشقا ـ ئەغاچا»، «دەنگان بەچىك»، «ئارغىماق ئۇسسۇلى»، «تۆگە ئۇسسۇلى» قاتارلىق ئۇسسۇللارنى ئويناپ، «تەيغۇن»، «بەنەمەك»، «شېرىنجان»، «گۇلى دارەم»، «لالە»، «رەگبەرەك» قاتارلىق ناخشىلارنى ئوقۇپ، ئوغلاق تارتىش، ئات بەيگىسى، توي ـ تۆكۈن سورۇنلىرىدا «تىمباك سۆز»، «ۋۇل ۋۇلەك»، «جۇن ـ جىگەر»، «سۇرناي سوز» ئاھاڭلىرىنى ئورۇنداپ يېڭى زاماندىكى بەختىيار ھاياتقا تەنتەنە قىلدى. كېيىن باشلانغۇچ مەكتەپ

قۇرۇلغانلىقى يېزا ـ كەنتلەردە ھەرخىل سەنئەت كۇرۇژۇكلىرى قۇرۇلۇپ مەكتەپلەرنىڭ 2 ـ دەرسخانا پائالىيەتلىرى جانلاندى.

خەلق سەنئەتكارلىرىدىن ئازارە، قۇربان، چولپانباي مەتخان، دەرزى، گۈلشىر، شاغۇلامخان دەرنى (ئالملىقتىن) قاتارلىقلار ناھىيە تەۋەسىدە قانداق پائالىيەت بولسۇن، نەي، داپ، سىتارلىرىنى ياڭرىتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىپ خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى تەشنالىقىنى قاندۇردى. قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزگەن سەنئەت كۆرەكلىرىگە، ئىشتىن سىرتقى سەنئەت دۈيى بولۇپ قاتنىشىپ تاجىك خەلقىنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇزىكىلىرىنى باشقا قېرىنداش مىللەتلەر قاتارىدا سەھنىلەردە كۆرسەتتى. پولاتمەمەت، تابلىدى ھوشۇر، گادايباي، دانىشمەن، يولداش قاتارلىقلارنىڭ باشلامچىلىقىدا 1958 ـ يىلى قەشقەردە ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كۆرىكىگە قاتنىشىپ «مۇنەۋۋەر تەشكىللەش» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. مەن 1959 ـ يىل 2 ـ ئايدا سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ سەنئەت فاكۇلتېتى ئۇسسۇل سىنىپىنى پۈتكۈزۈپ، قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ سەنئەت ئوقۇتقۇچىلىقىغا تەقسىم قىلىندىم. تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى شېرىنبەك ۋە زۇلال ئاكىلارنىڭ تەلەپ قىلىشى ۋە تەۋسىيە قىلىشى بىلەن ھەم قەشقەر يەرلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ پىكرى، تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن 1959 ـ يىل 8 ـ ئايدا تاشقورغان ناھىيىسىگە يۆتكىلىپ چىقتىم. 1960 ـ يىلىغىچە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مائارىپ بۆلۈمىدە ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنى قۇرۇش تەييارلىق خىزمىتىنى ئىشلىدىم.

بۇ جەرياندا شېرىنبەك ھاكىم، رېڭ شىڭجيا شۇجى

(پارتكوم شۇجى) نىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن تابلىدى هوشۇر ئىساق ئازارە ۋە مەن قاتناشقان ئۈچ كىشىلىك ناهىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنى قۇرۇش تەييارلىق گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. تابلىدى هوشۇر گۇرۇپپا باشلىقى، ئىساق ئازارە ۋە مەن ئەزاسى بولدۇق. يۇقىرىدىن شىرىنبەك هاكىم، رېڭ شۇجى، رۇستەم ماناس (ئەينى يىللىرى ناهىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى شۇجىسى)، پولات مەمەت (ناهىيىلىك مائارىپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى) خان نامەت (خەلق ئىشلار بۆلۈم باشلىقى) قاتارلىقلار بۇ خىزمەتنى بىۋاستە تۇتتى. 1960 - يىل 4 - ئايدا ناهىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ تەركىبىدە يەتتە كىشىدىن تەركىب تاپقان سەنئەت گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. بۇ يەتتە كىشى تابلىدى هوشۇر، ئاتىكەم زەمىرى، ئىساق ئازارە، نىيازخان، زۇمۇنىك، كىمىك، دەريابايلەردىن ئىبارەت ئىدى. مانا مۇشۇ كىشىلەر تاشقورغان ناهىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئارتىس - ئارتىسكىلىرى ئىدى. بۇ گۇرۇپپا قۇرۇلۇپ، ئازغىنا ۋاقىتتىن كېيىن قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمەكتىن بىر تۈركۈم مۇزىكانتلارنى يۆتكەپ چىقىشنى تەلەپ قىلدۇق. چۈنكى، مۇزىكا بولمىسا ئويۇن تەييارلاپ ئويۇن قويۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. رەهبەرلىك پىكرىمىزنى ماقۇل كۆرۈپ، قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمەكتىن هوشۇر ئاخۇن ئاكا (ئاتاقلىق مۇقامچى تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ ئوغلى)، ناخشىچى ئايشەم سىدىق (ئاتاقلىق ئۇسسۇلچى خەلچەم سىدىقنىڭ ئاچىسى) ۋە ئۇنىڭ يولدىشى دادىخان (مۇزىكانت) تەۋەككۇل قاسىم (مۇزىكانت ۋە ئۇسسۇلچى) قاتارلىقلارنى يۆتكەپ ئەكىلىپ بەردى. بۇلار ئۆمىكىمىزگە يۆتكىلىپ چىققاندىن كېيىن بىز خېلى كۆپ ئويۇن تەييارلاپ چىقتۇق. ئويۇنىمىز ناخشا - ئۇسسۇل،

ئىتوت، كومىدىيە قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولدى. تۇنجى قېتىم مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ كۇلۇبىدا بىلەت سېتىپ ئويۇن قويدۇق. كۇلۇب لىق توشۇپ كەتتى. تاماشىبىنلار ئويۇنىمىزنى ناھايىتى قىزىقىپ كۆردى. ئالقىشلىدى. كېيىن ۋاچا يېزىلىق مەكتەپ مۇدىرى گادايبايىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن قەلىك خېلىل، سەمىنىلەرنى ئۆمىكىمىزگە قوبۇل قىلدۇق. لېكىن، دەسلەپتە بىز بۇلارغا بىلەت سېتىپ تاپقان كىرىم بىلەن مۇئاش بەردۇق. كېيىن ئىككى شتات ھەل قىلىپ رەسمىي ئارتىسلىققا قوبۇل قىلدۇق. بىزنىڭ مۇزىكانتلىرىمىز ھوشۇر ئاخۇن ئاكا ( چاڭ چالىدۇ ) ، سەمىن (غېجەك چالىدۇ ) ، دادىخان ( داپچى ) ، تەۋەككۇل قاسىم ( راۋاپ ) بولدى. تابلدى ھوشۇر مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ گۈەنجاڭى ۋە قوشۇمچە سەنئەت ئۆمەككە باشلىق بولدى. مەن رېژىسسور، ئىساق ئازارە ئىجادىيەتچى بولدى. شۇنداق قىلىپ نىيازخان، زىمۇنىك، قەلىك، ئايشەم سىدىق، كېمىك، دەريا بايلاردىن ئىبارەت 11 كىشىلىك سەنئەت ئۆمەك رەسمىي قۇرۇلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تاشقورغاندا سەھنە سەنئىتى رەسمىي بارلىققا كەلدى. تاشقورغان ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلدى. مەن ئارتىسلارغا تۇنجى قېتىم «قەشقەر سەنىمى» ، «ئاتۇش سەنىمى» ، «كورلا سەنىمى» قاتارلىق چوڭ تىپتىكى ناخشا - ئۇسسۇللارنى ئۆگەتتىم. ھەركۈنى سەھەردە ئىشقا چىقىش بىلەن ئۇسسۇلچىلارغا ئاساسىي ھەرىكەت مەشقىنى بىر - بىرلەپ ئۆگەتتىم. رەپەتىس قىلغۇدەك ئورۇن ۋە مەشىق زالى يوق. شارائىت ناچار بولسىمۇ، بىز بار ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلاندۇق. يەنە تاجىكچە «ئىشلەپچىقىرىش ئۇسسۇلى» ، «گۈزەل پامىر» ، «بىز يايلاققا بارىمىز» ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

«خۇراپاتلىق تار زىندان» ، «ئەمگەكچى» قاتارلىق ئۇسسۇل ئۇسسۇللۇق ناخشا ۋە لەپەرلەرنى ، ناخشىلاردىن «لەيلىگۈل» ، «دولان قىزى» ، «يارى ـ يار» قاتارلىقلارنى ، «مۇرۇننىغ تەنقىد» ، «توختاخۇن چۈشەندى» قاتارلىق كومېدىيىلەرنى تەييارلىدۇق ، گەرچە ئادىمىمىز ئاز بولسىمۇ نومۇرلىرىمىز ئاشۇ مەزگىللەردىكى پارتىيىنىڭ سىياسەت ۋە ئاساسىي لۇشيەنىگە ئاۋاز قوشۇپ ، مەزمۇنى ساغلام ، بەدىئىي لەززەتلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە سەنئەت نومۇرلىرى بولۇپ ، خەلقنىڭ سەنئەتكە بولغان تەلپىنى خېلىلا قاندۇرغان ئىدى . بىز بىر مەيدان ئويۇننى مۇۋەپپەقىيەتلىك قويۇپ ، كەڭ تاماشىبىنلارغا كۆرسەتكەندىن كېيىن ، تاشقورغان ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ۋىلايىتىمىز رەھبەرلىكىگە دوكلات قىلىش ئۈچۈن قەشقەرگە چۈشتۇق . قەشقەردە بىز كۆندۈزى ئارتىسلارغا گىرىم قىلىپ سەھنە كىيىملىرىنى كىيدۈرۈپ ، كوچىلارغا چىقىپ قىسقا نومۇرلارنى ئوينىتىپ ، كەڭ تۈردە ئېلان تەشۋىقاتى ئېلىپ باردۇق ۋە كەچتە خەلق كۇلۇبىدا ئويۇن قويىدىغانلىقىمىزنى ئېلان قىلدۇق . ۋىلايەت ۋە قەشقەر شەھەر رەھبەرلىرىگە بېلەت تارقىتىپ ، تاماشىبىنلارغا بېلەت سېتىپ ئويۇن قويدۇق ، خەلق كۇلۇبى لىق توشتى . قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جۇباۋجى ، ۋىلايەتلىك تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۇجاڭى ئەزىز خۇدابەردىلەر ئويۇنغا كەلدى . ئويۇندىن كېيىن ئارتىسلار بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇلارغا ئىلھام بەردى ۋە ئويۇننى ناھىيىلەرگە ئېلىپ بېرىپ قويۇشنى ئۇقتۇردى . بىز بېلەت سېتىپ قىلغان كىرىمىمىزگە سەھنە جابدۇق ۋە كىيىم ـ كېچەكلەرنى تولۇقلاپ ، ئويۇن قويۇش ئۈچۈن قاغىلىق ، پوسكام ، يەكەن ناھىيىلىرىگە باردۇق . ھەممە ئويۇنلىرىمىز قىزغىن قارشى

ئېلىندى. ئىقتىسادىي كىرىمىمىزمۇ ئاشتى، قەشقەرگە كېلىپ بىر قىسىم سەھنە كىيىملىرىمىزنى تىكتۇردۇق. مۇزىكانتلارنى تولۇقلىدۇق. يەنە بىرقانچە قېتىم ئويۇن قويغاندىن كېيىن ناھىيىگە قايتتۇق. ئۇ ۋاقىتلاردا قاتناش قۇلايسىز بولۇپ، پوچتا ئىدارىسىنىڭ بىرلا گاز ماشىنىسى قاتنايتتى، بۇ ئۈستى ئوچۇق قارا ماشىنا بولۇپ، شۇ ماشىنىدا قەشقەرگە چۈشەتتۇق، چىقاتتۇق. 1961 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئايشەم سىدىق، دادىخان، تەۋەككۇل قاسىملار تاشقورغاننىڭ ھاۋاسىغا كۆنەلمەي قەشقەرگە يۆتكىلىپ كەتتى.

1962 ـ يىل قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۆمەكتىن تۇرسۇنخان سەلەي، تۇرسۇن مەمەت (ئىسكىرىپكىچى) لەر يۆتكىلىپ چىقتى. تۇرسۇنخان ئۆمەككە مۇئاۋىن باشلىق بولدى. شۇ يىللاردا ئىچكى مۇڭغۇلدا «ئۆلەنمۇچىر» سەنئەت ئۆمىكىنىڭ داڭقى پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىنى قاپلىدى. ھەممە سەنئەت ئۆمەكلىرىنىئۆلەنمۇ ـ چىردىن ئۆگىنىش چاقىرىق قىلىندى. ھەممە سەنئەتچىلەر ئۆلەنمۇچىرچە ئارتىس  بولۇش يەنى بىرگە مۇتەخەسسىس، كۆپكە ماھىر بولۇش تەلەپ قىلىندى. بۇنداق دېگەنلىك بىر ئارتىس ھەم ئۇسسۇلچى  ھەم ناخشىچى ياكى مۇزىكانت بولۇش، قوشۇن ئىخچام بولۇش، سەرخىل ھەم ھەرخىل بولۇش، ئاساسەن يېزىلارغا يۈزلىنىش تەلەپ قىلىندى. بىزمۇ تۇنجى قېتىم يېزىلارغا يۈزلىنىپ، قاتنىشى قۇلايسىز يېزىلارغا بىرقانچە قېتىم بېرىپ ئويۇن قويدۇق. بۇ جەرياندا ئاياللار ئەمچەكتىكى باللىرىمىزنى 7 — 8 ئايلىق بولغاندىلا ئايرىپ ئانىلىرىمىزغا ھەتتا بوۋا ـ موملىرىمىزغا تاشلاپ كېتەتتۇق. پەقەت ئىمكانىيەت بولمىغاندا قېلىن كىيدۇرۇپ، جۇۋىلارنى كىيىپ باللىرىمىزنى جۇۋىنىڭ ئىچىگە ئېلىپ، بەلۋاغ

www.uyghurkitap.com

بىلەن تېگىپ ، ئات ئۈستىدە قوچىقىمىزغا ئېلىپ ماڭاتتۇق. چاغدا ئۆلەنموچىرچە سەنئەت ئۆمەكلىرى يىلدا سەككىز ئاي يېزىلارغا يۈزلىنىش ، دېھقان ـ چارۋىچىلار ئارىسىغا بېرىش، شۇلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئاساس قىلاتتى . ھەربىي زاستاۋىلارغ باراتتۇق . ماۋجۇشىنىڭ : « بىزنىڭ ئەدەبىيات سەنئىتىمىز خەلق ئۈچۈن ، ئالدى بىلەن ئىشچى ـ دېھقان ، ئەسكەرلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ » ــ دېگەن يوليورۇقىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرگەن ئىدۇق . گەرچە يېزىلارغا بېرىشتا قاتناش قولايسىز ، تاماق شارائىتىمىز ناچار بولسىمۇ يەنىلا يۈك ـ تاقلىرىمىزنى يۈدۈپ يېزىغا بېرىپ دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ شاد ـ خۇراملىقىنى كۆرۈپ ، ئۇلار بىلەن جاپادىمۇ ، راھەتتىمۇ بىرگە بولغىنىمىزدا ھەممە ھاردۇقىمىز چىقاتتى . داتوك ، بورۇمسال ، چاياك ، قوغۇشلۇق ، ۋاچا ، بەلدىلەر ، دەپتەر ، تاغارمىلاردا بىز چىقمىغان بىرمۇ يايلاق يوق . ناھىيىدىن يىراق ، ئاھالىسى تارقاق داتوك ، بورۇمسال ، مارياك ، قوغۇشلۇق يېزىلىرىغا ماڭدۇق ، ئېغىرراق نەرسىلەرنى ئات ـ ئۇلاغقا ئارتىپ ، ئاتلارغا دەملىشىپ مىنىپ ، كاندار داۋان ( ۋاچا يېزىسىدىن داتوك يېزىسىغا بارىدىغان داۋان ) ، تەۋبە خۇدا ( بورۇمسال يېزىسىغا بارىدىغان يولدىكى ئېپتىدائىي ئورمانلار بىلەن توسۇلغان تارجىلغا ) لاردىن ئۆتۈپ ، ئاشۇ يېزىلارغا باردۇق . ھەربىر يايلاققا چىقتۇق . شارائىت يار بەرگەن يەردە ھويلا ـ ئارام ياكى چوڭراق سەينالاردا ئويۇن قويدۇق ، توك بولمىغاچقا ئۆزىمىز ئېلىپ بارغان گازىۋاي لامپىلارنى ياندۇرۇپ ، ئويۇن قويدۇق . شارائىت يار بەرمىگەن يەرلەردە چوڭراق ئۆيلەرنىڭ سۇپىلىرىنى سەھنە قىلدۇق . گەرچە شارائىت شۇنچە ناچار بولسىمۇ ئارتىسلىرىمىز قىلچىمۇ ھارغىنلىق ھېس

قىلمايتتى. ئۇ چاغلاردا ماۋجۇشى ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش دولقۇنى قوزغالغان، «ئەمەلىيەت توغرىسىدا»، «زىددىيەت توغرىسىدا»، «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى ئۆگىنەتتۇق. ئۆز ئەمەلىيىتىمىزگە بىرلەشتۇرۇپ، تەسىرات يازاتتۇق، ئىنتىزامىمىز ناھايىتى چىڭ، ياخشى ئىدى. مەيلى قەيەرگە بېرىپ ئويۇن قويايلى خەلق ئاممىسى بىزنى قىزغىن قارشى ئالاتتى. ئويۇندىن كېيىن ئۆيلىرىگە كېتىشكە ئۇنىماي داپ، نەي چېلىپ، ئۇسسۇل ئويناپ بىز بىلەن بىللە كۆڭۈل ئاچاتتى. كۇندۇزى بىز بارغان جايدىكى «بەش كاپالەت» ئائىلىلەرنى يوقلاپ ئۇلارنىڭ چاچ - ساقاللىرىنى ئېلىپ، يوتقان - كۆرپىلىرىنى يۇيۇپ بېرەتتۇق. ئۆز پۇلىمىزغا سېتىۋالغان دورىلارنى كېسەل بولۇپ قالغان دېھقان - چارۋىچىلارغا بېرەتتۇق. «سەغى» (سېرىق ماي ئايرىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان كۆپ) لەرگە قېتىق سېلىپ، سېرىق ماي چىقىرىشقا ياردەملىشەتتۇق. سۆزمىلەردىن قۇرۇت ياساپ، «سەرە» (قۇرۇت قۇرۇتىدىغان مەخسۇس قۇرۇلما) لەرگە تىزاتتۇق. دېھقان - چارۋىچىلار نېمە يېسە بىزمۇ شۇنى يەيتتۇق. قىسقىسى بىز دېھقان - چارۋىچىلار بىلەن بىرتەن، بىرجان بولۇپ كەتكەن ئىدۇق. شۇڭا، بىز بىرەر ئورۇندىن قايتىدىغان ۋاقىتتا بوۋاي - مومايلار بىز بىلەن كۆز يېشى قىلىپ خوشلىشاتتى. گۆش ۋە نانلىرىنى ئۆزى يېمەي بىزگە يوللۇق تۇتاتتى. ئارتىسلارنىڭ ئۆزئارا ئىتتىپاقىمىز ئىنتايىن ياخشى ئىدى. بىر مەيدان ئويۇندا 20 نومۇر كونسېرت ئورۇندىساق ھەربىر ئارتىس ئاساسەن ھەممە نومۇرغا چىقىشقا توغرا كېلەتتى. ھېچكىمدە ھاردىم - تالدىم دەپ قاقشايدىغان ئىش يوق ئىدى. سەھنىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش، نەرسە - كېرەكلەرنى توشۇشنى

www.uyghurkitap.com

هەممىمىز تالىشىپ قىلاتتۇق ، بولۇپمۇ ئوغۇل باللار يۈكنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرەتتى ، قىزلارنى ئاسرايتتى . بىز ئۇ چاغدا ئۇيۇشقان بىر كوللېكتىپ ئىدۇق . مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ئېيتىشقا بولىدۇكى بىزنىڭ مائاشىمىز تۆۋەن ، ئىقتىسادىي شارائىتىمىز ناچار بولسىمۇ روھىي جەھەتتىن ئىنتايىن باي ئىدۇق . تۇنجى قېتىم يېزىلارغا بارغان ئارتىسلاردىن تابلىدى ھوشۇر ، مەن ، ئىساق ئازارە ، تۇرسۇنخان سەلەي ، دەريا باي ئەسمەرى ، كىچىك ، نىيازخان ، قەلىك ، زىمۇنىك ، تۇرسۇن مەمەت سەمىن قاتارلىقلار ئىدى .

1964 - يىلى سادەت ، قابىل ، جۇمەيىك ، ئىلىيار ، گولقاشلار ئۆمىكىمىزگە قوبۇل قىلىندى . بۇ ئارتىسلارنىڭ بىر قىسمى دۆلەت شتاتىدا ئىدى . بىر قىسمىنى ئۆزىمىز تاپقان كىرىمدىن تەمىنلەيتتۇق . ھوشۇراخۇن ئاكام چاڭ ، تۇرسۇن ئىسكىرىپكا ، سەمىن داپ بىلەن مىللىي مۇزىكىلارنى چالاتتى . مەن يالغۇز گارمون چالاتتىم . نۆۋەتلىشىپ چېلىپ ئاخشىمى تانسا ئۇيۇشتۇراتتۇق . 0.50 يۈەندىن بېلەت سېتىلاتتى . تانسىغا ھەركۈنى كۆپ ئادەم كىرەتتى . بىز بۇ كىرىم بىلەن شتات سىرتىدىكى ئارتىسلارنى باقاتتۇق . شۇ يىللاردا بىز « تامغىنى تارتىۋېلىش » ، « بەش توپ ئالما » ، « تامنى ئۆرۈپ قورۇ بۇلاش » قاتارلىق خېلى چوڭ تېپتىكى درامىلارنى ئوينىغان ئىدۇق . بۇ پېشقەدەم سەنئەتكار ئەينى يىللاردا تاشقورغاننىڭ سەھنە سەنئىتى ئۈچۈن ئالاھىدە كۈچ چىقارغان ، كېيىن ئائىلە قىيىنچىلىقى ۋە ئۆزىنىڭ تەلىپى بىلەن قاغىلىق ناھىيىسىگە يۆتكىلىپ شۇ يەردە ئالەمدىن ئۆتتى .

1964 - يىل 5 - ئايدا قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە كەسپىي سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ سەنئەت كۆرىكى بولدى . بىزنىڭ ئۆمەكمۇ بۇ كۆرەككە قاتناشتى . بۇ كۆرەكتە بىز ئوينىغان نومۇرلاردىن مەن

ئىشلىگەن تاجىكچە «توي ئۇسسۇلى»، تۇرسۇنخان ئىشلىگەن «چارۋىچى قىزلار ئۇسسۇلى»، ئىساق ئازارە شېئىرى ۋە مۇزىكىسىنى يازغان «گۈزەل پامىر» كېمىك بىلەن نىيازخان ئوينىغان لەپەر قاتارلىق ئۈچ نومۇر 1 - دەرىجىلىك ئىجادىيەت ۋە ئورۇنداش مۇكاپاتىغا، مەن يازغان قىزلار خورى «گۈزەل ۋەتەن»، مەنسۇرخان يازغان ئۇسسۇللۇق ناخشا «كۆپ نوپۇسلۇق گۈزەل ۋەتەن» دېگەن ئۇسسۇللۇق ناخشا، ئىساق ئازارە يازغان «نازىرىڭ بولاي» دېگەن لەپەر 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، تابلىدى ئاكام يازغان «ئىشچان يىگىت» دېگەن لەپەر (نىيازخان ئورۇندىغان) 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۆمىكىمىز كوللېكتىپ هالدا مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. تاشقورغان سەنئەت ئۆمىكى قۇرۇلۇپ، تۇنجى قېتىم كەسپىي سەنئەت كۆرىكىگە قاتنىشىپ شەرەپ بىلەن ناهىيىگە قايتتۇق. ناهىيە رەهبەرلىرى ئالاهىدە يىغىن ئېچىپ بىزنى تەقدىرلىدى، ئۇ ۋاقىتلاردا ناهىيە رەهبەرلىرى بىزنىڭ خىزمىتىمىزگە ناهايىتى كۆڭۈل بۆلەتتى. بىز يېزىلارغا بارغاندا بىر تەرەپتىن ئويۇن قويۇپ پارتىيىنىڭ نۆۋەتتىكى سىياسەت، فاڭجېنلىرىنى تەشۋىق قىلىپ ئاممىنى تەربىيىلىسەك، يەنە بىر تەرەپتىن خەلق سەنئەتچىلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇلاردىن ئۇسسۇل، مۇزىكا، ناخشا ئۆگىنەتتۇق. شۇنداقلا خەلق ئىچىدىكى خەلق قوشاقلىرى، خەلق چۆچەكلىرى، تراگېدىيىلىك (كلاسسىك) ناخشىلارنى توپلىدۇق. بۇ خىزمەتنى تابلىدى ئاكام، ئىساق ئازارە، مەن بىۋاسىتە ئىشلەپ توپلىغانلىرىمىزنى كېچىلىرى ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتتا لازا قەغەزگە يېزىپ شاپاگرافتا بېسىپ، توپلام قىلىپ چىقتۇق.

1964 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتىدىن ليۇجىنتاۋ (هازىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پېنسىيىدە ) ، دوۋەنكون ( ۋاپات بولغان ) ، شائىر قۇربان ئىمىن ( ۋاپات بولغان )لار ناھىيىمىزگە چىقىپ سەنئەت ئۆمەكتىن تابلىدى هوشۇر ، ئىساق ئازارە ۋە مەن بىرلىكتە خەلق ناخشىلىرىنى توپلاپ ئاھاڭىنى نوتىغا سېلىپ توپلانغان ناخشىلارنى ئىككى تۈرگە يەنى قەدىمىي ۋە يېقىنقى زاماندىكى تراگېدىيىلىك كلاسسىك خەلق ناخشىلىرى ۋە ئازادلىقتىن كېيىن ئىجاد قىلىنغان خەلق ناخشىلىرى دېگەن تۈرگە ئايرىپ چىقتۇق . بۇ ناخشىلارنىڭ تېكستى ئۇيغۇرچە ھەم خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىندى ، نوتىلاشتۇرۇلۇپ ، نوتا ئاستىغا تېكستلەر يېزىلدى . شاپاگرافتا بېسىپ توپلەندى . بىر نۇسخىسى مەركىزىي كومىتېت مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى خەلق ناخشىلىرىنى توپلاش خىزمەت گۇرۇپپىسىغا ، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىگە ، قەشقەر ۋىلايىتىگە يوللاندى . مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ئەۋەتىلدى .

1966 - يىلى ئاتالمىش مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى قوزغالدى . بىز بۇ خىزمەتنى قىلغانلار « قارىيىپ » ، « جىن - شەيتان » ، « كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان هوقۇقدار » ، « سېسىق 9 - » ، « چەتئەلگە باغلانغان شيۇجېڭجۇيىچى » دېگەن بەتناملار بىلەن ئۇچۇرقدالدۇق . شۇ يىلى 12 - ئايدا مەمەت روزى ( سەنئەت ئۆمەك باشلىقى ) نىڭ يېتەكچىلىكىدە مەن ، قەلبك سادەت ، كېمك ، دەرياباي ، ئىساق ، جۇمەيىك ، قابىل ، سەمىن قاتارلىقلار ئازادلىقتىن بۇيان سەنئەت ئۇيۇنلىرىنى كۆرۈپ باقمىغان دەپتەر يېزىسىنىڭ ئەڭ يىراق ، چەت راسكام كەنتىگە ئويۇن قويۇشقا ۋە تەتۈر جىلغا ، شور بۇلاقتىكى ھەربىيلەردىن ھال سوراشقا ماڭدۇق . كىنوچىلاردىن شەفى ، توختى ، تۇرسۇن قاتارلىقلار بىز بىلەن

بىللە ماڭدى. بىز يول بويى جوڭگو ـ پاكىستان تاش يولىنى ياساۋاتقان ئىشچىلاردىن ھال سوراپ، ئويۇن قويۇپ ماڭدۇق. راسكامنىڭ يولى ئىنتايىن جاپالىق بولۇپ، ئات ۋە قوتاز مىنىپ تار جىلغىدىكى مۇز ئۈستىدە ماڭدۇق. ئۈچ كۈن مۇز ئۈستىدە گۈلخان يېقىپ تۈنەشكە توغرا كەلدى. مىڭ بىر جاپادا يول يۈرۈپ، راسكامنىڭ ئىسسىق بۇلاق دېگەن يېرىگە باردۇق. بۇ بىر قەدىمكى ئورمانلىقلار ئارىسىغا جايلاشقان كەنت بولۇپ، بۇ يەردە بىز تۆت مەيدان ئويۇن قويدۇق. ھاياتىدا تۇنجى قېتىم سەھنە كىيىمى ۋە گىرىم بىلەن ئارتىسلارنى كۆرۈۋاتقانلىقى ئۈچۈن كىشىلەر بىزدىن «سىلەر ئادەمىزاتمۇ ياكى پەرىزاتمۇ؟» — دەپ سورايتتى. بىز يەنە «ئۆرۈك» دېگەن يەرگە بېرىپ تۆت مەيدان ئويۇن قويدۇق. بىزنىڭمۇ ئۇلاردىن ئايرىلغۇمىز يوق. بىز يەنە شور بۇلاق چېگرا مۇداپىئە پونكىتىغا يۈرۈپ كەتتۇق. ئۇ يەردە چېگرا مۇداپىئە جەڭچىلىرىگە تۆت كۈن ئويۇن قويدۇق. بىز ناھىيىگە قايتىپ كەلگەندە مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ بورىنى ناھىيىمىزنى قاپلاپتۇ، بىر قىسىم ئالا قانات تەلۋىلەر ياخشى ئادەملەرنى سوتلاۋاتقان، كوچىلاردا قوي، كالىلار چوڭ خەتلىك گېزىتلەرنى يەۋاتقان مەنزىرىنى ھەممە يەردە كۆرگىلى بولاتتى. سەنئەت ئۆمەكتىكى ھەممە ئارتىسلارنى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنى 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپكە يىغىۋالدى. ياتاق، تاماق شۇ يەردە ئىدى. ھەممىمىزنى مەسىلە تاپشۇرۇشقا قىستىدى. مەنسۇرخان، تابلدى، مەمەتروزى، مەن قاتارلىقلار «كاپىتالىزم يولغا ماڭغا ھوقۇقدار»، «گومىنداڭ داشقىلى»، «چەت ئەلگە باغلانغان شيۇجىڭجۇيىچى» دېگەن ھەرخىل چوڭ ـ كىچىك قالپاقلار بىلەن چەتكە قېقىلدۇق.

ھەركۈنى كۆرەش ، تەنقىد ، سازايى قىلىندۇق . مەن سەھنىگە چىقىش ھوقۇقۇمدىن مەھرۇم قىلىنىپ كىنوخانىنى تازىلاشقا قويۇلدۇم . شۇنداق قىلىپ بىرقانچە يىل يەتكۈچە دەرد ـ ئەلەم تارتتۇق . 1971 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە كەسپىي سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ سەنئەت كۆرىكى بولغانغا قەدەر كۆرەش ، تەنقىد قىلىنىش ، كىنوخانا تازىلاش ، قالپاق كىيدۈرۈپ سازايى قىلىنىش بىلەن بولدۇم . بۇ كۆرەككە قاتنىشىدىغان نومۇرلارنى ئىجاد قىلىشقا مېنى تەكلىپ قىلىپ نومۇر ئىجاد قىلىشقا بەلگىلىدى . تابلىدى ھوشۇرنىمۇ تېكىست يېزىشقا بەلگىلىدى . مەن « بارچە مىللەت ئىناق بىز شۇنچە » ، « پارمىردا شادلىق » ، « پامىر بۇركۈتى » دېگە ئۇسسۇللارنى ئىشلىدىم . تابلىدى ھوشۇر « خوشۋاق بىز » ، « گۈل يېزامغا بارىمىز » دېگەن تېكىستلەرنى يازدى . ئىساق ئازارە « تاشقورغان ياخشى جاي » ، « قىزىل بايراققا مەدھىيە » ، « گۈل سۈرەت » دېگەن ئۇسسۇللۇق ناخشا ۋە ناخشىلارنى ئىجاد قىلدى . بۇ نومۇرلار ھەممىسى بۇ كۆرەكتە 1 ـ ، 2 ـ ، 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى . بىزمۇ قىلغان ئەجرىمىزنىڭ بىكارغا كەتمىگەنلىكىگە ئىنتايىن خۇشال بولدۇق . ناھىيىگە چىققاندىن كېيىن مېنى ئاقلاپ خىزمەتكە قويدى . 1973 ـ يىل 10 ـ ئايدا مەن قەشقەرگە يۆتكىلىپ كەلدىم . يېڭى خىزمەت ئورنۇم قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاممىۋى سەنئەت سارىيىدا 15 يىل يەنىلا سەنئەت ، ئۇسسۇل ، رول ئېلىش ، يېزىقچىلىق كەسپى ۋە تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن بولدۇم ۋە مەلۇم تۆھپىلەرنى ياراتتىم .

تاشقورغان سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت ئەھۋالىنى دېگەندەك تولۇق بىلمەيمەن . باشقا

مۇناسىۋەتلىك يولداشلارنىڭ ئەسلەپ، رەتلەپ يېزىپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئاپتورى: قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاممىۋى سەنئەت سارىيىنىڭ ئۇسسۇل يېتەكچىسى (تاجىك)

مەسئۇل مۇھەررىرى: شىجائەتخان ۋەزىرى



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# تاشقورغاننىڭ 50 يىللىق سەھىيە داۋالاش ئىشلىرىغا نەزەر

## شىجائەتخان ۋەزىرى

1950 - يىلىدىن ئىلگىرى ( ئازادلىقتىن ئىلگىرى ) تاشقورغان ناھىيىسىدە ھېچقانداق داۋالاش، سەھىيە ئالدىنى ئېلىش ئاپپاراتى ۋە داۋالاش ئەسلىھەلىرى، دوختۇر، دورا - سايمان دېگەندەك نەرسىلەر يوق ئىدى. ئۇ چاغلاردا كىشىلەر ئاغرىق - سىلاق بولۇپ قالسا، كېسەللىك يۈز بەرسە تەقدىرگە تەن بېرەتتى ياكى بولمىسا « شىپا بولارمۇ » دەپ ئازدۇر - كۆپتۇر ئوت - چۆپ دورىلىرىنى قاينىتىپ ئىچىش، داغ سالدۇرۇش، ئىسسىق بۇلاقتا يۇيۇنۇش، ئوت قېقىپ جىن قاچۇرۇش، ئۆپكە قېقىش ( قوزا ياكى ئوغلاق سويۇپ ئۆپكىسىنى كېسەلنىڭ ئۇستۇېشىغا قېقىش ) دۇئا ئوقۇتۇش، تۇمار پۈتكۈزۈپ ئېسىۋېلىش، دۇشتاپ يېيىش (پىشۇرۇلغان ئۇن ياكى تالقانغا دۇئا ئوقۇتۇپ ئۇنى يېيىش ) ھەرخىل ئىسسىقلىق قىلىش، سوغۇقلۇق قىلىش، پەرھىز قىلىش، مازارلارغا بېرىپ تاۋاپ قىلىش، باخشى - پېرىخونلارغا پېرى سالدۇرۇش، كىتاب باققۇزۇش، نەزىر - چىراغ قىلىپ سەدىقە

بېرىشتەك ھەرخىل چارىلەرنى قىلىپ بىمارنىڭ ساقىيىشىنى تىلەيتتى ۋە ئۈمىد قىلاتتى.

پېشقەدەملەر، ئوقۇمۇشلۇق زاتلار ۋە تارىخىي ۋەقەلەرگە قىزىقىدىغان كالتە تارىخچىلارنىڭ ئەسلەپ، سۆزلەپ بېرىشىچە 1920 ـ يىللاردا تاشقورغاندا بىرنەچچە قېتىم كېزىك، قورساق ئاغرىقى (دېزىنتېرىيە)، بوغما كېسەللىكلىرى يۈز بېرىپ، ئامالسىز ھالدا نۇرغۇن كىشىلەر ئۆلۈپ كەتكەن ئىكەن. سېفلىس (يەل) تاناسىل قاتارلىق كېسەللىكلەرمۇ داتوك، بورۇمسال، مارياك، پېل، كىچىك توك، چىراغتارلارغا ئوخشاش چەت ـ ياقا، تۇرمۇش شارائىتى ناچار جايلاردا ئۇزاق يىللارغىچە تارقىلىپ، بىر قىسىم كىشىلەرنى مېيىپ، پالەچ قىلىپ قويغان. ئازادلىقتىن كېيىنمۇ تاكى 1960 ـ يىللارغىچە بۇ كېسەللىكلەرنىڭ ئاسارىتى بار ئىدى.

1957 ـ ۋە 1958 ـ يىللىرى قەشقەر ۋىلايەتلىك تېرە ـ تاناسىل كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىنىڭ باشلىقى سەيدۇللا ۋە گۈلقەنشا (تاجىك) قاتارلىق داۋالاش، ئالدىنى ئېلىش دوختۇرلار گۇرۇپپىسى داتوك، بورۇمساللارغا بېرىپ، ئېپىدىمىيىلىك تەكشۈرگەندە سېفلىسنىڭ يۇقۇملىنىش نىسبىتى 15% تىن يۇقىرى كۆرۈلگەن. ئىككى يىل ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈپ، داۋالاپ ئالدىنى ئالغاندىن كېيىن ئاندىن بۇ كېسەللىك تەدرىجىي ساقىيىپ، ياخشىلىنىشقا باشلىغان.

1945 ـ ۋە 1946 ـ يىللىرى تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدا كېزىك كېسەللىكى كەڭ دائىرىدە تارقىلىپ 300 دىن ئارتۇق كىشى ئۆلۈپ كەتكەن. شۇ يىللاردا تاشقورغان مىللىي ئىنقىلابىغا قاتناشقان ئەسكەرلەر ئارىسىدىمۇ كېزىك يامراپ نۇرغۇن

www.uyghurkitap.com

ئەسكەرلەر جېنىدىن ئايرىلغان. ئازادلىقتىن ئىلگىرى بالىلار ئارىسىدا چېچەك، قىزىل ۋە بوۋاقلاردا تىتانۇس پات - پات يۈز بېرىپ تۇرغانلىقتىن بوۋاقلارنىڭ ئەي بولۇپ قاتارىغا قوشۇلۇش نىسبىتى ئىنتايىن تۆۋەن بولغان. نوپۇسنىڭ كۆپىيىشمۇ ناھايىتى ئاستا بولغان. تولۇقسىز ستاتىستىكىلىق ماتېرىياللارغا قارىغاندا شۇ چاغلاردا ئازادلىق ھاپىسىدە تاشقورغاننىڭ نوپۇسى 8200 بولغان.

1954 - يىلى مىللىي مۇختارىيەت سىياسىتى يولغا قويۇلۇپ، تاشقورغان ناھىيىسىگە قاراشلىق تۆت رايوننىڭ 3 - رايونى (بۇلۇڭكۆل رايونى)، 4 - رايونى ( چارلۇڭ رايونى ) قىرغىزلارنى ئاساس قىلىپ، جۇغراپىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە قىزىلسۇ ئوبلاستىغا ئايرىپ بېرىۋەتكەندە تاشقورغاننىڭ نوپۇسى 6000 مىڭغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. بۈگۈنكى دەۋرگە كەلگەندە تاشقورغاننىڭ نوپۇسى 32 مىڭدىن ئېشىپ، ئازادلىق مەزگىلدىكىدىن تۆت ھەسسە كۆپەيدى.

كونا پېشقەدەم، ئوقۇمۇشلۇق زاتلارنىڭ ئەسلەپ بېرىشىچە كونا زاماندا كىشىلەر دوختۇر، دورا دېگەن نەرسىنى بىلمەيدىكەن. ئايرىم بايلار، سودىگەرلەر، جاھان كەزگۈچىلەر ھىندىستان، ئورۇس تەرەپلىرىدىن بەزىدە سولفىدىن، ئاسپىرىن، كۆز دورىلىرى، ۋازلىنغا ئوخشاش ئاددىي دارىلارنى ئەكېلىپ، كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىپ باققان ئىكەن. ئەنگلىيە، شۋېتسىيە ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى تاشقورغانغا ۋە تاشقورغان يىپەك يولى ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭغا ئۆتكەندە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا دوختۇر بار ئىكەن. يەرلىكتىكىلەر ئۇلاردىن بىر - ئىككى تال دورىنى بىرەر قوزا، ئوغلاق ياكى بىرنەچچە قېرىن سېرىق مايغا تېگىشىپ قىممەت

باھادا سېتىۋالىدىكەن . ئۇ چاغدا سېفلىس ( يەل ) گە سىماب ئىچۈرۈپ ، بىيوفنول دېگەن دورىنى ئىشلەتكەن . ئۇ ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدىغان قىممەت دورا بولۇپ ، ئادەتتە ، كەمبەغەللەر تاپالمايدىكەن . بايلار ئامال قىلىپ ئانچە ـ مۇنچە تېپىپ ئىشلىتىدىكەن . قىرغىز ، تاجىك ئىچىدە بىرەرمۇ دوختۇر يوق ئىكەن .

شىڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە ئۇ خەلققە پايدىلىق بەزى ئىشلارنى قىلغان ئىكەن . 1939 ـ يىلى دەپتەردىن جۇمھۇرىيەت دېگەن بالىنى قەشقەر دارىلتام ( يېتىم ـ يېسىرلار مەكتىپى ) غا ئاپىرىپ ، پۇلسىز ئىككى يىل ئوقۇتۇپ ، ئاندىن قەشقەردە ئېچىلغان قىسقا مۇددەتلىك تېببىي كۇرستا ئالتە ئاي ئوقۇتىدۇ ( سوۋېت ئىتتىپاقى دوختۇرلىرى دەرس بېرىپ تەربىيىلەيدۇ ) . ئۇنىڭدىن كېيىن كېرەمباغ دوختۇرخانىسىدا ئۈچ يىل دەرىگەر ، سېسترا ، ياردەمچى دوختۇر بولۇپ ئىشلەپ ، ئادەتتىكى كېسەللەرنى كۆرۈپ داۋالايدىغان دەرىجىگە يېتىدۇ . 1945 ـ يىل 8 ـ ئايدا تاشقورغان ئىنقىلابى پارتلىغاندا قەشقەردىمۇ تىنچسىزلىق ، داۋالغۇشلار بولىدۇ . جۇمھۇرىيەت تاشقورغانغا قايتىپ چىقىپ ، دەپتەردە تاكى ئازادلىققىچە ئۆز ئۆيىدە تۇرىدۇ . بەزى كېسەللەر ئۇنى « دوختۇر » دەپ ئىزدەپ كەلسە كېسىلىنى كۆرۈپ بېرىدۇ . لېكىن ، دورا ـ سايمان بولمىغاچقا ، داۋالاش كەسپىنى ئىشلىتەلمەيدۇ . ئۇ تاجىكلار ئىچىدىن چىققان تۇنجى تېببىي خادىم ئىدى . ئازادلىقتىن كېيىن ، پارتىيە ، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلۇق قىلىشى بىلەن تېببىي داۋالاش خىزمىتىنى ئىشلەشكە ئېتىبار بىلەن قويۇلۇپ ، دوختۇرخانا

سەھىيە بولۇم ، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىدا مەسئۇل خىزمەتلەرنى ئىشلەپ ، 1986 ـ يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولدى .

بۇنىڭدىن ئۈچ ئەسىر بۇرۇن ياشىغان تاشقورغاندىكى ھەر مىللەت خەلقى تاغارمىدىكى ئىسسىق بۇلاققا چۈشۈپ داۋالىنىدىكەن ، ئۇنى سۈپەتلەپ « شىپالىق بۇلاق » ، « سىرلىق بۇلاق » ، « ئۇلۇغ بۇلاق » « پەرىزات مەلىكە يۇيۇنغا بۇلاق » دەپ ئاتىشىدىكەن . ھەرخىل كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولغان كىشىلەر ئەتىياز ۋە كۈز پەسىللىرىدە بۇ يەرگە كېلىپ ، بۇلاققا چۈمۈلۈپ ، يۇيۇنۇپ داۋالىنىش مەقسىتىگە يېتىدىكەن . تاغ باغرىدىن ئېتىلىپ چىققان بۇ بۇلاقنىڭ ئىككى كۆزى بولۇپ ، خۇددى قازاندا قايىنىغان سۇدەك قايناپ تۇرىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ بىر مازار بولۇپ تاكى 1980 ـ يىللارغىچە كىشىلەر ئۇنى تاۋاپ قىلاتتى . 1921 ـ يىلى يېكەنسارلىق باۋۇدۇن ھاجى ھەرەمگە بېرىپ قايتىشىدا مىلىك تېكە داۋىنىدىن ئۆتۈپ ، بەل ، پۇتى ئاغرىپ يېتىپ قالىدۇ . شۇنىڭ بىلەن تاغارمىدىكى ئىسسىق بۇلاققا كېلىپ بىر ھەپتە داۋالانغاندىن كېيىن كېسىلى ياخشىلىنىپ قالىدۇ ، ئاندىن ئۇ يۇرتىغا كېتىدۇ . كېيىنكى يىلى ئۇ ئىسسىق بۇلاقنىڭ 15 مېتىر پەس تەرىپىگە بىر گۈمبەز سالدۇرۇپ ، بۇلاق سۈيىنى گۈمبەزگە باشلاپ ، كىشىلەر داۋالىنىدىغان ، شامالدىن مۇداپىيەلىنىدىغان « پاناھلىق جاي » قىلىدۇ . بۇ 1960 ـ يىللارغىچە بار ئىدى . ئۇنىڭدىن كېيىن ھۆكۈمەت ئىسسىق بۇلاققا 150 كۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى داۋالاش ئۆيى ، مۇنچا سالدۇردى . شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر گۈمبەز ئىچىگە كىرىپ يۇيۇنىدىغان 40 يىللىق تارىخقا خاتىمە بېرىلدى .

دېمەك ، تاشقورغاننىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى داۋالاش ئىشلىرى

شۇنداق قالاق ھەم يوق دېيەرلىك ئىدى .

## ئازادلىقتىن كېيىنكى تەرەققىيات ئەھۋالى

1949 ـ يىل 12 ـ ئايدا تاشقورغان ناھىيىسىمۇ ئازاد بولۇپ ، پامىر ئېگىزلىكىگە بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق قادالغاندىن كېيىن 1950 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ھاكىم غوجامكەلدى ، مۇئاۋىن ھاكىم رىك شىڭجياۋ ، زۇلال ، بەگقەدەم ، شېرىنبېك قاتارلىق 17 كىشى ئەزا بولۇپ ناھىيىلىك ھۆكۈمەت تەشكىللىنىدۇ . ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى فۇنكسىيىلىك تارماقلىرىمۇ مۇناسىپ ھالدا تەسىس قىلىنىدۇ . مەدەنىي ـ مائارىپ ، سەھىيە بۆلۈمى قۇرۇلىدۇ . بۇ بۆلۈمگە دېپتەردىن جۇمەرەمەتنى ئەكېلىپ سەھىيە داۋالاش ئىلشرىنى ئىشلەشكە قويىدۇ .

ئۇ چاغدا دوختۇر ، تېبىبىي خادىم ، دورا ـ سايمان بولمىغاچقا ، ئۇ سەھىيە ئاقارتىش ، سەھىيە تەشۋىقاتى خىزمىتىنى ئىشلەيدۇ . 1951 ـ يىلى پولاتمەمەت باشچىلىقىدا جۇمەرەمەت ئىككى كىشىنى تەشكىل ناھىيىلىك دوختۇرخانىنى قۇرۇش تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەشكە مەسئۇل قىلىندۇ . 1952 ـ يىلى ئۈرۈمچى تېبىبىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ كەلگەن ئىبلىخان ۋە خەيرىنساخانلار تاشقورغانغا تەقسىم قىلىنىدۇ . ئارقىدىن 1953 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايىتى مەمەتنىياز قاسىم ، ئابدەخان سىدىق ، ئابدۇكېرىم ئەيسا ، مەمەجان ئابدۇلقاروف ( قىرغىز بولۇڭكۆلدىن ) يۆتكەپ ئەكېلىپ ، جۇمەرەمەت باشچىلىقىدا ناھىيىلىك دوختۇرخانىنى قۇرىدۇ . ئۇچاغدا دوختۇرخانىنىڭ ئورنى پەس بازاردىكى پوچتىخانا كونا ئائىلىكلەر قورۇسىدا بولۇپ ئىككى ئېغىزلىق ئۆيى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بـار ئىدى . بۇ يەردە ئادەتتىكى كېسەللەرنى تەكشۈرۈپ داۋالايتتى قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە بىر قىسىم سايمانلارنى سەپلەپ بەرگەن ئىدى . مەمەتنىياز سەھىيە بۆلۈمىدە ئىشلەيتتى . ئېلىخان دوختۇرلۇق قىلىپ كېسەل كۆرەتتى . ئابدەخان سېستىرالىق ، مەمەجان دورىگەرلىك قىلاتتى . ئابدۇكېرىم ئەيسا بولسا كېسەلدىن مۇداۋىئە كۆرۈش خىزمىتى بىلەن يېزىلارغا بېرىپ سەييارە كېسەل كۆرەتتى . ئادىنبەك بوغالتىر ئىدى .

1953 - يىلى ۋە 1954 - يىللىرى چېچەك ۋاكسىنىسى ئەملەشتە ھۆكۈمەت ئۆزى مەسئۇل بولۇپ ئېلىپ بارغان . ئەينى چاغدىكى مۇئاۋىن ھاكىم زۇلالنىڭ خىزمەت دوكلاتىغا قارىغاندا ئىككى يىل ئىچىدە ناھىيە بويىچە 800 دىن ئارتۇق بالىغا چېچەك ۋاكسىنىسى ئەملەنگەن ئىكەن .

1954 - يىلى يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن 300 كۋادرات مېتىر كۆلەمدە 10 ئېغىزلىق كېسەلخانا ( سوۋېت ئۇسلۇبىدا ) ۋە 200 كۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى ئامبولاتورىيە سېلىندى . 1955 - يىلى رەسمىي پۈتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلغاندىن باشلاپ ئاندىن دوختۇرخانىنىڭ شارائىتى ياخشىلىنىدۇ . ئۇ چاغدا دوختۇرخانىدا 15 كېسەل كارىۋىتى بار ئىدى . ئابدۇكېرىم ئەيسا كېسەلخانىغا مەسئۇل بولۇپ كېسەل داۋالايتتى . ئايالى بىلقىزخان بولسا كۆتكۈچىلىك بىلەن سېستىرالىق قىلاتتى . 1954 - يىلى تاشمەت قىنائەت قەشقەردە ئېچىلغان بىر يىللىق دورىگەرلىك كەسپىنى پۈتكۈزۈپ ، تاشقورغانغا تەقسىم بولىدۇ ھەمدە ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا مەخسۇس دورىگەرلىك قىلىدۇ . 1955 - يىلى جەڭگىبېك مۆمىن (تاجىك ، تىزناپتىن ) ئۇرۇمچى تېببىي تېخنىكومىدا

ئۈچ يىل ئوقۇپ تاجىكلار ئىچىدىن تۇنجى مەخسۇس تەربىيىلىنىپ چىققان دوختۇر بولۇپ قالدۇ. ئۇ چاغلاردا تاشقورغاننىڭ يېزا - قىشلاقلىرىدا تېببىي خادىملار ئىنتايىن كەمچىل بولۇپ، ياش، ساۋاتلىق كىشىلەردىن تاللاپ تېببىي خادىم تەربىيىلەشكە توغرا كېلەتتى. جەڭگىبېك، تاشمەت، ئابدۇكېرىم ئەيسا ئەڭ چەت يىراق بولغان راسكام، پىلى، لەڭگەر، قوغۇشلۇق، بورۇمسال قاتارلىق جايلاردىن يىگىتلەردىن 15 نى ئەكېلىپ ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا، قىزلاردىن 10 نى ئەكېلىپ ۋاچا يېزىسىدا ساقلىقنى ساقلىغۇچىلار ۋە تۇغۇت ئانىلىرىدىن قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىدۇ. شۇ چاغدا تۇغۇت ئانىسى بولۇپ تەربىيىلەنگەنلەردىن ھاۋاخان (پىلىدىن)، زەينەپخان (داتوگدىن)، سۇلتابنى (بورۇمسالدىن)، دۆلەتخان، ھاۋاخان (ۋاچىدىن)، مىرانە (تاشقورغاندىن)لار كېيىنكى ۋاقىتلاردا ياخشى تۇغۇت ئانىسى، سېستىرالاردىن بولۇپ يېتىشىپ چىققان. يېزىلاردا يېكى ئۇسۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلىش، كېندىك كېسىش، بالا پەرۋىش قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى ياخشى ئىشلەپ، چارۋىچىلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن.

1955 - يىلى ئۈرۈمچىدە سەھىيە نازارىتى ئاچقان تېببىي كۇرستا تاجىكلاردىن جۇمە سەردار، قۇربان ھەسەن، گۈلخەنشاھ، جاۋزى، رەشىت قاتارلىق ئوقۇغۇچىلار ئەۋەتىلىپ تەربىيىلىنىدۇ. ئۇلار ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن قەشقەر، قىزىلسۇ، خوتەن قاتارلىق جايلاردا بىر مەزگىل ئىشلەپ، بىر مەزگىلدىن كېيىن يۆتكىلىپ كېلىپ، ناھىيىمىزدە ئاساسلىق تايانچى دوختۇرلاردىن بولۇپ قالىدۇ. 1956 - يىلى قەشقەردە ئېچىلغان ئالتە ئايلىق كۇرستا شادەلى، مەبۇبشا، باباپشقەر، ھەنىپخان، ھاۋاخان،

مېرانە ، گۈلنەما قاتارلىقلار تەربىيىلىنىپ يېزىلارنىڭ ۋە ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ غوللۇق دوختۇرلىرىدىن بولۇپ يېتىشىدۇ . تاشمەت قىنائەت ۋە مەمەجان ئابدۇقاھارۇف ( قىرغىز ) لارمۇ شۇ قېتىملىق كۇرستا تەربىيىلىنىپ ياخشى دورىگەرلەردىن بولۇپ قالىدۇ .

1956 - يىلى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت سەھىيە بۆلۈمى قۇرۇلۇپ ، جۇمەرەممەت مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى ، مەمەتنىياز بۆلۈم ئەزاسى بولىدۇ . شۇ يىلى ئىجتىمائىي بۆلۈمدە ( « شىخۇيبۇ » دېمۇ ئاتىلاتتى ) دوختۇرلۇق قىلىۋاتقان ئابلىز ئەبەيدۇللا ( قەشقەر شەھرىدىن ئۆزبېك ) ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ باشلىقىغا تەيىنلىنىدۇ . ئۇ بىلىملىك ، ئەستايىدىل ، مەسئۇلىيەتچان تېببىي خادىم بولغاچقا ، ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ قىياپىتىدە ئۆزگىرىش ياساپ ، يېڭىلىق يارىتىدۇ . ئۇ دوختۇرخانىنىڭ مۇناسىۋەتلىك قائىدە تۈزۈملىرىنى بېكىتىپ چىقىش بىلەن بىللە كېسەللەر ئاشخانىسى ئاچىدۇ . تېرە - تاناسىل كېسەللىكىگە پىششىق بولغاچقا بۇ جەھەتتىكى داۋالاش ئىشلىرىغا زور كۈچ سەرپ قىلىدۇ . 1959 - يىلى مېڭىسىگە قان تولۇپ قەشقەرگە يۆتكىلىپ كېتىدۇ .

ئۇنىڭدىن كېيىن ئازادلىق ئۇرۇشى مەزگىللىرىدە سېپىترا بولغان خۇزىجوڭ دوختۇرخانا باشلىقى بولىدۇ . 1956 -يىلى 2 - ئەۋلاد دوختۇر ئىراھىم نەيىم ئۇرۇمچى تېببىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ كېلىپ ، ئۇزاق يىللارغىچە ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ دوختۇرى ، مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلىدى ( ئۇ تەجرىبىلىك ئىچكى بۆلۈم دوختۇرى ئىدى ، رەھىمسىز ئېغىر كېسەل ئۇنى بىزدىن ئايرىۋەتتى ، مەرھۇمنى تاجىك خەلقى ئۇنتۇمايدۇ ) . ئۇ مەزگىللەردە ، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ، تازىلىق ،

تەشۋىقات، ساقلىقنى ساقلاش خادىملىرىنى تەربىيلەش قاتارلىق ئىشلارنى ناھىيىلىك دوختۇرخانا تۇتۇپ ئىشلەيتتى. ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ تېببىي خادىملىرى نۆۋەت بىلەن يېزىلارغا چۈشۈپ سەييارە داۋالاش ئېلىپ باراتتى. 1959 - يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىدىن ئۇستا تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى لى دەيفۇ (ئەسلىي ئىسمى لى ××) ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا يۆتكەپ ئەكېلىنىدۇ. چىش دوختۇرى تۇرسۇن ئاخۇنمۇ ھەربىيدىن كەسىپ ئالمىشىپ، ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ چىش بۆلۈمىدە ئىشلەيدۇ. لى دەيفۇ كەلگەندىن كېيىن جەگبېكنى ياردەمچى قىلىپ، بىرقىسىم ئادەتتىكى ئوپېراتسىيەلەرنى ئىشلەشنى يولغا قويىدۇ. يەنى گىرىژ، سوقۇر ئۈچەي، يېڭى ئۇسۇلدا خەتنە قىلىش ۋە ئۇششاق ئوپېراتسىيەلەرنى ئىشلەيدۇ. ئۇ ئىككى يىلچە ئىشلەپ، دىققەتسىزلىكتىن پۇتىنى سۇندۇرۇۋېلىپ، قەشقەرگە يۆتكىلىپ كېتىدۇ.

1960 - يىلى مەن، ئاۋاز بېك، مەزۇن قەشقەر تېببىي تېخنىكوم فېلدشېرلىق (دوختۇرلۇق) كەسپىنى پۈتكۈزۈپ، ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا تەقسىم قىلىندۇق. ئۇزاققا قالماي ئاۋاز بېكنى بۇرۇمسال يېزىسىغا، مەزۇننى بەلدىر يېزىسىغا يۆتكىدى. مەن كەلسەم ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ 16 ئىشچى - خىزمەتچىسى بار ئىكەن (تېببىي خادىم 13 كىشى، مەمۇرىي خادىم ئۈچ كىشى). مەن كېلىپ بىر يىلدەك ئوكۇل، تېڭىق بۆلۈمىدە ئىشلىدىم. ئۇنىڭدىن كېيىن بىر يىل دەپتەر يېزىسىدا دوختۇرلۇق قىلدىم. ئىبراھىم، تاشمەت، ئابىدە خانلارنىڭ كەسپىي تەجرىبىسى مول ئىدى. مەن ئۇلارنى ئۇستاز تۇتۇپ ئەستايىدىل ئۆگەندىم. 1962 - يىلى شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتىنى پۈتكۈزگەن خەنجۇكتىيەن

www.uyghurkitap.com

دېگەن دوختۇر كەلدى . ئۇنىڭ ئەمەلىي تېخنىكىسى يۇقىرى ئىدى . دوختۇرخانا رەھبەرلىكى ئۇزاق ئۆتمەي قەشقەردىن بىر يۈرۈش ئوپېراتسىيە دورا ، سايمانلىرىنى يۆتكەپ كەلدى . خەن دوختۇر گىرىژ ، سوقۇر ئۈچەي ، قورساقنى يېرىپ بالا ئېلىش ، ئۈچەي ئوپېراتسىيىلىرىنى ئىشلىدى . مەن ئۇنىڭغا ياردەمچى بولۇپ ئوپېراتسىيە قىلىشنى ئۆگەندىم . مېنىڭ ئوپېراتسىيە قىلىش ماھارىتىمنى خەن دوختۇر يېتىلدۈرگەن دېسەم توغرا بولىدۇ . بىز بەش يىل بىر ياتاقتا يېتىپ ، ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قالغان ئىدۇق . خەن دوختۇرنى يېزىلاردىمۇ بىلمەيدىغانلار يوق ئىدى . ئۇ ناھىيىمىزنىڭ داتوڭ يېزىسىغا بېرىپ ئىككى ئايچە تۇرۇپ 33 بىمارنى ئوپېراتسىيە قىلدى . ئۇنىڭ ھەربىي قىسىملار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ ياخشى ئىدى . قىسىم ئۇنى پات ـ پات تەكلىپ قىلىپ كېسەل كۆرسەتتى . 1972 ـ يىلى ئۇ ناھىيىمىزدىن يېڭىسار ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا يۆتكىلىپ كەتتى .

1962 ـ يىلى قەشقەر تېببىي تېخنىكومنى پۈتكۈزۈپ چىققان قۇربان ھەسەن ، ئېرگەش ، ئەكرەم ، ئانايىم ، ئەلىم قاتارلىقلار تېببىي قوشۇنىغا يېڭى كۈچ بىلەن قوشۇلدى . ئۇچاغدا تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ 10 يېزىسىدا تېببىي داۋالاش ئورنى قۇرۇلغان ئىدى . ھەربىر يېزا دوختۇرخانىسىغا بىردىن دوختۇر سەپلەپ بېرىلدى . تەشكىل ئېرگەشنى تاغارمىغا ، جەڭگىبېكنى تىزناپقا ، ئىبراھىمنى تاشقورغانغا ، قۇربان ھەسەننى دەپتەرگە ، مەمەجاننى بەلدىرگە ، ئابدۇقىيۇمنى ( قىرغىز ) ۋەچىگە ، ئەكرەمنى مارياڭغا ، ئەلىمنى داتوڭغا ، شادەلىنى قوغۇشلۇققا دوختۇر قىلىپ بېكىتتى . ئۇلار بىر يىل ھەقسىز ئىشلىگەندىن كېيىن ئاندىن شتات ، مۇئاش ھەل قىلىندى . يېزا دوختۇرخانىلىرىنىڭ بىر قىسمىغا 1 — 2

ئېغىزلىقلىقچە ئۆي سېلىپ بەردى . بىر قىسىملىرى يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئىشخانىلىرىدىن ياكى شەخسلەرنىڭ ئۆيلىرىدىن ھەل قىلىندى . سايمانلاردىن شىپرىس ، گرادۇس ، پونەندىكوپ ، قان بېسىم ئۆلچىگۈچ ۋە كىچىككىنە ستېرىلزاتۇر قوتىسلار بار ئىدى . شۇنداق قىلىپ يېزا دوختۇرخانىلىرىنىڭ دەسلەپكى ئاساسى تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن ھەربىر دوختۇرخانىدا 1 ــ 2 گىچە كىشىنى ساقلىقنى ساقلاش بويىچە ( مائاش يوق ، نومۇرغا ئىشلەيدىغان ) تەربىيىلەپ چىقىش يولغا قويۇلۇپ ، بىر قىسىملار دورىگەر ، ئوكۇلچى ، تازىلىق خادىمى بولۇپ ئىشلىدى . ناھىيىلىك دوختۇرخانىدىكى خادىملارمۇ داۋاملىق تۇردە يېزا ـ قىشلاقلارغا چۈشۈپ يەرلىك ئورۇنلارنىڭ داۋالاش ، ئالدىنى ئېلىش ، تۇغۇت قوبۇل قىلىش ، ئانا ـ بالىلارنىڭ ساقلىقنى ساقلاش خىزمەتلىرىگە كەسپىي جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىپ تۇردى . 1964 ـ يىلى جۇمەرەمەت دوختۇرخانا باشلىقى بولدى . مەمەتنىياز سەھىيە بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ، مجىت ( ئۇيغۇر ، ئۈرۈمچى تېببىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ) سەھىيە بۆلۈم ئەزاسى بولۇپ سەھىيە بۆلۈمىنىڭ ئاپپاراتى تولۇقلىنىپ ، رەھبەرلىكى كۈچەيتىلدى . شۇ يىلى ۋۇخەن تېببىي ئىنستىتۇتىنى پۈتكۈزۈپ كەلگەن چىن بياۋ بىلەن يۈەن شۈي ( ئىككىيلەن ئەر ـ خوتۇن ) كەسپكە پىششىق تېخنىكىسى يۇقىرىلاردىن ئىدى . ئۇلارنىڭ بىرى ئىچكى بۆلۈمدە ، يەنە بىرى ئاياللار بۆلۈمىدە ئىشلىدى . ئۇ ئىككىسى ئون يىل ئىشلىگەندىن كېيىن ئاندىن ۋۇخەنگە يۆتكىلىپ كەتتى . 1965 ـ يىلى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە دوختۇرخانىلاردا ھەمكارلىق داۋالاش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى . تاشقورغاننىڭ يېزىلىرىدىمۇ 1966 ـ يىلىدىن باشلاپ ھەمكارلىق داۋالاش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دەسلەپتە يېزىلاردا خەلق گۈگۈشىسى مەسئۇل بولۇپ، كې
بېشىدىن 1.50 — 2 يۈەنگىچە يىغىپ گۈگۈشى دوختۇرخانىسىغا
ئۆتكۈزۈپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن داۋالانغۇچىلارنىڭ دورا ۋە
داۋالىنىش ھەققى ھەقسىز بولدى. كېيىنچە نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىگە
ئەگىشىپ 3 — 5 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى. ھازىر 10 يۈەندىن يىغىلىپ
پەقەت دورا پۇلىلا ئاچچوت قىلىنىدىغان بولدى. قانداقلا بولمىسۇن
ھەمكارلىق داۋالاش تۈزۈمى تاھازىرغىچە ئېلىپ بېرىلىپ، يولغا
قويۇلغان 35 يىلدىن بۇيان دېھقان - چارۋىچىلار بۇنىڭدىن خېلى
ئوبدان نەپكە ئىگە بولدى ھەم بۇ تۈزۈمنى ئىزچىل ھىمايە قىلدى.

1966 - يىلى، يېزىلاردىكى دوختۇر يېتىشمەسلىك
ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ناھىيىلىك دوختۇرخانا ئون
يېزىدىن باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ياكى تولۇقسىز ئوتتۇرا
مەكتەپلەرنى پۈتكۈزگەنلەردىن ئون نەپەر كىشىنى ئەكېلىپ،
ئىككى يىللىق تېببىي داۋالاش كۇرسى ئاچتى. بۇ كۇرسقا مەن
مەسئۇل بولۇپ دەرس ئۆتتۈم. دەرس مەزمۇنى تېببىي مەكتەپلەردە
ئۆتۈلىدىغان ھەرقايسى پەنلەر ئاساس قىلىندى. يەنى ئاناتومىيە،
لاتىن تىلى، فىزىئولوگىيە، فاتالوگىيە دورىگەرلىك قاتارلىق بەش
دەرسنى تېببىي ئاساسىي پەن قاتارىدا، ئىچكى بۆلۈم، تاشقى
بۆلۈم، ئاياللار بۆلۈم، باللار بۆلۈم، يۇقۇملۇق كېسەللىك، تېرە -
تاناسىل كېسەللىكى، بەش ئەزا، جۇگيچە يىڭنە بىلەن داۋالاش
قاتارلىق توققۇز پەننى كلىنىكا كەسپىي تېخنىكا پەن قاتارىدا
نۇقتىلىق دەرس قىلىپ ئۆتتۇق. نەزەرىيە دەرسى ئاياغلاشقاندىن
كېيىن كۇرسانتلارنى ناھىيىلىك دوختۇرخانا ۋە يېزا
دوختۇرخانىلارنى ئاساس قىلغان ھالدا ئالتە ئاي ئەمەلىي پراكتىكىغا
ئورۇنلاشتۇردۇق. ئۆگىنىش، تەربىيىلەش كۇرسىغا

قاتناشقانلاردىن : خەلچىخان ( تاغارمىدىن ) ، ئاستانقول (دەپتەردىن ) نەزەر ئېلى ( مارياڭدىن ) ، ئامراق ( داتوڭدىن) ، بەدەل ( قوغۇشلۇقتىن ) ، يېڭجان ( قوغۇشلۇقتىن ) ، مەمەتقۇربان ( ۋاچىدىن ) ، پوپىك ( تاشقورغاندىن ) ، ئىبراھىم ( بەلدىردىن) قاتارلىقلار بار بولۇپ ، ئوقۇشنى تاماملاپ 1968 - يىلى ھەرقايسى گوڭشې دوختۇرخانىلارغا چۈشۈپ ئىشلەپ ، غوللۇق تېببىي خادىملاردىن بولۇپ قالدى . 1975 - يىلى ئۇلارنىڭ شتاتى ۋە مائاشى ھەل قىلىندى . مەمەتقۇربان كەسىپ ئالماشقاندىن باشقا - قالغانلارنىڭ كۆپ قىسمى يېزا دوختۇرخانىلارنىڭ باشلىقى بولدى . مەسئۇل دوختۇر ( ئوتتۇرا دەرىجىلىك ) ئۇنۋانلارغا ئېرىشىپ ، نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلدى . 1968 - يىلى جېلىن تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزگەن فەنشېڭشۈن ، ۋاڭ شىڭمى ( ئەر - خوتۇن ) ئىككى دوختۇر تاشقورغان ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىندى . شۇنىڭ بىلەن يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا ئىگە ، تولۇق كۇرسنى پۈتكۈزگەن داڭلىق دوختۇرلاردىن تاشقورغانغا كەلگىنى بەش نەپەر بولدى . ( ئۇلارنى خەن دەيفۇ ، چىن يىشىڭ ، يۈەن يىشىڭ ، فەن يىشىڭ ، ۋاڭ يىشىڭ دەپ ئاتىشاتتۇق ) . بۇ بەش نەپەر دوختۇر ناھىيىمىزگە كېلىپ ، بىرىنچىدىن ، جاپالىق رايوندىكى ئەڭ چەت - يىراق ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىغا چۈشۈپ ، پىيادە يول يۈرۈپ خەلقنىڭ كېسىلىنى داۋالىدى . تاشقورغاندا خەن دەيفۇنى ياشلاردىن باشقىسى دېگۈدەك بىلىدۇ . ئىككىنچىدىن ، بۇلار ئازسانلىق مىللەت دوختۇر ، تېببىي خادىملىرىنى كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىدى ۋە تېخنىكا ئۆگەتتى . مىنى ۋە يولداش قادىروكنى ( ھازىر ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ باشلىقى)نى خەن دەيفۇ ، چىن ۋە خەن يىشىڭلار

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

يېتىشتۇرگەن ئىدى. ئۇلار مېنىڭ ياخشى ئۇستازلىرىم
دوستلىرىم ئىدى. مەن ئۇلار بىلەن يېقىنقى يىللارغىچە ئالاقىلىشىپ
تۇردۇم. ئۈچىنچىدىن، ئۇلار تاشقورغاننىڭ داۋالاش ئىشلىرىدا
كۆرۈنەرلىك يېڭىلىقلارنى ياراتتى. خەن دەيفۇ 1964 -يىلى تۇنجى
قېتىم قورساقنى يېرىپ بالا ئېلىش ئوپېراتسىيىسىنى ئىشلىدى.
1970 -يىلى فەن شىشۇ بىلەن مەن بىرلىكتە داتوك، قوغۇشلۇق
قاتارلىق يېزىلاردا قان بېرىش شارائىتى يوق ئەھۋالدا بالىياتقۇ
سىرتىدىكى ھامىلدارلىق ئوپېراتسىيىسىدىن ئۈچنى ئىشلىدۇق.
ئۇزاق ئۆتمەي مەن چىن يىشىڭ، قاۋۇل ۋە جۇمەسەردار قاتارلىق
دوختۇرلارنىڭ كونكرېت يېتەكچىلىك قىلىشى ئارقىسىدا ئۈچەي
ئالمىشىش، ئۈچەينى كېسىپ ـ ئۇلاش، ئاشقازاننى كېسىش
قاتارلىق ئوپېراتسىيىلەرنى ئىشلىيەلەيدىغان بولدۇم. فەن
يىشىڭنىڭ يېتەكلىشى ۋە مېنىڭ تەشكىللىشىم ئارقىلىق ئىبراھىم،
قادىروك، گۈلخەنشالار بىلەن يىڭنە بىلەن داۋالاش، پەللىگە
ئوكۇل سېلىش، داغ سېلىپ داۋالاش، يىپ كۆمۈپ داۋالاش
قاتارلىق بىرمۇنچە يېڭىچە داۋالاش ئۇسۇللىرىنى كېڭەيتتۇق ۋە
ئومۇملاشتۇردۇق. تۆتىنچىدىن، دوختۇرخانىنىڭ كەسپىي
قۇرۇلۇشى ۋە تېخنىكىۋى قۇرۇلۇشىدا زور يۈكسىلىشلەرنى بەرپا
قىلدى. يەنى يۈرۈشلەشكەن ئوپېراتسىيە ئۆيى، لابوراتىيە بۆلۈمى،
دورا ياساش بۆلۈمى، تۇغۇت بۆلۈمى قاتارلىق بىر قاتار كەسپىي
بۆلۈملەر قۇرۇلدى. ئىبراھىم ئىچكى بۆلۈمگە، مەن تاشقى بۆلۈمگە
مۇدىر بولدۇم. پۈتۈن دوختۇرخانا ئىچكى ۋە تاشقى بۆلۈم دەپ
ئىككى بۆلۈمگە ئايرىلدى. بەشىنچىدىن، يۇقىرىقى بەش نەپەر
داڭلىق دوختۇر يېزا ئاساسىي قاتلاملارغا يالاڭ ئاياغ دوختۇرلارنى
تەربىيىلەشنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلىدى. ئۇلار قېتىرقىنىپ مىللىي

خادىملارغا تېخنىكا ئۆگەتتى ۋە ئەمەلىي مەشغۇلاتلارنى ئىشلەپ كۆرسەتتى. 1969 ـ يىلى جۇڭگو ـ پاكىستان تاش يولىنى ياسايدىغان قارا قۇرۇم ئىشچىلىرىنى داۋالايدىغان مەخسۇس دوختۇرخانا ( جۇڭگو ـ پاكىستان دوختۇرخانىسى دەپ ئاتايتتى ) قۇرۇلدى. ئۇلارنىڭ تېببىي خادىملىرى ھەربىي ئىدى. يەرلىكلەرمۇ بار ئىدى. ئۇلار قويۇن سالاما ھەربىي گازارمىدا تۇراتتى. مەنمۇ ئالتە ئاي ئۇلار بىلەن بىرگە ئىشلىدىم. ئۇلار يېقىن ئەتراپتىكى گۇڭشې كەنتلەردىن قانىك، جۇمە، ئىززەت، زەزەر دەلى قاتارلىق 15 نەپەر يالاڭ ئاياغ يېزا دوختۇرىنى يىغىپ، ئۈچ ئاي تەربىيىلىدى. مەن ئوقۇتقۇچى بولدۇم. خەن دەيفۇ دەرس تېزىسىنى تۈزۈپ بەردى. ھەربىي دوختۇرلار ئەمەلىي پاراكتىكىغا مەسئۇل بولدى. ئۈچ ئايدىن كېيىن تەربىيىلەنگەنلەر جايلىرىغا قايتتى. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇلار ياخشى دوختۇرلاردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقتى.

1971 ـ يىلى، چېن دەيفۇ ۋاچا، بەلدىر، مارياگدىن 10 نەپەر يالاڭ ئاياغ دوختۇرنى يىغىپ يەڭنە بىلەن داۋالاش تېخنىكىسىنى ئۆگەتتى. قادىروك تەرجىمانلىق قىلدى ۋە قوشۇمچە دەرس بەردى. 1975 ـ يىلى فەن دەيفۇ بىلەن مەن ھەرقايسى گۇڭشېلاردىن 30 دىن ئارتۇق دوختۇر ۋە يالاڭ ئاياغ دوختۇرنى يىغىپ، ئۇرۇش تەييارلىقى نۇقتىسىدىن تۇرۇپ، جىددىي قۇتقۇزۇش، تېڭىق تېڭىش، جاراھەتنى تىكىش، سۇنۇقنى تېڭىش ۋە مۇقىملاشتۇرۇش، قان توختىتىش، سۇنئىي نەپەس ئالدۇرۇش، ئاتومدىن مۇداپىئەلىنىش، كۆيۈكنى داۋالاشتىن ئىبارەت ھەرخىل تېببىي داۋالاش مەشغۇلاتلىرىنىڭ داۋالاش تەرتىپى ۋە ئۇسۇللىرىنى ئۆگەتتۇق. بۇ دوختۇرلار 1976 ـ يىلدىن باشلاپ

ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە، بەزىسى ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كەتتى. بۇلارنى تاشقورغاندىكى ھەرمىللەت خەلقى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ. ئۇلار يۆتكىلىپ كەتكەندىن كېيىن شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتى ۋە جۇڭگىي تېخنىكومىنى پۈتكۈزگەنلەردىن بولۇپ1975 - يىلىدىن 1979 - يىلىغىچە كېرىمئاخۇن، جۇمەخان، ھەسەنخوجا بەدەل، جۇمەك ئاتاباي، خامۇش قاتارلىقلار تاشقورغانغا ئوقۇش پۈتكۈزۈپ كەلدى. ئۇلار ناھىيىلىك دوختۇرخانا، فاگىيزەن، يېزىلىق دوختۇرخانا قاتارلىق ئورۇنلارغا تەقسىم قىلىندى. قادىروكمۇ خىزمەتتىن ئايرىلىپ بېيجىڭ تېببىي ئىنستىتۇتتا ئۈچ يىل ئوقۇپ ياخشى نەتىجە بىلەن قايتىپ كەلدى.

1978 - يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ تاشقى بۆلۈمىدە ئىشلەپ كېلىۋاتقان جۇمە سەردار (تاجىك) ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا يۆتكىلىپ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن تاشقى كېسەللىك ئوپېراتسىيە سەۋىيىسى يېڭى بىر باسقۇچقا كىردى. جۇمە سەردارنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا سۆڭەك ئوپېراتسىيىسى، قورساق ئوپېراتسىيىسىنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسى خېلى ئۆستى. بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۇ دوختۇرخانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلدى. قوشۇمچە تاشقى بۆلۈم مۇدىرى بولۇپ ئىشلىدى.مەن 1972 - يىلدىن1978 - يىلىغىچە ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، تاشقى بۆلۈم مۇدىرى بولۇپ ئىشلىدىم. 1978 - يىلى مېنى تەشكىل دوختۇرخانىنىڭ باشلىقى قىلىپ تەيىنلىدى. تاكى 1984 - يىلىغىچە دوختۇرخانا باشلىقى بولۇپ ئىشلىدىم.

تاشقورغاننىڭ تېببىي داۋالاش، سەھىيە تەرەققىياتىدا مۇھىم، گەۋدىلىك بولغان چوڭ ئىشلارنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تېگىشلىك. بۇ جەھەتتە ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

بىرىنچى، تېببىي پەن تەتقىقاتىدا زور ئىزدىنىشلەر بارلىققا كەلدى.

1975 - يىلىدىن 1985 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ناھىيىمىزنىڭ تېببىي تەتقىقات ئىشلىرى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، تەدرىجىي مۇكەممەللەشتى.

1975 - يىلى ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ تىرىشچانلىقى ئاستىدا ئارقا - ئارقىدىن تېببىي ئىلمىي جەمئىيىتى، يېزا ئىگىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى، چارۋىچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە مائارىپ ئىلمىي جەمئىيىتىدىن ئىبارەت تۆت ئىلمىي جەمئىيەت قۇرۇلدى. بۇ ئىلمىي جەمئىيەتلەر ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئىلمىي تەتقىقات قانات يايدۇرۇش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇش مەقسىتىدە قۇرۇلغان ئىدى. تېببىي ئىلمىي جەمئىيەتكە مەزۇن باشلىق، قۇربان ھەسەن، جۇمە سەردار، قادىر وكلار مۇئاۋىن باشلىق بولدى. مەن دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل باش كاتىپ بولدۇم، كەڭ تېببىي خادىملارنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ۋە چوڭقۇر ئىزدىنىشى نەتىجىسىدە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 18 پارچە ئىلمىي ماقالە يېزىلىپ شىنجاڭ سەھىيە ژۇرنىلى، «قەشقەر سەھىيىسى» ۋە باشقا گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. بەزى ئىلمىي ماقالىلەر مۇتەخەسسىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. مېنىڭ، جۇمە سەردار، ئايۇپ، رەخمان ئارزى، پوپىك، خالمەمەت قاتارلىق بىر قانچىمىزنىڭ ماقالىسى ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىندى. جۇمە سەردارنىڭ «ئوپېراتسىيە تېخنىكىسى» ناملىق كىتابى نەشىردىن چىققاندىن كېيىن مېنىڭمۇ ئۇزاق يىللىق

ئىزدىنىش ۋە تەجرىبىمىنىڭ مەسئۇلى بولغان «ئېگىز تاغ رېئاكسىيىسى» ناملىق كىتابىم 1983 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشىردىن چىقتى.

سەھىيە ئىدارىسىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن ناھىيىلىك كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى 1978 ـ يىلى قۇرۇلغان. قۇربان ھەسەن پونكىت باشلىقى بولدى، ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى رەسمىي قانات يايدۇردى. ۋىلايەتلىك سەھىيە ئورۇنلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن راخمان ئارزى، قۇربان ھەسەن، گۈلشەن، خالمەمەت قاتارلىقلار تاشقورغان ئېچىملىك سۈيى تەركىبىدىكى فتور ماددىسى ۋە ئۇنىڭ ئادەم، چارۋا ۋە باشقا جانلىقلارغا بولغان زىيىنى ھەققىدە ئۈچ يىل ئىلمىي تەكشۈرۈش، ئېنىقلاش ئېلىپ باردى. ئۇلارنىڭ ئېنىقلاش جەريانىدا چىقارغان ئىلمىي يەكۈنى تاشقورغاننىڭ ئېچىملىك سۈيىنى ياخشىلاشتا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنى ياخشى تەدبىر بىلەن تەمىن ئەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ناھىيىلىك دوختۇرخانا لابوراتورىيە بۆلۈمىدىكى زەينەپ ئىمارەتشا، گۈلشەن، مارىك قاتارلىقلارنى تەشكىللەپ، تاجىكلارنى ئاساس قىلغان ھالدا تاجىكلاردىكى A، B، O، AB دىن ئىبارەت تۆت خىل قان گورۇپپىسىنىڭ تاقىلىش ۋە نىسبىتى ھەققىدە تەكشۈرۈش تەتقىقات ئېلىپ باردۇق. نەتىجىدە 970 كىشىنىڭ قان گورۇپپىسى تەكشۈرۈلۈپ چىقىرىلغان خۇلاسە ۋىلايەت بويىچە 2 ـ دەرىجىلىك، ئاپتونوم رايون بويىچە 4 ـ دەرىجىلىك پەن تەتقىقات نەتىجىسى بولۇپ باھالاندى. بۇ ھەقتىكى ماقالىلەر «شىنجاڭ سەھىيە» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى. يېقىنقى يىللاردىن باشلاپ يۇقىرىدا دەپ ئۆتۈلگەن تەجرىبىلىك دوختۇرلارنىڭ ئىلمىي ئەمگىكىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا

سەھىيە كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ساقلىقنى ساقلاش داۋالاش قوشۇنى ئارىسىدا بىر تۈركۈم ياش ئىزدەنگۈچىلەر مەيدانغا كەلدى. ئايوف، پوپىك، ئەسقەر سايىم، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىدىن سەپەر قۇل، خەيرىگۈل راخمانلارنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرى مۇناسىۋەتلىك گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. 90 - ۋە 93 - يىللىرى، ئاپتونوم رايونلۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىدىن رادىئاكتىپ ماددىلارنى تەكشۈرۈش ئىلمىي مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى تاشقورغانغا كېلىپ، ناھىيىلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىدىكى خادىملار بىلەن بىللە ئۈچ يىلغا يېقىن تەكشۈرۈش، ئۆلچەش ئېلىپ باردى. دەسلەپكى تەكشۈرۈشتىن ئۇلار ناھىيىمىزنىڭ قۇزغۇندىن باشلاپ تاغارما، بۇرغۇل تاغلىرىدىكى بولغان غەربىي قىسىم تاغلاردا تەبىئىي رادىئاكتىپ ماددىلارنىڭ خېلى يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇلارنىڭ راك، قان كېسەللىكى، تېرە كېسەللىكى ۋە نېرۋا ئاجىزلىق قاتارلىق بىر قىسىم كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا مەلۇم دەرىجىدە سەۋەبچى ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ چىقتى. بۇ تەتقىقات ماتېرىياللىرى سەھىيە ئالدىنى ئېلىش ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىندى. بۇ ماتېرىياللار يەرلىك كېسەللىكلەرنى داۋالاش ۋە ئالدىنى ئېلىش جەھەتلەردە يۇقىرىنىڭ تەدبىر بەلگىلىشىگە مۇھىم ئاساسلارنى سېلىپ بەردى. ئىككىنچى، تېببىي خادىملارنى تەربىيىلەش جەھەتتە بىرىكمە كۈچ ھاسىل قىلىنىپ، ياخشى ئۈنۈم يارىتىلدى.

يۇقىرىدا دەپ ئۆتۈلگەندەك ناھىيىلىك دوختۇرخانىنى قۇرۇپ چىقىش ۋە سەھىيە داۋالاش قوشۇنىنى زورايتىش جەھەتتە بىزنىڭ ئالدىنقى بىر ئەۋلاد دوختۇرلىرىمىز يېزا ئاساسىي قاتلامدىكى تېببىي خادىملارنى تەكرار - تەكرار تەربىيىلەش

ئارقىلىق ئەينى يىللارنىڭ داۋالاش ، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمەتلىرىنىڭ ئۇلىنى پۇختىلىدى ھەم خەلقنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقتى . 1980 - يىلىدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى ۋە شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتىنىڭ قوللىشى ، ياردەم قىلىشى بىلەن تاشقورغان تېببىي خادىملىرىنى تەربىيىلەش مەسىلىسى بىرقەدەر ئوڭۇشلۇق ھەل بولدى . 1980 - يىلىدىن باشلاپ ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئەخەت ئەپەندى ، كەسپىي بۆلۈمنىڭ باشلىقى تۇرسۇنئاي خانىم ( ئۆزبېك ) ناھىيىمىزگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ ، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 20 قېتىمدىن ئارتۇق تەربىيىلەش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىپ ناھىيىمىزدىكى تېببىي خادىملاردىن 74 ئادەم قېتىمنى ھەقسىز تەربىيىلەپ بەردى . تەربىيىلەنگۈچىلەر ھەرقايسى كەسپلەر بويىچە تەربىيىلەندى . ئەينى ۋاقىتتا تەربىيىلەنگەنلەردىن مەن تاشقى بۆلۈمدە ، جۇمەخان بەش ئەزا بۆلۈمدە ، جۇمەك تاشقى بۆلۈمدە ، كىرىماخۇن سۆڭەك بۆلۈمدە ، خالمەمەت تېرە - تاناسىل بۆلۈمدە تەربىيىلەندى . باشقا دوختۇرلارنىڭ كۆپچىلىكىمۇ مانا مۇشۇنداق بۆلۈملەردە تەربىيىلەندى . شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىمۇ 90 - يىلىدىن 93 - يىلىغىچە تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتكۈزگەن ئون نەپەر تاجىك ئوقۇغۇچىنى ئالىي تېخنىكوم سىنىپىغا قوبۇل قىلىپ ، نىشانلىق تەربىيىلەپ بەردى . ئۇ يەردە تەربىيىلەنگەنلەردىن ھازىرقى ئىچكى بۆلۈم مۇدىرى ئەلەم ، يالقۇن ، ئىمىنجان ، مۇھەممەت ، مەشئەت قاتارلىقلار ھازىر تەجرىبىلىك دوختۇرلاردىن بولۇپ قالدى .

ئاپتونوم رايونلۇق يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ، داۋالاش تەتقىقات ئورنى ، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقۇملۇق

كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئورنى قاتارلىق ئورۇنلارمۇ ناھىيىمىزنىڭ مۇشۇ ساھەدە ئىشلەيدىغان خادىملىرىنى قەرەللىك تۈردە مەخسۇس تەربىيىلەپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن ناھىيىمىزنىڭ سەھىيە قوشۇنى ئۈلۈكسىز زورايدى ۋە سەرخىللاشتى. 1980 ـ يىللاردىن باشلاپ كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋان تۈزۈمى شىنجاڭ بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلدى. تاشقورغاندا تۇنجى بولۇپ 1983 ـ يىلى 2 ـ ئەۋلاد دوختۇرلاردىن ئىبراھىم، سىجەك، جۇمەسەردار، قۇربان ھەسەن، قادىروك، سەمەت ھاشىم قاتارلىق 11 كىشىنىڭ ۋراچلىق كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى ۋىلايەتلىك ئۇنۋان باھالاش ھەيئىتىنىڭ تەكشۈرۈپ باھالىشىدىن ئۆتۈپ تەستىقلاندى. ئۇنىڭدىن كېيىن 1987 ـ يىلى، ناھىيە بويىچە 12 كىشىگە مەسئۇل ۋراچلىق ئۇنۋانى 35 كىشىگە ياردەمچى ۋراچلىق ئۇنۋانى بېرىلدى. 1990 ـ يىلى جۇمە سەردار، ئىبراھىم نەيىملارغا مۇئاۋىن مۇدىر ۋراچ (مۇئاۋىن ئالىي دەرىجىلىك) ئۇنۋان بېرىلدى. بۇ خىل ئۇنۋان بېرىش تۇنجى قېتىم ناھىيە بويىچە سەھىيە داۋالاش سىستېمىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ھازىرغىچە بىر نەپەر تېبىبىي خادىمغا (جۇمە سەردارغا) ئالىي دەرىجىلىك ۋە ئالتە نەپەر تېبىبىي خادىمغا مۇئاۋىن ئالىي دەرىجىلىك ئۇنۋان بېرىلگەندىن باشقا 58 نەپەر تېبىبىي خادىمغا مەسئۇل ۋراچلىق، 47 نەپەر تېبىبىي خادىمغا ۋراچلىق ئۇنۋانى بېرىلدى.

ئۈچىنچى، يېزا ئاساسىي قاتلام دوختۇرخانىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە داۋالاش ئەسلىھەلىرى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى.

بىز باشتا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك 70 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا 12 يېزا، مەيدانىنىڭ ھەممىسىدە دېگىدەك دوختۇرخانا قۇرۇلغان بولسىمۇ تۈزۈكرەك بىرەر ئېغىز ئۆيى يوق ئىدى. دوختۇرخانا ئۈچۈن

شەخسلەرنىڭ بىر ئېغىزدىن مېھمانخانا ئۆيلىرى ئارىيەتكە ئېلىپ ئىشلىتىلەتتى. دوختۇرخانىلارنىڭ داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىمۇ ئاددىي ھەم يوق دېيەرلىك ئىدى. پەقەت قان بېسىم ئۆلچىگۈچ تىڭشىغۇچ، گرادۇس، شپرىس قاتارلىق سايمانلار بار ئىدى. دېزىنفېكسىيە قىلىنىدىغان سايمانلار گاڭزا ياكى كاستۇرۇلكىغا سېلىپ قاينىتىلىپ دېزىنفېكسىيە قىلىناتتى. يېزىلارغا بارساق دورا سومكىسىغا زۇكام، باش ئاغرىقى، قورساق ئاغرىقى دورىلىرى، سولفىدىن ۋە بىر قاپ جوڭيى يىڭنىسى قاچىلاپ ئېلىۋالساقلا بولاتتى. پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، داۋالاش شارائىتى بارغانچە ياخشىلىنىشقا باشلىدى. ئون يېزىلىق دوختۇرخانىغا بەش ئېغىزلىق 120 كۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى دوختۇرخانا سالدۇرۇپ بېرىلدى. بەشتىن كېسەل كارىۋىتى قويۇلدى. ۋاچا، دەپتەر، تاغارما قاتارلىق يېزىلاردىكى دوختۇرخانىلارغا رېنتگېن، مىكروسكوپ سەپلەپ بېرىلدى. 90 ـ يىللاردىن كېيىن، ھەرقايسى يېزا دوختۇرخانىلىرىغا ئادەتتىكى داۋالاش سايمانلىرى تولۇق سەپلەپ بېرىلدى. ۋاچا، داتوڭ، تاغارما، دەپتەر قاتارلىق يېزىلارغا رېنتگېن ( 30 ئامپېرلىق )، مىكروسكوپ، ئايرىملىرىغا فىزىلىكىلىق داۋالاش توك سايمانلىرى، ئېلېكتىر كاردىئوگراف، مۇزلىتىش ساندۇقى، مۇزلىتىش ئۈسكۈنىلىرى سەپلەپ بېرىلىپ، يېزا دوختۇرخانىلىرىنىڭ كەسپىي تېخنىكىۋى قۇرۇلۇشى خېلى كۈچەيتىلدى. 12 يېزا بازار (مەيدان) لارنىڭ ھەممىسىگە يېڭىدىن 250 كۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى سېمونت ـ پىششىق خىش قۇرۇلمىلىق دوختۇرخانىلار سالدۇرۇپ بېرىلدى. يېزا دوختۇرخانىلىرىدىكى يالاڭ ئاياغ دوختۇرلارنىڭ كۆپ قىسمى تەربىيىلەش ئاساسىدا كەسپىي

سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلۈپ دۆلەت شتاتىغا ئۆتكۈزۈلدى . ھازىر يېزا دوختۇرخانىلىرىدا 5 — 8 كىچە تېببىي خادىم ئىشلەيدىغان ھەر 200 ئادەمگە بىردىن تېببىي خادىم توغرا كېلىدىغان ھالەت شەكىللەندى .

## ناھىيىمىزدىكى ئاساسلىق دوختۇرخانا ، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتلىرىنىڭ قۇرۇلۇش تارىخىغا قىسقىچە ئىزاھات

### 1 . ئىسسىق بۇلاق ساناتورىيىسىنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالى

تاغارما ئىسسىق بۇلاق سۈيىنىڭ داۋالاشتىكى پايدىلىق رولىنى يەرلىكلەر ۋە قەدىمي يىپەك يولىدىن ئۆتكەن سەيياھلارنىڭ بىلىپ يەتكىنىگە 300 يىلدىن ئاشتى . 1921 - يىلى يېڭىسارلىق باۋۇدۇنھاجى ھەج قىلىش سەپىرىدىن قايتىشىدا پۇتى ئاغرىپ ئىسسىق بۇلاقتا يۇيۇنۇپ ، داۋالانغان ، ئۇ بۇلاقنىڭ شىپالىق ئۈنۈمىنى كۆرگەندىن كېيىن ، مەخسۇس ئۇ يەرگە گۈمبەز سالدۇرغان . بۇ ئىسسىق بۇلاقتا ئۆي بەرپا قىلىنىدىغانلىقىنىڭ تۇنجى مۇقەددىمىسى ئىدى ( بۇ گۈمبەز 60 - يىللارغىچە ساقلانغان ئىدى ) .

60 - يىللاردىن كېيىن تاكى 80 - يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا ھۆكۈمەت ئىككى قېتىم يۇيۇنۇش ئۆيى ۋە ياتاقلارنى سالدۇرۇپ ، شارائىتىنى بىرقەدەر ياخشىلىدى . 1986 - يىلى مەن ، ئىسسىق بۇلاقنىڭ مەسئۇلى ھەيدەر بىلەن ئۈرۈمچىگە بېرىپ ، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قىدىربايىنى ( قازاق ) ئىزدەپ ئىسسىق بۇلاقنىڭ داۋالاش شارائىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن مەبلەغ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەلەپ قىلدۇق . ئۇ 200 مىڭ يۈەن ھەل قىلىپ بەرگەندىن كېيىن 350 كۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى سېمونت ـ پىششىق خىش قۇرۇلمىلىق ياتاق ـ يۇيۇنۇش ئەسلىھەلىرى يۇرۇشلەشكەن داۋالاش ساناتورىيىسىنى سالدۇردۇق . ھازىر بۇ ساناتورىيىنىڭ خادىملىرى تولۇق بولۇپ ، بۇ يەرگە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن داۋالانغۇچىلار ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرىدۇ . جۇڭگو ـ چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرمۇ بۇ يەرگە كېلىپ يۇيۇنغاچ ساياھەت قىلىدۇ . ھەر يىلى بۇ يەرگە كېلىپ داۋالانغۇچىلارنىڭ سانى 3000 ئادەم قېتىمدىن ئاشىدۇ . سەھىيە ۋە داۋالاش تارماقلىرى تېببىي مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ، ئانالىز قىلىپ بېكىتىشىچە بۇ بۇلاق سۈيىنىڭ تەركىبىدە ئادەم بەدىنىگە كېرەكلىك بولغان 23 خىل ئېلېمېنت باركەن ، بۇ ئېلېمېنتلارنىڭ كۆپلىگەن جاھىل كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا ئۈنۈمى زور بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىققان . ئۇزاق يىللىق داۋالاش ئەمەلىيىتى ، تەجرىبىدىن قارىغاندا ، ئىسسىق بۇلاق نۇرغۇن كېسەللىكلەرگە داۋا بولىدىغان شىپالىق بۇلاق ، گۆھەر بۇلاق ، تېپىلماس بۇلاق ئىكەنلىكىدە شەك يوق دېيىشكە بولىدۇ .

2 . ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالى

ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى 1953 ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ 48 يىللىق تارىخي مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى . بىز يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك تاشقورغاندىكى تۈنجى ئەۋلاد دوختۇرلارنىڭ بۇ دوختۇرخانىنى بۇگۈنكىدەك ھالغا كەلتۈرۈشكە ئاز ئەجرى سىڭمىدى . ئۇلار ئەڭ جاپالىق شارائىتتا ئۈن ـ تىنسىز ئىشلەپ ، شەخسىيەتسىز تۆھپە قوشۇپ ، كېيىنكى ئەۋلادلار ( ھازىرقىلار )

ئۇچۇن پۇختا ئاساس سېلىپ بەردى . ھازىر بۇ دوختۇرخانىنىڭ كۆلىمى 2500 كۋادرات مېتىرغا ، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 70 تىن ئارتۇق كىشىگە يېتىپ ، تېببىي خادىملىرى سەرخىل ، داۋالاش ئۈسكۈنلىرى ئىلغار ، ھەرقايسى بۆلۈملىرى ۋە ئوپېراتسىيە شارائىتى تولۇق ، مۇلازىمىتى ياخشى بولغان زامانىۋى دوختۇرخانىغا ئايلاندى .

3 . ناھىيىلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالى

1964 ـ يىلىدىن باشلاپ ، ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ قارىمىقىدا ئالدىنى ئېلىش بۆلۈمى بار ئىدى . بۇ ئادەتتە ۋاكسىنا ئەملەش ۋەزىپىسىنىلا ئۆتەيتتى . 1978 ـ يىلى ئاندىن رەسمىي ناھىيىلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى قۇرۇلدى . شۇنىڭ بىلەن بۇ پونكىت تەدرىجىي راۋاجلىنىپ ، قۇرۇلۇش كۆلۈمى 500 كۋادرات مېتىرغا ، خادىملىرى 29 غا يېتىپ ، پونكىت قارىمىقىدا ئالدىنى ئېلىش بۆلۈمى ، تۇبېركۇليوز بۆلۈمى ، ئانا ـ بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش بۆلۈمى ، يېمەك ـ ئىچمەك تازىلىقى بۆلۈمى ، رابولاتورىيە ، دورىخانا ۋە رېنتگېن بۆلۈملىرى تەسىس قىلىندى . بۇ پونكىت ئىزچىل تۈردە كېسەللىكنىڭ ئالدىن ئېلىش ، داۋالاش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ ، ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش ئاساسىدا ھەرخىل يۇقۇملۇق كېسەللىكلەردىن قىزىل ، كۆكيۆتەل ، بالىلار پارالىچى ، يۇلۇن سۆر ماددىسى ياللۇغى قاتارلىقلارغا بولغان ئالدىنى ئېلىش ۋاكسىنىسى ئەملەشنى كۈچەيتىپ ، پۈتۈن ناھىيە بويىچە ئەملەش نىسبىتى 98% كە يەتكۈزدى . بۇ پونكىت قۇرۇلغاندىن بۇيان يۇقىرى دەرىجىلىك ئالدىنى ئېلىش تارماقلىرىنىڭ ھەمكارلىقى ئاستىدا كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش جەھەتتە ئاز بولمىغان خىزمەتلەرنى قىلدى .

تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش، يەرلىك كېسەللىكلەرنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈش، تۇبېر كۇلىيوز، پوخاق، بىرتسىللىيوز، تۇپراقتىكى فتور ماددىسىنى ئېنىقلاش جەھەتلەردە قىممەتلىك ماتېرىياللارنى توپلىدى. بۇ توپلىغان ماتېرىياللارنىڭ بىر قىسمى ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ ئېچىملىك سۇنى ياخشىلاشتىكى مۇھىم تەدبىرىگە ئايلاندى. ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش خىزمىتىمۇ ماس قەدەمدە راۋاجلاندى. ئىلگىرى بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتى بەش پىرسەنت بولۇپ قىرىنداش ئورۇنلاردىن كۆپ يۇقىرى تۇراتتى. ھازىر ئىككى پىرسەنتكە چۈشتى. تۇغۇتتىن كېيىنكى يۇقۇملىنىش كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەپ، تۇغۇت بىلەن ئۆلۈش نىسبىتى يۇقىرىقى 10 پىرسەنتتىن ھازىرقى بىر پىرسەنتكە چۈشتى. ھازىر ناھىيىمىزنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدا يەرلىك كېسەللىكلەر، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كونترول قىلىش خىزمىتىدە ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈم يارىتىپ ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرى جەھەتتە تارىختىكى ئەڭ ياخشى ۋەزىيەت شەكىللەندۈرۈلدى، ۋەھاكازالار.

ماقالىنى خۇلاسىلىغىنىمدا ناھىيىمىزنىڭ سەھىيە ئىشلىرى تارىخى ئېنىقكى بىر ئاددىي تارىخ ئەمەس. ئۇنىڭغا ئازادلىقتىن كېيىنكى يىگىرمە بىر ئەۋلاد ھەرمىللەت تېببىي خادىملىرىنىڭ قان - تەرى مۇجەسسەملەنگەن. ئۇلارنىڭ تاشقورغاننىڭ داۋالاش ئىشلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈشتىكى جاپالىق ئەمگىكى، تېببىي خادىملارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشتىكى مەردانىلىقى تارىخىي ئابىدە سۈپىتىدە خاتىرىلەنگەن. مېنىڭ خىزمەت ھاياتىمنىڭ تولىسى تېببىي ئىشلار ساھاسىدە ئۆتتى. مېنىڭ بۇ ماقالەم ئۆزۈم كۆرگەن ۋە قىلغان ئىشلىرىمنىڭ ئاددىي خاتىرىسى. مەن بۇنى كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ تاشقورغاننىڭ سەھىيە ئىشلىرى ھەققىدە ئاز - تولا چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ

دىققىتىگە بۇ ئاددىي خاتىرىنى سۇنۇشنى لايىق تاپتىم . ماقالىدە خاتالىق كۆرۈلگەن بولسا ئوقۇرمەنلەرنىڭ قايتا تۈزىتىپ چىقىشىنى سەمىمىيلىك بىلەن ئۈمىد قىلىمەن .

ئاپتورى : ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى

مەسئۇل مۇھەررىرى :باتۇرجان ئاتىخان .

## سەھىيە سىستېمىدىكى ئاساسلىق رەھبەرلەرنىڭ ئىسىملىك جەدۋىلى

| ئىسىم فامىلىسى | مىللىتى | ۋەزىپىسى | ئورنى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|
| جۇمەرەممەت | تاجىك | سەھىيەبۆلۈم باشلىقى | سەھىيە ئىدارىسى | 1964 — 1957 |
| مەممەت نىياز | ئۇيغۇر | سەھىيە بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | (سەھىيە بۆلۈمى) | 1974 — 1965 |
| مەرۇن خەنجەر | تاجىك | سەھىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى | سەھىيە ئىدارىسى | 1984 —1974 |
| سىجەك ۋەزىرى | " " | " " | " " | 1993 — 1984 |
| جۇمەخان بەگ | " " | " " | " " | —1994 ھازىرغىچە |
| جەڭگىبېك | " | مۇئاۋىن باشلىقى | " " | 1988 — 1980 |
| ھەسەن غوجا | " | " " | " " | 2001 —1988 |
| جۇمەرەممەت | تاجىك | ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانا باشلىقى | خەلق دوختۇرخانا | 1957 — 1953 |
| ئابلىز ئەبەيدۇللا | ئۇيغۇر | مۇئاۋىن باشلىقى | " " | 1959 — 1957 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| خۇزىجۇڭ | خەنزۇ | دوختۇرخانا باشلىقى | " " | 1960 — 1972 |
| جاڭ جىڭشەي | " " | دوختۇرخانا باشلىقى | " " | 1972 — 1975 |
| مەزۇن خەنجەر | تاجىك | قوشۇمچە دوختۇرخانا باشلىقى | " " | 1975 — 1980 |
| سىجەك ۋەزىرى | " " | مۇئاۋىن دوختۇرخانا باشلىقى ، باشلىقى | " " | 1972 — 1978<br>1978 — 1984 |
| ئىبىراھىم نەيىم | " " | مۇئاۋىن دوختۇرخانا باشلىقى | " " | 1979 — 1990 |
| | | | " " | |
| جۇمە سەردار | " " | مۇئاۋىن دوختۇرخانا باشلىقى ، باشلىقى | " " | 1979 — 2001 |
| قادىرۇك | | مۇئاۋىن دوختۇرخانا باشلىقى | " " | 1995 —<br>هازىرغىچە |

## فاگىيزەن ( كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى )

| ئىسىم فامىلىسى | مىللىتى | ۋەزىپىسى | ئورنى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|
| جۇمە رەممەت | تاجىك | فاگىيزەن باشلىقى | كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى | 1980 — 1986 |
| قۇربان ھەسەن | " " | " " | " " | 1986 — 1998 |
| خالمەممەت جانمەممەت | " " | " " | " " | 1998 — هازىرغىچە |

# تاجىك ئاياللىرىنىڭ ئازادلىقتىن بۇيانقى تەرەققىياتىغا نەزەر

**ــ دۆلەتسۇلتان جانباي**

ئاياللار ــ ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ ئىجادچىسى، ئىنسانلار تارىخىنى ئىلگىرى سۈرگۈچىلەردۇر، ئاياللار راستتىنلا يېرىم دۇنيادۇر. تاجىك ئاياللىرى ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان، جاپالىق مۇھىتتا يۈكسەك تارىخىي مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنى تۇرغۇزۇپ، ئۆزلىرىنىڭ جەمئىيەت ئالدىدىكى، ئائىلە ئالدىدىكى، پەرزەنت ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتچانلىقىنى ئىمكانىيەتىنىڭ يېتىشىچە ئادا قىلىپ كەلمەكتە. مۇشۇنداق ئېسىل خىسلەت، پاكلىق روھىنى ئەۋلادلارغا يادىكار قالدۇرۇش شان ـ شەرەپ ئىش!

كومپارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلۇق قىلىشى بىلەن تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ ھەر تەرەپلىمىلىك كۆرسەتمىسى ۋە يېتەكلىشى ئارقىسىدا، تاشقورغاندىكى ھەرمىللەت ئايال ئىشچى ـ خىزمەتچى ۋە كەڭ ئاياللار ئاممىسى ئۇزاق يىللاردىن بۇيان تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، تاشقورغان ناھىيىسى ئۈچۈن كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر كادىرلارنى ۋە ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ

چىقتى. ئانا ــ بالىلار ھوقۇق ــ مەنپەئەتىنى قوغداپ، ئاياللارنىڭ خورلىنىشى، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتناشتۇرماسلىقتەك خۇراپىي ئىدىيە ــ ئادەتلىرىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىپ، ئازادلىقتىن كېيىنكى 50 نەچچە يىللىق شانلىق تارىخىي جەرياندا، ئاياللار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ يېرىم دۇنيالىق رولىنى جارى قىلدۇردى. ئوقۇش يېشىغا يەتكەن قىزلارنى مەكتەپكە بېرىپ، ئايال كادىرلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈش بىلەن بىرگە ئاياللارنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ئىشى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەندى. پۈلى ناھىيىلىك دېموكراتىك ئاياللار بىرلەشمىسى 1950 ــ يىل 3 ــ ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ چاغلاردىكى ئاساسىي خىزمەت سالمىقى يېزا، ئاساسىي قاتلاملارغا بېرىپ، پارتىيىنىڭ تۈرلۈك يېڭى سىياسەت، فاڭجېننى كەڭ تەشۋىق قىلدى. ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى قۇرۇلغان 50 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى مەركىزىي ۋەزىپىنى زىچ چۆرىدەپ، ھەرمىللەت ئاياللار ئامىسىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى چېگرا رايونىنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىغا پائال ئاتلىنىپ، چېگرا رايوننى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش يولىدا جاپالىق ئىشلەپ، جان پىدالىق كۆرسىتىپ، خالىس تۆھپە قوشۇشقا يېتەكلىدى. باش لۇشيەن، چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش، كوممۇنالىشىش، كوپېراتسىيەلىشىش قاتارلىق تۈرلۈك سىياسىي ئېقىملاردا ھەر دەرىجىلىك ئاياللار تەشكىلاتى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى زىچ چۆرىدەپ، ئاياللارغا ۋەتەننى، پارتىيىنى، سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆيۈش، ئىسلاھات ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا پائال ئاتلىنىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىپ، كۆرۈنەرلىك

نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئازادلىقتىن ئىلگىرى، تاجىك ئاياللىرى فېئودالىزملىق تۈزۈم ۋە دىنىي مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ ئېغىر ئاسارىتىدە بولۇپ كەلگەن، جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدا تۇرمۇش كەچۈرگەن، ئائىلىگە بەند قىلىنغان، بوزەك قىلىنغان، خورلانغان ۋە تاشلىۋېتىلگەن بولۇپ، جەمئىيەت ۋە ئائىلىدە بىر كىشىلىك ئورۇنغا ئىگە بولالمىغان ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ھەرمىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، «ئۈچ چوڭ تاغ»نى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمىنى ۋە ئەرلەرنى خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمى بىكار قىلىندى، ئەرلەر ھاكىمىيىتى ئىدىيىسىمۇ تەۋرىنىپ قالدى. «ئاساسىي قانۇن» ۋە نىكاھ قانۇنى، ئاياللارنىڭ ئىنسانىي ئىززەت - ھۆرمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئاياللارنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، ياخشى ئىجتىمائىي شەرت - شارائىت يارىتىپ بەردى. ئاياللارنىڭ دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشىدىكى ئاكتىپچانلىقىنى زور دەرىجىدە قوزغىدى، كونا جەمئىيەتتە «ئەرلەر ئەزىز، ئاياللار خار»، «چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا» دېيدىغان فېئوداللىق ئەنئەنىۋى قاراشلىرى تۈگىتىلىپ، ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئەمگەككە، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشىنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلدى ۋە زور مەدەت بەردى. يېزا - قىشلاقلاردىكى، تاغ - جىرالاردىكى جاپاكەش تاجىك ئاياللىرى بېكىنمىچىلىك تۇپەيلىدىن ئۇچۇر ۋە بۇنداق ئەۋزەل سىياسەتلەردىن دەل ۋاقتىدا خەۋەردار بولالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ناھىيىلىك ئاياللار

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئېلكتىرونلۇق كىتابخانىسى
www.uyghurkitap.com

بىرلەشمىسىدىكى تۇنجى نۆۋەتلىك زەبەردەست ئايال كادىرلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تېزلا ئويغاندى ۋە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشقا قاتناشتى. ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىدىكى تۇنجى نۆۋەتلىك زەبەردەست ئايال كادىرلاردىن توختىخان قۇزباي ۋە دۇردانە قەقۇللارنىڭ قىسقىچە ئەھۋالىنى تۆۋەندىكىچە تونۇشتۇرىمىز:

1) توختىخان قۇزباي (1925 — 1955) تاشقورغان يېزىسىدىن، ئۇ 1939 - يىلىدىن 1945 - يىلىغىچە ناھىيىدە تەسىس قىلىنغان باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ قىزلار سىنىپىدا ئوقۇغان. مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىللەردە ئەلاچى ئوقۇغۇچى، مەكتەپ ئىشتىن سىرتقى سەنئەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئۇستا ئارتىسى ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن توختىخان ئاكتىپلىق بىلەن ئىنقىلابىي خىزمەتكە قاتناشتى. فېئوداللىق ئىدىيە ۋە دىنىي ئاسارەت تەسىرى كۈچلۈك بولغانلىقتىن ئەينى ۋاقىتتا تاجىك ئايال كادىرلار يوق دېيەرلىك ئىدى. توختىخان بۇ ئاسارەتلەرنى ۋە ئىجتىمائىي بېسىملارنى بۆسۈپ تاشلاپ يۇقىرى ئىنقىلابىي قىزغىنلىق بىلەن خىزمەت ئىشلىدى.

1951 - يىل 2 - ئايدا توختىخان 1 - رايونلۇق دېموكراتىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى بولدى. 1954 - يىلى ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ بېيجىڭغا باردى. پايتەخت بېيجىڭنىڭ زور تەرەققىياتى ئۇنىڭدا ئۆچمەس تەسىر قالدۇردى، ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يېزىمۇيېزا، كەنتمۇكەنت ئايلىنىپ، تاجىك ئاياللىرى ئارىسىدا سوتسىيالىزم ئىدىيىسى، ئاياللار ئازادلىقىنى تەشۋىق قىلدى. 1955 - يىلى توختىخان ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىنىدۇ. شۇ يىلى ئۇ ناھىيىدىن يىراق بولغان ۋاچا يېزىسىغا ئاياللار خىزمىتىنى تەكشۈرۈشكە

باردۇ. خىزمەتنى تولۇق ئۆگىنىپ، قايتىپ كېلىشىدە يولدا تويۇقسىز جىددىي كېسەل بولىدۇ. ئۇ كېسەل ئازابىغا قارىماي، دەپتەر يېزىشقا ئات ـ ئۇلاغ بىلەن خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈشكە باردۇ. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ كېسىلى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ شۇ يېزىدا خىزمەت ئۈستىدە ۋاپات بولىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ ئاران 30 ياشتا ئىدى.

2) دۇردانە قەقۇل 1938 ـ يىل 4 ـ ئايدا تاشقورغان يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1950 — 1955 ـ يىلىغىچە ناھىيىلىك باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان. تىرىشچان، چېچەن دۇردانە باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلاردىلا ئىتتىپاققا كىرگەن. ئۇ، باشلانغۇچنى پۈتكۈزۈپ خىزمەتكە قاتناشتۇرۇلغان. چۈنكى، ئايال كادىرلار قوشۇنى ئىنتايىن كەمچىل، ساۋاتسىزلار كۆپ بولغاچقا، بىرەر قىز ياكى ئايالنىڭ ساۋاتلىق بولۇشى زور ئىش ھېسابلىنىدىغان ئاشۇ دەۋرلەردە دۇردانە 1956 ـ يىلىدىن باشلاپ ناھىيىلىك دېموكراتىك ئاياللار بىرلەشمىسىدە خىزمەت قىلغان، تاكى 1981 ـ يىلىغىچە ئىزچىل ھالدا ئاياللار بىرلەشمىسىدە مۇۋەققەت مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىر، مۇدىر قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. بۇ جەرياندا دۇردانىنىڭ ئاياغ ئىزى چۈشمىگەن يېزا، كەنت قالمىغان ئىدى. ئۇ قەيەرگە بارسا، شۇ يەردىكى ئاياللار ئاممىسىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، ئىقتىسادتىن ئىبارەت مەركىزىي خىزمەتنى زىچ چۆرىدىگەن ھالدا، ئاياللارنى تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىگە قاتناشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنى ئازاد قىلغان. كەڭ ئاياللار ئاممىسى ئاشۇ دەۋردە چىلۇنىڭ (دۇردانىنىڭ يەنە بىر ئەركىلەتمە ئىسمى بولۇپ، ئۇ ۋاقىتتا كەڭ قوللىنىلغان) دېگەن ئىسىم پۈتكۈل تاشقورغان تەۋەسىدە بىر خىل

ھۆرمەت، ھېيىقىش، چەكسىز ساداقەتمەنلىك مەنىلەرگە ئىگە بولۇپ، بۇ ئىسمنى ئاڭلىغان ھەربىر ئايال ئۆزىنىڭ جەمئىيەت، ئائىلە ۋە پەرزەنتلەر ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىنى ئويلىشىشقا مەجبۇر بولاتتى.

دۇردانە قەقۇل 1960 ـ يىلى پارتىيىگە قوبۇل قىلىنىدى.1981 ـ يىل 7 ـ ئايدىن 1989 ـ يىلى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋە باشقا مەسئۇل خىزمەتتە بولۇپ ئىشلىگەن. 1989 ـ يىل 10 ـ ئايدا پېنسىيىگە چىققان.

ئۇ مەملىكەتلىك 3 ـ، 4 ـ نۆۋەتلىك ئاياللار قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، ئاپتونوم رايونلۇق 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ نۆۋەتلىك ئاياللار قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى ۋە ھەيئەت ئەزاسى، ناھىيىلىك ھەر نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

تاشقورغان ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى 1957 ـ يىل 7 ـ ئايدا نامى ئۆزگەرتىلىپ قۇرۇلدى. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، ناھىيە، رايون، گوڭشې (كومۇنا)، ئۈچ دەرىجىلىك ئاياللار تەشكىلاتى قۇرۇلدى. ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى تەشكىلىي ئاپپاراتى بارلىققا كەلدى. ئۇ چاغلاردا ناھىيە بويىچە ئايال كادىرىدىن 10 نەپەر بار ئىدى. ھازىر كۆپىيىپ 742 گە يەتتى. ئومۇمىي ئاياللار نوپۇسى 4784 ئىدى، ھازىر كۆپىيىپ 14254 نەپەرگە يەتتى. 1958 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىلىك تۇنجى نۆۋەتلىك ئايال ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى. قاتناشقان ئومۇمىي ۋەكىل 60 نەپەر، دۇردانە قەقۇل رىياسەتچىلىكىدە يىغىن غەلىبىلىك ئېچىلدى. يىغىندا كەڭ ئاياللار ئاممىسى ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش

ھەمدە ئىشلەپچىقىرىشقا قاتنىشىش، ئاياللارنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىش قاتارلىق مۇھىم مەزمۇنلار تەشۋىق قىلىندى.

1963 ـ يىل 7 ـ ئايدا، 1973 ـ يىل 7 ـ ئايلاردا، 2 ـ، 3 ـ نۆۋەتلىك ئايال ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى ھەمدە گۇڭشېلاردىمۇ ئاياللار تەشكىلاتى تولۇقلاندى. يېزا ئىگىلىكتە سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك تەربىيە ئېلىپ بېرىلىپ، نىكاھ قانۇنى قاتارلىق ئاساسىي مەزمۇندىكى قانۇن - قائىدىلەر تەشۋىق قىلىندى.

11 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، تەرەققىيات مەزگىللىرىدە ئاياللار خىزمىتى تېخىمۇ يۇكسىلىپ، ئانا ـ بالىلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش قانۇنى قاتارلىق بىر تۈركۈم قانۇن ـ قائىدىلەر كەڭ تەشۋىق قىلىندى. كەڭ ئەمگەكچى ئاياللارنىڭ جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش قاتارلىق ساھەلەردە زور تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى. «8 ـ مارت قىزىل بايراقدارى»، «5 تە ياخشى ئائىلە» قاتارلىق ئاممۋى پائالىيەتلەر قانات يايدۇرۇلدى. ھازىرغىچە «8 ـ مارت قىزىل بايراقدارى»، «5 تە ياخشى ئائىلە»، «ئۈچنى ئۆگىنىش، ئۈچتە بەسلىشىش»، «1 ـ ماي ئەمگەك نەمۇنىچىسى»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس»، «ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش سېپىدىكى ئىلغار شەخس» قاتارلىق تۈرلۈك شەكىلدىكى پائالىيەتلەردە ناھىيىمىزدىكى ھەرساھە، ھەرخىل كەسپلەردىكى ھەرمىللەت ئىلغار ئاياللار تېپى مەيدانغا كېلىپ، ناھىيىمىزنىڭ ھەر ساھە ئىشلىرىغا شان ـ شەرەپ كەلتۈردى ھەمدە نۇرغۇن ئۇتۇقلارنى قازاندى. ھازىرغىچە (2000 ـ يىل ئاخىرغىچە)

مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە تۇرلۇك شەكىلدىكى پائالىيەتلەردە ئىلغار بولۇپ باھالانغانلاردىن لالەك نۇرەلى، گۈلمەينا، پەرچەم مەدەزەم، تۇمارجان، كەرىك، غۇنىك گۈرگەلى، زەرىن قارىكباي، تاك شيۇيىڭ، ئانارخان، رەيان ئاتامبەگ، خۇرما دەسەيىن، بىگى سابىر، زۇلەيخان، سادەت نەزەر، ئامانگۈل گانىك، شىرىن غۇجەمنياز، جانسۇلتان، سەخان قىرغىزباي، گۈلجەۋان، زەيناپ ئىمارەتشا، زەرىفما، شادىيە نۇرئەلى، دۆلەتسۇلتان جانباي، زەرىن ھەشىرمەمەت، ئەركەمۇساق، مەلىكە ئۇمەرقۇل، زەيتۇن بەگ قاتارلىق 25 دىن ئارتۇق ئىلغار تىپ مەيدانغا كېلىپ، ناھىيىمىزنىڭ تۇرلۇك كەسىپلەردىكى ئاياللار ئامىسى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە ياراتتى ۋە شان - شەرەپ كەلتۇردى. قەشقەر ۋىلايىتى ۋە ئاپتونوم ناھىيىمىز تەۋەسىدە تۇرلۇك ساھەلەردىكى ئىلغار تىپلار مەيدانغا كېلىپ 450 نەپەرگە يەتتى.

ناھىيىمىزدە، ئاياللار بىرلەشمىسى ۋە كەڭ ئاياللار ئاممىسىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۇتۇقلىرى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، تەدرىجىي يۈكسىلىپ، زور قوشۇن ھاسىل قىلىپ، مەملىكەت، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيە سەھنىلىرىدە ئۈلگىلىك تىپلار يارىتىلدى. بۇ شان - شەرەپلەر توختىخان قۇزىباي، دۇردانە قەقۇل قاتارلىق بىر ئەۋلاد پېشقەدەم ئايال كادىرلارنىڭ قان - تەر ئاقتۇرۇپ، جاپالىق ئىشلەش روھىدىن كەلگەن بولۇپ، بىز ئەۋلادلىرىمىزدىن بۇ شان - شەرەپلىك ئىشنى تېخىمۇ داۋاملاشتۇرۇپ تۇرۇشنى ئۇمىد قىلىمىز.

ھازىر خىزمەت قىلىۋاتقان ھەر ساھە ئايال رەھبىرىي كادىرلاردىن ناھىيە ۋە مۇئاۋىن ناھىيە دەرىجىلىكتىن ئىككى نەپەر،

مۇئاۋىن بۆلۈم دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئايال رەھبىرىي كادىرلار 16 نەپەرگە يەتكەن بولۇپ، بۇ ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى ئايال كادىرلارغا قارىغاندا ئايال كادىرلار قوشۇنى ئىنتايىن يۈكسەلگەن بولۇپ، بۇنىڭدىن پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئاياللار خىزمىتىگە بولغان غەمخورلۇقىنى، يېتەكچىلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

**ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىر ئىسمىلىك جەدۋىلى (1950 · 3 — 2000 · 12)**

| ئىسم فامىلىسى | مىللىتى | يۇرتى | ۋەزىپىسى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|
| توختىخان قۇزىباي | تاجىك | تاشقورغان | مۇدىر | 1950.3 — 1955.6 |
| دۇردانە قەقۇل | تاجىك | تاشقورغان | مۇۋەققەت مۇدىر | 1959.5 — 1960.7 |
| دۇردانە قەقۇل | تاجىك | تاشقورغان | مۇدىر | 1971.5 — 1981.8 |
| دۆلەتسۇلتان جانباي | تاجىك | تاشقورغان | مۇدىر | 1988.3 — 1997.3 |
| جىگدە پەلەك | تاجىك | تاشقورغان | مۇئاۋىن مۇدىر | 1950.3 — 1954.10 |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| پىرەيىك | تاجىك | تاشقورغان | مۇئاۋىن مۇدىر | 1957.5—1954.12 |
| دۇردانە قەقۇل | تاجىك | تاشقورغان | مۇئاۋىن مۇدىر | 1971.2—1960.5 |
| قەلىك مىتەر | تاجىك | تاشقورغان | مۇئاۋىن مۇدىر | 1981.6—1973.7 |
| نۇربىبى ئابدۇللا | قىرغىز | تاشقورغان | مۇئاۋىن مۇدىر | 1987.9—1981.7 |
| دۆلەتسۇلتان جانباي | تاجىك | تاشقورغان | مۇئاۋىن مۇدىر | 1988.3—1984.5 |
| زەرىن ھەشىرمەمەت | تاجىك | تاشقورغان | مۇئاۋىن مۇدىر | 1993.9—1987.10 |
| جاڭ فىڭلىيەن | خەنزۇ | شەنشى | مۇئاۋىن مۇدىر | 1997.7—1993.9 |
| رىسالەت سەغرابىك | تاجىك | تاشقورغان | مۇئاۋىن مۇدىر | 1998.11— ھازىرغىچە |

ئاپتورى : ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى

مەسئۇل مۇھەررىرى : قەيسەر دۆلەتبېك

# بەلدىر دىيارىدىكى ئۈچ ئەۋلاد سەنئەتكار

## قەيسەر دۆلەتبېك

بەلدىر يېزىسى ــ تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، ناھىيە بازىرىغا 40 كىلومېتىر كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن 3000 مېتىر ئېگىز، يېزىنىڭ تۆت ئەتراپى تاغلار بىلەن ئورالغان. يەر شەكلى جەنۇبتىن ـ شىمالغا قاراپ پەسلەپ بارىدۇ. تاشقورغان دەرياسى بىلەن ۋاچا دەرياسى بۇ يېزىنىڭ پەست بەلدىر دېگەن يېرىدە قوشۇلۇپ، شەرقىي شىمالغا قاراپ ئاقىدۇ. يېزا تەۋەسىدە ئۈچ كەنت بار بولۇپ ئۇلار: كەرياند، پەست بەلدىر ۋە شىندى كەنتىدىن ئىبارەت.

تاشقورغان ــ مارياڭ تاشيولى بۇ يېزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتكەچكە قاتنىشى بىرقەدەر راۋان، ئاشلىق مەھسۇلاتى مول، سۆگەت، جىغان دەرەخلىرى كۆپ، يېقىلغۇ ئوتۇن مەھسۇلاتىمۇ مول، قەدىمكى كىشىلەر بەلدىر دىيارىنى مۇنداق تەرىپلەشكەن.

بەلدىرىم خۇپ زېمىن، بەك ياخشى دىيار،
سۇلىرى سۈزۈك قەنت، ئاجايىپ گۈلزار.
پورغەللە چەشلىرى گوياكى كەشمىر،
بۇ يۇرتتا مەن دىلشاد، چەكمەيمەن ئازار.

بەلدىر دىيارى يەنە « ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى » دەپ تەرىپلىنىپ كەلمەكتە . بۇ يەردە مەشھۇر تەيغۇن داستانىنىڭ مۇئەللىپى دەلى ( 1820 ـــ 1880 ـ يىللار ) ، قۇربان ( 1915 ـــ 1983 ) قاتارلىق ئاجايىپ تالانتلىق شائىر ، سەنئەتكارلار ياشىغان . مانا مۇشۇ يېزىنىڭ پەست بەلدىر كەنتىدە ئەزارە ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ياشىغان ھەم ياشاپ كەلمەكتە .

## ئەزارە مەمەرىزا

ئەزارەنىڭ دادىسى مەمەرىزا ، ئانىسى جەمال مۇشۇ يېزىدا باشقا دېھقان ـ چارۋىچىلارغا ئوخشاشلا چارۋا بېقىپ ، تېرىقچىلىق قىلىپ ، جان باققان . ئەزارە مۇشۇ ئائىلىدە 1898 ـ يىلى تۇغۇلغان . ئەزارەنىڭ بوۋىسى بەيگىك ، چوڭ بوۋىسى ئەزارە نىجات كابۇلى ئافغانىستاننىڭ كابۇل شەھرىدىن بولۇپ ، سەرىكويى تەرەپكە كېلىپ ، ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇپ ياشىغان ھەم بەزى توي ـ تۆكۈنلەردە « نىگار » ، « لەيلا » قاتارلىق دەرى تاجىك تىلىدىكى خەلق ناخشىلىرىنى راۋاب ، داپ بىلەن تەڭكەش قىلىپ ئېيتىپ يېڭىلىق ياراتقان . ئەزارە مەمەرىزامۇ ئەجداد كەسپى بولغان توي ـ تۆكۈنلەردە نەغمە ـ ناۋا قىلىش ، كەسپىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش بىلەنلا قالماي يەنە ئۇنى بېيىتىپ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرگەن . ئۇ پۇتكۇل تاشقورغان رايوندا داڭقى چىققان خەلق ناخشىچىسى بولۇپ يېتىلىپ ، بىر ئۆمۈر راۋاب بىلەن داپنى قولىدىن چۈشۈرمەي خەلق سەنئىتى بىلەن شۇغۇللانغان . خەلقنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن يۇرت ـ يۇرتلاردىن تەكلىپ قىلىنىپ ، مەرىكە ـ سورۇنلارغا قاتناشتۇرۇلاتتى . ئۇ بىر تەرەپتىن ناخشا

ئېيتىپ، بىر تەرەپتىن ئۇسسۇل ئويناپ تاماشىبىنلارنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلاتتى. ئەزارە ئۆز ھاياتىدا ناخشىدىن ئايرىلمىغان. كىشىلەرنىڭ دېيىشىچە ئەزارە ۋاپات بولۇشتىن بىرنەچچە سائەت بۇرۇنمۇ راۋابنى قولىدىن چۈشۈرمەي ناخشا ئېيتقان. ئازادلىقتىن كېيىن، ئۇ قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن خەلق ئەلنەغمە كۆرىكىگە قاتناشقان ئىدى. ئۇ خەلق، ناخشىچىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە يەرلىك تارىخنىمۇ ئوبدان بىلەتتى. ئەزارە مەمەرىزا 1976 - يىل 2 - ئايدا 78 يېشىدا ۋاپات بولغان.

## ئىساق ئازارە

ئاتاقلىق شائىر، كومپوزىتور، ناخشىچى ئىساق ئازارە بىز يۇقىرىدا تونۇشتۇرغان خەلق سەنئەتكارى ئەزارە مەمەرىزانىڭ 2 - ئوغلى. ئۇمۇ بەلدىر يېزىسىنىڭ پەست بەلدىر كەنتىدە 1942 - يىل 6 - ئايدا تۇغۇلغان. ئۇ بۈگۈنكى جۇڭگو تاجىك ئەدەبىيات سەنئىتى سەھنىسىدە مەيدانغا كەلگەن كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىللەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭ لىرىكىلىق شېئىر - مۇزىكىلىرى تېماتىك مەزمۇنىنىڭ كەڭ ھەم چوڭقۇرلۇقى، ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنىڭ روشەنلىكى، بەدىئىي قۇرۇلمىسىنىڭ گۈزەل، مۇرەككەپلىكى، مىللىي تۈس ۋە مىللىي ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىلەن بۈگۈنكى تاجىك ئەدەبىيات - سەنئەت سەھنىسىدە يېڭى بۇرۇلۇش ۋە يېڭى سەۋىيە ياراتتى. رېئالىزم ئىجادىيەت ئۇسۇللىرىنى كەڭ قوللىنىپ، تەسۋىرلەپ يازغان ناخشا - شېئىرلىرىدا پامىر رايونىدىكى كىشىنى شادلاندۇرىدىغان ئاجايىپ گۈزەل مەزمۇنلار، خەلقنىڭ نازۇك ھېس تۇيغۇلىرى، پىكىرلىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆتكۈر قەلىمى بىلەن بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق يارقىن ئەكس ئەتتۈرگەچكە، ئۇنىڭ مۇزىكا - ناخشىلىرى خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقىلىپ، توي - تۆكۈنلەردە ئارزۇلاپ ئوقۇيدىغان ناخشا - مۇزىكىغا ئايلانغان. ئۇنىڭ ئەدەبىياتقا ھېرىسمەنلىكى دادىسى ئەزارە ۋە ئاق كۆگۈل، كەڭ قورساق ئانىسى نوبۇتنىڭ تەسىرىدە پەيدا بولغان.

1959 - يىل 7 - ئايدا قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە ئۈچ يىل ئوقۇپ كەلگەندىن كېيىن ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغان.

1961 - يىلىدىن ئېتىبارەن ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىگە يۆتكىلىپ ئىجادىيەتچى بولغان ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا، ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدە كەسپىي خادىملار ئاز، كەسپىي سەۋىيىسى تۆۋەن، سەنئەت نومۇرلىرىنىڭ تۈرى ۋە مەزمۇنى چۇۋالچاق ئىدى. ئىساق ئازارە سەنئەت ئۆمىكىگە يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆمەكتىكى باشقا يولداشلار بىلەن بىرلىكتە ئاجايىپ رەڭدار، قىزىقارلىق، چوڭقۇر، مەزمۇنلۇق نومۇرلارنى ئىجاد قىلىپ، سەھنىلەشتۈرۈپ، تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئۇ سەھنىدىن ئىبارەت بۇ ئاممىۋى سەنئەت شەكلىدىن پايدىلىنىپ پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ، سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىنى ئاما ياقتۇرىدىغان جانلىق شەكىللەر بىلەن تەشۋىق قىلدى. ئارتىسلار ئاز بولغانلىقتىن ئۇ ئىجادىيەت بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، يەنە سەھنىدە ئاساسلىق روللارنى ئالاتتى. ئۇ ئالغان روللار جانلىق، جەلپ قىلارلىق بولغاچقا تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشەتتى. ئۇنىڭ سەھنە ئىجادىيىتى دائىرىسى كۆپ تەرەپلىمە بولۇپ، ئىجادىيەت ھاياتىدا كۆپلىگەن دراما،

ئېيتىمىش، كومىدىيە، ئۇسسۇللۇق ناخشا ـ مۇزىكا ۋە 100 دىن ئارتۇق ناخشا تېكىستلىرىنى ئىجاد قىلغان. ئىساق ئەزارەنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئۇلگىلىك تىياتىرلاردىن پارچىلار تاجىك تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ سەھنىدە ئوينالغان. بۇ، تاجىك تاماشىبىنلارنىڭ تېخىمۇ زور ئالقىشىغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى مەزمۇنغا باي، شەكلى ئاممىباب، ھېسسىيات يارقىن، زامان تۇسى كۈچلۈك بولغاچقا «گۈلسۈرەت»، «ھىجران»، «ئافەرسىياب»، «زەرەفشان» «ئامرىقىم»، «گۈل بولاي دېسەڭ گۈلزارغا بار»، «رەنا»، «گۈلبىتە»، «ئاتا ماكان»، «بۇركۈت نەي»، «پامىر شادلىقى»، «ماۋجۇشىنىڭ مېھر ـ شەپقىتىنى ئۇنتۇمايمىز»، «گۈل ۋەتەن»، «گۈل يېزام»، «خۇش كېلىپسىز نەۋ باھار»، ناخشا ـ سازغا ئامراق تاجىك»، «يارنى تاپتىم قايتىدىن»، «ھىجران»، «تاغ سۈيى»، «بەختىيار ۋەتەندە»، «جاھانغا مەشھۇر سەرىكوي پامىر»، «ئىنتىزار قىلدىڭ مېنى»، «چەۋەندازلارغا باركاللا» قاتارلىق ناخشىلىرى خەلق ئارىسىغا تېز تارقىلىپ خەلق قەلبىدە چوڭقۇر ئورۇن ئالغان. ئۇ ئىجاد قىلغان ئەسەرلەردە زامان روھى، ۋەتەن مۇھەببىتى، تاجىك خەلقىنىڭ يېڭى زاماندىكى ئىدىيىۋى ھېسسىياتى، روھىي ھالىتى، تۇرمۇش ئادىتى، ئېستېتىك قىزىقىشى، پاك مۇھەببىتى، تەبىئەت گۈزەللىكى راۋان تىل، كۈچلۈك ھېسسىيات بىلەن ئىپادىلەنگەن. ئۇ يەنە كۆپلىگەن ھەجۋىي خاراكتېردىكى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، جەمئىيەتتىكى ناتوغرا كەيپىيات ۋە ئەدەپسىز قىلىقسىزلىقلارنى مەسخىرە قىلغان ۋە قامچىلىغان.

ئۇ ئىجاد قىلغان بىر قانچە ناخشا ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەتتە

ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كۆرەكلەردە ياخشى باھاغا ئېرىشىپ مۇكاپاتلانغان .

بىر قىسىم ناخشا ـ مۇزىكىلىرى مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى ، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى تەرىپىدىن داۋاملىق ئاڭلىتىلغان ۋە ئاڭلىتىلماقتا . 1982 ـ يىلى ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت خىزمىتى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەر يىغىنىغا قاتنىشىپ « ئىلغار ئىجادىيەتچى » بولۇپ باھالانغان ۋە مۇكاپاتلانغان .

ئىساق ئەزارەنىڭ ئىجادىيەتلىرى ئاساسىي جەھەتتىن تاجىك تىلىدا يېزىلغان . ئاز بىر قىسمى بولسا ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلىپ گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان . شائىرنىڭ ئۆزى دۆلەت ۋە ئۆلكە دەرىجىلىك لوغەت ۋە باشقا قورال خاراكتېرلىك كىتابلاردا تونۇشتۇرۇلغان .

شائىر ۋە كومپوزىتور ئىساق ئازارە 1984 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن 42 ياشتىلا بىمەھەل ۋاپات بولدى . ئۇنىڭ ۋاپاتى بۇگۈنكى جۇڭگو تاجىك ئەدەبىياتى ئۈچۈن زور يوقىتىش ، ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ۋە ئەمگەك مېھنەتلىرى خەلق قەلبىدىن ئەبەدىي ئورۇن ئالىدۇ .

## يۈكسەك ئىساق ھىجرانى

قەدىمكىلەردە « بۇرۇن چىققان قۇلاقتىن كېيىن چىققان مۈڭگۈز ئېشىپتۇ » دېگەن تەمسىل بار . ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق . يۈكسەك ئىساق ھىجرانى ئاتا ـ بوۋىسىدىن ئېشىپ چۈشتى . ئۇنىڭ

ئۇسسۇل ۋە ناخشا ئىجادىيىتى تاشقورغان سەنئەت سەھنىسىدە يېڭى بىر يۈلتۈز بولۇپ چاقنىماقتا. يېڭى - يېڭى مەزمۇنلاردا ئىپادىلىنىپ تۇرماقتا. تاشقورغان ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ياش ئۇسسۇل يېتەكچىسى، شائىر، كومپوزىتور، ناخشىچى يۈكسەك ئىساق ھىجرانى 1985 - يىلىدىن 1988 - يىلىغىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت مەكتىپىدە ئوقۇپ ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن تاھازىرغىچە ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلەپ كەلمەكتە.

ئۇ ئاتا - بوۋىسىنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، جاپالىق ئىزدىنىش، مۇشەققەتلىك مەشىق قىلىش ئارقىلىق ئاخىر قەددىنى رۇسلاپ، يېڭى دەۋردە يېڭىچە ئاۋاز، يېڭىچە ئۇسلۇب بىلەن كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئالدى. ئىسلاھات ئېچىۋېتىش ئېلىپ كەلگەن پارلاق ئىستىقبال ۋە كەڭ ئىمكانىيەت شۇنداقلا خىرىس ۋە رىقابەت، ئەنئەنىۋى ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنىڭ بۇرۇختۇرمىلىق ۋە ئۇدۇملۇققا بەرھەم بەرمەكتە.

تاشقورغاندىكى بۇرۇختۇرمىلىق، قاتمال، تۇمان ئىچىدىكى سەنئەت كۆرۈنۈشلىرى ئىسلاھات شامىلىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئويغانماقتا. ئۆزگەرمەكتە. يېڭىلانماقتا. ئىزدەنگۈچىلەر ھامان چىقىش يولى ياپالايدۇ، بۇ بىر ھەقىقەت!

بۈركۈت ئۇسۇلى ئۆز مەيلىچە ھەر مۇقامغا دەسسەيدىغان قوپال، تەرتىپسىز ھەرىكەتلەرنى تۈزىتىپ، رىتىملىق ۋە جەلپ قىلارلىق شەكىللەردە، سەھنىلەردە پەيدا بولدى. يۈكسەك ئىساق ھىجرانى پېشقەدەم ئۇسسۇلچىلارنى ئۇستاز تۇتۇپ، جاپالىق مەشىق قىلىش ئارقىلىق، بۈركۈتنىڭ ئەڭ نازۇك ھەرىكەتلىرىنى تەقلىد قىلىپ، يېڭىدىن ئىجاد قىلغان «بۈركۈت ئۇسسۇلى»نى سەھنىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىدى. بۇ ئۇسسۇل پاكىستان، تەيۋەن، بېيجىڭ، شاڭخەي، خاڭجۇ، سىچۈەن، يۈننەن، ئۈرۈمچى، ئاقسۇ، قەشقەر سەھنىلىرىدىمۇ نەچچە قېتىم ئوينالدى. ئۇنىڭ ناخشا ئىجادىيىتىمۇ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبتا بولۇپ، خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى. ئۇنىڭ «ئەپيۈنگۈل»، «ئەرزىمەس نىدالار»، «كەتتىم»، «قەبرە ئالدىدا»، «كۆپ بالىنىڭ جاپاسى» قاتارلىق 60 تىن ئارتۇق ئىجادىي ناخشىلىرى خەلق ئارىسىدا ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ، توي - تۆكۈم سورۇنلىرىدا ئەتىۋارلىنىپ ئېيتىلماقتا.

ئۇ 1985 - يىل 6 - ئايدا، 1987 - يىل 6 - ئايدا ۋە 2000 - يىل 6 - ئايلاردا ئۈچ قېتىم جۇڭگو - پاكىستان مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش كارىدورى سەنئەت كۆرىكىگە قاتنىشىپ قىزغىن ئالقىشقا ۋە ئۈچ قېتىملىق شەرەپ گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى.

1999 - يىل 4 - ئايدا جۇڭگودىكى 56 مىللەت ۋەكىللىرى بىلەن (تاجىك ۋەكىلى بولۇپ سايراخان، تاجىگۇل ئۈچ نەپەر سەنئەتچى بارغان) تەيۋەن يېرىم ئارىلىغا بېرىپ، مەدەنىيەت - سەنئەت يەرمەنكىسىگە قاتنىشىپ 60 كۈنلۈك سەنئەت پائالىيىتىنى غەلىبىلىك تاماملىدى ۋە قىزغىن ئالقىشلارغا ئېرىشتى.

تاجىك خەلقى ئۇنىڭدىن يېڭى دەۋر، يېڭى زاماندا يەنىمۇ زور نەتىجىلەر بىلەن بۇركۈتتەك پەرۋاز قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

مەسئۇل مۇھەررىرى: شىجائەتخان ۋەزىرى
(ئاپتور: تاشقورغان ناھىيىلىك تارىخ تەزكىرە ئىشخانىسىدا ئىشلەيدۇ)

# تاشقورغان چارۋىچىلىق تەرەققىياتىنىڭ ھازىرقى ھالىتى ۋە كەلگۈسى

## ۋاڭ شياۋمىڭ

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى، ئاپتونوم رايونىدىكى دۆلەت دەرىجىلىك بىردىنبىر ئالاھىدە نامرات ناھىيە، نۆۋەتتە ناھىيە بويىچە 56% دېھقان - چارۋىچىلار تېخىچە تويۇنۇش، كىيىنىش مەسىلىسىنى ھەل قىلالمىغان. نامراتلىق ھالىتى بەكمۇ گەۋدىلىك. ئاپتور بىر يىللىق چوڭقۇر تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇ ناھىيىنىڭ ئەھۋالى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن تونۇشۇپ بولدى. تۆۋەندە بۇ ناھىيىنىڭ چارۋىچىلىق تەرەققىياتىنىڭ ھازىرقى ھالىتى ۋە كەلگۈسى ئىستىقبالى توغرىسىدا بىرقانچە تۈرلۈك پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.

### 1. چارۋىچىلىقنىڭ ھازىرقى ھالىتى

1. ھازىرقى تەبىئىي مۇھىتى تاشقورغان ناھىيىسى ئېلىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدىكى پامىر ئېگىزلىكىگە جايلاشقان. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4000 مېتىردىن يۇقىرى، يىللىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئوتتۇرچە تېمپېراتۇرىسى 3.3 ℃ ، يىللىق ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 30 ℃ ، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن ℃ 43 ، قىروسىز مەزگىل 70 كۈن ئۆپچۆرىسىدە ، يىلنىڭ تۆت پەسلىنىڭ پەرقى ئېنىق بولمىغاچقا سوغۇق پەسىل ، ئىسسىق پەسىل دەپ ئايرىشقا بولىدۇ . يىللىق ئوتتۇرچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 69 مىللىلىتىر ، تۇزلەڭلىكتىكى رايونلارغا سېلىشتۇرغاندا ئوكسىگېن مىقدارى 37% ئاز ، ھاۋاسى قۇرغاق ، شالاڭ ، ئوتتۇرا بىنەپشە نۇرى كۈچلۈك . ئېگىزلىك خاراكتېرلىك يۈرەك كېسلى ، مېڭە قان تومۇر كېسلى ، راك قاتارلىق كېسەللىكنىڭ قوزغىلىشى يۇقىرى بولغان تىپىك چوڭ قۇرۇقلۇق ، ئېگىزلىك ، چۆل باياۋان ، تاغلىق رايون . ناھىيە تەۋەسىدە قارلىق چوققىلار تىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ . تاغلىرى خەتەرلىك ، قاتناش قۇلايسىز ، ئالاقىسى راۋان ئەمەس ، ھازىرغىچە بىر يېزىسىغا ئاپتوموبىل قاتنىمايدۇ . بەش يېزىنىڭ تېلېفونى يوق . پەقەت بەش يېزىدىلا يەر ئۈستى سۈنئىي ھەمرا قوبۇل قىلىش پونكىتى بار . ناھىيە بويىچە 14 يېزا - بازار مەيدانلاردا 21 مىڭ دېھقان - چارۋىچى بار . سەككىز يېزا (مەيدان )دىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ناھىيىدىن 70 كىلومېتىر يىراقتىكى تاغ جىلغىلاردا ياشايدۇ . يېرى ئاز ، يەرنىڭ قۇۋۋىتى تۆۋەن ، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىن ئارپا ، پۇرچاق ئاز ساندىكى جايلاردا بولسا كۆممە قوناق ، بۇغداي تېرىلىدۇ ، ئوتلاقلىرى ئاساسلىقى سوغۇق ئېگىزلىكتىكى چۆللۈك ئوتلاق تىپىغا كىرىدۇ .

### 2 . ئوتلاق بايلىقىنىڭ ئالاھىدىلىكى

تاشقورغاندا پايدىلانغىلى بولىدىغان ئوتلاق كۆلىمى 41 مىڭ 670 كۋادرات كىلومېتىر . يىللىق چارۋا سىغىمچانلىقى 229 مىڭ 200

تۇياق قوي بىرلىكگە توغرا كېلىدۇ. ئوتلاقتىكى ئوت - چۆپلەر ئېگىزلىك سىرت ئەمەس، قىسقا گۈللۈك بوز ئوت (سېلۇ)، باشاقسىمان سوغۇقتا ئۆسىدىغان تېپچاقلار مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ. قۇرۇق ئوت - چۆپ ماددىلارنىڭ توقلۇق تەركىبى يۇقىرى. ئوزۇقلۇق قىممىتى ۋە يېيىشلىكى بىرقەدەر ياخشى، ئوت - چۆپ سۈپىتى ياخشى، لېكىن سوغۇق، ئېگىزلىك، قۇرغاق هاۋا كىلىماتى چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، ئوت - چۆپنىڭ مەهسۇلاتى تۆۋەن، هەربىر گېكتار ئوتلاقتىن چىقىدىغان هۆل ئوت - چۆپ مىقدارى كۆپ بولغاندا 1500 كىلوگرام ئەتراپىدا بولىدۇ. ئوتلاق سۈپىتىنىڭ ئالاهىدىلىكى « سۈپىتى، دەرىجىسى يۇقىرى » ، «سورتى تۆۋەن »يەنى ئوت - چۆپنىڭ سۈپىتى يۇقىرى، ئوتلاقنىڭ دەرىجىسى تۆۋەن. بۇ ناهىيىنىڭ چارۋىچىلىقى تەبىئەتكە تايىنىدىغان ئوتلاق بولۇپ هېسابلىنىدۇ. ئوتلاقلىرى دېگەندەك سوغۇق، ئېگىزلىك ئوتلىقى، ئىسسىق پەسىلدىكى يايلاقلار كەڭرىرەك، سوغۇق پەسىلدە يايلاق يېتىشمەيدۇ. يەنە دېهقانچىلىق رايونلاردىكى يەم - خەشەك بايلىقى ۋە ئېتىز - ئېرىقلارنىڭ ئارىلىقى هەم ئېگىزلاردىن سوغۇق پەسىلدە پايدىلانغىلى بولىدۇ. پەسىللىك يايلاقلارنىڭ چارۋا سىغىمچانلىقىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش تەس. شۇڭلاشقا، تاشقورغان ناهىيىسىنىڭ باقىدىغان چارۋا سانى جەھەتتە چوڭ بۆسۈش بولۇشى تەس. ئۇنىڭدىن باشقا، تاشقورغان ناهىيىسىنىڭ تەبىئىي يايلاق ئىشلەپچىقىرىش كۈچى تۇراقسىز، يىل بويى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ قۇرغاقچىلىق يىللىرى قىش ۋە باهار پەسىلدە، قار ياغقاندا دائىم كۆپلىگەن چارۋىلار ئۆلۈپ كېتىدۇ.

3. ناهىيە، يېزا ئىككى دەرىجىلىك چارۋىچىلىق تېخنىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور بېكىتى

مۇلازىمەت سىستېمىسىنىڭ ھازىرقى ھالىتى

تاشقورغان ناھىيىسىدە نۆۋەتتە، ناھىيە دەرىجىلىك ئوتلاق پونكىتى ۋە چارۋا مال دوختۇرلۇق پونكىتى ۋە 13 يېزا، مەيدان چارۋا مال دوختۇرلۇق پونكىتى بار. ناھىيىلىك ئوتلاق پونكىتى ۋە چارۋا مال دوختۇرلۇق پونكىتىنىڭ مەبلىغى قىس، خىزمەت شارائىتى ناچار، ئۆي - ئىمارەتلىرى، شىرە ئۈستەللىرى كونىراپ كەتكەن. ناھىيە، يېزا ئىككى دەرىجىلىك چارۋا مال دوختۇرلۇق پونكىتى ھەر يىلى يۇقىرىدىن تەقسىم قىلىنغان «ۋاكسىنا» ئۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغاندىن باشقا قىلىدىغان ئىشى يوق دېگەندەك يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەققىنى يىغىش تەس بولغاچقا، چارۋا مال دوختۇرلۇق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى ئىشلەش بارغانسېرى قىيىن بولۇۋاتىدۇ. نۆۋەتتە تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ چارۋىچىلىق ئىجتىمائىي مۇلازىمەت سىستېمىسىنىڭ ھازىرقى ھالىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، چارۋىچىلىق تەرەققىياتى ئېھتىياجلىق بولغان تېخنىك مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە ئېلىش ئۈچۈن، يەنە نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، چارۋىچىلىق تېخنىك خادىملارنىڭ خىزمەت، تۇرمۇش شارائىتى ناچار، ئورنى تۆۋەن بولغاچقا، چارۋىچىلىق، مال دوختۇرلۇق كەسپىدە ئىز باسىدىغانلار كەمچىل بولماقتا.

4. دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ھالىتى

تاشقورغاندىكى تاجىك دېھقان - چارۋىچىلار تارىختىن بۇيان تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. پۈتۈن ناھىيىدە تەخمىنەن 333.3 كۋادرات كىلومېتىر تېرىلغۇ يەر بار. بۇ

يەرلەرگە ئاساسلىقى ئېگىزلىككە ماس كېلىدىغان، ئارپا ۋە پۇرچاق تېرىلىدۇ. شۇڭلاشقا، تاشقورغاندىكى دېھقان - چارۋىچىلار ھەم زىرائەت تېرىيدۇ ھەم چارۋا باقىدۇ. تېرىقچىلىق ئۇسۇلى بەكمۇ يىرىك، تېرىقچىلىققا كۆپىنچە ئۇرۇقنى قول بىلەن چېچىپ تېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ. تراكتور، سيالكا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىش ئاز، ئوتتۇرىچە بىر لىك مەھسۇلاتى 100 كىلوگرامدىن سەل ئاشىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ بۇغداي تېرىش مۇۋاپپەقىيەتلىك بولۇپ، ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 250 كىلوگرامغا يېتىپ چارۋىچىلىق ئۈچۈن، مول ئوت - سامان بايلىقى بىلەن تەمىن ئېتىۋاتىدۇ.

نۆۋەتتە، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا يەنىلا تەبىئەتكە تايىنىپ مال بېقىپ ئوت - چۆپ، سۇ قوغلىشىپ ئولتۇراقلىشىش ئۇسۇلى قوللىنىلىۋاتىدۇ، ئوتلاقنىڭ سىغدۇرۇش ئىقتىدارىدىن ئارتۇق چارۋا مال بېقىش تۈپەيلىدىن ئوتلاق داۋاملىق چېكىنىۋاتىدۇ. چارۋىلار « يازدا تويۇپ، كۈزدە سەمرىپ، قىشتا ئورۇقلاپ، ئەتىيازدا ئۆلۈش »تەك يامان سۈپەتلىك ئايلىنىش ھالىتىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلمىدى، يەنىلا ئاپەت چوڭ بولغاندا مەھسۇلات كۆپلەپ كېمىيىدىغان، كىچىك ئاپەتكە يولۇققاندا ئازراق كېمىيىدىغان، ئاي، ھاۋا قاملىشىپ كەلگەندە ئاز - تولا مەھسۇلات ئاشىدىغان ھالەتتە تۇرماقتا. چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتى ئاستا ھەم تۇراقسىز. دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىرىمى تۆۋەن، تۇرمۇش، مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە داۋالاش جەھەتلەردە ياخشىراق كاپالەتكىمۇ ئىگە بولالمايۋاتىدۇ. چارۋا - ماللارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتى ئاستا، نەسلىنىڭ چېكىنىپ

كېتىشى ئېغىر . يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ، داۋالاشتا قىيىنچىلىق زور ، چارۋا پادىلار نەسىل قورۇلمىسى بەكمۇ نامۇۋاپىق ، ئۇنىڭدىن باشقا دېھقان چارۋىچىلار ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئېگىزلىكتە ئولتۇراقلاشقاچقا ئىدىيىدە قالاق ، كونىلىقنى ساقلايدۇ ، بازار تۇيغۇسى سۇس .

## 2 . چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىيات نىشانى

تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي شارائىتى ۋە بايلىق ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ، چارۋىچىلىقنى ئاساس ، چارۋىچىلىق بىلەن دېھقانچىلىقنى بىرلەشتۈرۈش باش فاڭجېننى ئىزچىللاشتۇرۇپ ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى دەۋر قىلغان هالدا ، كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ ، دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق رايونلاردىكى بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىپ دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ ، هاللىق سەۋىيىگە يېتىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش . چارۋا مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئاشۇرۇپ تاۋار نىسبىتى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشنى مەركەز قىلىش ، چارۋىچىلىق ئىسلاھاتىنى ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچ ، هازىرقى بار بولغان شارائىتنى چىقىش نۇقتىسى ، دېھقانچىلىقنى تايانچ قىلىپ ، پەن - تېخنىكا ، مائارىپ ئارقىلىق چارۋىچىلىقنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ ، ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىپ ئىچكى يوشۇرۇن كۈچنى قېزىشنى ئاساس قىلىپ ، يىرىك ئىگىلىكتىن توپلىشىپ يۆلەشكەن ئىگىلىككە قاراپ بۇرۇلۇش هاسىل قىلىپ ، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق ، ئەلا سۈپەتلىك ، يۇقىرى

ئۇنۇملۇك چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدا مېڭىش لازىم.

چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، تاشقورغان قويىنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئاساس قىلىشتىن ئىبارەت تەرەققىيات يۆنىلىشى قىلىش ھەم گۆش بېرىدىغان، ھەم ئۇلاغ قىلغىلى بولىدىغان قوتازنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئۆچكىنىڭ تەرەققىياتىنى تىزگىنلەش، مۇۋاپىق ساندا ئات، ئېشەك بېقىش.

ئوتلاق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ باشقۇرۇش نىشانى — ئوتلاق بايلىقىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىشنى ئاساس قىلىپ، ئوتلاق رايون، دېھقانچىلىقنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ قىشلىق ئوت - چۆپ ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساسىي ھۇجۇم نۇقتىسى قىلىپ، ئىسسىق پەسىلدە يايلىتىش، سوغۇق پەسىلدە ئولتۇراقلىشىپ قوشۇمچە يەم - خەشەك بىلەن چارۋا بېقىش يۆنىلىشى بويىچە تەرەققىي قىلدۇرۇش بولۇش كېرەك. دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش فاكچېنى، ئىلغار دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى قوللىنىپ، ئاشلىق زىرائەتلىرىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇپ، ئومۇمىي مەھسۇلاتنى كۆپەيتىپ، چەكلىك يەردە ئىمكانقەدەر چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن مول يەم - خەشەك ۋە ئوت - سامان يەتكۈزۈپ بېرىشتىن ئىبارەت بولۇش كېرەك.

### 3. ئاساسىي تەدبىر

1. چارۋا، ئوتلاق ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى بىلەن بىر تۇتاش باشقۇرۇش، ئايرىپ باشقۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت قوش قاتلاملىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇقۇملاشتۇرۇش، ياخشىلاش

چارۋا ئوتلاقنى قوش ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى پارتىيىنىڭ يېزا چارۋىچىلىق رايونلىرىغا قاراتقان بىر تۈرلۈك ئاساسىي سىياسىتى. ھۆددىگەرلىك توختامى ئارقىلىق ھۆددىگەرنىڭ مەسئۇلىيىتى، ھوقۇقى ۋە بۇرچىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ھۆددىگەرلىك ۋە ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنى ئۆزگەرتىشنى بىرلەشتۈرۈپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىش ئاكتىپچانلىقىنى سەپەرۋەر قىلىپ ئوتلاقنى ھۆددىگە ئېلىش، ئىشلىتىش، ئاسراش مېخانىزمىنى پەيدىنپەي بەرپا قىلىپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئائىلىۋى قوشۇن ھۆددىگەرلىك ئاساسىدا پائال تۈردە چارۋىچىلىقتا «5 بىر تۇتاش» يەنى، چارۋىلارنىڭ نەسلىنى بىر تۇتاش ياخشىلاش، چارۋا كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاشتا بىر تۇتاش بولۇش، مۇھىم تېخنىكا تەدبىرلەرنى بىر تۇتاش يولغا قويۇش، چارۋىچىلارنى ئولتۇراقلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى بىر تۇتاش پىلانلاش، ئوتلاق ۋە سۇ ئىنشائاتى ئاساسىي قۇرۇلۇشىنى بىر تۇتاش ئىشلەپچىقىرىشنى پائال يولغا قويۇش كېرەك.

2. يايلاق قۇرۇلۇشى ۋە يايلاقلارنى مۇھاپىزەت قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش

ئۇزاقتىن بۇيان ئەنئەنىۋى كۆز قاراشنىڭ تەسىرى ۋە پەن - تېخنىكا ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئاجىزلىقى تۈپەيلىدىن، كىشىلەر ئوتلاق بايلىقلىرىنىڭ يوشۇرۇن كۈچى ۋە ئوتلاقنى چارۋا مەھسۇلاتىغا ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئىلمىي قانۇنىيەت ۋە ئوت - چۆپنىڭ كۆپ ئىقتىدارلىق رولىغا بولغان تونۇشى يېتەرلىك بولمىغاچقا،

تالان ـ تاراج شەكلىدە پەيدىلىنىپ، قارىغۇلارچە بوز يەر ئېچىپ، ئوتلاقلارنى بۇزۇپ قوغداش، گۇللەندۈرۈشكە، ئوتلاقلارنىڭ چېكىنىپ كېتىشى، مەھسۇلاتنىڭ تېز كېمىيىپ كېتىشىگە سەل قارىغان. چاشقان، زىيانداش ھاشاراتلار زىيانداشلىقى كۆپەيگەن. ئوت ـ چۆپ بىلەن چارۋا ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كەسكىنلەشكەن. ئوت ـ چۆپ چارۋىچىلىقنىڭ ئاساسى، ئوتلاقچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. يايلاققا قارىتا باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشتىن مۇۋاپىق پايدىلىنىپ، ئاسراش ۋە گۇللەندۈرۈشكە تەڭ ئەھمىيەت بېرىش، ئوتلاققا قاراپ چارۋا بەلگىلەش، ئوت ـ چۆپنى كۆپەيتىش بىلەن چارۋىنى كۆپەيتىش ئىككىسىنى تەڭپۇڭ تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم. پەسىللىك ئوتلاقنىڭ تەڭپۇڭسىزلىقى تاشقورغان ناھىيىسىدىكى گەۋدىلىك زىددىيەت. بىز ئوتلاقنى ئاسراش ۋە پايدىلىنىش بىلەن بىر چاغدا، قىشلىق ئوت ـ چۆپ ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساسىي ھۇجۇم نۇقتىسى قىلىپ، سوغۇق پەسىللىك يايلاق قۇرۇلۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇشىمىز لازىم. تاشقورغان ناھىيىلىك ئوتلاقچىلىق پونكىتى ئۆز جايىنىڭ ئۆسۈش شارائىتىغا باب كېلىدىغان ئوت ـ چۆپ ئۇرۇقىنى تاللاشتا كۈچ سەرپ قىلىش، ناھىيە تەۋەسىدە يىگىدىن ئوتلاقلاشتۇرۇش، ياخشىلاش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىش ھەمدە پەيدىنپەي يولغا قويۇش لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا ناھىيىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت ناھىيىدە ئوت ـ چۆپ يېتىشتۈرۈش فوندى تەسىس قىلىشنى ئويلىشىپ كۆرسە، مەبلەغنىڭ كېلىش مەنبەسىنىڭ شەكلى چەكلەنمىسە، فوندىنى تۈر بويىچە نىشانلىق باشقۇرۇپ، ھەقلىق ئىشلىتىپ، دومىلىتىپ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئوبوروتنى تېزلىتىپ، ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

### 3 . چارۋىچىلىقنىڭ ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسىنىڭ ئىقتىدارى ۋە رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش

ناھىيە دەرىجىلىك پونكىتلارنى ياخشىلاش ، نۇقتىلىق ھالدا يېزا - بازار ، مەيدان « ئۈچ پونكىتى » ( چارۋا مال دوختۇرلۇق پونكىتى ، ئوتلاق پونكىتى ، ئۇرۇقچىلىق پونكىتى ) قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش . ئاساسىي قاتلام چارۋىچىلىق پەن - تېخنىكا خادىملىرى قوشۇنىنى تولۇقلاشتۇرۇپ ، ئۇلارنىڭ خىزمەت ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاش لازىم .

تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن ، ئاپتورنىڭ قارىشىچە رىقابەت مېخانىزمىنى كىرگۈزۈپ ، نىشانلىق باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ ، قاتلاممۇقاتلام مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالاپ ئىش ھەققىدە قۇرۇلمىلىق ئىش ھەققىنى يولغا قويۇپ ، كىرىمنى خىزمەت بىلەن چېتىشتۇرۇپ ، ئىشچانلارنى مۇكاپاتلاش ، ھورۇنلارنى جازالاش لازىم . يېزا - بازار ، مەيدانلاردىكى « ئۈچ پونكىت »نى باشقۇرۇشتا تارماق بىلەن ئورۇننى بىرلەشتۈرۈش ، قوش قاتلاملىق رەھبەرلىكنى يولغا قويۇشتا ناھىيىنى ئاساس قىلىش لازىم . ناھىيىلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسى نۇقتىلىق ھالدا كەسپىي خىزمەتكە ، مالىيە خىزمىتىگە ، كادىرلارنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولۇشى ، يېزا - بازار ، مەيدانلاردىكى ئاساسلىق مەسئۇللار مەمۇرىي باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولۇش ، يېزا - بازار ، مەيدانلاردىكى چارۋىچىلىق « ئۈچ پونكىت »نىڭ خىزمىتىنى مالىيە تولۇق سومما بويىچە ئاجرىتىپ بېرىش ، تولۇق نەقلەشتۈرۈپ بېرىش كېرەك .

### 4 . ھوقۇق ، مەجبۇرىيەت ئايدىڭ بولۇش ، چارۋىچىلىقنى قانۇن بويىچە گۈللەندۈرۈش لازىم

« ئوتلاق قانۇنى » ، « ھايۋاناتلارنىڭ يۇقۇملۇق

كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى » ۋە « نەسىللىك چارۋا، ئۆي قۇشلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى » ھەر دەرىجىلىك فۇنكسىيىلىك تارماقلارنىڭ قانۇن بويىچە ئىش بېجىرىشىنىڭ ئاساسى . ناھىيىلىك چارۋىچىلىقنى مەمۇرىي باشقۇرغۇچى تارماقلار مەجبۇرىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشى، ھوقۇقنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈشى، ناھىيە دەرىجىلىك ئوتلاق پونكىتى، چارۋا مال دوختۇرلۇق پونكىتى ۋە كارانتىن تارماقلىرى قانۇن بويىچە ئۆزلىرىنىڭ نازارەتچىلىك، باشقۇرۇش مەجبۇرىيىتىنى يۈرگۈزۈپ، چارۋىچىلىقنىڭ بىخەتەر، سىجىل تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە خەلقنىڭ ساغلاملىقىنى قوغداش لازىم .

5 . تاشقورغان قويىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش

تاشقورغان قويى يەرلىكنىڭ ئەلا نەسلى . ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىش كېرەك . نەسىللىك قويچىلىق فېرمىسى ئۇچۇن ئېيتقاندا، تاشقورغان قويىنىڭ ئۆز سۈپىتىنى تاللاش خىزمىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ . شۇڭلاشقا، يىراق كەلگۈسىلىك بازار قارىسى بولۇش، « نەسىللىك چارۋا، ئۆي قۇشلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى ۋە يۈرۈشلەشكەن قانۇن نىزام » لارنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە ئىشلەپچىقىرىش، يېتىشتۈرۈش، باھالاپ بېكىتىش، ئارخىپ تۇرغۇزۇش، سېتىپ چىقىرىش ھەمدە ھەرقايسى خىزمەت تۈزۈمىنى قاتتىق ئىجرا قىلىش، فېرمىدىن چىقىدىغان نەسىللىك چارۋىنىڭ ئالاھىدە بېكىتىلگەن دەرىجە ئۆلچىمگە يەتكۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىش لازىم .

يېڭى نەسىللىك قويچىلىق ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بەرپا

قىلىپ، بازارنى ئېخىمۇ كۆپ نەسىللىك چارۋىلار بىلەن تەمىنلەپ ئېخىمۇ كۆپ دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ، تۇرمۇشىنى ياخشىلاش لازىم. چارۋىچىلىق ئىدارىسى ئىچكى جەھەتتە ئىشلەپچىقىرىش ئورنى بىلەن ئالاقىلىشىش، تاشقى جەھەتتە بازار بىلەن ئالاقىلىشىشتىكى ۋاستىلىك ۋە كۆۋرۈكلۈك رولىنى جارى قىلدۇرۇشى، تاشقورغان قويىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئوتتۇرا، يىراق كەلگۈسى پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، ناھىيە، يېزىدىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك چارۋىچىلىق «ئۈچ پونكىت»نىڭ تۈرلەشتۈرۈش ئۈستۈنلۈكى ۋە تېخنىك ئۈستۈنلۈكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ «بەش بىر تۇتاش بولۇش» دېگەن تەلىپى بويىچە نەسىل ياخشىلاشنى بىر تۇتاش پىلانلاپ، ئەركەك قويلاردىن ياخشىلارنى تاللاپ، ناچارلارنى شاللاپ، سۈنئىي ئۇسۇلدا ئۇرۇقلاندۇرۇش تېخنىكىسىنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىپ بەلگىلىك ۋاقىت ئىچىدە ناھىيىنىڭ ئەلا نەسىللىك قوي نىسبىتىنى 80% كە يەتكۈزۈش ياكى ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇش لازىم.

6. چارۋىچىلارنى ئولتۇراقلاشتۇرۇش قەدىمىنى زورايتىش

ئالدىنقى بىرقانچە يىللىق چارۋىچىلارنى ئولتۇراقلاشتۇرۇش خىزمىتىدىكى مەغلۇپ بولۇش تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، 1998 - يىلى ناھىيىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت ئۆز جايىنىڭ شارائىتىغا ئاساسەن ئىش كۆرگەن ھالدا، مۇۋاپىق پىلانلاپ نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش مەبلىغىدىن پايدىلىنىپ ئىككى نۇقتىدا 40 ئائىلىلىك چارۋىچىنىڭ ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشىنى تاماملىدى. «ئۈچ راۋان، تۈت بولۇش، بەش يۇرۇشلەشكەن بولۇش» پرىنسىپى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان

قۇرۇلۇش، ۋىلايەت ۋە ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىقنى باشقۇرغۇچى تارماقلاردىكى رەھبەرلەرنىڭ ھەم مۇتەخەسسىسلەرنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشتى. ناھىيىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت بۇ يىل قۇرۇلۇش قەدىمىنى يەنىمۇ زورايتىپ 100 ئائىلىلىك چارۋىچىنىڭ ئولتۇراق ئۆي ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشنى پىلانلىدى. ئاپتورنىڭ قارىشىچە تاشقورغان دەريا ۋادىسى، تاغارما ئورمانلىقى، ۋاچا دەريا ۋادىسىدا تېخىچە كەڭ كۆلەمدىكى ۋادا ئويمانلىق بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئېگىزلىكى دېڭىز يۈزىدىن 3600 مېتىر كېلىدۇ. يەر تۈزۈلۈشى تەكشى، سۈيى مول، يېتەرلىك نۇر بايلىقى بار بولغاچقا، سۇنئىي يايلاق يېتىشتۈرۈشكە ماس كېلىدۇ. ئۇلار ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش، قىشتىن ئۆتكۈزۈشنىڭ كۆكگۈلدىكىدەك بازىسى بولالايدۇ. شۇڭا، ئادەم كۆچى، مالىيە كۆچى ۋە ماددىي كۈچنى توپلاپ بۇ يەرلەر مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلسا، بىر تۇتاش پىلانلاپ سۇغا قاراپ جاي بېكىتىپ، ئوتلاقىغا قاراپ چارۋا بەلگىلىگەندە چارۋىچىلارنىڭ ئولتۇراق رايونى قىلىشقا بولىدۇ.

7. چارۋىچىلىق پەن - تېخنىكىسىنى كېڭەيتىپ، پەن - تېخنىكىنىڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش

بايلىقنىڭ چەكلىكلىكى ۋە ئىنسانلار ئېھتىياجىنىڭ چەكسىزلىكىدىن ئىبارەت بۇ زىددىيەتنى ھەل قىلىش داۋامىدا، پەن - تېخنىكا ئالدىنقى قاتاردىكى رولنى ئوينايدۇ. ئەنئەنىۋى چارۋىچىلىقنى ئۆزگەرتىش داۋامىدا «پەن - تېخنىكا ئارقىلىق چارۋىچىلىقنى گۈللەندۈرۈش» تېخىمۇ مۇھىم بولماقتا. شۇڭلاشقا، ئالاقىدار رەھبەرلەر تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئىلمىي ئۇسۇلدا بېقىش، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش، ئۇچىنى ساقلاش، بىرنى بىرلەشتۈرۈش، قىشلىق قوزا، ئوغلاق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىستىق قوتاندا بېقىش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىپ، تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش لازىم.

## 4 . كەلگۈسىگە نەزەر

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئالغا قاراپ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى بارغانسېرى ئۆسمەكتە. تاشقورغان پامىر ئېگىزلىكىگە جايلاشقان مۇزلۇق چوققىلار، قارلىق تاغلار، كۆك ئاسمان، ئاق بۇلۇت، زۇمرەتتەك سۇلىرى، ياپيېشىل ئوت - چۆپلىرى بىلەن بۇلغانمىغان مۇھىتتا ئىشلەپچىقىرىلغان قوي، كالا ۋە باشقا مەھسۇلاتلىرى كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىغا بەكمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. شۇڭلاشقا، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىر چاغدا، ئىچكى جەھەتتە كىرگۈزۈش، تاشقى جەھەتتە ئالاقىلىشىش قاتارلىق توغرا لىنىيىلىك ئالاقىلىشىش، چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، ئەلاسى بىلەن ناچىرىنى تولۇقلاش ئارقىلىق، تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ چارۋا مەھسۇلاتلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتىنى ئاشۇرۇپ، ئۇنى كەلگۈسىدىكى بازارنىڭ كوزىرىغا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ.

ئاپتورى: ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى

مەسئۇل مۇھەررىرى: مەدەلىخان

# تاجىك ئەلنەغمە پېشىۋاسى ــــ شاغۇلام جاھاندۇرشا

## باتۇرجان ئاتىخان

تاجىك ئەلنەغمە سەنئىتى تاجىك جەمئىيىتىدىكى تارىخنىڭ ئۇزۇنلۇقى، مەزمۇنىنىڭ رەڭدار، ئاھاڭ، مۇزىكىلىرىنىڭ كۆپ خىللىقى بىلەن ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە سەنئەت شەكلى بولۇپ، ئۇ تاجىك خەلقىنىڭ سەنئەتخۇمارلىق خاراكتېرىنىڭ مەسئۇلى. قەدىمدىن ھازىرغىچە تاجىك خەلقى ئارىسىدا ئەلنەغمە سەنئىتى ئەۋلادمۇئەۋلاد بېيىپ، مۇكەممەللىشىپ، زامانىۋى ئېقىمغا پائال ماسلىشىپ تاجىك خەلقىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىپ كەلمەكتە.

ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئەلنەغمە سەنئىتى شۇ مىللەت كىشىلىرى ئارىسىدىكى سەنئەتسۆيەر كىشىلەرنىڭ ئاكتىپ رول ئوينىشى ئارقىسىدا راۋاجلىنىدۇ ۋە شۇ مىللەت كىشىلىرىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىغا بەھر ئاتا قىلىدۇ. تاجىك ئەلنەغمە سەنئىتىدە يۇكسەك ئابرۇيغا، كۆپ ئىقتىدارغا ئىگە بىر سەنئەتكار بار. ئۇ بولسىمۇ داتوڭ يېزىسىدىكى ماھىر راۋاب ياساش ئۇستىسى، پېشقەدەم ئەلنەغمىچى شاغۇلام جاھاندۇرشا.

پېشقەدەم ئەلنەغمىچى شاغۇلام 1920 ـ يىل 3 ـ ئايدا داتوڭ يېزا كاندەلاخچ مەھەللىسىدە تۇغۇلغان . ئۇنىڭ بالىلىق دەۋرى ھاۋاسى ئىللىق ، سۇلىرى زۇمرەتتەك داتوڭ بوستانلىقىدا بەرق ئۇرۇشقا باشلىدى . كۆيۈمچان ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تەربىيىسى ئاستىدا ئەينى ۋاقىتتىكى ئەنئەنە بويىچە دىن ئايەتلىرىنى يادقا ئالدى . شۇنىڭغا بىرلەشتۈرۈپ ، پارس تىلىنى ئۆگەندى ۋە پارس تاجىك شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىنى ، خەلق ناخشىلىرىنى يادقا ئېلىپ شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان ئېقىن بويلىرىدا ، چەكسىز كەتكەن ياپېپېشىل يايلاقلاردا« بەيىت » قىلىپ ئوقۇيدىغان بولدى . شۇنداق قىلىپ ئۇ بارا ـ بارا مەھەللە ـ كويلاردا ئۆتكۈزۈلىدىغان تويلارنىڭ باش قىزىتقۇچىسىغا ئايلىنىپ ئەلنەغمە ساھەسىدە خېلى پىشىپ يېتىلدى . ئۇ 18 ياشقا كىرگەن يىلى كەنجۇتتىن كېلىپ ئولتۇراقلاشقان زەرگەر سېيىتقەدەمدىن زەگەرلىكنى ئۆگەندە . ئالتۇن تاۋلاش ، رۇدىدىن ئايرىش ، ئۈزۈك ، بىلەزۈك ۋە ئەينى ۋاقىتتا ئاياللار ئەتىۋارلاپ چالىغان قەمۇزقاتارلىقلارنى ياساپ يۇرت ئىچى ۋە سىرتىدا ئابرۇيلۇق يىگىتكە ئايلاندى . 1937 ـ يىلى گومىنداڭ پەنىي مائارىپچىلىرىدىن خالمەمەت ، ئىبراھىملار داتۇڭغا كېلىپ مەكتەپ ئاچىدۇ ، شاغۇلاممۇ مەكتەپكە كىرىپ ، ساۋاتىنى چىقىرىدۇ ھەم باشلانغۇچ مەكتەپنى تاماملاپ ، تىزناپقا بېرىپ بىغۇجۇن ئائىلىسىدە زەرگەرلىك قىلىدۇ . ئۇ بۇ جەريانىدا ئەلنەغمىگە ھېرىسمەن تىزناپ خەلقى ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ ، تۈرلۈك خەلق ناخشىلىرىنى ئۆگىنىپ ، توي ـ تۆكۈن ، ئاممىۋى ئەلنەغمە سورۇنلىرىدا ئۆزىنىڭ يۇقىرى « ماھارىتى »نى نامايان قىلىدۇ .

1949 ـ يىل 10 ـ ئايدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى

قۇرۇلۇپ، پامىر ئېگىزلىكىدە بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق جەۋلان قىلدى. بارچە دىللار چەكسىز خۇشاللىققا چۆمدى، داتوگدىن ئىبارەت قاتمۇقات تاغ ئارىسىغا جايلاشقان بۇ خىلۋەت دىياردىكى ئەمگەكچان، مېھماندوست تاجىك خەلقى ئۆزلىرىنىڭ شادىيانە ئۇسسۇل، لىرىك ناخشىلىرى بىلەن ئازاد زامانغا بولغان خۇشاللىقىنى، مېھىر - مۇھەببىتىنى ئىپادىلىدى. شۇ قاتاردا شاغۇلامدەك چېۋەر، سەنئەتخۇمار ئەل ئوغلانلىرى كومپارتىيىگە، ۋەتەنگە بولغان ساداقىتىنى تېخىمۇ تەنتەنە قىلىپ، بارا - بارا ئۆزلىرىنىڭ چوڭ ياخشى ۋەزىيەت ئاستىدىكى يېڭى ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ۋە ئامىمىنىڭ يۈرەك ساداسىنى چوڭ - چوڭ كۆرەك ۋە سەھنىلەرگە ئېلىپ چىقتى.

1959 - يىلى 8 - ئايلاردا ناھىيە «1 - ئۆكتەبىر»نى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ھەرقايسى يېزىلارغا سەنئەت نومۇرلىرىنى تەييارلاش ۋەزىپىسىنى چۈشۈردى. بۇ پەۋقۇلاددە پۇرسەتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن شادلانغان شاغۇلام يېزىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن 12 كىشىگە باش بولۇپ، مول مەزمۇنلۇق سەنئەت نومۇرى تەييارلاشقا كىرىشىپ كېتىدۇ. ئۇلار بىر ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە جاپالىق مەشىق قىلىش، رەپەتىس قىلىش نەتىجىسىدە كۆرەككە قاتناشتۇرىدىغان نومۇرلارنى تەييارلاپ بولىدۇ. ئۇلار ناھىيىگە مېڭىش ئالدىدا شۇ يىلى ياخشى ئوخشىغان يېڭى ئىگىلىك زىرائەتلىرىدىن سەككىز باش ئالغان بىر تۇپ قوناق چوڭلۇقى غەلۋىردەك كېلىدىغان بىر تۇپ ئاپتاپپەرەس ۋە ئالتە كىلو كېلىدىغان بىر تۇپ سەۋزىنى ئوبدان ئوراپ ئېلىۋالدى. ئۇلار ناھىيىگە بارغاندا ھەرقايسى يېزىلاردىكى سەنئەت ئەترىتى كېلىپ بولغان ئىدى. شاغۇلام كۆرەك باشلانغۇچە ئارىلىقتا باشقا سەنئەت

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئەتىرەتلىرىنىڭ رەپەتىس ئەھۋالىنى ئارىلاپ كۆرىدۇ، شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىدىكى ئارتۇقچىلىق، سەۋەنلىكلەرنى تېپىپ چىقىپ ۋاقتىدا تولۇقلاش ئېلىپ بارىدۇ. «1 - ئۆكتەبىر كۈنى» ناھىيە بازىرى ئادەتتىكىدىن تاشقىرى قاينام تاشقىنلىققا چۆمگەن ئىدى. كۆرەك باشلىنىدۇ، بۇ كاتتا بايرامنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن كەلگەن كىشىلەر تىوختىماي گۈلدىراس ئالقىش ياڭرىتاتتى. ئورۇنداش نۆۋىتى دەل داتوڭ سەنئەت ئەترىتىگە كەلگەندە شاغۇلام سالماق قەدەم بىلەن سەھنىگە چىقىپ، تاماشىبىنلارغا چوڭقۇر ھۆرمەت بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئالدىن يېزىپ تەييارلىۋالغان شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلىدۇ. ئازاد زامان ئېلىپ كەلگەن بەختىيار كۈنلەرنىڭ يادنامىسى بولغان داتوڭنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى چىقىرىپ كەڭ تاماشىبىنلارنىڭ ئالدىدا ئۇنى تەنتەنە قىلىدۇ. بۇ چاغدا پۈتكۈل تاماشىبىن ئەھلى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، چۇقان كۆتۈرگەنچە چاۋاك ئالقىشلارنى ياڭرىتىدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ قېتىملىق كۆرەكتە داتوڭ سەنئەت ئەترىتى ناھىيە بويىچە بىرىنچىلىكنى ئالىدۇ ۋە مۇكاپاتلىنىدۇ. شاغۇلامنىڭ ئەلنەغمە ھاياتى، ئۇسسۇل ئويناپ ناخشا ئېيتىشتىن باشقا يەنە تاجىك ئەلنەغمىچىلىكىدىكى «ئارغىماق ئۇسسۇلى» «ئەبشقا» قاتارلىق ئەنئەنىۋى، ئوبرازلىق شەكىللەردە تېخىمۇ زور رول ئوينىغان. تاجىك ئەلنەغمىچىلىكىدە «ئارغىماق ئۇسسۇلى» بىرقەدەر يۇقىرى ماھارەت تەلەپ قىلىدىغان شەكىل، «ئارغىماق»نى كېلىشتۈرۈپ ياساش ۋە ئۇنى ئۇسسۇل مۇزىكىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئورۇنداش ئانچە ئاسان ئەمەس. شاغۇلام ئۆزىگە بىر تەرەپتىن قاتتىق تەلەپ قويۇپ، تال چېۋىقتىن پايدىلىنىپ «ئارغىماق» ياسىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭغا ماس كېلىدىغان ئۇسسۇل مۇزىكىلىرىنى قېزىش،

رەتلەش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىپ، «ئەلگە ماڭسام سۆلەتىم ھەي، چۆلدە مىنسەم راھەتىم ھەي»، «ئايىمچەيى ئايىمچە، مانا بولدى تۈن كېچە» قاتارلىق ناخشا - مۇزىكا، ئۇسسۇل بىرلەشكەن دراممىلىق شەكىللىنى ئارغىماق ئۇسسۇلغا سىڭدۈرۈپ، تاجىك ئەلنەغمە سەنئىتىنىڭ بەدىئىي جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇردى.

شاغۇلام ئەلنەغمىچىلىك ھاياتىدا 100 پارچىگە يېقىن پارسچە، تاجىكچە ئەلنەغمە نومۇرلىرىنى رەتلەپ، ئەل ئارىسىغا تارقاتتى. ئۇ ئائىلىسىدە سەنئەت ئۇستازى بولدى. پەرزەنتلىرىنىڭ قەلبىنى سەنئەت نۇرلىرى بىلەن نۇرلاندۇردى. ئۇنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ تالانتلىق ئارتىسى ئىدى. بىراق، ۋاقىتسىز ئالەمدىن ئۆتتى. شاغۇلامنىڭ قەلبى پەرزەنت دەردىدە زەردابقا تولغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا سەنئەتتىن مېھرىنى ئۈزمىدى. ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، توي - تۆكۈنلەردە ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىپ، سورۇننى يۇقىرى كەيپىياتقا كۆتۈردى، ئۇنىڭ توي - تۆكۈنلەردە قالدۇرغان ئۇنتۇلغۇسىز لېنتىلىرى تاشقورغاننىڭ يېزا - قىشلاقلىرى، تار، ئالملىق قاتارلىق جايلارغا كەڭ تارقىلىپ، ھەرقايسى جاي كىشىلىرىنىڭ ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغان لېنتىلىرىغا ئايلانغان.

شاغۇلام ئەلنەغمە ساھەسىدە پىشىپ يېتىلىپلا قالماي، بەلكى تاجىكلار ئارىسىدىكى بىردىنبىر تاجىك چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ياسايدىغان ماھىر پېشىۋا. ئۇ بىلەزۈكۈم، راۋاب، قەمۇز قاتارلىقلارنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ياسىشى بىلەن پۈتكۈل تاجىك دىياردا ئۇنىڭ نامى مەشھۇر، ئۇ ئازغىناكەم بىر ئەسىرلىك ئۆمرىدە 500 دىن ئارتۇق تاجىك راۋابى ياساپ، تاجىك چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ ئومۇملىشىشىغا غايەت زور تۆھپە قوشتى. نۆۋەتتە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇ پىشقەدەم ئەلنەغمىچى ئازغىنا بىر ئەسىرگە تەڭ بارماقلىرى ئارىسىدىن راۋاب مۇڭلىرىنى چاچرىتىپ، نەۋرىلىرىنى ئۇسسۇلغا سالغاچ ئۇلارنىڭ قەلبىگە سەنئەت ئۇرۇقىنى چېچىۋاتىدۇ، خۇدا ئۇنىڭغا ئۇزاق ئۆمۈر ئاتا قىلغاي.

ئاپتور: داتوڭ يېزىلىق پارتكومدىن

مەسئۇل مۇھەررىرى: مەدەلىخان

# تاشقورغاندىكى ئىلىم - مەرىپەت بۇلىقى —
# 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ

## شانىياز كېل

« دۇنيانىڭ ئۆگزىسى » دەپ تەرىپلىنىپ كېلىنىۋاتقان پامىر ئېگىزلىكىدىكى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ 1953 - يىلى قۇرۇلغان، « تەمىناتلىق مەكتەپ » ئاساسىدا 1959 - يىل 9 - ئايدا قۇرۇلغان. دەسلەپتە بۇ مەكتەپتە ئاران 10 نەپەر ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى، 60 نەپەر ئوقۇغۇچى بار ئىدى. شۇ ۋاقىتتىكى مەكتەپ مۇدىرى مەنسۇرخان مۆلىكخان، ئىلمىي مۇدىرى تۇردى ئالماس ئىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ مەكتەپ 43 يىللىق مۇساپىنى بېسىپ، يېڭى ئىرا — XXI ئەسىرگە قەدەم قويغان بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئوقۇتقۇچىسى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر سانى 106 نەپەرگە، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار سانى 1148 نەپەرگە يېتىپ، ئېگىزلىكتىكى مۇئەييەن كۆلەمگە ئىگە بولغان بىلىم ئوچىقىغا ئايلاندى. 43 يىلدىن بۇيان بۇ مەكتەپ ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن غايەت زور رولىنى جارى قىلدۇردى. جەمئىيەت ئۈچۈن ئىلگىرى - كېيىن 5460 نەپەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تورى

ئوقۇغۇچىنى تەربىيلەپ يېتىشتۇرۇپ بەردى .

ئۇ هازىر ناهىيە بويىچە ئىلىم - مەرىپەت بۇلىقى بولغان بىردىنبىر مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ . هازىر ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلمىسىدا ئالىي مەكتەپ تولۇق كۇرس مەلۇماتىغا ئىگە ئوقۇتقۇچى 19 نەپەرگە ، مەخسۇس كۇرس مەلۇماتىغا ئىگە ئوقۇتقۇچى 45 نەپەرگە ، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە ئوقۇتقۇچى 10 نەپەرگە يەتتى . مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر مەيدانى 43 مو بولۇپ ، ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 10144 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ . بۇنىڭ ئىچىدە سىنىپ 51 ئېغىزلىق بولۇپ كۆلىمى 5347 كۋادرات مېتىر . ئىشخانا 25 ئېغىزلىق كۆلىمى 1050 كۋادرات مېتىر . تەجرىبىخانا بەش ئېغىزلىق كۆلىمى 487 كۋادرات مېتىر ، ئوقۇتقۇچىلار ئىشخانىسى 630 كۋادرات مېتىر ، ئوقۇغۇچىلار ياتىقى 1900 كۋادرات مېتىر . باشقا ئۆيلەر 179 كۋادرات مېتىر . قۇرۇلۇشنىڭ ئومۇمىي پۇتۇش قىممىتى 16 مىليون يۈەنگە بارىدۇ . تەجرىبىخانىدىكى تەجرىبە سايمانلىرى 9044 دانە بولۇپ پۇلى 186691 يۈەن . مۇقىم مۈلۈك ئومۇمىي سانى 11101 دانە ، قىممىتى 8 مىليون 959630 يۈەن ، مەكتەپنىڭ تېرىلغۇ يېرى 48 مو كېلىدۇ . ئورمان سانى 15000 تۈپ ، كىتاب ئامبىرىدا ساقلانغان كىتاب 13000 پارچىدىن ئارتۇق . هازىر مەكتەپتە 26 سىنىپ ( بۇنىڭدىن يەتتىسى تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى ، 19 ى تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپى ) بار .

ياچېيكا شۇجىسى شىدۈك ، مەكتەپ مۇدىرى داكە بابا ، مۇئاۋىن مۇدىرى هەيدەر قۇل مەنى ، ئىلمىي مۇدىرلىرى ، شانىياز كەپەل ، ساقى زەرىكىبايلاردىن تەركىب تاپقان هازىرقى مەكتەپ رەهبەرلىك بەنزىسى تەشكىل قىلىنغان بولۇپ ، مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسى ۋە مەكتەپ مەمۇرىيىتىنى يادرو قىلغان هالدا ئىلمىي

بۆلۇم، سىياسىي ئەخلاق بۆلۇم، ئىتتىپاق كومىتېتى، مەكتەپ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى، پەنلەرنى ئاساس قىلغان هالدا يەتتە ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسى، مالىيە ئىشخانىسى، مەنىۋى مەدەنىيەتكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى، سىياسىي ئىدىيە تەشۋىقات گۇرۇپپىسى، خانىم - قىزلار خىزمەت گۇرۇپپىسى، ئامانلىق ساقلاش گۇرۇپپىسى، سىنىپ مۇدىرلار قوشۇنى گۇرۇپپىسى قاتارلىق ئاپپاراتلار تەسىس قىلىنغان. مەكتەپتە تاجىك، ئۇيغۇر، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەردىن كېلىپ چىققان ئوقۇغۇچىلار ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدا ئوقۇتۇلىدۇ.

1 - ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلۇپ هازىرغا قەدەر ئوقۇ - ئوقۇتۇش خىزمىتى جەريانىدا ئۆز تەرەققىيات تارىخىدا نۇرغۇن قېتىم كۆتۈرۈلۈش ھەم پەسىيىشتەك ئەگرى - توقايلىقلارغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ غەمخورلۇقى، رەھبەرلىك قىلىشى ۋە توغرا يېتەكلىشى ئارقىسىدا تۇرلۇك جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، يول تېپىپ ئىلگىرىلەپ، ئۆز جايىنىڭ تەبىئىي شارائىتى، ئەمەلىي ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان ئوقۇتۇش تەدبىرلىرىنى تېپىپ چىقتى. 1976 - يىلى « تۆت كىشلىك گۇرۇھ » تارماق قىلىنغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن پارتىيىنىڭ شانلىق نۇرى، توغرا رەھبەرلىكى ئاستىدا مائارىپتا قايتا گۈللىنىش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى. مەركەزنىڭ « تەرتىپكە سېلىش، ئىسلاھ قىلىش، دەرسلىكلەرنى تولۇقلاش ۋە ئۆزگەرتىش » توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشىنىڭ روھى بويىچە دەرسلىكلەر توغرا قېلىپقا چۈشۈرۈلدى ۋە ئۆزگەرتىپ تولۇقلاندى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى كۆتۈرۈلۈپ،

تۇرالغۇ ئۆي مەسىلىسى ۋە پارتىيىگە كىرىش مەسىلىسى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىندى. جەمئىيەتتە ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەت قىلىش كەيپىياتى شەكىللەندى. ئوقۇتقۇچىلار «ئوقۇتقۇچىلار قانۇنى» ۋە ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىدىن تولۇق بەھرىمەن بولدى. 1972 - يىلى 4 - ئايدا بۇ مەكتەپتە تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى رەسمىي تەسىس قىلىندى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە غەمخورلۇقى بىلەن 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ يادرولۇق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، باشتىن - ئاخىر دېموكراتىك مەكتەپ باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ مەكتەپنىڭ بەش يىللىقتىن 10 يىللىقچە يىرىك تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئىمتىھان مائارىپ ئۇسۇلىدىن ساپا مائارىپ ئۇسۇلىغا، ئەنئەنىۋى ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدىن زامانىۋى ئوقۇتۇش ئۇسۇلىغا يۈزلەندى. مەكتەپتە بار بولغان قائىدە - تۈزۈملەرنى ئىسلاھ قىلىپ، 213 ماددىلىق تۈزۈم - تەدبىرلەرنى تۈزۈپ يولغا قويۇپ ئەمەلىيلەشتۈردى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خىزمەتتە تۇرۇپ ئۆزى دەرس ئۆتۈۋاتقان پەن بويىچە ناھىيە تەرىپىدىن ئېلىنغان ئىمتىھانلاردا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 100% كە، كەسپىي لاياقەت ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 99% كە يەتتى. مەكتەپ پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى ۋە مەكتەپ مۇدىرى ئىش ئورنى بويىچە تەربىيىلىنىپ، ئىش ئورنىغا چىقىشتىن تاشقىرى ئۈچ نەپەر تايانچى (زاپاس) توققۇز كادىر ئىش ئورنى بويىچە تەربىيىلىنىپ گۇۋاھنامىگە ئېرىشتى. 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. ئۇچۇق دەرس ئۆتۈش، ئۈلگىلىك دەرس ئۆتۈش،

تەجرىبىلىك دەرس ئۆتۈش ، ئۆزئارا دەرس ئاڭلاش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرس تەييارلاش ، دەرس ئۆتۈش سەۋىيىسى ۋە مېتودىنى داۋاملىق ئۆستۈردى . بولۇپمۇ ياش ئوقۇتقۇچىلارغا بولغان تەلەپ ۋە تەربىيىنى كۈچەيتىپ ، ئۇلارنى بىر جەڭگىۋار قوشۇنغا ئايلاندۇردى . ئوقۇغۇچىلارنى بىرگە ماھىر ، كۆپكە قادىر قىلىپ تەربىيىلەش ئۈچۈن ئەجىر سىڭدۈردى . 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ ياناقلاشقان مەكتەپ بولۇپ ، ياتاقتا يېتىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار 300 نەپەر ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ 83.7% ىنى تاجىكلار ، 9.5% ىنى ئۇيغۇرلار ، 6.8% ىنى قىرغىز ئوقۇغۇچىلار تەشكىل قىلىدۇ .

ئوقۇتقۇچى ، ئوقۇغۇچىلار قوشۇنىنىڭ كۆپ مىللەتتىن تەركىب تېپىشى ، تىل جەھەتتىكى ئوقۇشماسلىق ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كېلىش مەنبەسىنىڭ تارقاق بولۇشتەك رېئال ئەھۋالغا ئاساسەن مەكتەپ يەنە ئوقۇغۇچىلارغا بولغان ئىدىيىۋى سىياسىي تەربىيىنى كۈچەيتتى . دۆلەت مائارىپ كومىتېتى تۈزۈپ تارقاتقان « ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار قائىدىسى » ( 10 ماددا ) « ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۈندىلىك ھەرىكەت ئۆلچىمى » ( 40 ماددا )نى قايتا - قايتا تەشۋىق قىلىپ ، ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇپ ، ھەممە ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ ماددىلارنىڭ روھىي - ماھىيىتىنى بىلىشىنى ئىشقا ئاشۇردى . بۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىياسىي ئېڭىنى ۋە پەننىي بىلىملەرنى ئۆگىنىش قىزغىنلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى . قائىدە - تۈزۈملەرگە رىئايە قىلىش ئاڭلىقلىقى ئۆستۈرۈلدى .

پامىر ئېگىزلىكىدىكى سەرىكوي دىيارىنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈشى تارقاق ، ھاۋا كىلىماتى شالاڭ ، تۇرمۇش

شارائىتى بىرقەدەر ناچار، ئوكسىگېن تولۇق يېتىشمەسلىكتەك جاپالىق مۇھىت كىشلەرنىڭ ساغلام ياشاش، ئۆسۈپ يېتىلىش، تەرەققىي قىلىش، ئۆگىنىش، خىزمەت قاتارلىق ئامىللارغا بىۋاستە تەسىر قىلماي قالمايدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا مەكتەپنىڭ بىر پۈتۈن ئوقۇتۇش سۈپىتىنى باشقا قېرىنداش ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى مەكتەپلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا بىرئاز تۆۋەن بولۇشتەك ئەھۋاللار ساقلانغان بولسىمۇ، يەنىلا پارتىيىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنىڭ ئىلھامى، ئوقۇتقۇچى - ئۇستازلارنىڭ جاپالىق ئىزدىنىشى، ئۆگىتىشى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قېتىرقىنىپ ئۆگىنىشى بىلەن يۇقىرى مەكتەپلەرگە چىقىش نىسبىتى تاشقورغاننىڭ تەبئىي شارائىتىغا ماس ھالدا يىلسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

بۇ مەكتەپ يەنە ئىمتىھان تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، ھەرقايسى پەنلەر بويىچە مەۋسۇملۇق، يىللىق ئىمتىھان سوئالىنى ئۆرۈمچىدىن كەلتۈرۈپ، شۇ سوئاللار بويىچە ئىمتىھان ئېلىشنى يولغا قويدى. ھەر ئوقۇش يىلى مەكتەپ بويىچە دەرس ئۆزلەشتۈرۈش نىسبىتى 71% كە، سىنىپ كۆچۈش نىسبىتى 85% كە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇراقلىشىش نىسبىتى 97% كە يەتكۈزۈلۈپ كەلدى. مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان 220 نەپەر ئوقۇغۇچى «3 تە ياخشى ئوقۇغۇچى» بولۇپ باھالىنىپ، بۇلاردىن بەزىلىرى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن، بەزىلىرى ۋىلايەت، ناھىيە ۋە مەكتەپ تەرىپىدىن تەقدىرلىنىپ مۇكاپاتلاندى. ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدىن ساقى زەرىكباي مەملىكەت تەرىپىدىن، سۇنجاڭ دۆشەنبە، ئابدۇرېھىم تۆمۈر، بەخمەل مانىك قاتارلىقلار ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن، داكە بابا، ھەيدەر قول مەنى، بەختى مامۇت، غوجامنىياز ئابدۇۋايىت،

تۇرسۇنخان تۇردى ، شانىياز كەپەل ، خالىدىن سابىر قاتارلىقلار ۋىلايەت تەرىپىدىن « ئالاھىدە ئوقۇتقۇچى » « ئۈزۈن سەپەر زەربىدارى » ، « خىزمەت ئىلغارى » ، « مۇنەۋۋەر سىنىپ مۇدىرى » « مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى » ، « مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى » قاتارلىق شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشىپ مۇكاپاتلاندى . مەكتەپ يەنە ۋىلايەت تەرىپىدىن 15 قېتىم ، ناھىيە تەرىپىدىن 57 قېتىم تۈرلۈك خىزمەتلەردە « تەجرىبىلىك ئوقۇتۇشتا ئىلغار ئورۇن » ، « ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە ياچېيكىسى »، « مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ » ، « ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەت ئىشلەشتىكى ئىلغار مەكتەپ » ، « مەنىۋى - مەدەنىيلىك ئىلغار ئورۇن » قاتارلىق ناملارغا ئېرىشىپ تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى .

مەكتەپ 43 يىللىق شانلىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈپ ، يۇقىرى مەكتەپلەر ۋە جەمئىيەت ئۈچۈن 5460 نەپەردىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ بەردى . بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلار 223 نەپەر ، تېخنىكومنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچى 404 نەپەر ، تولۇقسىزنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلار 1661 نەپەر بولۇپ ( يۇقىرىقى سان - سىپىرلار 1989 - يىلىدىن 1999 - يىلىغىچە بولغان سانلار ) ئالىي ۋە تېخنىكومنى پۈتكۈزگەنلەر ئىچىدە باكلاۋېرلىق ئۇنۋانىنى ئالغانلار 50 دىن ئاشىدۇ . ئالىم ، تەتقىقاتچى ، پارتىيە ، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى بولۇپ يېتىشىپ چىققانلاردىن : شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى دوكتور زەمىر سەيدۇللا ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىل فاكۇلتېتىدىكى پروفېسسور شېرىن قۇربان ، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ، ئاپتونوم

www.uyghurkitap.com

رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېت ھەيئەت ئەزاسى مىرزايى دوسمەمەت، ھاكىم روزى گۇلباي قاتارلىقلار 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىدى.

تاشقورغان 1 - ئوتتۇرا مەكتىپى — شۇبھىسىزكى، تاشقورغاننىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا، نامراتلىقنى تۈگىتىپ، بېيىش قەدىمىنى تېزلىتىشتە، ئوقۇ - ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈشتە جەزمەن چوڭ رول ئويناپ، سەرىكوي دىيارىدىكى ئىلىم - مەرىپەت بۇلىقى بولۇش نامىغا مۇناسىپ ھالدا تەرەققىي قىلىپ، روناق تاپقۇسى.

## تاشقورغان 1- ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلۇپ، ھازىرغىچىلىك مەكتەپ مۇدىرلىرى ۋە ئىلمىي مۇدىرلىرىنىڭ ئىسىملىك جەدۋىلى

| مەكتەپ مۇدىرلىرى | | | ئىلمىي مۇدىرلىرى | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ئىسىم فامىلىسى | مىللىتى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى | ئىسىم فامىلىسى | مىللىتى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
| مەنسۇرخان مولكىخان | تاجىك | 1959—1962 | تۇردى ئالماس | ئۇيغۇر | 1959 — 1969 |
| جۇمە رەممەت | تاجىك | 1963—1969 | سۇنجاك دۇشەنبە | تاجىك | 1969 — 1978 |
| تۇردى ئالماس | ئۇيغۇر | 1969—1977 | نۇراخۇن يۇسۇپ | ئۇيغۇر | 1982 — 1984 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| دادىخا غولامئەلى | تاجىك | 1973—1976 | ئوسمانچوك | ئۇيغۇر | 1982 — 1984 |
| ئابدۇراخمان زۇنۇن | ئۇيغۇر | 1976—1978 | شانىياز كەپەل | تاجىك | 1984 — ھازىرغا قەدەر |
| سۇنجاك دۇشەنبە | تاجىك | 1978 — 1998 | ھەيدەر قۇل مەنى | تاجىك | 1985 — 1986 |
| تۇراخۇن يۇسۇپ | ئۇيغۇر | 1984—1998 | داكە بابا | تاجىك | 1987 — 1995 |
| ئايزىم توختى | ئۇيغۇر | 1972—1984 | غوجامنىياز ئابدۇۋايىت | ئۇيغۇر | 1991 — 1999 |
| داكە بابا | تاجىك | 1998 — ھازىرغا قەدەر | ساقى زەرىكباي | تاجىك | 1997 — 2001 |
| ھەيدەر قۇل مەنى | تاجىك | 1994 — ھازىرغا قەدەر | بەخمەل مانىك | تاجىك | 2000 — 2001 |
| شىدۇك مەكتەپ ياچپىكسىنىك شۇجىسى | تاجىك | 1998 — 2001 | | | |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىلىش ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# پارس ـ تاجىكلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى يېزىق مەنبەداشلىقى ۋە ئۇنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى توغرىسىدا

## زەفەر ئاتاۋۇللا

پارس ـ تاجىكلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئوخشاشمىغان تىل سىستېمىسى ۋە ئوخشاشمىغان مەدەنىيەت كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ خەلقلەر بولسىمۇ، ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمي يەرلىك ئاھالىلىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن بىر ـ بىرىگە ئىجابىي تەسىرلەرنى كۆرسىتىپ، ئۆز مەدەنىيەت بۇلىقىنى ئۇلغايتىپ، ئۇلۇغ ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت بۆشۈكىنى ئورتاق بەرپا قىلغان. جۇغراپىيىلىك ئولتۇراقلىشىش جەھەتتە تاجىكلار ماكانلاشقان ئىككى دەريا ۋادىسى (ئامۇ ـ سىر دەريا ۋادىسى)، پامىر ھىندىقۇش تاغ ئېتەكلىرى بىلەن ئۇيغۇرلار ماكانلاشقان شىنجاڭ رايونى ئۆزئارا تۇتاش رايونلار بولۇپ (ھەممىسى ئوتتۇرا ئاسىيا دائىرىسىگە كىرىدۇ) قوشنا ۋە ئارىلاش ئولتۇراقلىشىپ، مەدەنىيەت جەھەتتە بىر ـ بىرىگە چوڭقۇر تەسىرلەرنى كۆرسىتىپ، ئۆز مىللىي مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرغان. تارىختىن ئېنىق ئايانكى بۇ كەڭ ماكاندا پارس ـ تاجىك خەلقلەر ھاكىمىيىتى ۋە تۈرك ـ

ئۇيغۇر خەلقلەر ھاكىمىيتى سەلتەنەت سۈرگەن. مىلادىيدىن بۇرۇنقى VII — VIII ئەسىرلەردىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخىي سەھنىسىدە سوغدىيانا دۆلىتى، باكتىرىيە ( توخارىستان ) دۆلىتى، خارەزم دۆلىتى، پېرسىيە ئىمپېرىيىسى، سىلىۋكىلار خاندانلىقى، كوشان خانلىقى، ساسانىيلار خانلىقى، تاھىرلار سۇلالىسى، سافارىيلار سۇلالىسى، سامانىيلار سۇلالىسى، گور خاندانلىقى قاتارلىق سىياسىي ھاكىمىيەتلەر پارس - تاجىك خەلقلىرىنىڭ ھاكىمىيەتلىرى ھېساپلانسا، مىلادى VI — VII ئەسىردىن ئېتىبارەن شەكىللەنگەن كۆك تۈرك خاندانلىقى، غەزنەۋىيلەر سۇلالىسى، قاراخانىيلار سۇلالىسى، سالجۇقىيلار ئىمپېرىيىسى، خارەزم، ئوسمان ئىمپېرىيىسى، قوقان خانلىقى، سەئىدىيە خانلىقى قاتارلىق سىياسىي ھاكىمىيەتلەر تۈرك - ئۇيغۇر خەلقلىرىنىڭ ھاكىمىيەتلىرى ئىدى. گرېك ئىمپېرىيىسى، موڭغۇل ئىمپېرىيىسى، چاغتاي خانلىقى، تۆمۈرىلەر ئىمپېرىيىسى قاتارلىق ھاكىمىيەتلەر ئىستېلاچىلار ھاكىمىيەتلىرى ياكى ئارىلاشما ھاكىمىيەتلەر ئىدى. ئوخشاش سىياسىي ھاكىمىيەتلەر ھۆكۈمرانلىقىمۇ پارس - تاجىك مەدەنىيىتى بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى مۇئەييەن دەرىجىدە يېقىنلاشتۇردى.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يەرلىك ئاھالىلىرى بولغان بۇ ئىككى مىللەتنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى شۇنى كۆرسەتتىكى، ئارىئانلار جۈملىدىن شەرقىي ئىران قەبىلىلىرىدىن بولغان ساكلار، سوغدىلار، توخرىلار بۇ ئىككى مىللەتنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى شەكىللەندۈرۈشتە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. بۇ ھەقتە ئاتاقلىق ھازىرقى زامان تاجىك تارىخشۇناسى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى پەن - مەدەنىيەت، مائارىپ

مۇئەسسەسەلىرى ، خەلقئارا ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ سابىق رەئىسى ، ئاكادېمىك تاجىك تارىخشۇناس باباجان غاپۇرۇپ « تاجىكلار تارىخى » ناملىق كىتابىدا « شەرقىي ئىران قەبىلىلىرى ئىتتىدائىي دەۋردىن تارتىپلا ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشاپ كەلگەن ، خىلمۇخىل ئىرق تەركىبلىرىنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا شەكىللەنگەن . كېيىنكى چاغلاردا شەرقىي ئىران قەبىلىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بارلىق مىللەتلەرنى شەكىللەندۇرۇشتە تەركىب بولغان . ئۇلار يالغۇز تاجىك مىللىتىنى شەكىللەندۇرۇپلا قالماي ، بەلكى يەنە تۈركىي مىللەتلەرنىڭمۇ تەركىبىي قىسمى بولغان . مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا قەدىمكى شەرقىي ئىران قەبىلىلىرىنى تاجىكلارنىڭ بىۋاسىتە ئەجدادى دېيىشكە ، تاجىكلارنىڭ ئۆزىنى بولسا تەكتىدىن ئىران قەبىلىلىرىدۇر دېيىشكە بولىدۇ . تامامەن تەسەۋۋۇر قىلىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى شەرقىي ئىران قەبىلىلىرى بىلەن تۈرك قەبىلىلىرى قەدىمدىن تارتىپ يېقىن قوشنىلاردۇر » ① « ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقات نەتىجىلىرىگە قارىغاندا يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدىكى ئاسىيا قەبىلىلىرى بىلەن ئەينى ۋاقىتتا ئورال ئەتراپى ، سىبىرىيە ، شىنجاڭ ، قارا دېڭىز ساھىلى شۇنداقلا مېسوپوتامىيە » ئىران ۋە ھىندى ئوكيان بويلىرىدا ياشىغان قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدا مەدەنىيەت ۋە تارىخىي ئالاقىلەر مەۋجۇت بولغان ② مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا يېڭى تاش قورال دەۋرىدىن تارتىپلا پارس ـ تاجىك قەبىلىلىرى بىلەن تۈرك

---

① ب . گ غاپۇرۇپ ، « تاجىكلار تارىخى » 1 ـ قىسىم قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 50 — 51 ـ بەتلەر .

② ب . گ غاپۇرۇپ « تاجىكلار تارىخى » 1 ـ قىسىم قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 15 — 16 ـ بەتلەر .

قەبىلىلىرى ئارىسىدا ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش بولغان . شىنجاڭنىڭ ئەڭ قەدىمكى يەرلىك ئاھالىلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى شۇنى كۆرسەتتىكى بۇ مۇقەددەس زېمىندا مىلادىيىدىن نەچچە ئون ئەسىر ئىلگىرىلا ئارىئانلار ۋە شەرقىي پارس تىللىق ساكلار ، سوغدىلار، توخارلار ياشىغان . بۇ قەبىلىلەر تاجىكلار بىلەن تىل ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە زىچ ئورتاقلىققا ئىگە . كېيىنكى دەۋرلەردە ئەنە ئاشۇ قەبىلىلەر تاجىك مىللىتىنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى . جۈملىدىن شىنجاڭ رايونىدا ياشىغانلىرىنىڭ بىر قىسمى ھازىرقى شىنجاڭ تاجىكلىرىنى شەكىللەندۇرسە ، يەنە بىر قىسمى ئۇيغۇر مىللىتىنى شەكىللەندۇرۇشتە مۇھىم رول ئوينىدى . شۇنىسى ئېنىقكى بۇ ئىككى مىللەتنى شەكىللەندۇرۇشتە مۇھىم رول ئوينىغان ئىكەن بۇ ئىككى مىللەت مەدەنىيىتىمۇ چوقۇم گىرەلەشتۇرۇلدى .

ھەممىمىزگە ئايانكى ، تاجىكلار ھىندى - ياۋروپا ئىرقىغا تەۋە مىللەت . تاجىك تىلى بولسا ھىندى ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىنىڭ ئىران تىل ئائىلىسىگە يەنى شەرقىي ئىران تىلى تارمىقىغا كىرىدۇ ( تەلەپپۇز ۋە بىر قىسىم سۆز - ئىبارىلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ھېسابقا ئالمىغاندا ھازىرقى ئىران تىلى بىلەن ئوخشاش ) . مۇشۇ مەنىدىن بىر قىسىم مىللەتشۇناسلار بۇ ئىككى مىللەتنى ھېچقانداق قانداشلىق مۇناسىۋىتى يوق مىللەتلەر دەپ قارايدۇ . ئەمەلىيەتتە بۇ توغرا ئەمەس . بۇ مەسىلىنى بۇ ئىككى مىللەتنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىش ئارقا كۆرۈنۈشىنى چوقۇم تەتقىق قىلغاندىلا ئاندىن مۇئەييەن ئىلمىي نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ . يۇزەكى ھالدىلا ئىككى خىل ئىرق ، ئىككى خىل تىل سىستېمىغا قاراپلا ھۆكۈم چىقىرىش بىرخىل دوگما قاراش بولۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھېسابلىنىدۇ، خالاس. بۇ ئىككى مىللەتنىڭ ئېتنىك مەنبەسى جەھەتتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا تاجىكلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ قانداشچىلىقىنىڭ بەزى تۈركىي مىللەتلەرگە قارىغاندا بىرقەدەر يېقىن ئىكەنلىكىگە مەلۇم دەرىجىدە ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ. بۇ ھەقتە تاجىكلار ئارىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەتمۇ ساقلانغان.

قەدىمكى ئىراندا ئۆتكەن فەرىدۇن ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ ئىككى ئوغلى بولغان ئىكەن، بىر سىنىڭ ئىسمى «ئىر» يەنە بىر سىنىڭ ئىسمى «تۇر» ئىكەن، «ئىر»دىن ئىرانلار، «تۇر»دىن تۇرانلار كېلىپ چىققان.

ئىسلام رىۋايەتلىرىدىمۇ بىر تۇغقان ھەم، سامدىن ئىرانلار بىلەن تۇرانلار كېلىپ چىققان دەپ قەيت قىلىنىدۇ.

رىۋايەت ئەلۋەتتە تارىخىي پاكىت ئەمەس. لېكىن، بۇ تەتقىق قىلىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدىغان مەسىلىلەرنىڭ بىرسى.

مەشھۇر تىلشۇناس، ئېنسىكلوپېدىك ئالىم، ئۇيغۇر خەلقلىرىنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بۈيۈك ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» (دىۋانى لۇغەتىت تۈرك)دىمۇ «باشسىز بۆك بولماس، تاتسىز ① تۈرك بولماس» دېگەن مىسرا ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىنمۇ تاجىكلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ چەمبەرچاس باغلانغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز.

يىپەك يولى مەدەنىيىتىنى يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرۈشتە بۇ ئىككى مىللەتنىڭ رولى تارىخ بېتىنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. «تارىم ۋادىسى، پامىر ئېگىزلىكى، ئامۇ ـ سىر دەريا بويلىرى ۋە ئىران

---

① «تات» ـ تاجىك مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن سۆز.

ئېلى يېپەك يولىنىڭ بىۋاستە ئۆتۈشمىلىرى ۋە ئاۋات يەرلىرى ئىدى. بۇ ئۆتۈشمىلەردىكى بېرىش - كېلىشلەرمۇ بۇ ئىككى مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىش ۋە ئۆتۈشۈشىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. جۈملىدىن بۇ ئىككى مىللەتنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشى، باشقا ئەللەر مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت بولىقىنى زورايتىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، بۇ ئىككى مىللەت مەدەنىيىتىنى يىپەك يولى مەدەنىيىتى كاتېگورىيىسىگە ئومۇملاشتۇردى.

دىن تارىختا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. بۇ ئىككى مىللەت دىنىي جەھەتتىمۇ مەيلى ئېپتىدائىي دىنلار بولسۇن، مەيلى بۇددا ئىسلام دىنى بولسۇن ئىزچىل ئېتىقاد ئورتاقلىقىغا ئىگە. بولۇپمۇ زورۇئاستېرۇ (زەردۇش دىنى، ئاتەشپەرەسلىك دىنى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دىنى، مانى دىنى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ تاجىك ئەجدادلىرى ۋە تاجىكلار ئارقىلىق تاقلىپ ئورتاقلىشىشى بۇ ئىككى مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا زەردۇش دىنى، مانى دىنى ۋە ئىسلام دىنى مەدەنىيىتى كاتېگورىيىسىگە ئومۇملاشتۇردى.

ئەنە ئاشۇ باغلىنىشلار ۋە ئورتاقلىقلار ئاساسىدا بۇ ئىككى مىللەتنىڭ ئىدىيە، پەلسەپە، دىن - ئېتىقاد، تىل - يېزىق، ئەدەبىيات - سەنئەت، ئۇسسۇل - مۇزىكا، ئەخلاق ۋە تۇرمۇش شەكىللىرى بەلگىلىك گىرەلەشمە مۇناسىۋەتنى ھاسىل قىلغان. بولۇپمۇ تىل، يېزىق، ئەدەبىيات - سەنئەت جەھەتتىكى گىرەلەشمە مۇناسىۋەت خېلى گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ.

تىل جەھەتتىكى ئورتاقلىقتىن ئېلىپ ئېيتساق: يەنى قانداقتۇر ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇملىشىشى ئارقىلىق شەكىللەنگەن

www.uyghurkitap.com

ئورتاقلىق بولماستىن ، بەلكى ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىلا تىل جەھەتتە نۇرغۇن ئورتاقلىقلارنىڭ بارلىقىنى بولۇپمۇ ئۇيغۇر تىلىغا خاس چارۋىچىلىق ئاتالغۇلىرىنىڭ تاجىك تىلىغا ، تاجىك تىلىغا خاس نۇرغۇن سۆز ، سۆز بىرىكمىلىرى ۋە باغلىغۇچىلارنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا ئومۇملاشقانلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز . بۇ جەھەتتە «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى »نى كۆرسەكلا كۇپايە قىلىدۇ . بۇ ماقالىنىڭ ئاساسلىق قىسمى تىل ھەققىدە بولمىغانلىقتىن تەپسىلىي توختالمايمىز .

ئەدەبىيات - سەنئەت جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ نۇرغۇن ئوخشاشلىقلار مەۋجۇت ، يەنى قەدىمكى ئەپسانە ، رىۋايەتلەر ، ماقال - تەمسىللەر ، يازما ئەدەبىي ئەسەرلەر سېلىشتۇرما ئەدەبىياتنىڭ ئانالىز قىلىشىنى ، سېلىشتۇرۇشنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈۋاتىدۇ . بولۇپمۇ يازما ئەدەبىي ئەسەرلەر جەھەتتىكى ئوخشاشلىق بۇ ئىككى مىللەت مەدەنىيىتى ئىسلام مەدەنىيىتى كاتېگورىيىسىدە ئورتاقلاشقاندىن كېيىن ئۈزلۈكسىز شىددەت بىلەن زورىيىپ باردى . بەزى تاجىك - پارس كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ نامايەندىلىرىدىن روداكى ، جالالىدىن رومى ، ناسىر خىسراۋ ، ئەبۇ ئەلى ئېبنىسىنا ، ئەبۇ رەيھان بىرونى شەيخ سەئىدى . فىردەۋسى ، ئابدۇراخمان جامى ، ئابدۇقادىر بېدىل ئەسەرلىرى پۈتكۈل شىنجاڭ دائىرىسىدە كەڭ تارقالدى ، مەدرىسەلەردە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى دەرسلىك قىلىپ ئۆتۈلدى . شۇنىڭدەك جاھانغا مەشھۇر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ نامايەندىلىرىمۇ ئوتتۇرا ئەسىر دەرى تىلى ( تاجىك ئەدەبىي تىلى ، پارس تىلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ ) بىلەن كۆپلىگەن نادىر ئەسەرلەرنى يېزىپ ، بۇ ئىككى مىللەت ئەدەبىياتىنى چەمبەرچاس باغلىدى .

مانا مۇشۇنداق ئورتاقلىق ، گىرەلەشمە مۇناسىۋەت ۋە

باغلىنىش يېزىق جەھەتتە مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ . بۇ ماقالىدە يېزىق جەھەتتىكى ئورتاقلىق ھەققىدىكى قارىشىم بىلەن كىتابخانلار بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن .

## 1 . تۈرك ـ رونىك يېزىقى

بۇ يېزىقنى ئۇيغۇرلار بىرقەدەر ئۇزاق ۋاقىت ۋە ئەڭ بۇرۇن ئىشلەتكەن يېزىق بولۇپ « بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز » دېگەن كىتابتا كۆرسىتىلىشىچە بۇ يېزىق ئىراندا قوللىنىپ ئۆتكەن ئەدرەم يېزىق سىستېمىسىغا كىرىدىغان ، « ئاۋستا » يېزىقى شەكلىدىن بۇرۇنقى شىناتارشا يېزىقى ئاساسىدا تۈزۈلگەن . بۇ يېزىقنى تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر مىلادىيە IX ئەسىرگىچە قوللانغان ، ئورخۇن ـ يېنسەي دەريا بويلىرى ، تۇرپان مىڭ ئۆي تاملىرىدا بۇ خىل يېزىقتا يېزىلغان ۋەسىقىلەر خېلى كەڭ ئۇچرايدۇ . « تۈركىي تىللار دىۋانى »دا بۇ يېزىقنىڭ نۇسخىسى كۆرسىتىلگەن .

بۇ خىل يېزىق بىلەن مەنبەداش يېزىق « ئاۋستا يېزىقى » بىلەن تاجىك پۇشتىدىن بولغان زەردۇشنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئوت تەڭرىسىگە نەزىر ـ چىراغ قىلىپ ئىجاد قىلغان « زەردۇش » دىنىنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى « ئاۋستا » داستانىنىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى 1 ـ مىڭ يىللىقلارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا مەنسۇپ ئەسەر «ياشتى » [1] يېزىلغان [2] بۇ يېزىقنى تاجىك ئەجدادلىرى مىسمارى (مىخ يېزىقى ) يېزىقىدىن كېيىن ئىشلەتكەن يېزىقلارنىڭ بىرى . « تاجىكلار تارىخى »دا كۆرسىتىلىشىچە

---

① « ئاۋستا » داستانىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى .

② ب . گ غاپۇروۋ « تاجىكلار تارىخى » ئۇيغۇرچە نەشرى 52 ـ بەت 1 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاھمانىيلار ( ئاكامىد ) سۇلالىسى ( مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 558 ـ 330 ـ يىللار ) دەۋرىدە تاجىك قوۋم ئىرانلىقلارنىڭ شىناتارشا يېزىقى ئاساسىدىكى 40 ھەرپتىن تەركىب تاپقان يېزىق ئىشلەتكەن①. بۇ خىل يېزىقنى تاجىك ئەجدادلىرى يەنە دەل مۇشۇ يېزىق ئاساسىدا تۈزۈلگەن سوغدى يېزىقنى قوللانغاندىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا ئىشلەتمەيدىغان قالغان. تارىخىي ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە بۇ يېزىقتا يېزىلغان ۋەسىقىلەر ئافغانىستان، تاجىكستان، ئۆزبېكىستان دائىرىلىرىدە خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. تارىخىي ماتېرىياللار ۋە تاجىكلار تارىخىدا كۆرسىتىلىشىچە « مىلادىيىدىن بۇرۇنقى XII ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا يېزىلغان ئاسرىيە خاتىرىلىرى (ئاسرىيە پادىشاھلىرىنىڭ ئەلچىلىرى پادىشاھىغا يازغان مەكتۇپلار) مۇشۇنا تارىشا يېزىقى شەكلىدە يېزىلغان.

## 2 . سوغدى يېزىقى

سوغدىلار ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان شەرقىي ئىران قەبىلىسى. ئۇلار مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1 ـ مىڭ يىللىقلارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئامۇ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمى، زەرەپشان دەريا ۋادىسى ۋە قاشقا دەريا ۋادىلىرىدا ياشىغان ۋە پارلاق مەدەنىيەت ياراتقان. كېيىنكى مەزگىللەردە سوغدىيانا دۆلىتىنى قۇرغان.② تارىخىي ماتېرىياللاردا بولۇپمۇ لوپنۇر، دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ھۆججەتلەردە قەيت قىلىنىشىچە 7 ـ ئەسىردە سوغدىلار لوپنۇر كۆلىنىڭ جەنۇبىدا تۆت شەھەر بەرپا قىلغان.

سوغدىلار تىجارەتكە ئەڭ ماھىر خەلقلەر بولۇپ ئوتتۇرا

---

① ب . گ غاپۇرۇپ « تاجىكلار تارىخى » ئۇيغۇرچە نەشرى 87 ـ بەت.
② تاجىكلار تارىخى ب.گ غا پۇرۇپ ئۇيغۇرچە 65 ـ بەت

ئاسىيا رايونىدىن VI — VII ئەسىرلەردە لوپنور كۆلى ۋە موڭغۇل يايلاقلىرىغىچە بېرىپ تىجارەت قىلغان. شۈبھىسىزكى ئۇلار بارغانلا يېردە سوغدى يېزىقىنى قوللانغان.

پەرغانە ئويمانلىقىدا ( تاجىكىستان ۋە ئۆزبېكىستان تەۋەسىدە ) ياشىغان سوغدىلار مىلادىيە III ئەسىردىن باشلاپ ئاۋستا يېزىقى① ئاساسىدا يېزىق ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىپ ئۆزلىرىنىڭ تىلى شەرقىي ئىران شېۋىسىنى يازغان. تىلشۇناسلار بۇ يېزىقنى سوغدى يېزىقى دەپ ئاتايدۇ ( بەزى ماتېرىياللاردا ئىران پەھلىۋى يېزىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ ). مىلادىيە V ئەسىرلەردە بۇ يېزىق خەلقئارالىق سودا مۇئامىلە يوللىرىدا راۋان قوللىنىدىغان يېزىقنىڭ بىرى بولۇپ قالدى ( بۇ يېزىق قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ « تۈزۈلۈشىگىمۇ پۇختا ئاساس بولدى »②. تۇرپاندىن مىلادى V — VI ئەسىرگە تەئەللۇق بۇددىزم ئەسەرلىرى، ئورخۇن ۋادىسىدىن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ( 640 - يىلدىن 840 - يىلغىچە ) زامانىدا تىكلەنگەن سوغدى يېزىقىدا يېزىلغان مەڭگۈ تاشلار تېپىلدى. سوغدى يېزىقى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ تۈزۈلۈشىگىمۇ پۇختا ئاساس بولدى ③ ۋە سوغدى يېزىقى ئاساسىدا تۈزۈلگەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئارقىلىق موڭغۇل، مانجۇ، شىبە يېزىقلىرى تۈزۈپ چىقىلغان. بەزى رايونلاردا بولۇپمۇ تۇرپاندا XV ئەسىرگىچە، گەنسۇدا XVII ئەسىرگىچە بۇ يېزىق قوللىنىلغان ④.

گېرمانىيە فېدېراتىپ جۇمھۇرىيىتى ھامبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ئا. ۋ. گابائىن « قۇجۇ ئۇيغۇر

---

① بۇ يېزىقمۇ ئىران شىناتارشا يېزىقى شەكلىدىن ئۆزگەرتىلگەن يېزىق.
② « بىزنىڭ تارىخىي يېزىقىمىز » قۇربان ۋەلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 122 - بەت.
③ « بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز » 125 — 126 - بەتلەر.
④ « بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز » 125 — 127 - بەتلەر.

خانلىقى » ماقالىدە « قوجو ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىي ھاياتى ھەققىدە توختىلىپ ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ غەربىي قوشنىسىدىن يېزىق مەدەنىيىتى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈردى » دېگەن. بۇ دەل قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ سوغدى يېزىقى ئاساسىدا تۈزۈلگەنلىكىنى كۆزدە تۇتقان ①.

## 3. مانى يېزىقى

مىلادىيە 247 ـ يىلى ئىراندا مانى دىنى بارلىققا كەلگەندە سورىيە يېزىقى ئاساسىدا مانى يېزىقى تۈزۈلگەن ۋە مانى دىنىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقىلىشى بىلەن كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنىدا مانى يېزىقى ئاساسلىقى دىنىي ۋەسىقلەرنى يېزىشتا مۇھىم رول ئوينىدى. 762 ـ يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خانى ئىلتېكىن (بۆگۈقاغان) مانى دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتتى. شۇنىڭ بىلەن مانى دىنى ھۆكۈمران دىن ئورنىغا ئۆتتى ②. شۇنىڭدىن باشلاپ مانى يېزىقى تاجىك ـ پارس ـ پەھلىۋە تىلىنى يازىدىغان يېزىق بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇيغۇر تىلىنىمۇ يازىدىغان يېزىققا ئايلاندى.

مىلادىيە 981 — 984 ـ يىلى سۇڭ سۇلالىسىدىن قوجو ئۇيغۇر خانلىقىغا ئەلچى بولۇپ كەلگەن سەييياھ ۋاڭ يەندى «تۇرپانغا ساياھات» ناملىق ئەسرىدە تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ھەققىدە توختىلىپ « خەلقى نەغمە ـ ناۋاغا ئامراق، سەپەرگە چىقسا

---

① . ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى، ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىن مىللەتلەر نەشرىياتى

② .« بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز » قۇربان ۋەلى 122 ـ بەت.

يېنىدىن ساز ئايرىمايدۇ. نۇرغۇن ئورۇنلاردا بۇددا دىنى ئىبادەتخانىلىرى، مانى دىنى ئىبادەتخانىلىرى، ئىران راھىبلىرى بار» ①دېمەك مانى دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا خېلى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. بۇددا دىنى بىلەن تەڭ رەۋىشتە راۋاجلانغان. جۈملىدىن مانى يېزىقىمۇ ئوخشاشلا مەلۇم دائىرىدە قوللىنىلغان.

## 4. توخرى يېزىقى

توخرىلار — ئامۇ سىردەرياسى ۋادىسى ۋە ھازىرقى ئافغانىستان تەۋەسىدە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ۋە توخارىستان (چەت ئەل تەتقىقاتچىلىرى باكتېرىيە دۆلىتى دەپمۇ ئاتايدۇ) دۆلىتىنى قۇرغان. ئۇنىڭ تېررىتورىيىسى ھىندىقۇش تاغلىرىنىڭ قايراقلىرى، ھازىرقى تاجىكىستانىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى، جەنۇبىي ۋە شىمالىي قىسمى، شۇنداقلار ھازىرقى ئۆزبېكىستانىنىڭ سورخان دەريا ئويمانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. توخارىستان ئۆزىنىڭ ئاۋاتلىقى بىلەن مەشھۇر بولغان ۋە «شەھەرلەرنىڭ ئانىسى» دەپ نام ئالغان. بۇ شەھەر مىلادىيىدىن خېلى بۇرۇنلا بەرپا قىلىنغان ② بۇ شەھەر ھەققىدىكى مەلۇماتلار «ئاۋستا» داستانىدا خېلى كەڭ ئۇچرايدۇ. تارىخىي ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە بۇددا دىنى ھەققىدىكى ئەسەرلەرنى تۇنجى قېتىم ئاغزاكى سۆزلەپ بېرىپ، بۇ دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقىلىشىغا يول ئاچقان كىشى دەل توخرىلاردىن

---

① ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تىزىسلىرى ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىن مىللەتلەر نەشرىياتى 145 ـ بەت. سۇڭ سۇلالىسى تارىخى، قوجو ۋاڭيەندى سەپەر خاتىرىسىدىن

② تاجىكلار تارىخى 65 ـ بەت. ب. گ غاپۇرۇپ ئۇيغۇرچە نەشرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىكەن . توخرى تىلىدا ( ھىندى ياۋروپا تىللار سىستېمىسىنىڭ شەرقىي ئىران تىلىدا سۆزلىشىدۇ . ) سۆزلىشىدىن خەلقلەر جۇڭگو بىلەن غەربىنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان ①. تارىخىي ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە توخرىلار مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى XII ئەسىرلەردىلا يېزىق ئىشلەتكەن .

تاجىكلار تارىخىدا كۆرسىتىلىشىچە مىلادىيىدىن بۇرۇنقى XI ئەسىردە باكتېرىيىلىكلەر ( توخارىستانلىقلار ) ۋە كۆچمەن چارۋىچى ساكلار مىدىيىلىكلەرنىڭ ئاسرىيىلىكلەرگە قارشى كۈرىشىگە قاتناشقان ھەمدە ئۆزئارا مەكتۇپ يېزىشقان . مەكتۇپلاردا تاجىكلار ئەجدادلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بايلىقىغا چاڭ سېلىۋاتقانلارغا قارشى كۈرەشكە مۇناسىۋەتلىك ئەڭ قەدىمىي خاتىرىلەر ساقلانغان . شىنجاڭدا توخرىلار ئاساسلىقى قارا شەھەر، كۇچا ئەتراپىدا ياشىغان ھەمدە توخرى يېزىقىنى ئىشلەتكەن . بۇ يېزىقنىڭ ھەرپلىرى براھمى يېزىقىنىڭ گۇپتاخانلىقى دەۋرىدىكى شەكلى ئاساسىدا تۈزۈلگەن . شىنجاڭدىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلارغا ئاساسەن بۇ يېزىقنى V — VIII ئەسىرلەردە قوللىنىلغان دەپ قارايدۇ . بۇ يېزىقتىكى يازما يادىكارلىقلار تۇرپان بولۇپمۇ قارا شەھەردىن كۆپلەپ تېپىلىۋاتىدۇ .

## 5 . ساك يېزىقى

تارىخىي ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە شەرقىي ئىران قەبىلىلىرى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2 ـ مىڭ يىللىقلار بىلەن 1 ـ مىڭ يىللىقلار گىرەلىشىۋاتقاندا شەكىللەنگەن . ئەڭ قەدىمكى

---

① « بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز » قۇربان ۋەلى ئۇيغۇرچە 134 ـ بەت .

شەرقىي ئىران قەبىلىسى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ پايانسىز يايلاقلىرىنى ئىگىلەپ ئولتۇراقلاشقان كۆچمەن چارۋىچى ساكلاردۇر ①. شاھىنشادارا I ② ھەققىدىكى مىخ يېزىق ③ ئاپىرىسىدە ساكلارنىڭ ئۈچ گۇرۇھى تىلغا ئېلىنغان. ئۇلار ئاساسلىقى پامىر، پەرغانە، ھازىرقى قىرغىزىستان، قازاقىستاندا ئاساسلىقى يەتتەسۇدا ياشىغان④. باشقا تارىخىي ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە تارىم دەريا ۋادىسى، ئىلى ۋىلايىتى ۋە خېشى كارىدورىدىمۇ ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپلا ساكلار ياشىغان. ئېنىقكى ساكلار ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى شەكىللەندۇرۇشتە مۇھىم تەركىب بولغان.

ساكلار ئۇرۇش ئىلاھىغا نەزىر قىلىش ئۈچۈن قىلىچنى يەرگە سانجىپ قويۇپ قان ۋە سۇتنى سېپەتتى ⑤. بۇ ئەھۋال مېنىڭچە تاجىكلاردىكى رەڭ چۈشەنچىسىنىڭ قەدىمكى ئىزنالىرىدىن بولسا كېرەك. تاجىكلاردا ئەڭ ئۇلۇغلىنىدىغان رەڭلەر ئاق ۋە قىزىل رەڭدۇر. ساك يېزىقىمۇ قەدىمكى ھىندىستاننىڭ گۇپتاخانلىقى دەۋرىدە قوللىنىلغان يېزىق شەكلىدىن تۈزۈلگەن. بۇ يېزىق تۈز سىزىقلىق بىراھمى يېزىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ ⑥. بۇ يېزىق ھەققىدىكى يازما ماتېرىياللار خوتەن دائىرىسىدىلا ئەمەس،

---

① تاجىكلار تارىخى ب. گ غاپۇرۇپ 68 ـ بەت يىللاردا پېرسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ شاھى بولغان

② دارار I ئىرانىنىڭ شاھشاھى تەيخسىراۋنىڭ ۋارىسلىرىدىن بولۇپ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 552 ـ 486

③ فارس ـ تاجىكلار ئىشلەتكەن يېزىقلارنىڭ بىرى.

④ تاجىكلار تارىخى ب. گ.غا پۇرۇپ ئۇيغۇرچە 39 ـ، 40 ـ 41 ـ بەتلەر

⑤ تاجىكلار تارىخى ب. گ. غاپۇرۇپ ئۇيغۇرچە 45 ـ بەت

⑥ «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز» قۇربان ۋەلى ئۇيغۇرچە 136 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بەلكى مارالۋېشى، تۇرپان دائىرىسىدىنمۇ تېپىلدى. شىنجاڭدا تېپىلغان بۇ يېزىقنىڭ يىل دەۋرىنى چەت ئەل تەتقىقاتچىلىرى مىلادى VI — X ئەسىرلەرگە تەئەللۇق دەپ قارايدۇ. ئەمما، بۇ يېزىقنى ئامۇ ـ سىر دەريا ۋادىلىرى ۋە پەرغانە ئويمانلىقىدا ياشىغان ساكلار مىلادىيىدىن بۇرۇنلا ئىشلەتكەنلىكى مەلۇم. ئاھمانلار سۇلالىسى دەۋرىدە ساكلار ئىران شىناتارشا يېزىقىنى ئىشلەتكەن.

ساكلارنىڭ تىلى دەسلەپكى تەتقىقاتلاردا ئىران تىلى دەپ ئاتالغان ئىدى. كېيىنكى تەتقىقاتلاردا شەرقىي ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ تىلى ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى ①. ساك تىلى تەتقىقاتچىلىرى ئىنچىكىلىق بىلەن تەكشۈرۈش بولۇپمۇ تاشقورغان يەرلىك تاجىك تىلىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، تاشقورغان يەرلىك تاجىك تىلىدا ساك تىلىنىڭ ئەڭ كۆپ ساقىندىلىرىنىڭ ساقلانغانلىقىنى ئېنىقلىدى. بۇ ھەقتىكى تەتقىقات ئىنچىكىلىك بىلەن ئېلىپ بېرىلماقتا.

## 6. سانسكرىت يېزىقى ۋە كارۇشتى يېزىقى

بۇ يېزىقلار قەدىمكى ئارىئانلارنىڭ ئەدەبىي يېزىقىدۇر. بۇ يېزىقلاردا ئاساسەن قەدىمكى ھىندىستاننىڭ شىمالىي ۋە غەربىدىكى ئارىئان شېۋىسى يېزىلغان. شىنجاڭنىڭ خوتەن، كۇچا، مارالۋېشى، تۇرپان قاتارلىق رايونلىرىدىن بۇددا دىنىغا ئائىت سانسكرىتچە ئەسەرلەر تېپىلدى. تەتقىقاتچىلار بۇ يېزىقنى مىلادىيە III — VIII ئەسىرلەرگە مەنسۇپ دەپ قارىماقتا ②. بۇخىل يېزىقتىكى

---

① «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز» قۇربان ۋەلى ئۇيغۇرچە 131 ـ بەتلەر

② بىزنىڭ تارىخ يېزىقلىرىمىز قۇربان ۋەلى ئۇيغۇرچە 151 ـ بەت

ماتېرىياللار ئوخشاشلا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھىندىستاندىن كۆپلەپ تېپىلدى. بۇ يېزىق II — III ئەسىرلەردە بۇددا دىنىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن ئومۇملاشتۇرۇلغان كارۇشتى يېزىقى چەتكە قېقىلدى. ئارخېئولوگلار پاكىستاندىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 251 - يىلدىكى «ئاسوكاخان يارلىقى مەڭگۇ تېشىنى تاپتى». ئوخشاشلا تاجىكىستان، ئافغانىستان رايونلىرىدىنمۇ بۇ ئىككى خىل يېزىققا ئائىت ۋەسىقىلەر تېپىلدى.

## 7. پارس يېزىقى

IX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ماۋرا ئۇننەھرى رايونى ساماني جەمەتىنىڭ① ۋەكىللىرى باشقۇردى ۋە سامانىيلار خاندانلىقى قۇرۇلدى. تاجىك مىللىتىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى سامانىيلار سۇلالىسى ماۋرا ئۇننەھرى رايونى ۋە خوراسانغا② ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە ئورۇندالدى. كۆپلىگەن مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى قايتىدىن گۈللىنىپ، قىممەتلىك مەدەنىيەت يارىتىلدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەبىلىلەر (ئاساسلىقى شەرقىي ئىران قەبىلىلىرى) سىڭىشىش، بىر گەۋدىلىشىش ئارقىلىق مىللەتكە ئايلىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. سوغدىيانا (سوغدىلار شەھىرى) توخارىستان ۋە خوراساندىن ئىبارەت ئۈچ رايون چېگرىلىنىدىغان جايدىكى ساكلار، توخرىلار، سوغدىلارنىڭ يەرلىك شېۋىلىرى ئاساسىدا ئەينى ۋاقىتتىكى تاجىكلارنىڭ «دەرى» تىلى دەپ ئاتالغان ئومۇمىي خەلق تىلى

① تاجىك خان جەمەتلىرىنىڭ بىرى.

② ئىراننىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى چوڭ ئۆلكىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىنىڭ www.uyghurkitap.com

شەكىللەندى. تاجىكلارنىڭ ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشكەن سامانىيلار سۇلالىسى قۇرۇلدى. بۇھال تاجىك مىللىتىنىڭ شەكىللىنىش جەريانىنىڭ ئورۇنلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. تاجىكلارنىڭ ئەدەبىي تىلى بولغان دەرى تىلىنىڭ ئورنى يۈكسەك دەرىجىدە كۆتۈرۈلدى. بۇتىل پارس تىلى ( پەھلىۋى تىلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ ) نامى بىلەن، تاجىك ئەدەبىياتى بولسا پارس ئەدەبىياتى نامى بىلەن كەڭ قوللىنىلىشقا باشلىدى. ئەمەلىيەتتە ھازىرمۇ بىرقىسىم كىشىلەر پارس - تاجىك تىللىرىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ماھىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا بەزى چەت ئەل تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر ۋە ئىنتوناتسىيە جەھەتتىكى پەرقنى ھېسابقا ئالمىغاندا تاجىكىستان ۋە ئىران تىلى ئوخشاش بىر خىل تىل ئەينى ۋاقىتتا ئەرەب تىلىنىڭ كۈچلۈك ھۇجۇمى ئاستىدىمۇ تاجىك دەرى تىلى سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ دۆلەت تىلىغا ئايلاندى ۋە ئەسەرلەر دەرى تىلىدا يېزىلدى. جۈملىدىن ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدا تاجىك يېزىقى تۈزۈلۈپ چىقىلىپ، پارس يېزىقى نامى بىلەن كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلدى ①.

شىنجاڭدىن VII — VIII ئەسىرلەرگە تەئەللۇق پارس يېزىقى بار تىللا يارماقلار تېپىلدى.

سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھاكىمىيەتتىن چۈشۈرۈلگەن شاھزادىسى ئەبۇ نەسىر سامانىي سودىگەر سۈپىتىدە قەشقەرگە كېلىپ ئەڭ ئاۋۋال خان جەمەتى ئارىسىدا ئىسلام دىنىنى تەشەببۇس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن قارىخانىيلارنىڭ شاھزادىسى سۇتۇق تېكىن 932 - يىلى تۇنجى بولۇپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل

---

① تاجىكلار تارىخى ب. گ غاپۇروپ. 2 - قىسىم 14 -، 55 -، 56 -، 57 -، 58 - بەتلەر

قىلدى ۋە ئۆز نامىنى سۇلتان سۇتۇق بۇغراقاراخان ئابدۇل كېرىم دەپ ئاتىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ خاقانىيىدە ئىسلام دىنىنى رەسمىي دۆلەت دىنى دەپ جاكارلىدى ①. شۇنىڭدىن كېيىن بىر مەھەل ئەرەب يېزىقى بىر مەھەل ئەينەن قوللىنىلدى. چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە يەنى XIV ئەسىردىن باشلاپ ئاساسەن ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى پارس يېزىقى قوللىنىلدى. بۇ يېزىق چاغىتاي يېزىقى نامى بىلەن مەشھۇر بولۇپ قالدى ②③. بۇ يېزىقتا يېزىلغان ئەسەرلەر ناھايىتى كەڭ تارقالدى. رۇس ئوتتۇرا ئاسىيا شۇناسلىرى دەرى تىل - يېزىقى توغرىسىدا توختىلىپ « X ئەسىردىن باشلاپ دەرى تىلى مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ شەرقىي قىسمىدا تەدرىجىي يوسۇندا ئەدەبىي تىلغا ئايلاندى » دېگەن ④ بۇ تىل يېزىقتا پارس - تاجىك كلاسسىكرى كۆپلەپ ئەسەر يېزىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر مىللىتىدىن چىققان جاھانشۇمۇل يازغۇچى ئالىملارمۇ كۆپلەپ ئەسەر يېزىپ ئوتتۇرا ئەسىر ئوتتۇرا ئاسىيا « مەدەنىيەت بۆشۈكى »نىڭ قايتا دۇنياغا تونۇلۇشىغا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇردى. بۇ يېزىقتىكى يازما يادىكارلىقلارنى شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدىن تاپقىلى بولىدۇ. ئېلىمىزدىكى شەرقىي

---

① ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تىزىسلىرى ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسيىن مىللەتلەر نەشرىياتى 220 - بەت

② ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تىزىسلىرى ۋاھىپجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسيىن مىللەتلەر نەشرىياتى 26 - بەت

③ شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ۋەتىنىنىڭ بىرلىكىگە قوشقان تۆھپىسى « ئەنۋەر باتۇر، مىللەتلەر نەشرىياتى 91 - بەت

④ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 93 - يىللىق 2 - سان. قۇتادغۇبىلىك ۋە تاجىك مەدەنىيىتى شىرىن قۇربان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پامىر پارس شېۋىسىدە سۆزلىشىدىغان تاجىك خەلقى ئارىسىدىمۇ پارسچە قەدىمىي ئەسەرلەر خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

دېمەك، تاجىكلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئوخشاشمىغان تىل سىستېمىسى ۋە مەدەنىيەت كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ خەلقلەر بولسىمۇ، لېكىن بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار ئېيتقاندەك ھېچقانداق قانداشلىق مۇناسىۋىتى يوق مىللەتلەر بولماستىن، بەلكى ئېتنىك مەنبەسى جەھەتتىن چوڭقۇر باغلانغان، گېن جەھەتتىن گىرەلەشمە مۇناسىۋەتكە ئىگە، يېقىن قوشنا مىللەتلەر بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەڭ قەدىمكى يەرلىك ئاھالىلىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن تاھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپلا زىچ ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىپ ئۆزئارا بىر - بىرىگە چوڭقۇر تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن. جۈملىدىن يېزىق جەھەتتە مەنبەداشلىق ۋە ئىزچىللىقنى ساقلاپ، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشقا پۇختا ئاساس سېلىپ، مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىپ، ئۆز مىللىتىنىڭ دۇردانىلىرىنى تېخىمۇ بېيىتىپ ۋە تارقىتىپ، بۈيۈك ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى ۋە يىپەك يولى مەدەنىيىتىنى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈپ، جاھان مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان.

---

ئاپتورى: تاشقورغان ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدىن زەفەر ئاتاۋۇللار

تېلېفون: 0998 3421435

چاقىرغۇ: 832154 126

مەسئۇل مۇھەررىرى: شىجائەتخان ۋەزىرى

# تار تاجىكلىرىنىڭ سەۋرۇنخانا مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ باشقاجايلارغا تارقىلىشى

**باتۇرجان ئاتىخان، شىجائەتخان ۋەزىرى، راخمان ئارزى**

سەۋرۇنخانا ـــ ئەڭ بالدۇر ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ تار تاجىك مىللىي يېزىسىدا بارلىققا كەلگەن ۋە ئومۇملاشقان يېقىنقى زامان ئۆي ـ ئىمارەتچىلىكى تارىخىدا تار تاجىكلىرى ئۆزىگە خاس سەۋرۇنخانا مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن. ئاق كۆڭۈل، ئەمگەكچان، مېھماندوست، ھۈنەر ـ سەنئەتكە ماھىر تار تاجىكلىرى 1920 ـ يىللاردىن باشلاپ، بىناكارلىق، ياغاچچىلىق ساھەسىگە ئىشتىراك قىلىپ، ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەت ئاساسىدا ئۆي مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئۆزلىرىگە ماس كېلىدىغان مىللىي خاسلىقنى ياراتقان.

قەدىمىي تاجىك ئۆيى ( سەركوي ئۆيى ) ئۆزىنىڭ شۇقەدەر چوڭلۇقى ۋە كۆپ نوپۇسنى سىغدۇرۇشچانلىقى بىلەن پۈتۈن تاجىك جەمئىيىتىدە مەشھۇر. قەدىمدىن بۇيان تاجىكلار نوپۇسى قانچە بولۇشتىن قەتئىينەزەر توپلىشىپ بىر ئۆيدە ياشىغان. تۇرمۇش ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنىڭ ئۈلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، كۆپ نوپۇسلۇق ئائىلە تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىكى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكى ئادرېسى

زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى . دەل مۇشۇنداق زۆرۈرىيەت ئاستىدا تار تاجىكلىرى ئەنئەنىۋى تاجىك ئۆيىگە يانداش قىلىپ ئايرىم خانىلارنى يەنى مېھمانخانا ، ياتاق ئۆي دېگەنلەر بارلىققا كەلسە ئارقىدىن ھەم مەدەنىيلىككە ھەم مىللىيلىككە ئىگە بولغان سەۋرۇنخانىنى بارلىققا كەلتۈردى . « سەۋرۇنخانا » تۈركىي تىلى بىلەن پارس تىلىنىڭ ئۆزئارا يۇغۇرلۇشىدىن كەلگەن ئىسىم بولۇپ . « سالقىن ئۆي » دېگەن مەنىدىن باشقا ، « سورۇنخانا » دەپ تەلەپپۇز قىلىنغاندا « كۆپ مېھمان سىغىدىغان ، جامائەتنىڭ ئۆيى » دېگەن مەنىنىمۇ بېرىدۇ . سەۋرۇنخانىنىڭ ئازادە ، كەڭ سېلىنىشى دەل يۇقىرىقى قاراشلارنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ .

سەۋرۇنخانا ئادەتتە بىر پەيگاھ تۆت تۈۋرۈكلۈك ، ئىككى تۈرلۈك ( سۇپا ) ياكى بىر پەيگاھ تۆت تۈۋرۈكلۈك ئۈچ تۆر (سۇپىلىق )لۇك قىلىپ سېلىنىدۇ . ئۈستىگە ئۆلچەملىك نەقىشلەنگەن جەگە ياغاچلار تارتىلىپ ۋاسا جوپ قىلىپ يېپىلىدۇ . تۆت تۈۋرۈكتىن ھاسىل بولغان رامكا ئاساسىدا لەمپە چىقىرىلىدۇ . بۇ ئاساسلىق ھاۋادان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . سەرۋۇنخانا ھەجىم جەھەتتىن 36 كۋادرات مېتىردىن تۆۋەن بولمايدۇ . بۇ تاجىكلارنىڭ ئۆلۈم ـ يېتىم ، توي ـ مەرىكە ئۆتكۈزۈشىگە ناھىيىتىمۇ باب كېلىدۇ . سەۋرۇنخانا ھەقىقەتەن سەرەمجانلاشتۇرۇشقا قۇلايلىق ، مۇھتى ساپ بولۇپ ، ئەنئەنىۋى تاجىك ئۆيى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن « يېڭى ئەۋلاد » . ئۇنى ھازىرقى زامان تاجىك ئۆيىنىڭ « گۈل تاجى» دېيىشكە بولىدۇ .

تار تاجىكلىرى ئارىسىدا سەۋرۇنخانا مەدەنىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئومۇملىشىشى ، تار تاجىكلىرىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىپ قالماستىن ، بەلكى تار تاجىكلىرىنىڭ بۇ كەشپىياتىنى

ئىستېمال ئاساسى قىلغان تاشقورغان رايونىدىكى تاجىكلارنىڭمۇ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتتى . 1985 ـ يىللاردىن باشلاپ ، تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ تار تاجىك مىللىي يېزىسىغا قوشنا يېزىلىرىدىن داتوڭ ، قوغۇشلۇق ، بورۇمسال يېزىلىرىدا سەۋرۇنخانا سېلىش باشلاندى . 1990 ـ يىلىدىن باشلاپ ، تاردىن تاشقورغانغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان كادىرلار سەۋرۇنخانا سېلىپ ئۈلگە كۆرسەتتى . شۇنىڭدىن باشلاپ تاشقورغان ناھىيە بازىرىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان باشقا يېزىلاردىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن سەۋرۇنخانا سېلىش قىزغىنلىقى شىددەت بىلەن كۆتۈرۈلدى . ئىگىلىشىمىزچە تاشقورغاننىڭ كۆپ قىسىم يېزىلىرىدىن ئىقتىسادى ياخشىراقلار « سەۋرۇنخانە» سالغان « تاجىك ئاباد » بازىرىدا 200 ئائىلىگە سەۋرۇنخانە سېلىپ بەرگەن . بۇ تاجىك جەمئىيىتىدىكى زامانىۋى ئۆي مەدەنىيىتىنىڭ ئۈلۈكسىز تەرەققىي قىلغانلىقىدىن دېرەك بەرمەكتە .

مەسئۇل مۇھەررىرى : قەيسەر دۆلەتبېك .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# پتولمى خاتىرىسىدىكى «تاش قەلئە»نىڭ ئورنى توغرىسىدا

شېرىن قۇربان

پتولمى ( تەخمىنەن مىلادىيىنىڭ 90 ــ 168 ـ يىللىرى ) قەدىمكى گرېكلارنىڭ ئالەمگە مەشھۇر ئاسترونومى، گېئوگرافىيە ئالىمى، ماتېماتىكى ۋە خەرىتىچىلىك مۇتەخەسسىسى . ئۇ مىسىردا تۇغۇلغان، ئالېكساندىرىيىدە تۇرغان . ئۇنىڭ « بۈيۈك ئۇنىۋېرسالنامە »، « گېئوگرافىيە » قاتارلىق يىرىك ئەسەرلىرى بار . كوپېرنىكنىڭ « قۇياش مەركەز تەلىماتى » دۇنياغا كەلگەنگە قەدەر پتولمىنىڭ « يەر مەركەز تەلىماتى » مۇقەددەس نەزەرىيە سۈپىتىدە داۋام قىلىپ كەلگەن ئىدى . ئۇنىڭ « گېئوگرافىيە » ناملىق سەككىز توملۇق ئەسىرى ماتېماتىكىلىق ـ جۇغراپىيىلىك ۋە ئاسترونومىيىلىك بىلىملەرنىڭ جۇغلانمىسى بولۇپ ، ئالدىنقى قىسمىدا ئومۇمىي نەزەرىيىۋى ئۇقۇم ـ تېرمىنلەر ، ئاساسىي بىلىملەر بايان قىلىنغان . كېيىنكى قىسىملىرىدا ئومۇمىيلىقتىن ئايرىملىققا ئۆتۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ، 8000 غا يېقىن خەرىتىلىك ماتېرىياللار بېرىلگەن . بۇلار ئىنسانىيەت پەن ـ مەدەنىيەت تارىخىدا ناھايىتى زور ئەمەلىي قىممەتكە ئىگە ئىدى . « گېئوگرافىيە »نىڭ

بىزگە ئەڭ قىممەتلىك يېرى شۇكى، پتولمى ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن ساكلارنىڭ ئەھۋالىنى، بولۇپمۇ پامىر ساكلىرىنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلغاندا، نۇرغۇن قۇرلاردا قەدىمكى شىنجاڭ رايونىنىڭ تاغ ـ كوھىستانلىرى، دەريا ـ ئېزىملىرى، يېزا ـ قىشلاقلىرى، ئىقلىم ـ كىلىماتلىرى ۋە قەبىلە ـ مىللەت ئېتنوگرافىيىسىنى ئالاھىدە بايان قىلىپ ئۆتكەن. شۇڭا بۇ، شىنجاڭنىڭ قەدىمكى گېئوگرافىيىسى ۋە ئېتنوگرافىيىسىنى تەتقىق قىلىشتا تېپىلغۇسىز قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. ئۇشبۇ ماقالىدە مۇھاكىمە قىلىنىدىغان تېمىمۇ دەل پتولمىنىڭ «گېئوگرافىيە»سى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىكتۇر. گېزى كەلگەچكە شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ قويىماقچىمىزكى، تاشقورغان تارىخىدىكى ئىككى خىل ھادىسە جاھاندا ئۆزىنىڭ ئەسلىي نامى بىلەن ئانچە ئېتىلماي، ئەكسىچە، تونۇشتۇرغۇچىسىنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ بىرى، تاشقورغاندىكى پامىر ئارقىرى ئادەتتە «مارك پولو ئارقىرى» دەپ «پولوروس» دەپ ئاتىلىدۇ. سەۋەب شۇكى، مارك پولو يىراق شەرق سەپىرىدە، پامىردىن ئۆتكەندە، پامىر ئارقىرىنى ياۋروپاغا تونۇشتۇرغان. يەنەبىرى، تاشقورغاندىكى بۈيۈك تاش شەھەر دۇنيادا «پتولمى تاش قەلئەسى» دەپ ئاتىلىدۇ. سەۋەب، پتولمى ئەڭ بۇرۇن تاشقورغاندىكى تاش شەھەرنى «گېئوگرافىيە» ناملىق ئەسىرىگە كىرگۈزۈپ بايان قىلغان. بۇ توغرۇلۇق فرانسىيىلىك ئاتاقلىق تارىخشۇناس لىن. گروسېت (1925 ـــ 1985 ـ يىللار) ئۆزىنىڭ «قەدىمكى يايلاق ئىمپېرىيىسى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى: «مارك پولو ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بەلخ شەھىرىدىن يولغا چىقىپ، شەرقىي شىمال

يۆنىلىش بويىچە مېڭىپ، بەدەخشاندىن ئۆتكەن. ئۇ يەردىن بورجىن دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى ۋاخان ئېگىزلىكىدىن ئېشىپ پامىر ئېگىزلىكىگە يېتىپ كەلگەن. بۇ يەردىن ئۇلار يەنە قەدىمكى 《 يىپەك يولى 》نى بويلاپ تاشقورغانغا يەنى پتولمىنىڭ 《 تاش قەلئە 》سىگە كەلگەن. ئۇ يەردىن سەپەر قىلىپ قەشقەرگە چۈشكەن »①.

پتولمى ئۆزىنىڭ « گېئوگرافىيە » ئەسىرىنىڭ I توم 2 - بابىدا خاتىرىلىشىچە، مارىنوس. تروس خىراپورىس شەھىرى (ئىفرات دەرياسى ياقىسىدىكى مازۇك شەھىرى) بىلەن تاش قەلئە ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقنى 876 شۆنىس، يەنى 26280 كنوت دەپ ھېسابلاپ چىققان. ئۇيەردىن يەنە سېرىس ( باشقىلار «چىن» ياكى « چەينا » دەپ ئاتايدۇ ) لارنىڭ پايتەختى سېرا شەھرى ئارىلىقىنى ئۇ يەتتە ئايلىق مۇساپە دەپ مۆلچەرلىگەن. ئۇ بۇ ئارىلىقنى كەڭلىك گرادۇس نۇقتىسىدىن تەخمىنەن شەرقي يۆنىلىش بويىچە 36200 كنوت دەپ ھېسابلاپ چىققان. لېكىن، بىز بۇسان - سېپىرلارغا قارىتا ئازراق تۈزىتىش بەرمىسەك بولمايدىغاندەك قىلىدۇ. چۈنكى، مارىنوس ئۆزى بۇ سەپەر يولى ناچار كىلىمات تۈپەيلىدىن ۋىزانتىيە كەڭلىك گرادۇسىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە توسۇلۇپ ئۇزۇلۇپ قالىدۇ دەپ پەرەز قىلغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەپەر قىلغۇچى بىرقارا تۈرۈك سودىگەر ئىدى. ئېيتىشلارچە، بۇ مۇساپە ئارىلىقنى مائىس تىتايانوس دېگەن ماكىدونىيىلىك سودىگەر ھېسابلاپ چىققان. يەنە كېلىپ بۇ كىشى قول ئاستىدىكى كىشىلەر تەمىنلەپ بەرگەن ماتېرىياللار ئاساسىدا

① لېن. گىروسېت: « قەدىمكى يايلاق ئىمپېرىيىسى »، چىڭخەي خەلق نەشرىياتى. 1991 - يىل خەنزۇچە تەرجىمە نەشرى، 338 - بەت

ھېسابلاپ چىققان. ئۆزى بولسا ئەزەلدىن بۇ يولدا ماڭمىغان. لېكىن بىز شۇنى كونكرېت ئېيتالايمىزكى، مارنوس قول ئاستىدىكى سودىگەرلەرنىڭ ئېيتىپ بەرگەن، كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىغا قارىتا باشتىن - ئاخىر گۇمانىي پوزىتسىيىدە بولغان. يۇقىرىدىكى سەۋەبلەر ۋە بۇ يولنىڭ ئەمەلىيەتتە ئوخشاش تۈز يۆنىلىش بويىچە بولمايدىغانلىقى تۈپەيلىدىن، تاش قەلئە ۋىزانتىيە كەڭلىك گرادۇسىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە بولىدۇ، سېرىسلارنىڭ پايتەختى بولسا، خېرىس قولتۇقىدىن تېخىمۇ جەنۇبتىراق بولىدۇ. شۇڭا، ئەڭ مۇۋاپىق چارە شۇكى، 36200 كنوت كېلىدىغان يەتتە ئايلىق مۇساپە ئارىلىقىنىڭ بىرىنچىسىنى يېرىمىدىن كۆپرەكىنى قىسقارتىش كېرەك، يەنى 22625 كنوتقا ياكى 45.25° قا قىسقارتىش لازىم. خېراپورس بىلەن تاش قەلئە ئارىلىقىدىكى بىرىنچى مۇساپە ئارىلىقىغا كەلسەك، بىز ئوخشاشلا تۈز ۋە ئايلانما يوللارنى نەزەردە تۇتۇپ، 876 شۆنىسنى 800 شۆنىسقا، يەنى 24000 كنوتقا قىسقارتىشىمىز لازىم. چۈنكى، خېراپورستىن تېگرىس دەرياسىغىچە بولغان يول ئاسورىيىدىكى گارامىلىقلار ( مۇسۇل ئەتراپىدىكى بىت - گارامى ) نىڭ زېمىنىدىن ۋە ئېكباتانا (ھەمەدان )نىڭ مىدىيە ھەم فارفىيە رايونىدىكى ئېچكى دېگىز بوسۇغىسىدىن ئۆتۈپ، تاكى رود ئارىلىدىكى ھىكادونپىل دېگەن جايغا قەدەر بارىدۇ. مارىنوس مەن تىلغا ئالغان جايلارنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ رايوندا دەپ قارىغان. لېكىن، ھىكادونپىلدىن ھىكانىيە (گورگان )غىچە بارىدىغان يول سەل شىمالىي يۆنىلىش بويىچە ماڭىدۇ. چۈنكى، ھىكانىيە سىمايىنا بىلەن ھېرىس ئارىلىنىڭ كەڭلىك گرادۇس ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ ... چوڭ يول شۇ جايدىن باشلىنىپ، ئالىيە ( ھىرات ) رايونىغا قاراپ ئىلگىرلەيدۇ

ھەمدە ئۇ يەردىن تاكى مەرگىيانا ۋە ئانتيوك ( مەرۋى ) قا بارىدۇ ، يەنى جەنۇبىي يۆنىلىش بويىچە ماڭىدۇ . چۈنكى ، ئېيتىلىشىچە ، ئالىيە (ھىرات ) ئىچكى دېڭىز كەڭلىك گرادۇسىدىن ئۆرۈن ئالغان يول ئۇيەردىن يەنە شىمالىي يۆنىلىشكە بۇرۇلۇپ ماڭىدۇ . ئانتيوك ( مەرۋى ) ھىراس ئارىلىنىڭ كەڭلىك گرادۇستىن ئانچە يىراق ئەمەس . چوڭ يول ئۇ يەردىن شەرققە بۇرۇلۇپ ، تاكى باكتىرا (بەلخ ) غا قەدەر بارىدۇ . ئۇ يەردىن شىمالغا بۇرۇلۇپ ، كومېداي تېغى رايونى ( ۋاخان رايونى ) غا بارىدۇ . ئۇ يەردىن يەنە شەرققە بۇرۇلۇپ ، تاغ جىلغىلىرىنى بويلاپ تاكى نىسبەتەن تۆزرەك تاغ جىلغىسىغا بارىدۇ . چۈنكى ، مارىنوسنىڭ قارىشىچە ، بۇ كوھستاننىڭ غەربىي قىسمى شەرقىي قىسمىدىن تېخىمۇ يىراق . شىمالىي رايونغا جايلاشقان بولۇپ ، ۋىزانتىيە بىلەن ئوخشاش كەڭلىك گرادۇسقا توغرا كېلىدۇ ، ئۇنىڭ شەرقىي قىسمى نىسبەتەن جەنۇبقا مايىل بولۇپ ، ھىرىس ئارىلى كەڭلىك گرادۇسىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ . شۇڭا تاغ رايونى شەرقىي جەنۇبتىن غەربىي شىمالغا قاراپ سوزۇلغان ، ئەمما يوللىرى قارىمۇقارشى يۆنىلىشتە بولۇپ ، شەرقىي جەنۇبقا قاراپ ماڭىدۇ . بۇ يول تاش قەلئە يۆنىلىشىگە قاراپ 50 شۆنىس ماڭغاندىن كېيىن ، يەنە شىمالىي يۆنىلىش بويىچە ئەگىپ ماڭىدۇ . تاش قەلئەگە كەلسەك كىشىلەر تاغ جىلغىسىنى بويلاپ خېلى ماڭغاندا ئۇنىڭغا يېتىپ بارالايدۇ . چوڭ تاغ بولسا شەرققە قاراپ سوزۇلۇپ تاكى ئىما ئۇس تاغ تىزمىلىرىغا قەدەر سوزۇلىدۇ ، بۇ تاغ پارىمپوتىرالنقلار رايونىنىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدۇ .

تاش قەلئەدىن ئۆتكەندىن كېيىن ، ئىمائوس تېغى ئارىسىدا سېرىسلارنىڭ بىر كارۋان ئۆتەڭى بار . ئۇ تاشبالىق ئەتراپىدىن

ئورۇن ئالغان. جۇڭگولۇقلار ئۇ يەردە ئۆزلىرىنىڭ يىپەك توقۇلما ماللىرىنى ساتىدۇ.

پتولمىنىڭ يۇقىرىدىكى بايانىدا قەدىمكى يەر - جاي ناملىرى، ئۆلچەم بىرلىكلىرى ۋە سان - سىپىرلىرى ھەرخىل بولۇپ، ئۇنى چۈشىنىش بىرئاز قىيىن. ئامما تىل بىلەن ئۇنى مەزمۇنەن مۇنداق بايان قىلىشقا بولىدۇ: مىلادىيىنىڭ I ئەسىردە، سودىگەرلەر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان ماكىدونىيىلىك گېرىك مائىس. تىتايانوس ئوتتۇرا دېڭىزدىن تاكى سىپىرس (جۇڭگو) ئېلىگىچە بولغان سودا يولىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن بىرنەچچە ئادەم ئەۋەتكەن. ئۇلار تولۇق يەتتە ئاي يول بېسىپ، سۇرىيە پايتەختى ئانتئوكىسە، خىراشەھىرى ئىفرات دەرياسىدىن ئۆتۈپ، پېرسىيە (ئىران) گە كەلگەن. ئۇيەردىن ھەمەدان، چاھىرود ۋە مەرۋى قاتارلىق جايلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، قەدىمكى باكتېرىيە پايتەختى باكترا (ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ بەلخ شەھىرى) غا كەلگەن. ئۇ يەردىن يەنە يولغا چىقىپ، پامىر ئېگىزلىكىدىن ئېشىپ، «تاش قەلئە» گە كەلگەن. «تاش قەلئە» شۇ چاغلاردا كاتتا سودا مەركىزى بولۇپ، ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن سودىگەرلەر سىپىرس (جۇڭگو) دۆلىتىنىڭ سودىگەرلىرى بىلەن مۇشۇ «تاش قەلئە» دە ئۆزئارا مال ئالماشتۇرىدىكەن.

«گېئوگرافىيە» دىكى «تاش قەلئە» گە ئائىت يۇقىرىدىكى بايان ئەمەلىيەتتە پتولمىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن تىرويانلىق مەشھۇر گېئوگرافىيە ئالىمى تايىرت مارىنوسنىڭ خاتىرىسىدىن ئېلىنغان. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، پتولمى «تاش قەلئە» نىڭ كونكرېت ئورنى ھەققىدە بىرنېمە دېمىگەن. ئۇنداقتا،

پتولمی « گېئوگرافىيە » سىدىكى « تاش قەلئە »نىڭ ئورنى زادى قەيەردە ؟ تارىختىن بۇيان ، نۇرغۇن ئالىملار ، تەتقىقاتچىلار ۋە دەللىلىگۇچىلەر بۇ توغرۇلۇق كۆپلىگەن دەلىللەشلەرنى ئېلىپ بارغان ۋە ھەرخىل قاراش ۋە تەسەۋۋۇرلارنى ئوتتۇرىغا قويغان . تارىخچى جاڭ شېڭلاڭ « جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ مۇناسىۋەت تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار » ناملىق ئەسىرىدە : « پتولمى ئەسىرىدە تىلغا ئېلىنغان ‹ تاش قەلئە › يۇەن سولالىسى دەۋرىدىكى تاشبالىقنى كۆرسىتىدۇ » دېسە ، گېرمانىيىلىك ئالبېرت ھېلمان : « ‹ تاش قەلئە › ئالاي تېغى بىلەن تاشقى ئالاي تېغى ئوتتۇرىسىدىكى قىزىلسۇ دەرياسى ۋادىسىدا » دېگەن . تارىخشۇناس ج . خاكىن بولسا : « ‹ تاش قەلئە › شىنجاڭدىكى تاشقورغاندا » دەپ قارىغان ① فرانسىيىلىك ئاتاقلىق تارىخشۇناس لېن .گروسېت « تاش قەلئە »نى تىلغا ئالغاندا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن : «خاكىن ئەپەندىم بۇ رايونلارغا ئەمەلىي تەكشۈرۈشكە كەلگەن . ئۇنىڭ ( خاكىننى دېمەكچى ) قارىشىچە ‹تاش قەلئە ›خۇددى بۈرۈنقى تەكشۈرگۈچىلەر كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك ، ۋاخان (كىچىك پامىر ) بىلەن يەكەن دەرياسى مەنبەسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مىڭتېكە تېغى ئېغىزىنىڭ شىمالىي قىسمىدا ، يەنى ھازىرقى تاشقورغان ئەتراپىدا بولۇشى كېرەك . » ② دېمەك ، گروسېت خاكىننىڭ قارىشىغا قوشۇلغان . ئۇ «تاشقورغان » دېگەن بۇ يەر نامى بىلەن « تاش قەلئە »نى بىرلەشتۈرۈپ قارىغان .

---

① ۋاڭ جېۋلەي : « ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى » ، 1 ـ قىسىم ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1993 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى ، 169 ـ بەت .

② گروسېت : « قەدىمكى يايلاق ئىمپېرىيىسى » ، چىڭخەي خەلق نەشرىياتى 1991 ـ يىل خەنزۇچە تەرجىمە نەشرى ، 61 ـ بەت .



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

پتولمىنىڭ « تاش قەلئە »سى توغرۇلۇق بىرقەدەر ئەمەلىي تەكشۈرۈش ۋە دەلىللەش ئېلىپ بارغان شەخس ئەنگلىيىلىك ئارخېئولوگ ۋە تارىخشۇناس مارىك ئاۋرېل ستەيىن ( 1862 — 1943 - يىللار ) دۇر . ئۇ كۆپ قېتىم تاشقورانغا كەلگەن ، تاش قەلئەدە ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان . ستەيىن ئۆزىنىڭ «قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىيلىرى » ناملىق ئەسىرىدە « تاش قەلئە » ھەققىدە توختالغاندا مۇنداق دەپ يازغان : « 7 - ئاينىڭ 8 - ، 9 - كۈنلىرى ، بىز تاشقورغاندا ئىككى كۈن تۇردۇق . بۇ يەردە ئۇزۇق - تۈلۈك ۋە قاتناش - توشۇش قوراللىرىنى ھازىرلاشتىن باشقا ، يەنە تارىخ ۋە ئارخېئولوگىيىگە ئائىت تېخىمۇ كۆپ ماتېرىياللارنى توپلاشقا توغرا كېلەتتى . تاشقورغان سەرىكوي تاغلىق رايونىنىڭ مەركىزى بولۇپ ، شۈبھىسىزكى ناھايىتى قەدىمكى جاي ئىدى . بۇ يەردە قەدىمكى غەرب سودىگەرلىرى ماللىرىنى قەدىمكى جۇڭگونىڭ ماللىرىغا ئالماشتۇرغان ئاشۇ ۋاقىتلاردىن قارىغاندىلا ، بۇ جاينىڭ مۇھىملىقىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ . ھازىرغا قەدەر ئېلىپ بېرىلغان ئەمەلىي تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا ، كىشىلەر ئاساسەن ھېنرى راۋلىسون ئەپەندى تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغان كۆز قاراشنى قۇۋۋەتلىمەكتە . يەنى 〈 تاش قەلئە 〉 ( تاشقورغان ) دېگەن بۇنام ۋە ئۇنىڭ ئورنى قەدىمكى گرېك ئالىمى پتولمى ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۇلۇغ گېئوگرافىيە پېشىۋاسى تايىرت مارىنوس تىلغا ئالغان 〈 تاش قەلئە 〉 سېرىس ( جۇڭگو ) ئېلىنىڭ غەربىي چېگرىسىدىكى مۇھىم سودا مەركىزى ئىدى دېگەن خاتىرە بىلەن تامامەن ئوخشاش . جايلاشقان ئەمەلىي ئورنىدىن ئېيتقاندا ، 〈 تاش قەلئە 〉 نىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۆرنى سەرىكوي تاغلىق رايونىنىڭ مەمۇرىي مەركىزى بولۇشقا مۇناسىپ كېلىپلا قالماستىن، بەلكى قەدىمكى زاماندا تاۋار ئالماشتۇرۇشقىمۇ ئەڭ قولاي جاي ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، بۇ جاي ئىلگىرى ناھايىتى ئۇزاق مەزگىلگىچە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ شەرق ۋە غەرب بىلەن ئالاقە قىلىشىدىغان مۇقەررەر تۈگۈنىگە ئايلانغان. تاشقورغاندىن قەشقەر ۋە خوتەنگە بارىدىغان يوللارمۇ قەدىمدىن بۇيان ئىزچىل راۋان ئىدى. بۇ ئىككى مۇھىم يول يەنە شىنجاڭ دائىرىسىدىن ئۆتۈپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى رايونلىرىغىچە باراتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ يەردىن يەنە پامىر رايونىغا بارىدىغان ئىككى مۇھىم يول بار ئىدى. بىرى، تاغدۇمباش پامىردىن بىۋاستە ئامۇ دەرياسى ساھىلىغا، ئۇ يەردىن مېڭكېپ نەيزە تاش تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ ئاقسۇ جىلغىسىغا بارىدىغان يول، يەنە بىرى، ئاقسۇ جىلغىسىدىن چوڭ پامىرغا ئۆتۈپ، ئۇ يەردىن شۇغنان ۋە بەدەخشانغا بارىدىغان يول »①.

سىتەيىن بەك ئەقىللىق. ئۇ ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق پتولمى قاتارلىق گرېك گېئوگرافىيە ئالىملىرىنىڭ « تاش قەلئە » ھەققىدىكى يازما خاتىرىلىرىنى دەلىللەپلا چىقماستىن، يەنە جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان بۇددا راھىبلىرى بولغان تاڭ سىڭ ۋە سۇڭ يۈن قاتارلىقلارنىڭ « تاش قەلئە » توغرىسىدىكى تەسۋىر - بايانلىرىنىمۇ دەلىللەپ چىققان. « مەن تاشقورغاندا شۇەنزاڭ ئىز باسقان زېمىنغا قايتا قەدەم قويغانلىقىمنى ئويلاپ تولىمۇ خۇرسەن بولدۇم. جۇڭگونىڭ بۇ ئۇلۇغ راھىبى قەدىمكى ھىندىستاندىكى نۇرغۇن بۇددا دىنى مۇقەددەس جايلىرىنى ساياھەت قىلغان ئىدى.

---

① سىتەيىن: « قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىلىرى »، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت نەشرىياتى، 1994 - يىل خەنزۇچە تەرجىمە نەشرى، 54 - بەت.

تەخمىنەن مىلادىيە 649 ـ يىلى ، ئۇ بەدەخشاندىن خوتەنگە بېرىش سەپىرىدە قىرپانە دۆلىتى ( سانسكرىت تىلىدا كوۋانتا دەپ ئاتىلىدۇ )دىن ئۆتكەن ئىدى . ھىنرى يۇل ئەپەندى ناھايىتى بۇرۇنلا بۇ دۆلەت ھازىرقى سەرىكوي ئېلى ( تاشقورغان )دىن ئىبارەت دەپ قارىغان ئىدى . مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا ، شۇەنزاڭ ۋە ئۇنىڭدىن خېلى بۇرۇن ياشىغان جۇڭگولۇق تاۋابچى سۇڭ يۈ (تەخمىنەن مىلادىيە 500 ـ يىلى ) قاتارلىقلارنىڭ قىرپانە دۆلىتىنىڭ پايتەختى ھەققىدە تەسۋىرلەنگەنلىرى مىنىڭ تەپەككۇرۇمدىكى تاش قەلئەنىڭ ئورنى ۋە ئۇنىڭ خارابىسى بىلەن ئىنتايىن ماس كېلىدۇ . ھازىر جۇڭگوچە زامانىۋى قورغان قۇرۇلغان بۇ خارابە شەھەر خۇددى تاۋابچىلارنىڭ بايان قىلىنغىنىدەكلا ، دۆلەتنىڭ پايتەختى ئېگىز بىر دۆڭلۈك ئۈستىدە جايلاشقان بولۇپ ، كەينىدە شىتۇ دەرياسى ( شىتۇ دەرياسى يەركەن دەرياسىنىڭ تاغدومباشتىكى تارماق ئېقىنى ) ئېقىپ تۇرىدۇ » ①

پۇتكۈل پامىر ئېگىزلىكىدە ، ئاۋرېل ستەيىننى ئىككى خىل ھادىسە مەھلىيا ۋە ئەسىر قىلىۋالغان . ئۇنىڭ بىرسى ، ئۇلۇغ تەبىئەت ھادىسىسى — مۇز تاغ ئاتا چوققىسى . يەنە بىرسى ، ئۇلۇغ ئىجتىمائىي مۆجىزە — تاش قەلئە مەنزىرىسى . ستەيىن ئەڭ گۈزەل تىل سۈپەتلىرى بىلەن بۇ ئىككى خىل ھادىسە ۋە ئۇلارغا بولغان ھېسسىيات ـ ئەقىدىسىنى بايان قىلغان . « يومشاق ئاپئاق بۇلۇتلار تاغلارنى قاپلىغان ئىدى . چۈشتىن كېيىن تەخمىنەن 18 ئىنگلىز مىللىق سەپەر ئاياغلىشاي دېگەن چاغدىلا ، شىمالىي تەرەپتىكى تاغلار ئۈستىدە پارقىراپ تۇرغان قار چوققىسىنى

① ستەيىن : « قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىلىرى » ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2001 ـ يىل ئۇيغۇرچە تەرجىمە نەشرى ، 66 ـ بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كۆرەلىدىم . بۇ مەن ئۇزاقتىن بۇيان كۆرۈشكە تەلمۈرۈپ كەلگەن مۇزتاغ ئاتا چوققىسى ئىدى . » ، «ئىككىنچى كۈنى قاق سەھەردە يولغا چىقتۇق . يېقىنلىشىپلا قالغان تاشقورغان ۋە ئۇنىڭ راھەتبەخش مۇھىتى مېنى ۋە ھەمراھلىرىمنى ئىنتايىن جەلپ قىلاتتى . مۇز تاغ ئاتا چوققىسى يەنىلا ناھايىتى يىراقتا بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ تاڭ سەھەردە زىيادە گۈزەل ۋە كۆركەم كۆرۈنەتتى . جىلغىنىڭ شىمالىي ئۇچىدىن باشقا جايلارنىڭ ھەممىسى بەھەيۋەت مۇز چوققىلىرى بىلەن تولغان ئىدى . تەكشى كەتكەن تاشلىق ـ قاقاسلىقتا بىر نەچچە ئىنگلىز ملى يۈرگەندىن كېيىن ، يول باشلىغۇچىم ـ تاشقورغاندىكى مىڭبېشى رەشىدبەگ ئادەتتىكى ئېغىر ـ بېسىقلىق ھالىتىنى بۇزغان ھالدا يىراقتىكى بىر ئاق نۇقتىنى كۆرسەتتى . ئۇ نۇقتا تاش قەلئە بولۇپ بىزنىڭ بۇ بۆلۈك سەپىرىمىزنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى ئىدى . ئۇ دەريانىڭ غەربىي قىرغىقىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى . » ، « بۇ گۈزەل مۇھىت ياكى ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تارىخ ماڭا تەسىر قىلدىمۇ بىلمىدىم ، ئىشقىلىپ مەن چوڭ ۋە ئېگىز تاش قەلئە سېپىلىنى كۆرگەندىن كېيىن ، ھاياجان ھېسسىياتىمنى باسالماي قالدىم . ئۇنىڭ ئىچىدە ھېچقانداق ھەشەمەتلىك قۇرۇلۇش ياكى كىشىنى ئالاھىدە قىزىقتۇرغۇدەك نەرسە يوقلۇقى ماڭا ئايان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ مېنىڭ مۇھىم بىر بۆلۈك سەپىرىمنىڭ ئاياغلاشقانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى . شۇنىڭدىن باشلاپ مەن ئۆزۈم تەتقىق قىلىدىغان رايونغا قەدەم قويغانتىم » ① فرانسىيىنىڭ ھازىرقى زامان ئاتاقلىق ئىرانشۇناسى ، ئىسلامشۇناسى ۋە شەرقشۇناسى ئەلى مازار

---

① سىتەين : « قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىلىرى » ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2001 ـ يىل ئۇيغۇرچە تەرجىمە نەشرى ، 62 ـ ، 63 ـ بەتلەر .

خەيرى (ئەسلىي ئىرانلىق پارس بولۇپ . 1914 - يىلى ئىراندا تۇغۇلغان ، 1991 - يىلى فرانسىيىدە ئالەمدىن ئۆتكەن ) ئۆزىنىڭ «يىپەك يولى — جۇڭگو — پارس مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تارىخى » ناملىق يىرىك ئەسىرىدە ، جۇڭگو - پارس مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تارىخىغا ئائىت قەدىمكى گىرېك - روما تارىخي ماتېرىياللىرىنى نەقىل كەلتۈرگەندە ، پتولمىنىڭ « گېئوگرافىيە » ئەسىرىدىكى « تاش قەلئە » ئۈستىدىمۇ توختىلىپ ، ئۆزىنىڭ بۇ ھەققىتىكى كۆز قاراشىنى ۋاستىلىك بايان قىلغان . ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن : 〈 تاش قەلئە 〉 گە كەلسەك ، لېس خوفېن ئۇنى پەرغانە - جەرىك ئوتتۇرىسىدا ، يەنى ۋاخشاب تېغى ئەتراپىدا دەپ قارىغان ، ئەمما سىتەيىن ئۇنى ھازىرقى تاشقورغاندىكى 〈 تاش قەلئە 〉 خارابىسىنىڭ دەل ئۆزى دەپ دەلىللەپ چىققان . بۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئەل برۇنىنىڭمۇ قارشى ئىدى ئۇ ئۆزىنىڭ 〈 مەسئود رەسەتخانىسى 〉 دېگەن ئەسىرىدە شۇنداق دەپ يازغان ئىدى » ①باشقا ماتېرىياللاردىمۇ كۆرسىتىلىشىچە ، ئەلبرۇنى ھەقىقەتەنمۇ «تاش قەلئە » نىڭ ئورنى ئېلىمىزدىكى ھازىرقى شىنجاڭ رايونىنىڭ تاشقورغان دېگەن يېرىدىكى تاش قەلئە خارابىيلىقىدا ئىكەنلىكىنى ئېنىق بايان قىلغان ، گەپ ئارىلىقىدا شۇنى ئەسكەرتىپ قويماقچىمىزكى ، تاجىك مىللىتى ، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ دۇنياغا تونۇلغان گېئوگرافىيە ئالىمى ، ئاسترونومى ۋە تارىخچىسى ئەبۇرەيھان ئەل برۇنى ( مىلادىيە 973 — 1048

---

① ئەلى مازار خەيرى : « يىپەك يولى - جۇڭگو - پارس مەدىنىيەت ئالماشتۇرۇش تارىخي » ، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى ، 1993 - يىل خەنزۇچە تەرجىمە نەشرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

- يىللار ) نىڭ « تاش قەلئە » نىڭ ئورنى توغرىسىدىكى ھۆكمى ئالەمشۇمۇل ئەھمىيەتكە ئىگە . چۈنكى ، ئۇ بۇنىڭدىن 1000 يىللار بۇرۇنقى ئاسترونومىيە ، تارىخشۇناسلىق ۋە گېئوگرافىيە ساھاسىدىكى تەڭداشسىز نوپۇز ئىگىسى .

فرانسىيىنىڭ يەنە بىر ئاتاقلىق تارىخشۇناسى ل . بويلىنىس ئۆزىنىڭ « يىپەك يولى » ناملىق ئەسىرىدە ، پتولمىنىڭ « تاش قەلئە »سى ئۈستىدە كۆپ تەرەپلىمىلىك دەلىللەش ئېلىپ بېرىپ ، ئۇنىڭ دەل ھازىرقى تاشقورغاندىكى تاش قەلئە خارابىسى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان ①. دېمەك ، يۇقىرىدا پتولمى «گېئوگرافىيە »سىدىكى « تاش قەلئە » خاتىرىسى ۋە چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ بۇھەقتىكى بىرقەدەر تىپىك دەلىللەشلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتتۇق . يۇقىرىقى دەلىللەشلەر ۋە قاراشلار ناھايىتى مۇھىم بولۇپ ، ھازىرغىچە بۇ دەلىللەشلەر ۋە قاراشلارغا زىت پىكىرلەر ۋە قاراشلار ياكى قوشۇلمايدىغانلار چىقمىدى . ئەكسىچە ، ئىلىم ئەھلىلىرى بۇخىل دەلىللەش ۋە قاراشلارنى قوبۇل قىلىپ ، ئۇنىڭدىن ئۆز نۆۋىتىدە پايدىلانماقتا . ئەگەر پتولمى ئەسىرىدىكى «تاش قەلئە » يۇقىرىقى ئالىملارنىڭ دەلىللىگىنىدەك ، راستىنلا ھازىرقى تاشقورغاندىكى قەدىمكى « تاش قەلئە » خارابىسى بولسا ، ئۇ ھالدا بۇ « تاش قەلئە »نىڭ تارىخىنى پتولمى خاتىرىسىدىكى مائىس تىتايانۇس « تاش قەلئە » گە بارغان مىلادىيە I ئەسىردىن ھېسابلىغاندىمۇ ئازغىنا كەم 2000 يىل بولىدۇ . بۇ يەردە يەنە مۇنداق بىر مۇھىم نۇقتا بار . ئۇ بولسىمۇ ئامىس تىتايانوس « تاش قەلئە »گە بارغاندا ھەم مارىنوس ۋە

---

① لى . بويلىنىس : « يىپەك يولى » ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1982 - يىل خەنزۇچە تەرجىمە نەشرى ، 60 — ، 61 - بەتلەر .

پتولمى « تاش قەلئە » ھەققىدە قەلەم تەۋرىتىپ خاتىرە قالدۇرغاندا ، « تاش قەلئە » ئۇل سېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان ياكى ئەمدىلا ياسىلىۋاتقان قۇرۇلۇش بولماستىن ، بەلكى خېلى مۇكەممەل كاتتا سودا شەھىرى ئىكەن ، بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا ، « تاش قەلئە » نىڭ تارىخى 2000 يىلدىن ئاشىدۇ . بىز پتولمى خاتىرىسىدىكى « تاش قەلئە » ۋە ئالىملارنىڭ بۇ ھەقتىكى دەلىللەش ۋە كۆز قاراشلارنى بايان قىلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ، يەنە بىر مەسىلىنىمۇ ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلاشماقچىمىز . ئادەتتە دۆلەت ئىچىدىكى تارىخشۇناسلار تاشقورغاندىكى « تاش قەلئە »نىڭ تارىخىنى 1300 يىل دەپ قاراپ كەلمەكتە . بۇخىل قاراشنىڭ ئىككى خىل ئاساسى بار . بىرى ، «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى »دىكى خاتىرىلەر ، يەنە بىرى ، ئارخېلوگىيىلىك بايقاشلار . « ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى »دە خاتىرىلىنىشچە ، « قىرپانە بەگلىكىنىڭ ئايلانمىسى 2000 چاقىرىمغا يېتىدىكەن . پايتەختى ئېگىز تاغ ئۈستىدە بولۇپ ، ئارقا تەرىپى شىتۇ دەريا ( تاشقورغان دەرياسى ) غا قاراپ تۇرىدىكەن . ئۇردا سېپىلىنىڭ ئايلانمىسى 20 چاقىرىم كېلىدىكەن ... پەس جايلىرى زەيكەش بولغاچقا ، ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراق جايلىرى دۆڭ ئۈستىدە ئىكەن . » ① « يېڭى تاڭنامە » دىمۇ « تاش قەلئە » توغرىسىدا يۇقىرىقى خاتىرە بىلەن ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان بايان ـ تەسۋىر بار . شۈەنزاڭ ئەنەتكەك ئېلى ( ھىندى )گە نوم ئېلىشقا بېرىپ قايتىش سەپىرىدە قەدىمكى تاشقورغان قىرپانە بەگلىكىگە كەلگەن

---

① شۈەنزاڭ : « ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى » ، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى ، 1985 ـ يىل نەشرى ، 964 ـ بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

هەم بۇ يەردە بەش كۈندەك مېھمان بولغان . بۇ مىلادىيىنىڭ 644 ـ يىلى ( بەزى مەلۇماتلاردا 649 ـ يىلى دەپ ئېلىنغان ) دىكى ئىش تارىخچىلار مۇشۇ ئۇچۇر ـ مەلۇمات بويىچە ، « تاش قەلئە » نىڭ تارىخىنى 1300 يىل دەپ قاراپ كەلمەكتە . ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار جەھەتتە ، 1980 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتى ئىنستىتۇتىدىكى مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەر تاش شەھەر خارابىلىقىنىڭ شىمالىي بۇرجىكىگە مەركەزلەشكەن 20 نەچچە خانىلىق ئۆيلەردە قېزىش ئېلىپ بارغاندا ، ساپال پارچىلىرى ، تاڭ خاندانلىقىنىڭ چەنيۈەن يىللىرى ( مىلادىيە 758 ــ 760 ـ يىللار ) غا ئائىت مىس يارماق ، مىلادىيىنىڭ Ⅲ ــ Ⅷ ئەسىرگىچە كەشمىر رايونىدا كەڭ تارقالغان سانسكرىت يېزىقىدىكى قول يازمىلار ۋە پارچە ـ پۇرات مەدەنىي بۇيۇملار چىققان . « تاش شەھەر » ئىچىدىكى مەنچىڭ يامۇلىنىڭ جەنۇبىدىكى سېپىل ئۇلىنىڭ ئاستىدىن تېپىلغان ياغاچ كۆمۈرنى كاربون ــ 14 بىلەن تەكشۈرگەندە ، 1300 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت بولغانلىقى ئېنىقلانغان . خارابىلىقنىڭ شىمالىي تەرىپىدىن بۇددا ئىبادەتخانىلىرى ۋە بۇت پارچىلىرى تېپىلغان ①. دېمەك ، يۇقىرىدىكى ئىككى تۈرلۈك ماتېرىيالغا ئاساسەن ، « تاش قەلئە »نىڭ تارىخى 1300 يىل دەپ قارىلىپ كەلمەكتە . لېكىن ، بۇ يەردىمۇ بىر نۇقتا دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ . ئۇ بولسىمۇ ، تاڭ سىڭ قىرپانە بەگلىكىگە بارغاندا ، تاش قەلئە سېلىنىۋاتقان قۇرۇلۇش بولماستىن ، بەلكى ئاللىبۇرۇن مەۋجۇت قۇرۇلۇش . بۇنداق بولغاندا ، تاش قەلئەنىڭ تارىخى 1300

---

① « جۇڭگو تاجىكلىرى » ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 1994 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى ، 183 ـ بەت .

يىلدىن ئېشىپ كېتىدۇ، ئەلۋەتتە. بىز يەنە شۇنىڭغىمۇ دىققەت قىلدۇقكى، دۆلەت ئىچىدىكى تارىخشۇناسلار «ئۇلۇغ تاك دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دىكى «تاش قەلئە» ھەققىدىكى خاتىرىدىن پايدىلانغاندا، ماتېرىيالنىڭ ئالدىنقى قىسمىغا دىققەت قىلىپ، كېيىنكى قىسمىغا دىققەت قىلمىغان. ئەمەلىيەتتە، ماتېرىيالنىڭ كېيىنكى قىسمىدا بىزنى تەسەۋۋۇر قىلىش ۋە پىكىر يۈرگۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغان نۇرغۇن ئىنفورماتسىيە ۋە ئۇچۇر - مەلۇماتلار بار. ھالبۇكى، بۇلار «تاش قەلئە» نىڭ تارىخىنى ئېنىقلىۋېلىشىمىزغا، بەزى يەكۈنلەرنى چىقىرىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ ياكى بىزنى مۇئەييەن ئاساسلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. «ۋۇيۇشاھ تەختكە چىقىش بىلەن تەڭلا ئۆزىنىڭ شاھ ئوردىسىدا ناھايىتى كۆركەم ۋە كاتتا بۇددا مۇنارىنى سالدۇرغان. كېيىن پادىشاھ شاھ ئوردىسىنى شەرقىي شىمال بۇرجەككە يۆتكەپ، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى تەخت - تاجلىق ئوردا - قەسرىسىنى بۇددا پىركاملى تۇگشۇغا بوشىتىپ بەرگەن. ئۇ بۇيەردە توگشۇغا ئاتاپ، ئىمارەتلىرى ھەشەمەتلىك، بۇتلىرى سۈرلۈك بولغان ئىبادەتخانا سالدۇرغان. ئۇ راھىب تۇگشۇ ئەسلىدە تاكساسلا دۆلىتىنىڭ ئادىمى ئىدى. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا پەم - پاراسەتلىك ئىدى. ئۆيدىن ئايرىلىپ، پۈتۈن زېھنى بىلەن نوم ئۆگىنىشكە كىرىشىپ، ئىخلاسمەن بۇددىست بولغان. ئۇ بىر كۈندە 32 مىڭ خەتنى ئوقۇپ 32 مىڭ خەتنى يازالايدىكەن. شۇڭا، بىلىمدە كامالەتكە يېتىپ، ئەل ئارىسىدا داڭ چىقارغان ئىكەن. ئۇ توغرا ئىشلارنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ناتوغرا ئىشلارنى چەكلىگەن. ئۇنىڭ سۆزى ئۆتكۈر، ھەرىكىتى پاك بولغاچقا، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرغانلاردىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يېگىلمەيدىغىنى يوق ئىكەن . شۇڭلاشقا ، شانۇ شەۋكىتى بەش ھىندى دۆلىتىگە تارقالغان ئىكەن . ئۇ يازغان ئون كىتاب تېز تارىلىپ ، ھېچقانداق كىشى ئۇنىڭدىن قۇسۇر تاپالمىغان ئىكەن . شۇنىڭ ئۈچۈن كىتابلىرى مۇقەددەس نومغا ئايلانغان . ئەينى زاماندا شەرقتىكى ماھىك ، جەنۇبتىكى تېبۇ ، غەربتىكى لۇڭشۇ ، شىمالدىكى تۇڭشۇ ئالەمنى تۆت تەرەپتىن يورۇتقۇچى تۆت قۇياش دەپ ئاتالغان . قىرپانە بەگلىكىنىڭ شاھى تۇڭشۇنىڭ نام - شۆھرىتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، لەشكەر تارتىپ ، تاكساسلا دۆلىتىگە يۈرۈش قىلىپ، تۇڭشۇنى زورلۇق بىلەن ئۆز ئېلىگە ئېلىپ كەلگەن ھەمدە مۇشۇ ئىبادەتخانىنى ياساپ ، ئۇنىڭدىن ئىخلاس بىلەن بۇددا ئەقىدىلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان » ①. بۇ يەردە ئېنىقلىۋېلىشقا تېگىشلىك مۇھىم بىر مەسىلە بار . ئۇ بولسىمۇ ، تۇڭشۇ زادى كىم ؟ ئۇ قاچان ، قەيەردە ياشىغان ؟ بىز خىلمۇخىل ماتېرىياللارنى بىر يەرگە قويۇپ ، سېلىشتۇرۇش ، ئانالىز قىلىش ۋە چوڭقۇر مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش ئارقىلىق شۇنى بىلگەن بولدۇقكى ، تۇڭشۇ ئەسلىدە تاكساسلا دۆلىتىنىڭ ئادىمى ، ئۇ ھىندى تارىخىدىكى « تۆت قۇياش »نىڭ بىرى بولغان ماجىك بىلەن زاماندىش . ئۇنداقتا ، ماجېك يەنە كىم ؟ ماجېك بولسا «بۈيۈك بۇددا شائىرى ۋە پەيلاسوپى » ، ئۇ ھىندىستان تارىخىدىكى كۇشان خاندانلىقىنىڭ زەبەردەست پادىشاھى كانىشكار ( تەخمىنەن مىلادىيىنىڭ 78 — 120 - يىللار ) بىلەن زاماندىش ، ئۇلپەت ، ئۇ ھەمىشە كانىشكىنىڭ ئوردىسىدا تۇرغان . بىر قېتىم ھەتتا ئۇ شاھى كانىشكىغا ۋاكالىتەن ھىندىنىڭ تۆتىنچى نۆۋەتلىك بۇددا

---

① تاڭ سېڭ : « ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى » جۇڭخۇا كىتابچىلىرى نەشرىياتى 1985 - يىل ، 987 - بەت

يىغىلىشىغا رىياسەتچىلىك قىلغان. شاھى كانىشكا تەزكىرەلىك تارىخىغا ئىگە شەخس بولۇپ، ئۇ مىلادىيە I ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا كۇشان خاندانلىقىنىڭ شاھلىق تەختىدە دەۋرانىۇ — سەلتەنەت سۈرگەن. شۇنداق ھېسابلىغاندا، ئۇ ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى زامان تارىخچىسى بەنچاۋ (مىلادىيە 32 — 102 - يىللار) بىلەن زامانداش كېلىدۇ. بەنچاۋ غەربىي يۇرتتا سۈلى (قەشقەر) دىكى چېغىدا بىر قېتىم توخىرلار (كۇشانىنى قۇرغۇچىلار) بىلەن ھەربىي جەھەتتە توقۇنۇشۇپ قالغان. بۇ تارىخىي ۋەقە مۇكانىشكا سەلتەنىتىگە توغرا كېلىدۇ. شۇنداق بولغاندا، قىرپانە بەگلىكىنىڭ راھىبى تۇگشۇنى ئۆز ئېلىگە ئېلىپ كەلگەن ۋاقتى مىلادىيە I ئەسىردىكى ئىش بولۇپ قالىدۇ.

دېمەك، مىلادىيىنىڭ I - ئەسىرىدە، يەنى قىرپانە بەگلىكىنىڭ پىر كامىل تۇگشۇنى ئۆز ئوردىسىغا ئېلىپ كەلگەن ۋاقىتتىن ھېسابلىغاندا، «تاش قەلئە»نىڭ تارىخى ئوخشاشلا 2000 يىلغا يېقىنلىشىدۇ. ئەمما، بۇيەردە يەنە بىر مەسىلىنى ئېنىقلىۋېلىشىمۇ زۆرۈردەك قىلىدۇ. يەنى قىرپانە بەگلىكى شاھى راھىب تۇگشۇنى ئۆز ئېلىگە ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئوردا - قەسرىنى تۇگشۇغا بوشىتىپ بېرىپ، ئۇنىڭ يېنىدا يېڭى شاھ ئوردىسىنى ياسىغان. شۇنداق بولغاندا، يېڭى ياسالغان ئوردا تارىخى راھىب تۇگشۇنىڭ قىرپانە بەگلىكىگە كەلگەن ۋاقىتتىن ھېسابلانسا (يەنى تەخمىنەن 2000 يىلدەك). بۇرۇنقى شاھ ئوردىسى (تۇگشۇغا ئاتاپ ئىبادەتخانا قىلغان ئوردا) نىڭ تارىخى راھىب تۇگشۇنىڭ قىرپانە بەگلىكىگە كەلگەن ۋاقىتتىن خېلىلا بۇرۇن بولىدۇ، يەنى كونا ئوردىنىڭ تارىخى 2000 يىلدىن ئېشىپ كېتىدۇ. دېمەك، تامامەن تەسەۋۋۇر قىلىشقا

www.uyghurkitap.com

بولىدۇكى ، « تاش قەلئە » ئىلىمىز تارىخىدىكى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن ئېتىبارەن ياسىلىشقا باشلانغان .

يەنە بىر يىپ ئۇچىمۇ مۇھاكىمە قىلىشقا ئەرزىيدۇ . غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرى ( مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 206 - يىلىدىن مىلادىيىنىڭ 23 - يىلىغىچە ) دە ، غەربىي يۇرتتا 36 بەگلىك بار ئىدى . بۇ 36 بەگلىك ئىچىدە سەككىز بەگلىك پامىر رايونىدا بولۇپ ، بۇلار ئىچىدە يەنە « پۇلى بەگلىكى » ( تاشقورغان بەگلىكى ، سەرىكوي بەگلىكى دەپمۇ ئىلىنىۋاتىدۇ ) ھازىرقى تاشقورغان رايونىدا ئىدى . « خەننامە ، غەربىي يۇرت تەزكىرىسى » دە ، « پۇلى بەگلىكى پۇلى جىلغىسىنى باشقۇرىدۇ . ئاستانىسى پۇلى جىلغىسىدا » دەپ كۆرسىتىلگەن ، بىرقىسىم تەتقىقاتچىلار پۇلى جىلغىسى ئەمەلىيەتتە تاش قەلئە بولۇپ ، تاش قەلئە پۇلى بەگلىكىنىڭ ئاستانىسى ئىدى دەپ قارىماقتا . تاش قەلئەنىڭ قىرپانە بەگلىكىنىڭ ئاستانىسى ئىكەنلىكىدە شەك يوق . قىرپانە بەگلىكى بولسا مىلادىيىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە قۇرۇلغان . بۇ بەگلىك كۆپ ھاللاردا قۇرۇلغان ۋە ھۆكۈم سۈرگەن دەۋرى ( 600 يىلدەك ) بويىچە ، « خەن - تاڭ دەۋرىدىكى قىرپانە بەگلىكى » دەپ ئاتىلىدۇ . بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا ، تاش شەھەرنىڭ خەن دەۋرىدىكى پۇلى بەگلىكىنىڭمۇ ئوردىسى ئىكەنلىكى ئېھتىماللىقى ناھايىتى يېقىن . قىزىقارلىقى شۇكى ، مۇشۇ دەۋر بىلەن پتولمى « گېئوگرافىيە »سىدىكى « تاش قەلئە » خاتىرىسى دەۋرى تامامەن ئۆزئارا ماس كېلىدۇ . ئەگەر بۇ خىل تەسەۋۋۇر ۋە ھېسابلاش راست چىقسا ، ئۇ چاغدا تاش شەھەرنىڭ تارىخى يەنىلا 2000 يىلغا سوزۇلىدۇ .

يۇقىرىدىكى ماتېرىياللار ۋە ئۇچۇرلاردىن بۆلەك « تاش

قەلئە »نىڭ تارىخىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان مەلۇماتلاردىن شەرقىي جەنۇب سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن بۇددىست فاشيەن، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن دۇنخۇاڭلىق راھىب سۇڭ يۈن بىلەن خويشېڭ، تاڭ دەۋرىدىكى خويچاۋ، ۋۇكۇڭ خاتىرىلىرى، تارىخى ئەسەرلەردىن « يېڭى تاڭنامە »، « لياڭنامە »، « دەريالار تەپسىراتى ئىزاھلىرى »دىكى خاتىرىلەر بار.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، تاش قەلئە ھەققىدىكى خىلمۇخىل تارىخىي ماتېرىياللار ئوخشاشمىغان دەۋر، ئوخشاشمىغان نۇقتا، ئوخشاشمىغان مەۋقەلەردىن يېزىلغان. شۇڭا، بۇ ماتېرىياللاردا « تاش قەلئە »نىڭ تارىخى توغرۇلۇق ئۇچۇر - مەلۇماتلارنىڭ ئوخشاش چىقىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەمما، ئۇلارنى تەكشىلىكتە قويۇپ، سېلىشتۇرۇشقا، ئۇلار ئۈستىدە ئانالىز ۋە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشقا، بۇ ئارقىلىق ئوخشاشلىق ۋە پەرقىنى ئايرىۋېلىشقا بولىدۇ.

خىلمۇخىل ماتېرىياللار ھەققىدىكى يۇقىرىقى ئانالىز ۋە مۇھاكىمىدىن بىر تۇتاش شەھەرنىڭ تارىخى توغرۇلۇق تۆۋەندىكى يەكۈنگە ئېرىشەلەيمىز:

تاشقورغاندىكى قەدىمكى تاش شەھەر خارابىسى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىك ئىچىدىكى «پۇلى بەگلىكى» ( تاشقورغان بەگلىكى )، ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدىن تارتىپ تاكى تاڭ خاندانلىقىنىڭ كەييۈەن يىللىرى (مىلادىيىنىڭ 713 — 727 - يىللىرى ) غا قەدەر 600 يىلدەك ھۆكۈم سۈرگەن « قىرپانە بەگلىكى »، تاڭ خاندانلىقى دەۋرىدىكى غەربنى تىنچلاندۇرۇش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە قارام «سۇڭلىڭ ( پامىر )بوقالى »، چىڭ

سۇلالىسى دەۋرىدىكى «سەرىكوي مۇسۇلمانلار مەھكىمىسى» بىلەن «پۇلى (تاشقورغان) مەھكىمىسى»نىڭ تۇرۇشلۇق جايى ۋە سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ھەم قاتناش تۈگۈنى، قەدىمكى شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى بېرىش ـ كېلىش ۋە سودا ـ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ مۇقەررەر ئۆتۈشمە بېكىتى ئىدى. ئۇنىڭ تارىخىنى ئەڭ قىسقا ھېسابلىغاندا (مەسىلەن، شۆەنزاڭنىڭ قىرپانە بەگلىكىگە كەلگەن ۋاقتى ۋە شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ 1980 ـ يىلىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە ئاساسەن)، 1300 يىلدىن ئاشىدۇ. ئۇزۇنراق سوزغاندا (مەسىلەن، پتولمى خاتىرىسى، شۆەنزاڭ خاتىرىسى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك تارىخىي يازمىلارغا ئاساسەن)، 2000 يىل ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزاقراق بولىدۇ. بىزنىڭچە، تاشقورغاندىكى قەدىمكى تاش قەلئە خارابىسىنىڭ تارىخىنى ئېنىقلىۋېلىش ئۈچۈن، بىرى، تاش قەلئە خارابىلىقىدا كەڭ كۆلەملىك، چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش كېرەك. يەنە بىرى، تاش قەلئەنىڭ تارىخىغا ئائىت بارلىق يازما خاتىرىلەر. ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلار، ئالدىنقى كىشىلەرنىڭ تەتقىقات ۋە دەلىللەش ماتېرىياللىرىغا قارىتا ئىلمىي ئانالىز، مۇھاكىمە ۋە دەلىللەش ئېلىپ بېرىش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، تاش شەھەرنىڭ تارىخى نىسبەتەن ئېنىقلىققا ۋە روشەنلىككە ئىگە بولىدۇ.

# كۆنسېرى يۇكسىلىۋاتقان « دۇنيا ئۆگزىسى » دىكى ئالتۇن ماكان ـــ تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى

روزى گۈلبلى
شىجائەتخان ۋەزىرى

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى دۇنياغا مەشھۇر ھىمالايا، قاراقۇرۇم، تەڭرىتاغ ۋە ھىندىقۇش تاغ تىزمىلىرىنىڭ قوشۇلۇش نۇقتىسىدىكى سەرىكوي ( پامىر ) ئېگىزلىكىگە جايلاشقان بولۇپ، پامىر « دۇنيا ئۆگزىسى » دېگەن نامى بىلەن مەشھۇر، ئېلىمىزنىڭ غەربىي دەرۋازىسىغا جايلاشقان بۇ خىلۋەت ماكانىنىڭ غەربىي تەرىپى تاجىكىستان بىلەن، غەربىي جەنۇبىي تەرىپى ئافغانىستان بىلەن، جەنۇب تەرىپى پاكىستان ۋە كەشمىر رايونى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئومۇمىي چېگرا لىنىيىسى 888.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئېلىمىزنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدىن قاغىلىق، يەكەن، ئاقتۇ ناھىيىلىرىگە تۇتۇشىدۇ. ناھىيە بازىرى ئورۇنلاشقان يەردە ئۇزاق تارىخقا ئىگە تاشتىن قوپۇرۇلغان ھەيۋەتلىك « تاش شەھەر » خارابىسى بار. ناھىيە نامى شۇڭا «تاش شەھەر » نامى بىلەن تاشقورغان دەپ ئاتالغان.

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى 1954 ـ يىلى قۇرۇلغان ، بۇ ئاپتونوم ناھىيىدە تاجىك ، ئۇيغۇر ، قىرغىز ، خەنزۇ قاتارلىق مىللەتلەر ياشايدۇ . ناھىيىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 32000 بولۇپ ، تاجىك مىللىتى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 82% نى ئىگىلەيدۇ . ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي دەرۋازىسىدىكى بۇ ئاپتونوم ناھىيىنىڭ ئورۇمچى بىلەن بولغان تۈز سىزىق ئارىلىقى 1220 كىلومېتىر ، قەشقەر شەھەر بىلەن بولغان تۈز سىزىق ئارىلىقى 200 كىلومېتىر كېلىدۇ . ناھىيە بازىرىنىڭ دېڭىز يۈزى بىلەن بولغان ئېگىزلىكى 3200 مېتىر بولۇپ ، پۈتۈن ناھىيىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى تەخمىنەن 4000 مېتىردىن يۇقىرى كېلىدۇ .

ئاپتونوم ناھىيىنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 25034 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ . ئاپتونوم ناھىيىگە ئىككى بازار يەنى تاشقورغان بازىرى ، تاجىك ئاباد بازىرى 11 يېزا يەنى تاشقورغان يېزىسى ، تاغارما يېزىسى ، داتوڭ يېزىسى ، تىزناپ يېزىسى ، دەپتەر يېزىسى ، كۆكيار قىرغىز مىللىي يېزىسى ، ۋاچا يېزىسى ، بەلدىر يېزىسى ، مارياڭ يېزىسى ، قوغۇشلۇق يېزىسى ، بۇرۇمسال يېزىسى قارايدۇ . يەنە ئىككى مەيدان يەنى مازار نەسىللىك قوي يېتىشتۈرۈش مەيدانى ، چارۋىچىلىق ـ ئورمانچىلىق مەيدانى بار .

دۇنيا بويىچە ئىككىنچى ئېگىز چوققا ــ چۇگىر چوققىسى ( دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 8611 مېتىر كېلىدۇ ) ، مەشھۇر مۇز تاغ ئاتا چوققىسى مۇشۇ يەرگە جايلاشقان . قەشقەر بوستانلىقىنى ئابىھايات بىلەن تەمىنلەيدىغان مۇز تاغ ئاتا چوققىسىدىكى مۇزلۇقنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى تەخمىنەن 275 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ . مۇزلۇقتىكى ئەڭ قېلىن جايلارنىڭ قېلىنلىقى 300 مېتىرغا يېتىدۇ . مۇزلۇقتا ساقلىنىۋاتقان سۇ مىقدارى 23 مىليارد كۇب

مېتىردىن ئاشىدۇ. تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ تۇت تەراپىنى ھەيۋەتلىك تاغلار ئوراپ تۇرىدۇ. بۇ يەردىكى تاغ چوققىلارنىڭ كۆپىنچىسى دېڭىز يۈزىدىن 5 ــ 6 مىڭ مېتىر ئېگىز كېلىدۇ. تاغ ئارىلىقىدىكى ساي جىلغىلارمۇ ئومۇمەن دېڭىز يۈزىدىن 3000 مېتىردىن ئارتۇق ئېگىزلىككە جايلاشقان. بۇ يەردىكى تاغ چوققىلارنى يىل بويى قاپلاپ ياتقان قار - مۇزلار خۇددى كرىستالدەك يالتىراپ، كۆزنى چاقنىتىپ تۇرىدىغان ئاسما مۇزلار ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرىلەرنى شەكىللەندۈرگەن، قار - مۇزلار ئېرىگەندە ھاسىل بولغان قىيان سۇلار دەريا ھاسىل قىلىپ، مىڭلىغان تاغ - جىلغىلاردا ئۆركەشلەپ ئاقىدۇ. بۇ سۇلار قوشۇلۇپ مەشھۇر زەرەپشان دەرياسىنى ۋە تاشقورغان دەرياسىنى ھاسىل قىلىدۇ.

زەرەپشان تاجىكچە سۆز بولۇپ، ئالتۇن چېچىپ ئاقىدىغان دەريا دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ دەريادا كۆپ مىقداردا كېپەك ئالتۇن بار. تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ زېمىنى كەڭ، يەر تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ، ھاۋا كىلىماتى سوغۇق ۋە پەرقلىق، غەرب ۋە جەنۇب تەرەپتىكى يايلاقلاردا سان - ساناقسىز مال - پادىلار توپى كىشىنى مەھلىيا قىلسا، شەرق تەرەپتىكى جىلغىلاردا خىلمۇخىل مېۋە - چېۋىلەر تۆكمە - تۆكمە بولۇپ، تەمىنىڭ تاتلىقلىقى بىلەن كىشىنىڭ تىلىنى يارىدۇ.

بۇ ناھىيىدە قىممەت باھالىق ياۋايى ھايۋانلار، دورىلىق قىممىتى يۇقىرى بولغان دورا ئۆسۈملۈكلەر، خىلمۇخىل كان بايلىقلار ئىنتايىن كۆپ. ئېگىزلىككە جايلاشقان بۇ ئاپتونوم ناھىيە مەنزىرىسىنىڭ گۈزەللىكى، جۇغراپىيىلىك قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىچىلىكى، ھاۋا كىلىماتىنىڭ پەرىقلىقلىقى، تاغلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەيۋەتلىكى، يايلاقلىرىنىڭ كەڭ ۋە ياپيېشىللىقى، كان بايلىقلىرىنىڭ مول ۋە خىلمۇخىللىقى، ئوت - چۆپ، گۈل - گىياھ ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ رەڭگارەڭلىكى، تاغ سۇلىرىنىڭ ئەلۋەكلىكى، ياۋايى ھايۋانات خىللىرىنىڭ كۆپلۈكى ، داڭلىق مەدەنىي يادىكارلىقلىرىنىڭ كۆپلۈكى، مەنزىرىلىك جاي ۋە ساياھەت نۇقتىلىرىنىڭ ئۆزگىچىلىكى ۋە كۆپلۈكى بىلەن ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي دەرۋازىسىدا ئالتۇندەك چاقناپ تۇرىدۇ. قەدىمىي يىپەك يولى مۇشۇ ناھىيىدىن ئۆتكەچكە، بۇ يەردە تارىختىن بىرى شەرق - غەرب مۇناسىۋىتىدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن.

1958 - يىلى قەشقەر - تاشقورغان تاش يولى ياسىلىپ بۇ ناھىيىنىڭ قاتناش قۇلايسىزلىقى ئۈزۈل - كېسىل ھەل قىلىندى. كېيىنچە ناھىيە بازىرىدىن پاكىستانغا بارىدىغان تاش يول ياسالدى. 1986 - يىلى گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقلىشى بىلەن جۇڭگو - پاكىستان چېگرىسىدىكى خونجراپ ئېغىزى ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىگە ئېچىۋېتىلگەن، يىپەك يولى دەرۋازىسى قايتىدىن ئېچىلدى. بۇرۇن تۆگە قوڭغۇرىقى جىرىڭلىغان بۇ يىپەك يولدا ھازىر خىلمۇخىل زامانىۋى قاتناش قۇراللىرىنىڭ سىگنال ئاۋازى ياڭرىماقتا. خونجراپ ئېغىزىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن ئاپتونوم ناھىيىنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈلدى. چېگرا سودىسىنىڭ جانلىنىشى خەلقنىڭ بېيىش قەدىمىنى تېخىمۇ تېزلەتتى.

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا غايەت زور ئەۋزەللىككە ئىگە، 1 مىليون مودىن ئارتۇق تەبىئىي يايلاق بار بولۇپ، بۇ يايلاق چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ياخشى شارائىتتۇر. ناھىيىلىك پارتكوم،

خەلق ھۆكۈمەت چارۋىچىلىقنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، چارۋىلارنىڭ سورتىنى ياخشىلاش، سۈنئىي ئوتلاق بەرپا قىلىش، يايلاقنى قاشالاشتۇرۇپ پايدىلىنىش قاتارلىق جەھەتتە زور ئۈنۈم ھاسىل قىلىپ، پامىر قوتىزى، تاشقورغان چوڭ قۇيرۇقلۇق قويىدىن ئىبارەت كوزىر مەھسۇلاتلارنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى.

تاشقورغان چوڭ قۇيرۇقلۇق قويى قەشقەر ۋىلايىتى ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە داڭلىق سورت بولۇپ، بازاردىكى ئوبوروت قىممىتى ئىنتايىن يۇقىرى. ناھىيە 314 ـ لىنىيە دۆلەت تاشيولىنىڭ ئىككى تەرىپىگە جايلاشقان يېزىلاردا ئوقتىلىق تاشقورغان چوڭ قۇيرۇقلۇق قويىنى يېتىشتۈرۈش بازىسى قىلىشنى بېكىتتى، پامىر قوتىزى دېڭىز يۈزىدىن 4900 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تەبىئىي ئوتلاقتا ياشايدۇ. ناھىيە بويىچە ئومۇمىي قوتازنىڭ 60% نى داتوڭ، مارياڭ، قوغۇشلۇق يېزىلاردا بولۇپ، ناھىيە بۇ يەرنى پامىر قوتىزى بازىسى قىلىپ بېكىتتى. پامىر قوتىزى گۆشىنىڭ يۇمشاق، تەملىكلىكى، دورىلىق قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن بازاردىكى ئوبورتى ئىنتايىن تېز، پامىر قوتىزى بازارلاردا 1500 يۈەندىن 5000 يۈەنگىچە سېتىلىدۇ. ناھىيىنىڭ چارۋىچىلىقى يىلدىن ـ يىلغا يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ، ھازىر نوپۇس بېشىغا سەككىز تۇياقتىن چارۋا توغرا كېلىدۇ. يىلدا 60 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق چارۋا ئوبوروت قىلىنىپ، چارۋىچىلىق كىرىمى ئومۇمىي كىرىم ئىچىدە 60% تىن ئارتۇقنى ئىگىلەيدۇ.

تاشقورغاننىڭ خۇددى ئۆمۈچۈك تورىدەك گىرەلىشىپ كەتكەن ھېسابسىز تاغلىرىدا خىلمۇخىل كان بايلىقلىرى ئىنتايىن مول. ھازىرغىچە ئېنىقلانغان كانلاردىن ئالتۇن، قاشتېشى، مىس،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋولفرام، خرۇستال، قوغۇشۇن، تۆمۈر، چرىمتال، تاش پاختا، ياقۇت، گۈگگۈرت قاتارلىق 30 خىلدىن ئارتۇق ھەرخىل كان زاپاسلىرى بار. قارا چۇقۇردىكى قارا ۋولفرام كېنى، تاغارمىدىكى تۆمۈر كېنى، ۋاچا، قوغۇشلۇقتىكى مىسكانلار مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى تارتىپ، مەبلەغ سېلىش، ئېچىش باسقۇچىغا كىردى. داتوك قاشتېشى رەڭگىنىڭ چىرايلىقلىقى، كۆركەم ۋە خىلمۇخىللىقى، سۈپىتىنىڭ يۇقىرىلىقى، زاپاس مىقدارىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن داڭلىق بولۇپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى خېرىدارلارنى قاتتىق جەلپ قىلماقتا. ھازىر يىللىق سېتىپ چىقىرىش مىقدارى 200 تونىنغا يەتتى.

مىنېرال بۇلاق سۈيى «شاھىنشاھ» دەپ نام ئالغان تاشقورغان شامبىا مىنېرال بۇلاق سۈيى 1990 ـ يىلى مەملىكەتلىك تېخنىكا تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى خېرىدارلارنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئالىملار بۇ بۇلاق سۈيىنىڭ مىكرو تەركىبلىرى، بۇلغىنىش ماددىسى، رادىئاكسىيە ۋە گېگىنا كۆرسەتكۈچلەرنى تەكشۈرۈش، ئەتراپلىق تەھلىل قىلىش ئارقىلىق بۇلاق سۈيىنىڭ بۇلغىنىشقا ئۇچرىمىغانلىقىنى، كىشىلەرنىڭ سالامەتلىكىگە پايدىلىق بولغان 70 خىلدىن ئارتۇق مىكرو مىقداردىكى مىنېرال ماددىلارنىڭ بارلىقى، بولۇپمۇ سۇ تەركىبىدىكى ئاز ئۇچرايدىغان مېتا كرېمنىي كىسلاتاسى، سپۇتونتىسى، لىتىيدىن ئىبارەت ئىنسان بەدەن ھۈجەيرىلەرگە ئىنتايىن پايدىلىق بولغان ئۈچ خىل ماددىنىڭ موللۇقىنى ئىسپاتلاپ، مىنېرال بۇلاق سۈيىنىڭ ئۆلچىمىگە قويۇلغان تەلەپ بويىچە خەلقئارا يۇقىرى ئۆلچەمگە يېتىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى.

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى بۇ بايلىقنى ئېچىش، پايدىلىنىش جەھەتتە ئىزدىنىپ دەسلەپكى قەدەمدە ئىككى كىچىك تىپتىكى پامىر ئەلا سۈپەتلىك مىنېرال بۇلاق سۈيى زاۋۇتىنى قۇرۇپ، يىللىق ئىشلەپچىقىرىشنى 1200 توننىدىن ئاشۇردى. بىراق، كۈندىلىك ئېقىش مىقدارى 600 توننا بولغان بۇ بۇلاققا نىسبەتەن ئىككى كۈنلۈك سۇ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سۈنىڭ سۈپىتى، بازارنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ناھىيىمىز دەسلەپكى قەدەمدە ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىش، پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن شاڭخەي دېلۇڭ شىركىتى بىلەن مىنېرال سۇ، مۇز سۈيى ۋە ئىسسىق بۇلاق سۈيىنى ئېچىش توختامنامىسىنى تۈزدى. ئەگەر تەلىيىمىز ئوڭدىن كەلسە بۇ سۇلار مەملىكەت ۋە خەلقئارا بازارغا كىرەلىسە تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا زور يۈكسىلىش بارلىققا كېلىدۇ. بۇ ناھىيە مەشھۇر شىپالىق بۇلاق تاغارما ئارىشىڭىنىڭ (سۈنىڭ تېمپېراتۇرىسى 75.70 سېلسىيە گرادۇس) رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇردى. بۇ يەردە ساناتورىيە، مېھمانخانا قۇرۇپ يول، توك، تېلېفون ۋە تۈرلۈك ئەسلىھەلەرنى تولۇقلاپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كېلىپ بۇ يەردە داۋالانغۇچىلارنى ۋە يۇيۇنغۇچىلارنى ياخشى شارائىت بىلەن تەمىنلىدى.

بۇ يەرنىڭ يايلىقى كەڭ، ئېگىز تاغلاردا ئۆسىدىغان قىممەت باھالىق ھەرخىل دورىلىق ئوت - چۆپلەر كۆپ، قار گۈلى، قۇرۇمسۇتى، گولاپ گۈلى، مەرزەنجوش، قان تېپەر، كاراشىپ، كۈيناز گۈلى قاتارلىق گۈل - گىياھلار بىلەن تارىختىن بۇيان بۇ يەردىكى تاجىك چارۋىچىلار ھەرخىل كېسەللىكلەرنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

داۋالاپ كەلدى .

بۇ يەردىكى ياۋايى هايۋاناتلارنىڭ تۈرى بەكمۇ كۆپ ، پامىر ئارقىرى ( دۇنيادا مارك بولۇ ئارقىرى نامى بىلەن مەشھۇر ) ، تاغ تېكىسى ، ئۇلاي ، ئېيىق ، يىلپىز ، بۆرە ، تۈلكە قاتارلىق ياۋايى هايۋاناتلار قەدەمدە ئۇچراپ تۇرىدۇ . بولۇپمۇ يىلپىز ئىنتايىن داڭلىق بولۇپ ، ئەتىۋارلىق هايۋاناتلارنى قوغداش قانۇنىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى بىلەن پامىر يىلپىزى تېز كۆپەيمەكتە . ئۇلاي ، كەكلىك ، بۇركۇت ، قارچىغا ، هەرخىل كەپتەر ، قۇشقاچ ، قۇشلارنىڭ خىلى ئىنتايىن كۆپ ، دېڭىز يۈزىدىن 4000 مېتىر ئېگىزلىكتە ياشايدىغان ئۇلاي تۈرى دورىلىق قىممىتى بىلەن مەشھۇر .

بۇ يەردىكى دەريا ، كۆللەردىكى بېلىق خىللىرى ئىنتايىن كۆپ ، « بەيتىياۋ ، شۇ تۈن » دېگەن بېلىق خىللىرى داڭلىق بولۇپ ، ئېگىزلىككە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە . تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىدىكى داڭلىق مەدەنىي يادىكارلىقلاردىن مەلىكە قورغان ، جىر غال گۇمبىزى ، تاش شەھەر ، پەرهات ئۆستىڭى ، راسكامدىكى تارىخىي ئىزنا قاتارلىقلار ئۆزىنىڭ رەڭگارەڭ تارىخىي ئابىدىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تەتقىقاتچىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كەلمەكتە .

ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىشنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ ، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى ئۆز ئورنىنىڭ ئەۋزەللىكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ ، چارۋىچىلىق ـ دېھقانچىلىق ، كان بايلىقىنى ئېچىش ، چېگرا سودا ۋە ساياھەتتىن ئىبارەت كۆپ خىل ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ، يەردىن ، سۇدىن ، ياپلاقتىن ، تاغدىن ، چېگرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ ، پۈكۈلۈپ

قالغان قەددىنى رۇسلاپ، بۈركۈت كەبى پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى.

مائارىپ يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ناھىيە بازىرىدا 1 ـ، 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بىرلەشتۈرۈپ، ئەسلىھەسى تولۇق، مۇھىتى گۈزەل تاشقورغان ئوتتۇرا مەكتىپى قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن باشلانغۇچنى پۈتكۈزۈپ ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقىش مەسىلىسى ئۈزۈل ـ كېسىل ھەل قىلىندى.

سانائەت، قاتناش، ئېنېرگىيە، سەھىيە، پەن ـ تېخنىكا جەھەتلەردىمۇ زور نەتىجىلەر بارلىققا كەلدى.

ئازادلىقتىن بۇرۇن 100 نوپۇسقىمۇ يەتمەيدىغان ناھىيە بازىرىنىڭ ئورنىنى نەچچە مىڭ نوپۇسقا ئىگە گۈزەل، كۆركەم، ئاۋات شەھەر ئىگىلىدى. ئەتراپتىكى تاغلار بىلەن بوي تالاشقان قەۋەت ـ قەۋەت ئىمارەتلەر ئاۋات بازار رەستىلەر، ئەسلىھەلىرى تولۇق، پاكىز، ئازادە مېھمانخانىلار، رەتلىك، كۆركەم ئاسفالت يوللار، يول ياقىسىدىكى باراقسان ئۆسكەن تاغ سۆگەتلىرى، ئېرىقتا ئويناقشىپ ئاققان سۈپسۈزۈك تاغ سۇلىرى، ئۇياق ـ بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇرغان خىلمۇخىل ماشىنىلار، پاكىز شەھەر مۇھىتى ئېگىزلىكتىكى بۇ خىلۋەت ماكانىنى چولپاندەك چاقناتقۇزدى. بۇ ناھىيە چارۋىچىلىقنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن يوپۇرغىدىن 50 مىڭ مو يەر ئېلىپ تاجىك ئاباد بازىرىنى قۇردى. بىر ئائىلىنىڭ يېرىمى يايلاقتا چارۋا بېقىش، يېرىمى تاجىك ئاباد بازىرىدا دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش فاڭجېنىغا ئاساسەن ھازىر تاجىك ئابات بازىرىغا 203 ئائىلە، 1250 كىشى كۆچۈپ ئورۇنلاشتى. بۇ يەرنى زامانىۋى بازارغا ئايلاندۇرۇش بىلەن بىرگە بەش يىلغىچە 2000 ئائىلە، 10 مىڭ

كىشى بۇ يەرگە ئورۇنلىشىدۇ . بۇنىڭ بىلەن تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى ھەم چارۋىچىلىقى ، ھەم دېھقانچىلىقى بار مۇكەممەل ئىگىلىكنى بەرپا قىلىدۇ .

ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىشنىڭ تۆرتكىسى بىلەن ئېگىزلىكتىكى بۇ خىلۋەت ماكان يىلدىن ـ يىلغا يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ ، خەلق ئىگىلىكى مۇقىم ئېشىشتەك ياخشى ۋەزىيەتنى ياراتتى .

ئۆتكەن يىلى خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 48 مىليون يۈەنگە يېتىپ ، يىللىق ئېشىش نىسبىتى 8.5 پىرسەنت بولدى . چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ساپ كىرىمى 600 يۈەنگە يەتتى . مەبلەغ سالغۇچىلار ، يەككە تىجارەتچىلەر 25 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ ، كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىككى قەۋەت چىرايلىق ماگىزىن ، مېھمان كۈتۈش رەستىلەرنى سالدى . بۇلۇت ئۈستىدىكى بۇ تاغلىق شەھەرنىڭ قىياپىتىدە ئاجايىپ زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىپ ، ھەرقانداق كىشىنى مەھلىيا قىلىدۇ . بۇ يەرگە قەدەم تەشرىپ قىلىۋاتقان ساياھەتچىلەر ، مېھمانلار يىلسېرى كۆپەيمەكتە . بۇلغانمىغان بۇ زېمىن مىڭلىغان كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلماقتا .

پامىر مىنېرال بۇلاق سۈيىنى ئىچىش ، پامىر يېشىل يېمەكلىكلىرىنى يېيىش ، پامىر ئارىشىڭىدا يۇيۇنۇش ، تاجىك ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى تاماشا قىلىش ، پامىر ئېگىزلىكىدىكى مەنزىرىدىن ھۇزۇرلىنىش مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ ئارمان ـ ئارزۇسى بولماقتا .

مانا ئېگىزلىكتىكى ئالتۇن ماكان ئۆزىنىڭ باياشات قۇچىقىنى كەڭ ئېچىپ ، گۈلھەردەك چاقناپ تۇرماقتا .



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قۇچىقىنى كەڭ ئېچىپ، گۆھەردەك چاقناپ تۇرماقتا.

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي دەرۋازىسىدا نەۋباھار مەزگىلىدىكى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش قايىنىمىدا تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، گۈللەنگەن باياشات ناھىيە بەرپا قىلىش ئۈچۈن تىرىشماقتا.

ۋەتىنىمىزنىڭ ئەڭ چەت، ئەڭ يىراق غەربىي دەرۋازىسىدىكى بۇ ئالتۇن ماكانىنىڭ ئەتىسى تېخىمۇ گۈزەل بولغۇسى، ئۇ چولپان كەبى ۋەتەن كۆكىدە چاقناپ تۇرغۇسى.

ئاپتورى: ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى
ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمى

مەسئۇل مۇھەررىرى: مەدەلىخان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىلىم ئامبىرى

# قەدىمكى يۇرت — تېزناپ دىيارى

## شېرىن قۇربان، بىلال ئىزىمئاخۇن

### 1. گېئوگرافىيىلىك ئومۇمىي ئەھۋالى

«تېزناپ» (ئادەتتە «تىزنىق» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ) — تېزناپ دىيارىنىڭ جۇغراپىيىلىك ۋە مەمۇرىي نامى بولۇپ، مەنىسى «تېز نەپ بېرىدىغان جاي»، «ئاۋات يەر» دېگەندىن ئىبارەت①. بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا تېزناپنىڭ «بىر كالا ياتقان يەرنىڭ نەرخى بىر كالا» دېگەن چىرايلىق سۆپىتى بار ئىدى. بۇنىڭدىن تېزناپ دىيارىنىڭ تۇپرىقىنىڭ مۇنبەت، يەر باھاسىنىڭ قىممەت ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

تېزناپ دىيارى سەرىكوي تۆزلەڭلىكىدىن ئورۇن ئالغان بولۇپ، تېزناپ كەنتى شىنگان سۈيىدىن، چۇشمان كەنتى چۇشمان زوراب سۈيىدىن نەپ ئالىدۇ. سەرىكوي تاغلىرى باغرىدىن ئورۇن ئالغان بۇ يېزا تاشقورغان دەرياسىنىڭ غەربىي

---

① تېزناپ — تېزناپ نامىنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشىدە «تارىخىي رەشىدىيە» نىڭ تېزناپ دەرياسى ئۈستىدە توختالغاندا، بۇنى «تېزئاب» يەنى «تېز ئاقىدىغان دەريا» دەپ ئىزاھلىغان. تېزناپ يېزىسىنىڭ مەنىسىمۇ شۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىشى مۇمكىن. ئۇنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ — تەھرىردىن.

قىرغىنقىغا، تاغارما جىلغىسىنىڭ جەنۇبىي ۋە ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقان. يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاي ناھىيە بازىرىدىن شىمالغا بەش كىلومېتىر كېلىدۇ. تېزناپنىڭ شەرقىي تەرىپى ئافىرابسىياپ تېغى ئارقىلىق بەلدىر يېزىسىنىڭ شىنىدىي كەنتى بىلەن، شىمالىي تەرىپى تار تەيج ( قارا تاغ مەنىسىدە ) ۋە تەڭگى جىلغىسى ئارقىلىق تاغارما يېزىسىنىڭ بىغاۋىل كەنتى بىلەن تۇتىشىدۇ. تېزناپ يەنە سەرىكوي تاغلىرى ۋە شىنىگان يايلىقى ئارقىلىق تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتى بىلەن، خونجىراپ يايلىقى ئارقىلىق پاكىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئومۇمىي يەر مەيدانى 2060 كۋادرات كىلومېتىردىن سەل ئارتۇقراق كېلىدۇ، تېزناپ دېڭىز يۈزىدىن 3145 مېتىر ئېگىز، يايلاقلىرى دېڭىز يۈزىدىن 4000 مېتىردىن ئېگىز كېلىدۇ. يەر شەكلى غەربىي جەنۇبتىن شەرققە قاراپ پەسلەپ بارىدۇ. ھاۋا كىلىماتى پامىر ئېگىزلىكى كىلىمات رايونىغا مەنسۇپ بولۇپ، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى تولۇق، قىش پەسلى ئۇزاق، ياز پەسلى قىسقا، يىللىق قىروۋسىز مەزگىلى 70 كۈن ئەتراپىدا بولىدۇ. تېزناپ يېزىسى تاشقورغان ناھىيىسى بويىچە تەبىئىي شەرت ـ شارائىتى نىسبەتەن ئەۋزەل، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق ۋە ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان يېزىلارنىڭ بىرى. قاتناش شارائىتى ناھايىتى ياخشى بولۇپ، جۇڭگو ـ پاكىستان دوستلۇق تاشيولى بۇ يېزىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. ئاساسىي يايلاقلىرىغا ئاپتوموبىل قاتنىيالايدۇ. خونجىراپ يايلىقى مەزكۇر يېزىنىڭ داڭدار يايلىقى. داڭباش چوڭ قۇيرۇقلۇق قويلىرى ۋە قوتاز بۇ يېزىنىڭ ئالاھىدە يەرلىك مەھسۇلاتى.

تېزناپ تارىختىن بۇيان تاشقورغان رايونىنىڭ ئاساسلىق

يېزا، كەنت ۋە مەمۇريي بىرلىكلىرىدىن بىرى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى «سەرىكوي مۇسۇلمانلار مەھكىمىسى» گە قارايدىغان 27 كەنت ئىچىدە تېزناپ بىلەن چۇشمان ئايرىم - ئايرىم ئىككى كەنت ئىدى. 1902 - يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 3 - يىلى 12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى) چىڭ ھۆكۈمىتى «سەرىكوي مۇسۇلمانلار مەھكىمىسى» نى «تاشقورغان مۇداپىئە - ھۆكۈم شۆبە ۋازارىتى» گە ئۆزگەرتتى. مەزكۇر ۋازارەتكە 27 كەنت قارايتتى. تېزناپ بىلەن چۇشمان بۇ ۋازارەتكە قاراشلىق ئايرىم - ئايرىم ئىككى مەمۇريي كەنت قىلىپ تەسىس قىلىنغان. 1912 - يىلى يەنى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە، تاشقورغاندا ئۈچ يېزا، بىر بازار تەسىس قىلىنغان ئىدى. بىر بازار «جۇگسەن بازىرى» بولۇپ، ئۇ ناھىيە تۇرۇشلۇق جايدا ئىدى. ئۇنىڭغا چوڭ - كىچىك 11 كەنت قارايتتى. تېزناپ بىلەن چۇشمان ئايرىم - ئايرىم كەنتلەر بويىچە مەزكۇر بازارغا قارايتتى. جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىلى تاشقورغان ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. پۈتۈن ناھىيە ئىككى رايون 12 يېزىغا ئايرىلدى. تېزناپ (چۇشماننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) 1 - رايونغا قاراشلىق سەككىز يېزىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. 1952 - يىلى پۈتۈن تاشقورغان ناھىيىسى تۆت رايون، 17 يېزىغا ئايرىلدى. تېزناپ 1 - رايونغا قاراشلىق يېزىلارنىڭ بىرى بولۇپ تەسىس قىلىنغان. 1954 - يىلى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پۈتۈن ناھىيە ئىككى رايون، ئون يېزىغا بۆلۈندى. تېزناپ 1 - رايونغا قارايدىغان يېزىلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. 1959 - يىلى تېزناپ كوممۇناسى قۇرۇلغان. كوممۇناغا ئىككى چوڭ ئەترەت بىر چارۋىچىلىق فېرمىسى قارايتتى. 1966 - يىلى تېزناپنىڭ نامى

«جەڭگىۋار كوممۇناسى»غا ئۆزگەرتىلگەن . 1975 ـ يىلى تېزناپنىڭ ئەسلىدىكى نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن . 1985 ـ يىلى تېزناپ كوممۇناسى يەنە تېزناپ يېزىسى قىلىپ ئەسلىي نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن . يېزا تەۋەسىدە ئۈچ كەنت تەسىس قىلىنغان . ئۇلار : تېزناپ ، لەڭگەر ۋە چۇشماندىن ئىبارەت . تېزناپنىڭ بايلىقى بىرقەدەر مول بولۇپ ، يەر بايلىقى ، ئوتلاق بايلىقى ، ياۋايى هايۋانات بايلىقى ، ئۆسۈملۈك ۋە ئورمان بايلىقى ، تەبىئي كان بايلىقى ۋە ساياھەت بايلىقى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . تېزناپنىڭ دىيار ئىچى يەنە شىنگان ئېرىقى ، بۇزەڭدىي ، سۇكسەندىي ، بۇلۇڭدىي ، سايئېرىق ، بايكەتۇر ، قاشبۇن ، ئوغرىئېرىق ، مىيانەدىي ، ۋەخجدى ، باستائەد ، قەلئە ، لەڭگەر ، چۇشمان ( چۇشمان يەنە بۇرغال ، گۈزلەب ، رەبەرىن ، ژىرىنخ دېگەندەك ) لاۋرگۈز ، تۇرتەخان ، سىتتەركگۈز دېگەن تەبىئي بۆلەكلەرگە ئايرىلىدۇ . بۇلاردىن بەزى يەر ـ جاي ناملىرى قەدىمكى ئۇرۇق ـ جەمەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك . مەسىلەن ، ۋەخجدى ( ۋاخانلار ئولتۇرغان جاي دېگەننى بىلدۈرىدۇ ) ، بايكەتۇر ( هازىرقى بايكەتۇر جەمەتى ماكانلاشقان جاي دېگەننى بىلدۈرىدۇ ) .

تېزناپتا هازىر 338 ئائىلە ، 2569 نوپۇس بار . تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 6028 مو ، يايلاق كۆلىمى 393000 مو ، ئورمان كۆلىمى 3500 مو .

## 2 . مەدەنىي يادىكارلىقلىرى ۋە مۇھىم ساياھەت نۇقتىلىرى

تېزناپتا مەدەنىي يادىكارلىقلار ، ئاسارئەتىقىلەر ۋە ساياھەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نۇقتىلىرى خېلى بار. تېزناپ دىيارى ئىجتىمائىي تارىخنىڭ ئىزنالىرى بولۇپ، تېزناپ تارىخىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن تاشقورغان رايونىنىڭ تارىخىدىمۇ مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

تېزناپنىڭ قەدىمىي مەدەنىي يادىكارلىقلىرىنى ئۈچ تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ:

( 1 ) قەدىمكى قەلئە — قورغان ئىزنالىرى. مەسىلەن، تېزناپ قەلئەسى. ( 2 ) مۇقەددەس جايلار — قەدىمكى ئەۋلىيا - ئەنبىيالار ۋە مەشھۇر قەھرىمانلار مازارلىرى. مەسىلەن، شىنگان دۆلدۆلى، يىگىت - كېلىن چوققىسى، سەۋزى پوشت مازىرى، بايكەتۈر مازىرى، چىلتەن مازىرى، لەڭگەر شاتالىپ مازىرى، تال مازار، چۇشمان دەستىخان تاش، مەرمەم بىق ( مەرمەم دۆڭلۈكى )، قولچاق مازىرى، بىق - بىقىن ئىزلىرى، رۇستەم بۇلاق، رۇستەم قەبرىسى ۋە باشقىلار. ( 3 ) قەدىمكى قەبرىستانلىقلار، مەقبەرە - گۈمبەزلەر: مەسىلەن، لەڭگەر قەبرىستانلىقى، چۇشمان قەبرىستانلىقى ۋە بۇزەڭدى قەبرىستانلىقى قاتارلىقلار. تېزناپنىڭ قەدىمكى قەبرىستانلىقى، مەقبەرە - گۈمبەزلىرى ھەتتا مارك ئاۋرېل ستەيىن ( 1862 — 1943 ) دەك دۇنياۋى ئالىملارنىڭ دىققىتىنىمۇ تارتقان. «دەريانىڭ سول قىرغىقىنى بويلاپ تەخمىنەن ئۈچ ئىنگلىز مېلى يۇرۇپ بىرىنچى بۆلەك يولنى باسقاندىن كېيىن، بىز تېزناپ ( Tiznaf ) كەنتىگە كەلدۇق. بۇ يەردىكى لاي بىلەن ياسالغان، ئۈستىدە گۈمبىزى بار قەبرىلەر مېنى ئالاھىدە جەلپ قىلدى.»① شۇنى كۆرستىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مەدەنىي يادىكارلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئارقىسىدا خىلمۇ -

---

① ستەيىن: «قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىيلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 - يىل ئۇيغۇرچە تەرجىمە نەشرى، 70 - بەت.

خىل، ئاجايىپ ـ غارايىپ، سۇرلۇك ۋە قىزىقارلىق ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر بار. بۇ ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرنىڭ بىر قىسمى تاجىكلارنىڭ مەشھۇر ئەپسانىۋى قەھرىمانى پەھلىۋانى رۇستەم بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بىرقىسمى تاجىكلارنىڭ تارىخىي قەھرىمانى قولچاق بىلەن مۇناسىۋەتلىك، يەنە بىر قىسمى بولسا، تاجىكلارنىڭ قەدىمكى ئېتىقادى ( مەسىلەن، شىنگان دۆلدۆلى، يىگىت ـ كېلىن چوققىسى ) بىلەن ئالاقىدار. ھالبۇكى، بۇلار تاجىك فولكلور سىستېمىسىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. قەدىمكى قەبرىستانلىقلار، مەقبەرە ـ گۈمبەزلەر ناھايىتى مۇھىم بىلىش قىممىتى، تارىخىي قىممەت ۋە سەنئەت ـ ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە بولۇپ، تاجىكلارنىڭ قەبرىچىلىك مەدەنىيىتىنى نامايان قىلىدۇ.

تېزناپنىڭ مەدەنىي يادىكارلىقلىرى ئىچىدە « تېزناپ قەلئەسى » بىلەن « قولچاق مازارى » بىرقەدەر مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. « تېزناپ قەلئەسى » تېزناپ دىيارى ئىجتىمائىي تارىخىنىڭ شاھىتى. ئۇ تاشقورغان دەرياسىنىڭ قىرغىقىدىن ئورۇن ئالغان. قەدىمكى يىپەك يولى بىلەن بۈگۈنكى جۇڭگو ـ پاكىستان دوستلۇق يولى ( 314 ـ دۆلەت تاش يولى ) « تېزناپ قەلئەسى » نىڭ يېنىدىن ئۆتىدۇ. « تېزناپ قەلئەسى » ئەسلىدە تۆت دەرۋازىلىق چوڭ قەلئە بولۇپ، قەدىمكى دەۋرلەردە ئىچىدە 100 ئۆيلۈك ئادەم تۇرىدىكەن. شۇڭا، تېزناپلىقلار « سەدبۇناتىزنەيج » ( مەنىسى: 100 ئۆيلۈك تېزناپلىقلار ) دەپ ئاتالغان ئىكەن. «تېزناپ قەلئەسى » تاشقورغان رايونىنىڭ ئىجتىمائىي تارىخىدىمۇ ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان.

« سەرىكوي مۇسۇلمانلار مەھكىمىسى »نىڭ ھاكىمبېگى ئەلىفبەگمۇ « تېزناپ قەلئەسى »نى بازا قىلىپ، ياقۇپبەگنىڭ

سەركوي رايونىدىكى گۇماشتىسى ھەسەنشاھقا قارشى كۆرەش قىلىپ نۇسرەت قازانغان ھەم چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مۇكاپات ـ تارتۇقىغا ئېرىشكەن . « تېزناپ قەلئەسى » كېيىنكى چاغلاردا قاتتىق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان . ئۇنىڭ تاشلىرى قۇرۇلۇشقا توشۇپ ئىشلىتىلگەن . توپىسى ئېتىزلىقلارغا توشۇپ ئوغۇت ئورنىدا ئىشلىتىلگەن . ھازىر قەلئەنىڭ پەقەت يەر يۈزىدىكى ئىزناسىنىلا كۆرگىلى بولىدۇ . جۇڭگونىڭ قەدىمكى تارىخنامىلىرىدىن بىرى بولغان « لياڭنامە »دە « قىرپانە بەگلىكىدە 12 شەھەر بار » دەپ كۆرسىتىلگەن . بىزنىڭچە ، « تېزناپ قەلئەسى » شۇ 12 شەھەر ( قەلئە ) نىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن .

« قولچاق مازىرى » چۇشمان كەنتىنىڭ قەبرىستانلىقىدا بولۇپ ، تاجىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى قەبرىچىلىك ئۇسۇلىدا ياسالغان . ئېيتىلىشلارچە ، بۇ يەردە پەقەت قولچاقنىڭ تېنىلا دەپنە قىلىنغان . ئۇنىڭ بېشىنى دۈشمەنلەر كېسىپ ئەكەتكەن . « قولچاق مازىرى » دىكى نۇرغۇن مەقبەرە تاملىرىغا ھەر خىل نەقىش ۋە رەسىملەر سىزىلغان . بۇلار قولچاقنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى ۋە قىزىقىشلىرى ھەمدە تاجىكلارنىڭ قەبرىچىلىك سەنئىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ .

تېزناپ دىيارىنىڭ مەدەنىي يادىكارلىقلىرى ئۆز نۆۋىتىدە بۇ دىيارنىڭ مۇھىم ساياھەت نۇقتىلىرى ھېسابلىنىدۇ . بۇلاردىن باشقا ، يەنە تەڭگى جىلغىسى ، چۇشمان ئوتلىقى ، تېزناپ چوڭ شىۋەرلىكى ، شىنگان ئېغىزى ، شىنگان جىلغىسى ئىچىدىكى ئاجايىپ ـ غارايىپ تاغ چوققىلىرى ، تىك قىيالار ، شارقىراتمىلار ، چىمەنلىكلەر ، خونجىراپ يايلىقىدىكى مەنزىرىلىك جايلار ناھايىتى ياخشى سەيلە ـ ساياھەت نۇقتىلىرى ھېسابلىنىدۇ . بۇلار ئوبدان ئېچىۋېتىلسە ، ياخشى باشقۇرۇلسا ، مۇلازىمەت شارائىتى

ياخشلانسا، ناھايىتى ياخشى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئەمدىلا تەسىس قىلىنغان تېزناپ چۆپلۈكىدىكى ساياھەت نۇقتىسى نۇرغۇن ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلدى. بۇنىڭدىن تېزناپنىڭ، جۈملىدىن تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ ساياھەتچىلىكىنىڭ كەڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ. تېزناپنىڭ ئەڭ چوڭ يىللىق تۆت پەسىللىك يايلىقى خونجىراپ يايلىقى بولۇپ، ئۇ تېزناپ يېزىسىدىن 120 كىلومېتىر ئەتراپىدا يىراق. لېكىن، قاتناش شارائىتى ناھايىتى ياخشى بولۇپ، ئاپتوموبىل قاتنىيالايدۇ. جۇڭگو ـ پاكىستان دوستلۇق يولى خونجىراپ دەرياسىنى بويلاپ ماڭىدۇ. شىنگان يايلىقى تېزناپنىڭ يازلىق يايلىقى بولۇپ، مەنزىرىسى گۈزەل، ئاپتوموبىل قاتنىيالايدۇ. ياز كۈنلىرى بىر قىسىم يېزا ئاھالىلىرى ئالار ئۆتلىقى، تۇر تەخۇن، قىزىل قىرچىن، تەگگى جىلغىسى، ژېرنېخ قاتارلىق جايلاردا ئولتۇرىدۇ. بىر قىسىم چارۋىچىلار چەربەسىن، چوشمان زوراب قاتارلىق يېقىن تاغلارغا چىقىپ مال باقىدۇ. بۇ جايلار يەنە ئۆز ۋاقتىدا ھەم قىشلاق يايلاقلىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەرلەرنىڭ بىر قىسمىدا ساياھەت نۇقتىلىرىنى تەسىس قىلىشقا بولىدۇ.

### 3. تارىخىي شەخسلەر

تېزناپ دىيارىنىڭ ئۇزاق ئىجتىمائىي تارىخىدا، نۇرغۇن تارىخىي شەخسلەر ئۆتكەن. ئۇلارنىڭ نامى ۋە ئۇلار ھەققىدىكى خىلمۇخىل رىۋايەت ـ ھېكايەتلەر ھېلىھەم خەلقىمىز ئارىسىدا ساقلانماقتا. بۇ كېيىنكى تارىخىي بەتلەرنى ۋاراقلىساق ئېنىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كۆرەلەيمىزكى، چىك سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ئالاھىدە بولغان سەرىكوي رايونىدا «سەرىكوي مۇسۇلمانلار مەھكىمىسى»نى تەسىس قىلىپ، بۇ يەردە شىنجاڭدىكى باشقا رايونلارغا ئوخشاشلا بەگلىك تۈزۈمىنى يولغا قويغان ئىدى. مۇشۇ مەزگىلدىن تارتىپ تاكى 1912 ـ يىلى پۈلى ناھىيىسى تەسىس قىلىنىپ، 1926 ـ يىلىغا كەلگەندە، ھاكىمبەگلىك تۈزۈمى بىكار قىلىنغانغا قەدەر، يەنى تەخمىنەن بىر ئەسىردەك ۋاقىت ئىچىدە ناھايىتى نۇرغۇن بەگلەر ھۆكۈم سۈرگەن ئىدى. بۇلار ئىچىدىن تېزناپ چۇشمان كەنتىدىن ھاكىمبەگ قولچاق، ھاكىمبەگ باباشبەگ ئەسلىي تېزناپ كەنتىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ بالىسى ئەلىفبەگ، ئوبۇلھەسەنبەگ، نەۋرىسى مۇھەممەت كەرىمبەگلەر ئېلىمىز تاجىك خەلقىنىڭ تارىخىدا مۇھىم رول ئوينىغان تارىخىي شەخسلەر ھېسابلىنىدۇ. كېيىنكى چاغلاردا تېزناپتىن ھاكىم داكە چىققان. ئۇ دەسلەپتە تاشقورغانغا، كېيىنرەك پەيزىۋات ناھىيىسىگە ھاكىم بولۇپ، تۆت يىلدەك ھۆكۈم سۈرگەن. كېيىن زەھەر بىلەن قەستلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ياخشى تەرىپلىرى خەلق ئارىسىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە. گومىنداڭ دەۋرىدە تېزناپتىن خوجابەگ «جۇگسەن بازىرى» (مەزكۇر بازارغا جەمئىي 11 كەنت، يەنى ھازىرقى 314 ـ دۆلەت تاشيول بويىدىكى يېزا ـ كەنتلەرنىڭ ھەممىسى قارايتتى) نىڭ جيگجاڭ (بازار باشلىقى)، خوجابەگ بولغان نەبى ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان. ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا شۇ زامان ـ شۇ ماكان ئۈچۈن خىزمەت ئىشلەپ تارىختا ئىز قالدۇرغان.

ئازادلىق تاڭ نۇرى يېقىنلاشقاندا، بەزىلەر ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى نەبىنى چەت ئەلگە چىقىپ كېتىشكە دەۋەت

قىلغاندا، نەبى: «ئەمەلدارلىقنى ئۆز يۇرتۇمدا قىلدىم، ئەمدى بېشىمغا يامان كۈن كەلسىمۇ، ئۇنىمۇ ئۆز يۇرتۇمدا كۆرىمەن» دەپ چەت ئەلگە چىقىپ كېتىشنى رەت قىلغان. مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بۇ، ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ ئىپادىسى. تېزناپتىن يەنە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، بۇتا بەگ، ئابدۇراخمانبەگ، ھەسەنبەگ، غوجامبەگكە ئوخشاش يەرلىك بەگلەر، ئازادلىقتىن كېيىن بوردىل، بازار، دەلماي قاتارلىق يېزا باشلىقلىرى خەلققە پايدىلىق نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىپ بەرگەن. ئازادلىقتىن كېيىن، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ غەمخورلۇق قىلىپ يېتىشتۈرۈشى بىلەن تېزناپتىن بەگقەدەم (ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان. ھازىر پېنسىيىدە)، بەكرى مەيلباي ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمي كومىتېت مۇدىرى بولغان. گۈلمىر جۇڭگودا ئىشلەنگەن، تاجىكلار تۇرمۇشىدىن ئېلىنغان تۇنجى داڭلىق كىنو — «مۇز تاغقا كەلگەن مېھمان»نىڭ تۇرمۇش ئۆرپ - ئادەت مەسلىھەتچىسى.

بىز يەنە تېزناپ دىيارمىزدىن چىققان باتۇر پەھلىۋانلىرىمىزنىمۇ ئۇنتۇپ قالمايمىز. دۇستەك، مەدوست قاتارلىقلار ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ زەپەر بىلەن قايتىپ كەلگەن مەدوست ئاقسۇدىكى سوقۇشتا زور قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ، 2 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن. بەگقەدەم، قۇربانئاخۇن، دىلدار، گەنجەباي قاتارلىق كىشىلەر تاشقورغان ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ شۆھرەت قازانغان. دىيارىمىزدىن ئەتەباي، بارات شاغولام، غولام ھەيدەرلەر جۇڭگو - ھىندىستان ئۇرۇشىغا (ئۆزىمىزنى قوغداپ، قايتۇرما زەربە بېرىش ئۇرۇشى، 1962 - يىلى يۈز بەرگەن) قاتنىشىپ شەرەپ بىلەن قايتىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەلگەن. تېزناپنى چەۋەندازلار ماكانى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ يەردىن قۇربانجان، مۇساق، ساقىك قاتارلىق كۆللۈك ئات (چاپقۇر ئات ياكى بەيگە ئاتلىرى) ئۇستازلىرى چىقتى، تاجىك يۇرتلىرىدا ئەمەس، ھەتتا قىرغىزلار دىيارىغىمۇ ئاتاق چىقارغان.

مەرىكە ئاياللىرى، ئۇستا تەلقىنچى ئاياللار، قولى بەرىكەتلىك كەشتىچى، تۇماقچى ۋەكەشتىچى ئاياللارمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن چىقىپ، ئۆز ھۈنەر ـ ماھارىتىنى كۆرسىتىپ، يىراق ـ يېقىنلارغا داڭ چىقارغان. تېزناپتىكى چېۋەر ئاياللار تىككەن ئەرلەرنىڭ تاجىك تۇمىقى ۋە ئاياللارنىڭ كىيىدىغان شەيدايىسى پۈتۈن تاشقورغان خەلقى ئىچىدە يۇقىرى ئابرۇي ـ ئىززەتكە سازاۋەر.

تېزناپ يەنە ناخشا ـ ئۇسسۇل ۋە مەرىكە يۇرتى، بۇ يەردىن تۇردى، ئارمانغا ئوخشاش ئۇستا نەغمىچىلەر چىقىپ، توي ـ مەرىكىلەردە ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتكەن. ئارمان، سەيفى مەمەت، ئەبدۇل مەمەت قاتارلىق سەنئەت ئۇستىلىرى، بۈركۈت نەي چالغۇچىلىرىمىز 50 ـ يىللاردا قەشقەر، ئۈرۈمچى ۋە بېيجىڭغا بېرىپ، تاجىك خەلق سەنئىتىنى نامايان قىلىپ قايتىپ كەلگەن. ئابدۇراخمان بەگنىڭ «قىزىل گۈل» ناخشىسى ئەۋلادمۇئەۋلاد ئوقۇپ داۋاملىشىپ كەلمەكتە. بۇلاردىن باشقا، نۇرغۇن خەلق چۆچەكلىرى، خەلق ھېكايىلىرى، خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى بار. چۈشمانىدىكى ئاتاقلىق دىلاۋەر لەتىپىلىرى قىزىقارلىق بولۇپ، كىشىنى مەپتۇن قىلىدۇ. ئۇنىڭ لەتىپىلىرى ھازىرمۇ كىشىلەر ئارىسىدا ئېيتىلىپ يۈرىدۇ. تېزناپنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، تۇرار جاي، توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم، نەزىر ـ چىراق، ھېيت ـ ئايەم، كۆرۈشۈش ـ سالاملىشىش ـ

ـوشلـشـش ، مېھماندارچىلىق ، دىنىي ئېتىقاد پائالىيەتلىرى ۋە
ـشقا ئۆرپ - ئادەتلىرى ، قائىدە - يوسۇنلىرى باشقا يۇرتلار بىلەن
ـاسـاسـەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ . ئازادلىقتىن كېيىن تېزناپ دىياردا
ـايـەت زور ئۆزگـىرىـشلـەر بـولـدى . تېزناپنىڭ قالاق قىياپىتى ،
ـامراتلىق ھالىتى خېلىلا ئۆزگەردى . ئاساسىي قاتلام يېزا - كەنت
كـادىرلـىرى نەتـىجە يارىتىپ ، خەلق قەلبىدىن ئورۇن ئالدى .
ـايـخان ، ئەركەمۇساق ، تۇرسۇن نەۋرۇزلار مەملىكەتلىك ئەمگەك
نـەمۇنـىچىسى ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈلگىسى بولۇپ باھالىنىپ ،
ـىپىجىڭغا بېرىپ ، پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا
مۇيەسسەر بولغان . ئەركە مۇساق پارتىيە 15 - قۇرۇلتاي ۋەكىلى
بولۇپ بېيجىڭغا بېرىپ ، قۇرۇلتايغا قاتناشتى .

ئومۇمەن ، تېزناپ ياخشى دىيار ، ئۇنىڭ تاغ - دەريالىرى گـۈزەل ، ئابى - ھاۋاسى ياخشى ، مەنزىرىسى چىرايلىق ، خەلقلىرى ئەمگەكچان ۋە مېھماندوست ، خۇش چاقچاق ، تېزناپنىڭ كەلگۈسى تـېخىمۇ پارلاق ۋە بەرىكەتلىك بولغۇسى . ئانا دىيارىمىز ، كىندىك قـېنـىـمىز تۆكـۈلـگەن جاي بـولـغاچقا ، بىز چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببىتىمىز بىلەن تېزنابقا ئامەت ، بايلىق ۋە ئىقبال تىلەيمىز .

شېرىن قۇربان ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى

ئاپتورى :بىلال ئەزىمئاخۇن — ناھىيىلىك مـەدەنـىـيـەت ، پەن - تېخنىكا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى

مەسئۇل مۇھەررىرى : مەدەلىخان

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى

# سېھىرلىك جىلغىدىكى قاشتېشى دىيارى — داتوڭ

## روزى گۈلبلي

مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردىكى ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋاتقان مەشھۇر مۇزتاغ ۋە چوگىرى باغرىدىكى قەدىمىي گۈزەل ماكان تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ دۇنيا ئۆگزىسىگە جايلاشقانلىقى، ھاۋا كىلىماتىنىڭ ئىنتايىن سوغۇق ئىكەنلىكىنى ھەممە كىشى بىلىدۇ. ئەمما، بۇنداق ئېگىز تاغلىق ھەم سوغۇق رايوندا يەر تۈزۈلۈشى ئۆزگىچە بولغان، كۆكلەمدە ئاپئاق چېچەككە پۈركىنىدىغان، ياز پەسلىدە ھەر خىل مېۋە - چېۋىلەر خۇددى بوستانلىقلاردىكىگە ئوخشاش تۆكمە بولۇپ پىشىدىغان «ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز» دېگەندەك ھەم تېغى، ھەم بېغى بار بۇ گۈزەل يۇرتنىڭ بارلىقىنى بىلىدىغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس. قاتمۇقات ئېگىز تاغلار ئارىسىغا جايلاشقان، ئۆزىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى، ئەۋزەل شارائىتى، مول كان بايلىقى بىلەن كىشىلەرنى مەھلىيا قىلىۋاتقان بۇ گۈزەل يۇرت — داتوڭ يېزىسىدۇر. تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ داتوڭ يېزىسى ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان كۆكنى يارغان كوئىنلۇن تاغلىرى

سىدىكى جەننەت بوستان دەپ ئاتىلىپ، مەنزىرىسىنىڭ
ۈزەل، ئۆزگىچىلىكى، كان بايلىقىنىڭ موللۇقى، دەل-
رەخلەرنىڭ كۆپلۈكى، مېۋىلىرىنىڭ شېرىن، تاتلىقلىقى،
ۆيىنىڭ سۈزۈكلۈكى، يايلىقىنىڭ مۇنبەتلىكى، ئادەملىرىنىڭ
شچان، سەممىي، خۇش چاقچاق، چىقىشقاق، مېھماندوست،
ەنئەتخۇمار ئىكەنلىكى ھەمدە ئۆرپ-ئادەتلىرىنىڭ ئۆزگىچىلىكى
ىلەن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە جەلپ قىلىپ كەلمەكتە. بۇ
ۇرتقا بېرىپ بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ قالغان كىشى ئۆزىنى خۇددى
بىر تەبىئىي باغچىغا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىپ، بۇ يەردىن
زادىلا ئايرىلغۇسى كەلمەيدۇ. سەرىكوينىڭ بۇرۇنقى ھاكىمبەگلىرى
مەمەترېھىم، بەباشبەگ، ئەلىفبەگ، ئوبۇلھەسەنبەگ، كەرىمبەگ بۇ
يەردە ھەيۋەتلىك ئوردا بىنا قىلدۇرغان.

داتوڭ يېزىسى ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىدىكى 164 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قاتمۇقات تاغلار ئارىسىغا جايلاشقان بولۇپ، شەرق، شىمال تەرەپلىرى كۆككۆر، ئاتيايلاغ قاتارلىق جايلار ئارقىلىق ئاقتۇ ۋە يەكەن ناھىيىلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ، ئومۇمىي يەر مەيدانى تەخمىنەن 2136 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. داتوڭ يېزىسى ئايقەرىغ، ئاق تۆگە لەنگەر، قۇرۇق لەنگەر ۋە زۇل توڭ قاتارلىق تۆت كەنت، كاندەلەخش، شىر مازار، بەقۇلدى، ۋارگال، چوپان ژىراق قاتارلىق يەتتە مەھەللىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلغان ھالدا ئورمانچىلىق، كانچىلىق قاتارلىق كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. داتوڭ يېزىسىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى ئىنتايىن مۇرەككەپ، يېزىنىڭ كەنتلىرى تاغلار ئارىسىغا جايلاشقان. مەشھۇر زەرەپشان دەرياسى يېزىنى ئىككىگە بۆلۈپ ئاقىدۇ. يېزىنىڭ تەبىئىي تۈزۈلۈشى مۇنداق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

: ئىككى تەرىپى ئېگىز تاغلار بىلەن ئورالغان چوڭقۇر جىلغىلار ، جىلغىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كىشىنىڭ مەسلىكى كەلگۈدەك سۈپسۈزۈك تاغ سۇلىرى ئېقىپ تۇرىدۇ . تاغ سۈيىنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىر - بىرىگە تۇتاش سېلىنغان كۆچۈم مەھەللىلەر ، ئېتىزلار ، باغلار ۋە ئورمانلىقلار بار . بۇ يەر ئاجايىپ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە . ياز پەسلىدە بۇ يەرگە كېلىپ قالغان كىشى ھەرقانچە ئالدىراش بولغان بىلەنمۇ ، بىرقانچە كۈن تۇرۇپ بۇ گۈزەل مەنزىرىدىن قانغۇچە ھوزۇرلانغۇسى كېلىدۇ . چۈنكى ، بۇ يەرنىڭ راھەتبەخش ساپ ھاۋاسى كىشىگە ھوزۇر بېغىشلىسا ، مېھماندوست خەلقلىرىنىڭ مېھماننى تاغ ۋە باغ تائاملىرى بىلەن قىزغىن كۈتۈۋېلىشلىرى ، كېچىكىدىن تارتىپلا ناخشا - سازغا ئىشتىياق باغلىغان ياشلارنىڭ سۆگەك نەيلىرىنى يېقىملىق ياڭرىتىپ ، ئادەمنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىدىغان ناخشا كۈيلىرى ، بۇركۈت پەرۋازىغا تەقلىد قىلىنغان لەرزان ئۇسۇللىرى كىشىنى ئىختىيارسىز ھالدا مەھلىيا قىلىدۇ .

بۇ يېزىغا بارىدىغان يولدىكى دېڭىز يۈزىدىن 6000 مېتىر ئېگىزلىكتىكى كاھاندۇر داۋىنى ئۈستىگە چىقىپ تۆت ئەتراپىغا نەزەر سالسىڭىز ئۆزىڭىزنى خۇددى بۇلۇتلار ئۈستىدە تۇرغاندەك ھېس قىلىسىز ، كېچىلىرى بولسا ، يۇلتۇزلار خۇددى پەستە پىلىلدىغان توك چىراغلاردەك كۆرۈنىدۇ . تۆت ئەتراپىنىڭ ھەممىسىدە ئاپئاق قارغا پۈركەنگەن ياكى كۆپكۆك مۇز پارچىلىرى بىلەن خۇددى قاشتېشىدەك يالترايدىغان تاغ چوققىلىرى كۆزگە چېلىقىدۇ .

ئېگىز - پەس ھالەتتە ئۇزاقتىن - ئۇزاققا سوزۇلغان ئاجايىپ تاغ كۆرۈنۈشلىرىنى قانغۇچە تاماشا قىلغىلى بولىدۇ .

داۋاندىن ئېشىپ داتوك تەرەپكە پەسلەپ ئىككى سائەت يول

ۈرگەندىن كېيىن كۆز ئالدىڭىزدا توپ ـ توپ قوتاز، قوي، ئۆچكە پادىلىرى يايلاۋاتقان، تاغ تېكىلىرى قىلىچتەك مۈڭگۈزلىرىنى پارقىرىتىپ، قوي، ئۆچكە پادىلىرى ئارىسىدا ئويناۋاتقان، ئۇلايلار سېمىزلىكتىن قۇيرۇقلىرىنى كۆتۈرەلمەي ۋۆكۈلداۋاتقان، كەكلىكلەر يېقىملىق سايراۋاتقان، بۈركۈتلەر ئېگىز قىيالار ئارىسىدا ئەركىن پەرۋاز قىلىۋاتقان، ھەر خىل تاغ قۇشقاچلىرى تىنماي ئۇچۇپ ـ قونۇپ، ۋىچىرلىشىپ سايراۋاتقان قار لەيلىسى، مەرۋايى گۈلى، گۈلاب گۈلى، كۈينار گۈلى، بىنەفشە، قۇرمۇتى گۈلى قاتارلىق ھەر خىل تاغ گۈللىرىنىڭ خۇش پۇراق ھىدى ئادەمنى مەستخۇش قىلىدىغان كەڭرى كەتكەن بىر گۈزەل يايلاق نامايان بولىدۇ. بۇ داتوك يېزىسىنىڭ مەشھۇر لەبدىلوغ يايلىقى بولۇپ، ئۇنىڭدا بىرلا ۋاقىتتا 10 مىڭدىن ئارتۇق چوڭ ـ كىچىك چارۋا ئوتلايدۇ.

بۇ يېزىدا يەنە بىر قەدەر مەشھۇر بولغان چوپان ژەرەف يايلىقى، باي تۇرۇق يايلىقى، شەلۇي گەردان يايلىقى، لەپەرت يايلىقى، مىرنيۇت يايلىقى، مىرۇب يايلىقى، كۆد گەردان يايلىقى، ئەربەتەلاغ يايلىقى، سېپەمىر يايلىقى قاتارلىق يايلاقلار بار، يايلاقلارنىڭ تەبىئىي ئورۇنلىشىش يانتۇ بولۇپ، سۇ ۋە ئوت ـ چۆپلەر مول، بۇ يايلاقلاردا قوتاز، قوي، ئۆچكە، كالا قاتارلىق چارۋىلارنى يايلاتقىلى بولىدۇ. يايلاقلاردا يېپىنچا ئوت ـ چۆپلەر بولۇق بولغاچقا، قوتازچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا تولىمۇ ئەپلىك، يايلاقلارنىڭ ساپ ھاۋاسى، ئۆزگىچە مەنزىرىلىرى كىشىگە ئاجايىپ ھوزۇر بېغىشلايدۇ. ياز كۈنلىرى بۇ يايلاقلارنى ئارىلىغان كىشى ئۆزىنى خۇددى چۆچەكلەردىكى غايىۋى جەننەتكە كىرگەندەك ھېس قىلىدۇ. مۇھىتى بۇلغانمىغان بۇ زېمىندا كىشى تەبىئەتنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

گۈزەللىكىدىن قانغۇچە بەھر ئالالايدۇ . بۇ يېزىدا تاغ جىلغىلىرىغا جايلاشقان تەبىئىي ئورمانزارلىقلىرى ئىنتايىن كۆپ . يېزا تەبىئىي ئورمانلارنى ئاسراش بىلەن بىرگە يېزىنىڭ بوش ، بىكار يەرلىرىگە مېۋىلىك ، مېۋىسىز دەرەخلەرنى كۆپلەپ تىكىپ يېزىنى بوستانلىققا ئايلاندۇردى .

داتوگۈلىقلار ھەر يىلى ياز پەسلىدە ئۈجمە ، ئۆرۈك ، توغاچ ، شاپتۇل ، ئالۇچا ، ئامۇت ، نەشپۈت ، ئالما ، ئۈزۈم ، ياڭاق ، بادام ، جىگدە قاتارلىق مېۋىلەر بىلەن غىزالىنىدۇ . بۇ يېزىدا ئىنتايىن كۆپ ئۇچرايدىغان مېۋىلىك دەرەخ ئۆرۈك بولۇپ ، يېزا بويىچە 40 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق ئۆرۈك دەرىخى بار . كىشى بېشىغا 20 تۈپتىن توغرا كېلىدۇ . ئۇزاق يىللارنى بېشىدىن كەچۈرۈپ تەرەپ - تەرەپكە شاخلاپ كەتكەن ئايلانمىسى ئۈچ مېتىردىن ئارتۇق كېلىدىغان كاتاڭ ئۆرۈك دەرەخلىرى قەدەمدە بىر ئۇچراپ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ .

داتوگۈلىقلارنى باشقا جايلاردىكى خەلقلەرگە ئوخشاش بىر - ئىككى ئاي ئەمەس بەلكى تۆت - بەش ئاي ئۆرۈك يېيەلەيدۇ دېسە ھەرگىزمۇ مۇبالىغە بولمايدۇ . چۈنكى ، بۇ يېزىدىكى كەنتلەرنىڭمۇ ھاۋا كىلىماتى جەھەتتە بىر - بىرىدىن خېلى پەرق بار ، قۇرۇق لەنگەر كەنتلىرىدىكى ئۆرۈك 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنلىرى ئاساسەن پىشىپ يېگۈچىلەرنى ھۇزۇرلاندۇرسا ، ئاق تۆگە لەنگەر ، كىچىك تۇڭ كەنتلەردە 10 - ئاينىڭ باشلىرىدا شىرنىلىك پىشقان تاتلىق خۇبانى ( خۇۋەينى ) ئۆرۈكىگە ئېغىز تەگكۈزگىلى بولىدۇ . كۈز پەسلىدە ھەر خىل مېۋىلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى مەي بولۇپ پىشىپ ، مېۋە - چېۋە يېيىشكە ئامراق داتوگۈلۇقلارغا شادلىق بەخش ئەتسە ، كاندەلاخش كەنتىدىن چىقىدىغان قوغۇن ، تاۋۇز

ياڭاق مېغىزى مول ئۇزۇقلۇق ئاتا قىلىدۇ.
بۇ يەردىن چىقىدىغان ئۈرۈك مېغىزى ئىنتايىن تاتلىق بولۇپ، بۇ يەردىكىلەر يازدا مېھمانلارنى مېۋە بىلەن ۋە ئۈرۈك، ياڭاق مېغىزى بىلەن كۈتۈۋالىدۇ. مېھمانلار ھەرقانداق ئۆيگە كىرسە داستىخاندىكى مول نازۇنېمەتلەر قاتارىدا گەردىن چىنىلەرگە مېغىزلارمۇ تىزىپ قويۇلىدۇ. مېھمان ئۇزايدىغان چاغدا ساھىبخان بۇ مېغىزلارنى مېھمانلارنىڭ يانچۇقلىرىغا ياكى خۇرجۇن، سومكىلىرىغا قاچىلاپ بېرىدۇ. شۇڭا، ھەرقانداق مېھمان بۇ يۇرتتىن قايتىدىغان چاغدا ئاز دېگەندە بىر سومكا مېغىز ئالماي كېتەلمەيدۇ.
بۇ يېزىدا مېۋىلىك باغلاردىن باشقا ھەر خىل ئىقتىسادىي ئورمانلارنىڭ خىللىرى ئىنتايىن كۆپ، چوپان ژۇراف يايلىقىدىكى دەمەك دېگەن يەردىكى تەبىئىي ئورمانلىقتا دەرەخنىڭ خىللىرى 60 تىن ئاشىدۇ. داتوڭ كۆك تېرىكى تېز يېتىلىپ ماتېرىيال بولىدىغان چىدامليق، پارقىراق ئېسىل ياغاچ ئورمان سورتى ھېسابلىنىدۇ. بۇ يېزىدا نۇرغۇن تەبىئىي ئورمانزارلىقلار بار، بولۇپمۇ ماياقدى قارىغايزارلىقى، بەقچاق قارىغايزارلىقى، قاراتار قارىغايزارلىقى قاتارلىق قارغايزارلىقلاردا مول ياغاچ زاپىسى ساقلىنىپ كەلمەكتە. تىكىن جىلغىسى، قارا تار جىلغىسى سېپەمىر ۋە ژۇراف جىلغىلىرىدىكى تەبىئىي توغراقزارلىق، ئارچازارلىقنىڭ كۆلىمى بىرقەدەر چوڭ، بۇ ئورمانزارلىقلار ياخشى مۇھاپىزەت قىلىنغاچقا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىماي ياخشى ساقلانماقتا.
بۇ يېزىدا ياۋايى ھايۋانلار ۋە قۇشلارنىڭ خىللىرى ئىنتايىن كۆپ، ئارقار، تاغ تېكىسى، يىلپىز، تۆلكە، بۆرە، چىلبۆرە، ئېيىق، ياۋا توشقان، سۇغۇر قاتارلىقلار تەرەپ - تەرەپكە چېپىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھۇۋلاپ يۇرسە ، لاچىن ، قارچىغا ، بۇركۈت ، شۇڭقار ، ئۇلاي ، كەكلىك ، قىرغاۋۇل ، ئۆدەك ، ياۋا غاز ، ئاق تورنا ، كۆك قۇتان ، ھەر خىل تاغ قۇشقاچلىرى ۋە نۇرغۇن پەسىل قۇشقاچلىرى بار . داتوڭ يىلپىزى ناھايىتى داڭلىق بولۇپ ، يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئۇ دۆلەت تەرىپىدىن نۇقتىلىق قوغدىلىدىغانلىقى ئۈچۈن يىلپىز سانى بارغانسېرى كۆپەيمەكتە . داتوڭ يېزىسىدا يەنە مول كان بايلىق زاپاسلىرى بار . يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ بۇ يەردە تەكشۈرۈپ ئېنىقلىشىچە تۆمۈر ، مىس ، ئالىيۇمىن ، قوغۇشۇن ، تاش پاختا قاتارلىق 27 خىل كان بايلىقىنىڭ بارلىقى بايقالدى . داتوڭ يېزىسى گەرچە يۇقىرىقىدەك جەلپكارلىق سېيماسى بىلەن كىشىلەرگە تەبىئىي زوق بېغىشلىسا ، ئىسلاھات ئېچىۋېتىشنىڭ قايىنىمىدا نەچچە قىش باھارنى ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ ، ئۇ تېخىچە...

تىكلەش ئۈچۈن بىر كۈندەك ئۆتكۈزۈپ نامراتلىققا ئومۇميۈزلۈك جەڭ ئېلان قىلىپ ، كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان بۈگۈنكىدەك ئاجايىپ مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكى كىشىنى چەكسىز شادلاندۇرىدۇ .

تەبىئەت بۇ زېمىنغا ئاتا قىلغان بۇ تەبىئىي گۈزەللىك ۋە شۇ گۈزەللىكتىن پايدىلىنىش يولىدىكى قىيىنچىلىق ، توسالغۇلار داتوڭلۇقلارنى مۇھىم تاللاشقا ئېلىپ كەلدى . پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قاراتقان تۈرلۈك سىياسەتلىرى ئۇلارنى ئىلگىرىلەش ، تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتى بىلەن تەمىن ئەتتى ، ئۆمۈچۈك توردەك گىرەلىشىپ كەتكەن تاغ جىلغىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 2136 كۋادرات كىلومېتىر زېمىندا ياشاۋاتقان 364 ئائىلە 2100 نەپەر تاجىك چارۋىچى نامراتلىق تۇمان ئىچىدە يوقسۇزلۇقنىڭ ئاچچىق

•ردىنى يەتىكۆچە تارتىپ ئىنتايىن قىيىن ھالەتتە قالغان ئىدى.
سپتىدائىي تېرىقچىلىققا تايىنىپ كۆپ تېرىپ ئاز ھوسۇل ئېلىش،
كۆپ بېقىپ ئاز نەپ ئېلىشتەك ئەنئەنىۋى قالاق تېرىقچىلىق،
اقمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئاشلىق يۆتكەشتە قۇتقۇزۇشقا
ايىنىدىغان پۈتۈن يېزىنى نامراتلىق قاپلىغان ئىدى. قاتناش
ۇلايسىزلىقىدىن بۇ گۆھەر زېمىن بېكىنمە ھالەتتە تۇرۇپ،
كىشلەر تەرىپىدىن گۆھەرنى بېسىپ ياتقان نامراتلار دېيىلدى.
1980 - يىلى بۇ يېزىنىڭ ئاشلىق مەھسۇلاتى 215 مىڭ
كىلوگرام، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىم 70 يۈەن ئىدى.
ۇرغۇن چارۋىچى پەرزەنتلەر ئوقۇشسىز قالغان، داۋالىنىش
شارائىتىدىن ئېغىز ئېچىش تېخىمۇ تەس ئىدى. مانا بۇ
كىشىلەرنىڭ بىلگۈسى كېلىدىغان داتوڭ يېزىسىنىڭ 80 -
يىللاردىن بۇرۇنقى ئەھۋالى.
يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ تاغلىق يېزا ئۇچقاندەك
تەرەققىياتى بىلەن پامىردا چولپاندەك چاقناپ
كىشىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. بۇ خىل
ئۆزگىرىش ئەنئەنىۋى كۆز قاراشلارغا خاتىمە بېرىپ بىر تامچە
سۇدىمۇ قۇياش نۇرىنى كۆرگىلى بولىدىغاندەك ئىسلاھات
ئېچىۋېتىشنىڭ پارلاق نۇرى يىراق تاغ ئارىسىدىكى يېزىدا چاقناپ
بۇ يەرنىڭ قىياپىتىدە يېڭى سەھىپە ئاچتى. ئۇلار ئاشلىق
مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ تۇتتى. بۇ يېزىدا
تېرىلغۇ يەر 3010 مو بولۇپ، بۇ يەرلەرگە ئاساسەن كۈزگى
بۇغداي، يازغى بۇغداي، قوناق، باقلى، ئارپا، ھەرخىل پۇرچاق،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تېرىق قاتارلىق زىرائەتلەر تېرىلىدۇ. بىراق، بىرلىك مەھسۇلات ئىنتايىن تۆۋەن ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا يازغى بۇغدايدىن ئاران 63 كىلوگىرام مو بېشى مەھسۇلات چىقاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاشلىق يېتىشمەسلىك ئىنتايىن ئېغىر ئىدى. پۈتۈن يېزىدىكىلەر يېزا ئىگىلىكىدە زور بۆسۈشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن زور كۈچ بىلەن يېڭى بۇغداي سورتلىرىنى كىرگۈزۈپ سۇلياۋ يېپىپ قوناق تېرىشنى يولغا قويۇپ تېرىقچىلىقتا ئومۇميۈزلۈك ئىلمىي ئۇسۇلنى يولغا قويدى. مو بىرلىك مەھسۇلاتىنى 400 كىلوگىرامدىن ئاشۇردى. پالۋان دەشت، قارا تار قاتارلىق يەرلەردە 500 مودىن ئارتۇق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلۈپ، تېرىلغۇ كۆلىمىنى كېڭەيتتى. كۆپ يىل تىرىشىپ ئىشلەش ئارقىلىق ئاخىر ئاشلىقتا ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەشتىن سىرت ھەر بىر ئائىلىدە، كەنتتە، يېزىدا ئېشىنچا ئاشلىق بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ ئاشلىق مەسىلىسىنى تۈپتىن ھەل قىلدى. كۆپ خىل ئىگىلىكنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تەبىئىي بايلىق ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى. قاشتېشى، دۈڭ لىڭشى سۈپىتىنىڭ ياخشىلىقى، سورتىنىڭ ئەلالىقى بىلەن بازاردىكى تالىشىپ سېتىلىدىغان مەھسۇلاتقا ئايلاندى.

پارتىيە، ھۆكۈمەت بۇ يېزىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى. دۆلەت مەبلەغ سېلىپ بۇ يېزىغا تاشيول ياسىدى. تېلېفون ئورنىتىپ بەردى. تېلېۋىزىيە تارقىتىش پونكىتى قۇرۇپ بەردى. چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشىدا زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىپ كىرىم يىلدىن - يىلغا

ئېشپ باردى.

تاغ ئارىسىدىكى بۇ يۇرتتا بولۇۋاتقان ئۆزگىرىش پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونىغا كۆڭۈل بۆلۈپ ياردەم بەرگەنلىكىنىڭ نامايەندىسى.

مەسئۇل مۇھەررىرى: شىجائەتخان ۋەزىرى

ئاپتورى: تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرىتارى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمى



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# قەدىمي يىپەك يولىدىكى يېڭى رابات ــــ خونجىراپ

## قەيسەر دۆلەتبېك ، زايىت داۋۇت

خونجىراپ دېگەن بۇ نام بۇگۈنكى كۈندە پۈتكۈل دۇنياغا ، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىگە تونۇلۇپ كەتتى . 3 ـ دۇنيا ئەللىرىگە كەڭ ئېچىۋېتىلدى . بۇ يىپەك يولىنىڭ يېڭى قىياپىتىنىڭ نامايەندىسى .

خونجىراپ دېگەن بۇ نام تاجىكچە سۆز بولۇپ ، « خۇن » ( ئۆي ) « ژىرەف » ( جىرا ، جىلغا ) دېگەن ئىككى سۆزدىن تەركىب تاپقان بولۇپ ، تەلەپپۇز جەھەتتىن سەل ئۆزگىرىپ كەتكەن . بۇ نام ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈشىدىن كەلگەن . ئىككى تاغ ئارىسىدىكى خونجىراپ جىلغىسىنىڭ ئوت ـ چۆپلىرى ئەلۋەك ، سۈيى مول ، شامالدىن دالدا بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن قەدىمدىن تارتىپ « يىپەك يولىنىڭ » مۇھىم بىر ئۆتىكى بولۇپ كەلگەن ئىدى . مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 119 ـ يىلى جاڭ چيەن غەربكە سەپەر قىلغاندا مۇشۇ جايدىن ئۆتكەن ئىكەن . تاڭ دەۋرىدىكى راھىب شۈەنزاڭ مىلادىيە 649 ـ يىلى غەربكە بېرىپ نوم ئەكېلىشتىمۇ مۇشۇ جايدىن ئۆتكەن ئىكەن . تارىختا بۇ جاي

ئەزەلدىن جۇڭگو بىلەن غەربىي ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا ھەمدە ياۋروپا رايونلىرى بىلەن ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتىكى مۇھىم بىر ئۆتكەل بولۇپ قالغاچقا، كارۋان يولىنىڭ مۇھىم بىر ئۆتۈشمىسى بولۇپ كەلگەن. خونجىراپ دەرياسى ۋە دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى ئوتلاقلار قەدىمدىن بۇيان بۇ يەردە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاھالىلەرنىڭ كۆچمەنلىرىدەك ماكانى بولۇپلا قالماي، يەنە كارۋانلارنىڭمۇ ياخشى پاناھگاھى بولغان. ئەلۋەتتە خونجىراپ داۋىنى قىش ـ ياز، قار ـ مۇز بىلەن قاپلىنىپ، قاتتىق شۇۋرغان چىققانىڭ ئۈستىگە، ئۈچ قەۋەتلىك پەللەمپەيسىمان ئېگىزلەپ بارىدىغان يول بولغاچقا، قاتناشقا قىيىنچىلىق تۇغدۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىرقى پاكىستان چېگرىسى تەرەپتىكى قىسمى تىك قىيالىق تاغلار بىلەن ئورالغان، ئاستىدا قىيان دەريا بولغاچقا، تاشيول ياسىلىشتىن بۇرۇن كارۋانلارغا بەلگىلىك خەتەرلەرنى پەيدا قىلغان. جۇڭگو ـ پاكىستان تاشيولى ياسالغاندىن كېيىن بۇ يول تېخىمۇ ئاۋاتلىششقا باشلىدى.

خونجىراپ ــ پاكىستان، ئافغانىستان، كەشمىر ئەنۋار رايونى قاتارلىق چەت ئەللەرگە تۇتىشىدىغان يېپەك يولى (ھازىرقى دەۋردە دوستلۇق يولى دەپ ئاتالماقتا) نىڭ تۈگۈنىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، جۇڭگو ـ پاكىستان ھۆكۈمەتلىرى 1963 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى چېگرا كېلىشىمى ئىمزالىغان ھەمدە چېگرىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق 20 ئورۇنغا بىرلىكتە چېگرا بەلگىسى ئورناتقان. بۇ ۋاقىتلىق كېلىشىم ئىدى.

جۇڭگو ـ پاكىستان چېگرىسى ــ جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونى مۇداپىئە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش رايونى بىلەن پاكىستاننىڭ

ئەمەلىي كونتروللۇقىدىكى كەشمىر ئەنۋار رايونىنىڭ چېگرىسىدىن ئىبارەت. بۇ چېگرا غەربتە جۇڭگو ـ پاكىستان، ئافغانىستان ئەللىرى تۇتىشىدىغان 5587 ـ ئېگىزلىككە، شەرقتە قارا قۇرۇم تاغ ئېغىزلىرىغىچە بولۇپ، چېگرا لىنىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 599 كىلومېتىر.

1968 ـ يىلىدىن 1978 ـ يىلىغىچە جۇڭگو ھۆكۈمىتى پاكىستانغا ياردەم بېرىش يۈزىسىدىن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 270 مىليون يۈەن خەلق پۇلى، 220 مىڭ ئادەم قېتىم ئەمگەك كۈچى سەرپ قىلىنىپ، خونجىراپ ئېغىزىدىن پاكىستانىنىڭ تاكتى دېگەن يېرىگىچە 600 كىلومېتىر كېلىدىغان جۇڭگو ـ پاكىستان دوستلۇق تاشيولىنى ياساپ چىقتى.

جۇڭگو ـ پاكىستان ھۆكۈمەتلىرىنىڭ 1966 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ۋە 1973 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ھاسىل قىلغان قارا قۇرۇم تاشيولىنى ياساش توغرىسىدىكى ئىككى قېتىملىق كېلىشىمگە ئاساسەن دۆلىتىمىز 1968 ـ يىل 7 ـ ئايدا ۋە 1974 ـ يىل 6 ـ ئايدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم تاشيول ياسىغۇچى خادىملارنى پاكىستانغا ئەۋەتىپ خونجىراپتىن تاكتىغىچە بولغان 600 نەچچە كىلومېتىر ئارىلىقتىكى تاشيولنى ياساشقا ياردەم قىلدى. 1978 ـ يىل 6 ـ ئايدا قارا قۇرۇم تاشيولىنىڭ ئومۇمىي لىنىيىسى پۈتۈپ ئاپتوموبىل قاتنىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ يول جۇڭگو ـ پاكىستان ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم قۇرۇقلۇق يولى بولۇپ قالدى. خونجىراپ چېگرا سىزىقىنى ئېنىق بېكىتىش ئۈچۈن1980 ـ يىل 8 ـ ئايدا ئىككى دۆلەت تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ ۋەكىللىرى خونجىراپتىكى جۇڭگو ـ پاكىستان چېگرا سىزىقىنىڭ تاشيول تۇتىشىدىغان قىسمىدا ئىككى چېگرا بەلگىسىنى بېكىتىپ

نومۇر سالدى.

ئىككى دۆلەت خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئەنئەنىۋى دوستلۇقنى تەدرىجىي راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئىككى تەرەپنىڭ كۈندىلىك چېگرا ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن 1981 - يىل 9 - ئايدا ئىككى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى خونجىراپ پورتىنى ئېچىۋېتىش مەسىلىسىدە پرىنسىپال كېلىشىم ھاسىل قىلدى. 1982 - يىل 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقىغا ئاساسەن، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى خونجىراپ پورتىنى باشقۇرۇش كومىتېتى» تەسىس قىلىندى. خىزمەت ئېھتىياجىغا ئاساسەن، خونجىراپ چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش پونكىتى، خونجىراپ تاموژنىسى، خونجىراپ كارانتىن ئىش بېجىرىش پونكىتى، خونجىراپ چېگرىسىدىكى سۆھبەتلىشىش - ئۇچرىشىش پونكىتى، خونجىراپ خەلقئارا پوچتا ئالماشتۇرۇش پونكىتى، خونجىراپ پۇل تېگىشىش پونكىتى، خونجىراپ پاساژىرلار بېكىتى، خونجىراپ ئامانلىق ساقلاش ساقچىخانىسى قاتارلىقلار تەسىس قىلىندى.

1982 - يىل 7 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار ئىشخانىسىنىڭ سابىق مۇدىرى ئابدۇللا رېھىم باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكى پاكىستاننىڭ ئېلىمىزدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ئەخمەت باردى باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكى ئۈرۈمچىدە خونجىراپ پورتىنى ئېچىشنىڭ كونكرېت مەسىلىلىرى ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىپ ئىككى دۆلەت ھۆكۈمىتىنىڭ خونجىراپ پورتىنى ئېچىۋېتىش كېلىشىمنامىسىنى ۋاقىتلىق ئىمزالىدى. 8 - ئايدا جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى ئىسمايىل

ئەھمەد باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكى پاكىستاننى زىيارەت قىلدى ھەمدە پاكىستان ھۆكۈمىتى ۋەكىلى، كەشمىر ۋە شىمالىي رايون ئىشلىرى مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى جامال دارخان بىلەن ئىسلامئابادتا خونجىراپ پورتىنى ئېچىۋېتىش كېلىشىمنامىسىنى رەسمىي ئىمزالىدى. 8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئىككى دۆلەت ۋەكىللەر ئۆمىكى خونجىراپتا مەر ـ مەر تاشتىن خاتىرە ئورناتتى. تاشقورغان ۋە قەشقەر شەھىرىدە تەنتەنىلىك تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇلدى.

خونجىراپ پورتى ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن ئىككى تەرەپ ئۆز ئالدىغا چېگرىدىن كىرىپ ـ چىقىشنى تەكشۈرۈش، كارانتىن قىلىش چېگرا چازا قۇردى. جۇڭگو تەرەپنىڭ چازىسى خونجىراپنىڭ پىلال يايلىقىدا بولۇپ، چېگرا سىزىقىغا 34 كىلومېتىر كېلەتتى.

پاكىستان تەرەپنىڭ چازىسى دىل دەرياسى بولۇپ، چېگرىدىن 52 كىلومېتىر يىراقلىقتا ئىدى. خونجىراپ رايونىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى مۇرەككەپ، قارلىق تاغلار ئېگىز، ئوكسىگېن كەمچىل، ھاۋا ئىنتايىن سوغۇق بولغانلىقى ئۈچۈن ئىككى تەرەپ مەسلىھەتلىشىپ پورتنى ھەر يىلى 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىگىچە يېرىم يىل داۋاملىق ئېچىش، قالغان يېرىم يىلدا ھۆكۈمەت ئىشلىرىدىن باشقا ساياھەت ۋە تۇغقان يوقلاشقا ئاچماسلىق بەلگىلەندى. 1982 ـ يىل 10 ـ ئايدا، 1983 ـ يىل 4 ـ ئايدا، 1984 ـ يىل 4 ـ ئايدا ئىككى دۆلەت يەرلىك ئەمەلدارلىرى نۆۋەت بىلەن گىلگىت ۋە قەشقەردە ئۈچ قېتىم مۇئاۋىن ۋالىي دەرىجىلىكلەر ئۇچرىشىش ئېلىپ بېرىپ، بەزى كونكرېت مەسىلىلەر ئۈستىدە دوستانە كېڭەشتى. 1986 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ

كۆنى خونجىراپ پورتى ئۆچىنچى ئەللەرگە رەسمىي ئېچىۋېتىلدى. خونجىراپ ئېغىزىدىكى ھەرقايسى تەكشۈرۈش، كارانتىن قىلىش ئورۇنلىرىنىڭ كەسپىي خىزمەت مىقدارى تېز كۆپىيىپ، چېگرىدىن كىرىپ ـ چىققۇچىلار 100 دىن ئارتۇق دۆلەت ۋە رايونغا يەتتى. كېلىپ ـ كېتىدىغان مېھمانلارنىڭ ئاساسلىق تەركىبى، سەيلە ـ ساياھەتچىلەر، ھەج قىلغۇچىلار، ئېكسپېدىتسىيىچىلەر، تاغقا چىققۇچىلار، سودا ـ سېتىق قىلغۇچىلار بولۇپ، بۇنىڭدىن سىرت يەنە شىزاڭنىڭ شىلىم پورتى ئارقىلىق كىرىپ لاسا، گېرمو، لەنجۇ، دۇڭخۇاڭ، ئۈرۈمچى، تۇرپان، قەشقەرنى ئايلىنىپ تاشقورغان خونجىراپ پورتى ئارقىلىق چىقىپ كېتىدىغان «ئالتۇن ساياھەت لىنىيىسى» دەپ ئاتالغان لىنىيىسمۇ بار.

1982 ـ يىلىدىن 1993 ـ يىلىغىچە پورت تۇرۇشلۇق ئورۇن دېڭىز يۈزىدىن 4500 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تاشقورغان ناھىيە ئىچىگە 130 كىلومېتىر، قەشقەر شەھىرىگە 420 كىلومېتىر، ئۈرۈمچى شەھىرىگە 1890 كىلومېتىر، پاكىستاننىڭ شىمالىي رايونىدىكى ئاساسلىق شەھەر گىلگىتكە 270 كىلومېتىر، پاكىستاننىڭ پايتەختى ئىسلامئابادقا 870 كىلومېتىر ئارىلىقتىكى پىلال يايلىقىدا ئىدى.

1993 ـ يىلى خونجىراپ پورتىدىكى ھەرقايسى باشقۇرۇش، تەكشۈرۈش، كارانتىن قىلىش ئورۇنلىرىنى پىلال يايلىقىدىن ناھىيە بازىرى ئىچىگە يۆتكەپ كەلدى. يېڭى پورتنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن دۆلەت 20 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ 10 مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق كۆلەمدىكى يېڭى خىزمەت بىناسى، ياتاق، تاماقخانا، مېھمان كۈتۈش، بىرلەشمە تەكشۈرۈش زالى قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى سالدى. بۇ قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرى بىرقەدەر تولۇق،

كۆركەم بولۇپ، ھەرقايسى قۇرۇلۇشنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى بار.

خونجىراپ پورتىدا ئېغىز باشقۇرۇش كومىتېتى، تاموژنا، چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش پونكىتى، كارانتىن قىلىش، ئىش بېجىرىش ئورنى، چېگرا ـ مۇداپىئە خىزمەت پونكىتى، پۇل ئالماشتۇرۇش ئورنى، قاتناش باشقۇرۇش پونكىتى، خەلقئارا پوچتا ئالماشتۇرۇش پونكىتى قاتارلىق ئورۇنلار تەسىس قىلىنغان بولۇپ، بىرقانچە يىلدىن بۇيان ئورۇنلار يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ ھەر خىل تەقدىرلەش، مۇكاپاتلاشلىرىغا ئېرىشىپ كەلدى. خونجىراپ پورتى باشقۇرۇش، تەكشۈرۈش، كارانتىن قىلىش چازىسىنى تاشقورغان ناھىيە بازىرىغا يۆتكەپ كېلىش ئىشى بىلەن، ناھىيە رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ناھىيە بازىرىغا جەنۇبتىن كىرىش ئېغىزىدا پورت باشقۇرۇش چازىسى قۇرۇلۇش ئورنى ئاجرىتىپ بېرىلگەنلىكتىن خونجىراپ پورت باشقۇرۇش كومىتېتى، خونجىراپ تاموژنىسى قاتارلىق 10 نەچچە ئورۇننىڭ خىزمەت، ياتاق، تۇرمۇش ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىغا ئىش باشلاندى. ناھىيىدىكى ھەر مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن 21 ـ كۈنىگىچە بىر ھەپتە خالىسانە ئەمگەك قىلىپ، جىرىم تىكىپ، توپا توشۇپ، ساي يەرلەرنى تۈزلەپ، چىم ياتقۇزۇپ مۇھىتنى ياخشىلىدى. 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قۇرۇلۇش رەسمىي پۈتۈپ پورت باشقۇرۇش چازىسى پىلال بويىچە ناھىيە بازىرىغا كۆچۈرۈپ كېلىندى. بۇ پائالىيەتكە قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى، پورت باشقۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى مياۋ شۇاڭ قاتناشتى. خونجىراپ پورتى ئارقىلىق سەيلە ـ ساياھەتتىن باشقا يەنە

ئىمپورت - ئېكسپورت ئىشلىرىمۇ ئىشلىنىدۇ. دۆلىتىمىز ئېكسپورت قىلىدىغان تاۋارلار ئىچىدە ئاساسلىقى كىچىك تىپتىكى يېزا ئىگىلىك سايمانلىرى، سۇ ئېلىكتىر ئۈسكۈنىلىرى، تاۋار - دۇردۇن، توقۇلما ماللار، فارفور بۇيۇملار ۋە كۈندىلىك چەرچىن ماللاردىن ئىبارەت. ئىمپورت قىلىنىدىغان تاۋارلار ئىچىدە ئاساسلىقى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئالاھىدە ئېھتىياجلىق بولغان خىمىيۋى تالادىن ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار، يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلار ۋە تېبابەتچىلىكتە ئىشلىتىدىغان دورا ماتېرىياللىرىدىن ئىبارەت.

خۇنجىراپ پورتىنىڭ ئېچىۋېتىلىشى — تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ سىياھەتچىلىك، تاشقى ئىشلار ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى پايدىلىق ئاسلار بىلەن تەمىنلەپلا قالماستىن، بەلكى يەنە تاشقى سودا - سېتىق، دوستانە بېرىش - كېلىش، دىپلوماتىيە ئىشلىرى شۇنداقلا ئىستراتېگىيە جەھەتتىمۇ دۆلەتنىڭ غەربىي ئېگىزلىكتىكى دۆلەت دەرۋازىسىنى قوغداش ئىشلىرىدىمۇ زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئاپتورى قەيسەر دۆلەتبېك: ناھىيىلىك پارتكوم تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى

ئاپتور زاھىت داۋۇت: خۇنجىراپ ئېغىز باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى (تاجىك)

مەسئۇل مۇھەررىرى: مەدەلىخان

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى
www.uyghurkitap.com

# تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي بايلىقلىرى ھەققىدە

جايىر ياۋسار ، مەستۇرە شىجائەتخان

## 1. تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي بايلىقلىرىنىڭ شەكىللىنىش ئەھۋالى

تەبىئىي بايلىقلار ــ ئىنسانلار تەبىئەتتىن بىۋاستە ئالىدىغان ، ئۇنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشتا ئىشلىتىدىغان ماددا ۋە ئېنېرگىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەبىئىي مۇھىتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . تۈرلۈك تەبىئىي بايلىقلارنى ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلەرگە قاراپ ، يېڭىلانمايدىغان بايلىقلار ( قايتا ھاسىل بولمايدىغان بايلىق ، مەسىلەن ، ھەر خىل قېزىلما بايلىقلار ) ۋە يېڭىلىنىدىغان بايلىقلار ( قايتا ھاسىل بولىدىغان بايلىق ، مەسىلەن : ھەر خىل جانلىقلار بايلىقى ، سۇ ، يەر ، ئىقلىم ، ئوتلاق ئورمان بايلىقلىرى ) دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ .

تەبىئىي بايلىقلار مۇئەييەن قانۇنىيەت بويىچە شەكىللەنگەن ۋە جايلاشقان يەر شارى يۈزىدىكى تەبىئىي مۇھىتنى تەشكىل قىلغان قۇياش نۇرى ، ھاۋا ، سۇ ، تاغ جىنسلىرى ، مىنېراللار ،

ۋېراق، جانلىقلار قاتارلىق ئامىللار تەبىئىي بايلىقلارنىڭ
ـەكىللىنىشىگە نىسبەتەن غايەت زور تەسىر كۆرسىتىش ۋە
ـەكىلەش رولىغا ئىگە. پامىر ئېگىزلىكىدىكى تاشقورغان رايونىدا
ـەرقايىسى گېئولوگىيىلىك دەۋرلەرنىڭ يەر قاتلاملىرى بىلەن ماگما
ـىنسلىرىدا، قەدىمكى جانلىقلار قاتلاملىرى ۋە ھەر خىل قۇرۇلما
ـزنالىرىدىن ئىبارەت. يەر پوستى ھەرىكەتلىرىنىڭ تارىخىي
ـزلىرى ساقلانغان بولۇپ، ھەرقايسى گېئولوگىيىلىك يەر
ـاتلاملىرى ياخشى يېتىلگەن يەر پوستى ھەرىكىتىنى كەلتۈرۈپ
چىقارغان ماگما ھەرىكەتلىرىمۇ دائىم كۆرۈلۈپ تۇرغان كۆپ
ـېتىملىق يەر پوستى ھەرىكىتى جەريانىدا ۋولقان جىنسلىرى كەڭ
تارقالغان. ھەر خىل كان مەھسۇلاتلىرىنىڭ ھاسىل بولۇشى بىلەن
تارقىلىشىنىڭ يەر پوستى ھەرىكىتى ۋە ۋولقان جىنسلىرى بىلەن
زىچ مۇناسىۋىتى بولۇپ، ماگما پائالىيەتلىرىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىدە
ھەر خىل رۇدا ئۇيۇلمىلىرى بارلىققا كەلگەن. مۇئەييەن تەبىئىي
شارائىتتا مەلۇم بايلىق مەنبەسى مۇھىتى بارلىققا كەلگەچكە
تاشقورغان رايونىدا باشقا تاغلىق رايونلارغا ئوخشاشلا
گېئولوگىيىلىك شارائىتلارنىڭ مۇرەككەپ بولۇشى سەۋەبىدىن
ئۇنىڭدا رۇدا ئۇيۇلمىلىرى ھاسىل بولۇشنىڭ ئەتراپلىق بولۇشىنى
ۋە كان بايلىق مەنبەلىرىنىڭ خىلمۇخىل بولۇشىنى بەلگىلىگەن.
دېمەك، يۇقىرىقىدەك ئۆزگىچە تەبىئىي مۇھىت ۋە مۇرەككەپ
گېئولوگىيىلىك تارىخىي ئۆزگىرىشلەر جەريانى، تاشقورغان
رايونىدا ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە كۆپ قاتلاملىق ھەر خىل
تەبىئىي بايلىقلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 2 . تاشقورغان ناھىيىسىدىكى تەبىئىي بايلىقلارنىڭ تۈرلىرى ۋە تارقىلىشى

ئاپتونوم ناھىيە دائىرىسىدە مول تەبىئىي بايلىقلار بولۇپ، ئاساسلىقى يەر بايلىقى، سۇ بايلىقى، ھاۋا كىلىمات ( ئىقلىم ) بايلىقى، جانلىقلار بايلىقى ( ئوتلاق، ئورمان، ھايۋانات، ئۆسۈملۈك ) ۋە قېزىلما بايلىقلاردىن ئىبارەت .

1 . يەر بايلىقى

يەر بايلىقى ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىشىدا مۇھىم بولغان زۆرۈر ماددىي ئاساس . ئاپتونوم ناھىيىنىڭ ئومۇمىي يەر مەيدانى 67 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر ( دۆلىتىمىز ئەسلىي ئىدارە قىلىۋاتقان يەر كۆلىمى 25 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر ) بولۇپ، ھازىرقى ئومۇمىي يەر كۆلىمىنى موغا سۇندۇرغاندا 37 مىليون 500 مىڭ مو بولۇپ، بۇنىڭدا تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 63 مىڭ 400 مو، يايلاق ۋە ئوتلاق كۆلىمى 5 مىليون 901 مىڭ مو ( 2000 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايىتى، سۇ ئاپىتى تۈپەيلىدىن ناھىيىمىزگە يوپۇرغا ناھىيىسىدىن ئاجرىتىپ بەرگەن 50 مىڭ مو يەر بۇنىڭ ئىچىدە ئەمەس ) ئورمان كۆلىمى 78 مىڭ 100 مو، مۇزلۇقلار كۆلىمى 3 مىليون 387 مىڭ مو، ئېچىشنى كۈتۈپ تۇرغان تېخى ئېچىلمىغان يەرلەر، تېرىلغۇ يەرلەرگە ئايلاندۇرغىلى بولىدىغان ياكى يايلاق ۋە چۆپخانا يېتىشتۈرۈشكە بولىدىغان ۋە ياكى سۇنئىي ئورمان بەرپا قىلىشقا بولىدىغان كەڭ كەتكەن بىنەم يەرلەر ۋە دەشت ـ باياۋانلارنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 230 مونى ئىگىلەيدۇ . تۇرالغۇ جايلارنىڭ ئورنى 10 مىڭ مو سۇ بىلەن تاشيول ئىگىلىگەن،

پايدىلانغىلى بولمايدىغان جايلار 27 مىليون 667 مىڭ مو ، قالغان يەرلەر 160 مىڭ مونى ئىگىلەيدۇ .

ئاپتونوم ناھىيىنىڭ بىپايان يايلاق ۋە ئوتلاقلىرىدىن باشقا دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشقا بولىدىغان تۇرغۇن مۇنبەت يەرلىرى ۋە تېرىلغۇ ئېتىزلىرى بار . يەر تۈزۈلۈشى جەھەتتە جەنۇبى ئېگىز ، شىمالى پەس بولۇپ ، تاغلار غەربتىن شەرققە قاراپ تەدرىجىي پەسىيىپ بارىدۇ . دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 4000 مېتىردىن يۇقىرى ، ئەڭ پەس يېرى دېڭىز يۈزىدىن 1950 مېتىر ئېگىز . يېزا ـ مەيدانلار مانا مۇشۇ ئېگىزلىكتىكى تاغ جىلغىلىرى ۋە دەريا ساھىللىرىغا ( بويلىرىغا ) جايلاشقان . ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىن يازغى بۇغداي ، پۇرچاق ، ئارپا ، مايلىق زىرائەتلىرىدىن قىچا ، كۆكتاتلاردىن ياڭيۇ ، بەسەي ، چامغۇر ، سەۋزە تېرىلىدۇ . تاشقورغاننىڭ شەرقىدىكى زەرەپشان دەرياسى ۋە تاشقورغان دەرياسى بويىدىكى يېزا ـ كەنتلەردە ( قوغۇشلۇق ، داتوڭ ، بۇرۇمسال ، مەرياڭ ) ھەر خىل بۇغداي ، كۆممە قوناق ، باقلى ( دادۇر ) ، تېرىق ، زىغىر ، ئارپا ، پۇرچاق ، قوغۇن ـ تاۋۇز ، زاغۇن ، كەندىر ، ئاپتاپپەرەس قاتارلىق زىرائەتلەر ، ئۆسۈملۈكلەر ۋە ھەر خىل يەل ـ يېمىشلەر تېرىلىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا مېۋىلەردىن ئۈجمە ، ئۆرۈك ، شاپتۇل ، ئالما ، ئامۇت ، ئۈزۈم ، ياڭاق ، نەشپۈت ، جىگدە قاتارلىقلار ئۆستۈرۈلىدۇ . 1999 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى يۈز بەرگەن غايەت زور كەلكۈن ئاپىتى بۇ يېزىلارغا ناھايىتى زور زىيانلارنى كەلتۈرۈپ ، باغۇبوستانلىقلارنى ۋەيران قىلغان بولسىمۇ ، ئەمگەكچان تاجىك خەلقى يەنە بىر قىسىم جايلارنى ئېچىپ ، ئۆز يۇرتىنى قايتىدىن قۇرماقتا .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

2 . سۇ بايلىقى

تاشقورغان بىرقەدەر ئېگىز ھەم سوغۇق رايون بولغاچقا ، ھۆل - يېغىن مىقدارى جەھەتتە ياغقان قارلار يىل بويى توپلىنىپ قار - مۇز قاتلىمىنى كۆپەيتىپ بارىدۇ . يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 67.9 مىللىمېتىر بولۇپ ، قار ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ . كېچىدە تېمپېراتۇرىنىڭ تۆۋەن بولۇشى سەۋەبىدىن ياز كۈنلىرىمۇ ئېگىز چوققىلارغا قار چۈشىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ . ئەتىياز ۋە ياز پەسىللىرى ئۆتكۈنچى يامغۇر ئارىلاش مۆلدۈر يېغىپ نەچچە سانتىمېتىر مۇز قاتلىمىنى ھاسىل قىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ . ئېگىز چوققىلاردىكى يىل بويى ئېرىمەيدىغان قار - مۇزلار بۇ ناھىيىنىڭ ناھايىتى مول بولغان سۇ بايلىق مەنبەسىنى ھاسىل قىلغان بولۇپ ، مۇزلۇقلارنىڭ ئومۇمىي مەيدانى 2258 كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدۇ . بۇ مۇزلۇقلارنى مۇھىم مەنبە قىلغان دەريا ئېقىنلىرىنىڭ يىللىق ئومۇمىي ئېقىم مىقدارى 3 مىليارد 100 مىليون كۇب مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ ، ئاساسلىق دەريالاردىن تاشقورغان دەرياسى ، تاغارما دەرياسى ، ۋاچا دەرياسى ، داتوڭ دەرياسى ، كىچىك توڭ دەرياسى ، مارياڭ دەرياسى ، پاسراۋات دەرياسى ، زەرەپشان دەرياسى قاتارلىقلار بار بولۇپ ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزئارا ئۇچرىشىپ زەرەپشان دەرياسىنى ھاسىل قىلىدۇ . يەكەنگە كىرگەندىن كېيىن بەزىلەر ئۇنى يەكەن دەرياسى دەپمۇ ئاتايدۇ . ئۇ ئاخىر پامىرنىڭ قار - مۇز سۈيىنى تارىم دەرياسىغا قوشىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا بۇ ناھىيىنىڭ يەر ئاستى سۇ بايلىق مەنبەسىمۇ مول بولۇپ ، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئېقىم مىقدارى 230 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ .

3 . ھاۋا كىلىمات ( ئىقلىم ) بايلىقى

ئاپتونوم ناھىيىنىڭ ھاۋا كىلىماتى ئېگىز تاغلىق رايونلارنىڭ تىپىك قۇرۇقلۇق خاراكتېرىدىكى ئىقلىم ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن . يەنى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ سوغۇق ھەم قۇرغاق ئىقلىم تىپىغا كىرىدۇ . تۆت پەسىلنىڭ ئايرىلىشى روشەن ئەمەس . پەقەت سوغۇق پەسىل ۋە ئىسسىق پەسىل دەپ ئايرىشقا بولىدۇ . قىش پەسلى ئۇزاق ھەم سوغۇق ، ياز پەسلى قىسقا ھەم سالقىن ، ئاتموسفېرا بېسىمى تۆۋەن . ھاۋاسى شالاڭ ، قۇرغاق بولۇپ ، ھۆل - يېغىن مىقدارى ئاز . ھاۋانىڭ سۈزۈكلۈك دەرىجىسى يۇقىرى ، ئاپتاپ ۋاقتى ئۇزاق ، قۇياش رادىئاتسىيىسى مول ، تەبىئىي رادىئاكتىپ نۇرلار بىرقەدەر يۇقىرى ( ئايرىم تاغلاردا ) ئۇلترا بىنەپشە نۇر كۈچلۈك ، كۈندىلىك تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ ، كۈن نۇرىنىڭ يىللىق ئەمەلىي يورۇتۇش ۋاقتى 2831 سائەت . يىللىق ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 1.6 ℃ ، قىروسىز مەزگىلى قىسقا بولۇپ ، 70 كۈن ، 7 - ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 16 ℃ ، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 32 ℃ ، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 39 ℃ . 1 - ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 12 ℃ ، يىللىق ئوتتۇرىچە شامال سۈرئىتى 2.1m / s . ئەڭ يۇقىرى شامال سۈرئىتى 16m / s دىن 40m / s قا بارىدۇ . يېزا ئىگىلىكىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاساسلىق ئىقلىم ئاپەتلىرىدىن ئۈششۈك ، مۆلدۈر ، قۇرغاقچىلىق ، ھۆلچىلىك ، جۇت - شۇۋرغان ( قارا بوران ) قاتارلىقلار دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ . ئىسسىقلىق مەنبەسى كەمچىل ( ئىسسىقلىق ساقلاش ۋاقتى ئاز ) قىروسىز مەزگىلى قىسقا بولغاچقا ، تېرىقچىلىق ئىشلىرى زور چەكلىمىگە ئۇچراپ ، ئېگىز تاغلىق رايون خاراكتېرىگە ئىگە چارۋىچىلىق ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇپ كەلمەكتە .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 4 . تەبىئىي يايلاق ۋە ئوتلاق بايلىقى

ئاپتونوم ناھىيىنىڭ تەبىئىي يايلاق ۋە ئوتلاقلىرى مەشھۇر پامىر يايلىقىنىڭ بىر قىسمىنى تەشكىل قىلغان بولۇپ ، ئېگىز تاغلىق رايون ئوتلاق تىپىغا كىرىدۇ . ئوتلاقلىرى كۆپىنچە تاغ قاپتاللىرى ۋە تاغ جىلغىلىرى ئارىسىغا جايلاشقان . ھازىرقى تەبىئىي يايلاق كۆلىمى 6 مىليون 370 مىڭ مو بولۇپ ، پايدىلىنىشقا بولىدىغان كۆلىمى 6 مىليون 257 مىڭ مو كېلىدۇ . بۇ جايلار دېڭىز يۈزىدىن 1600 مېتىردىن 4800 مېتىرغىچە ئېگىزلىككە جايلاشقان . بۇ ناھىيىنىڭ يەنە 88 مىڭ مولۇق چۆپخانا مەيدانى بولۇپ ، ئوت ـ چۆپلەر كۈزدە يىغىۋېلىنىپ ، قىشتا چارۋىلارنىڭ يەم ـ خەشىكى قىلىنىپ ، قار ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە مال ـ چارۋىلارنىڭ ئاپەتتىن ئامان ـ ئېسەن ئۆتۈۋېلىشىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرۇپ كەلمەكتە .

يايلاقلاردىكى ئوت ـ چۆپ ، گۈل ـ گىياھلارنىڭ تۈرلىرى بىرقانچە يۈز خىلدىن ئاشىدۇ . يايلاقلار ــ يازلىق يايلاق ، ئەتىيازلىق يايلاق ، كۈزلۈك يايلاق ۋە قىشلىق يايلاق دەپ بۆلۈنگەن بولۇپ ، پەسىل بويىچە چارۋا ماللار يۆتكىلىپ تۇرىدۇ . يىللىق چارۋا سىغدۇرۇش مىقدارى 253 مىڭ قوي ( تۇياق ) بىرلىكىگە يېتىدۇ . مەشھۇر يايلاقلاردىن قاراسۇ يايلىقى ، مۇزتاغ چىمەنزارلىقى ( تاغارما يايلىقى ) ، شىنگان يايلىقى ، چېچەكلىك يايلىقى ، قارا چوقۇر يايلىقى ، شويدون يايلىقى ، تاغدونباش ( خونجىراپ ) يايلىقى ، مارياڭ يايلىقى ، لەبدىلوخ ( لايبۇلاق ) يايلىقى ، توز يايلاق يايلىقى ( قوغۇشلۇق ) قاتارلىق يايلاقلار بولۇپ ، ئوت ـ چۆپلەر پاكار ئۆسىدۇ . شىمالىي شىنجاڭنىڭكىدەك ئېگىز ئۆسمەيدۇ . ئەمما ، ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى بولۇپ ، بۇ خىل ئالاھىدىلىك

تاشقورغاننىڭ چارۋىچىلىق ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا مۇھىم ئورۇندا تۇرۇپ كەلمەكتە.

5. چارۋا بايلىقى

ئاپتونوم ناھىيىنىڭ تەبىئىي يەر تۈزۈلۈشى ۋە تەبىئىي بايلىقلىرىنىڭ ئورۇنلىشىشى بۇ ناھىيىنىڭ چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدىغان چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق ۋە ئورمانچىلىق ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان رايون بولۇشنى بەلگىلىگەن بولۇپ، كەڭ كەتكەن يايلاقلاردا تاشقورغان (تاغدومباش) چوڭ قۇيرۇقلۇق قويى، پامىر قوتىزى، ئۆچكە، كالا، ئات، تۆگە، ئېشەك قاتارلىق چارۋىلار بېقىپ ئۆستۈرۈلىدۇ. بۇلار ئىچىدە تاغدومباش چوڭ قۇيرۇقلۇق قويى شىنجاڭدىكى ئەلا سورتلۇق قوي نەسىللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا داڭلىق. ئۇنىڭ بويى ئېگىز، قۇلىقى ئۇزۇن، كەڭ، قۇيرۇقى چوڭ، يوغىلۇق ۋە گەۋدىلىك، سوغۇققا چىداملىق، گۆشى كۆپ ۋە مەززىلىك بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ ئېغىرلىقى 120 Kg كېلىدۇ. بىر قوينىڭ قۇيرىقىلا 20 Kg كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئېگىز تاغلىق رايوندا ياشاشقا ماس كېلىدىغان، سوغۇققا چىداملىق ئېگىزلىك كېمىسى دېگەن نام بىلەن تەرىپلىنىدىغان پامىر قوتىزىمۇ ئاپتونوم رايونىمىز، بولۇپمۇ ناھىيىمىزنىڭ ئالاھىدە ئېسىل يەرلىك مەھسۇلاتى بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 4 — 5 مىڭ مېتىردىن ئېگىز، ھاۋاسى سوغۇق ھەم شالاڭ بولغان ئوتلاقلاردا توپلىشىپ ياشايدۇ. ئۇنىڭ گۆشى كۆپ بولۇپ، بىر قوتازنىڭ تىرىك ئېغىرلىقى 300 كىلوگرامدىن 500 كىلوگرامغىچە كېلىدۇ. ئۇنىڭ گۆشىدىن باشقا يەنە سۈتى، تېرىسى، چۇپۇرى (يۇڭى)، سۆڭىكى مۇھىم ئوزۇقلۇق ۋە تۇرمۇش ئەشياسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ يەنە ئېگىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تاغلىق رايونلاردىكى ھەم قىيىن ، ھەم ئېگىز بولغان تاغ بۆلەكلىرىدىكى مۇھىم قاتناش قورالى ھېسابلىنىدۇ .

6 . ئورمان بايلىقى

ئاپتونوم ناھىيىنىڭ ئومۇمىي ئورمان كۆلىمى 78 مىڭ 100 مو بولۇپ ، ئۇ تاغ قاپتاللىرىدىكى تەبىئىي ئورمان ۋە سۈنئىي يېتىشتۈرۈلگەن ئورمانلاردىن تەركىب تاپقان . ئاساسلىق دەرەخ تۈرلىرىدىن تاغ سۆگىتى ، تاغ تېرىكى ، ئارچا ، قارىغاي ، توغراق ، قېيىن ، يۇلغۇن ، جىغان ( تىكەن ) ، ئازغان ( تىكەننىڭ بىر تۈرى ) ۋە بىر قىسىم چاتقال ئورمانلىرى تەبىئىي ئۆسكەن ۋە ئۆستۈرۈلىدۇ . شەرق تەرەپتىكى ئىقلىمى بىرقەدەر ئىللىق بولغان يېزا ـ كەنتلەردە ( داتوڭ ، بۇرۇمسال ، قوغۇشلۇق ، مارياڭ ) ھەر خىل سۆگەت ، تېرەك قاتارلىق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى قىلىنىدىغان ئورماندىن باشقا ئۆرۈك ، ئالما ، ئامۇت ، ئۈجمە ، ياڭاق ، جىگدە قاتارلىق ئىقتىسادىي قىممىتى بولغان مېۋىلىك دەرەخلەر ئۆسىدۇ .

7 . ياۋايى ھايۋانلار ، ئۇچار قۇشلار ۋە ئۆسۈملۈكلەر بايلىقى

ئاپتونوم ناھىيىنىڭ مول تەبىئىي ئوتلاقلىرى چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشنى زور شەرت ـ شارائىتلار بىلەن كاپالەتكە ئىگە قىلىپلا قالماستىن ، بەلكى ئۇ يەنە تۈرلۈك ياۋايى ھايۋانلار ۋە خىلمۇخىل ئۇچار قۇشلارنىڭ ھايات كۆچۈرۈشىدىكى پائالىيەت سەھنىسى ۋە ياخشى ماكانى بولۇپ كەلمەكتە . ئاپتونوم ناھىيە تەۋەسىدە پامىر ئارقىرى ، تاغ تېكىسى ، كېيىك ، يىلپىز ( ئەسرە ) ، پاپاي ، قوڭۇر ئېيىق ، بۆرە ، سوقسۇر ، چىلبۆرە ، تۈلكە ، سۈلەيسۈن ، سۇغۇر ، ئاغمىخان ، توشقان ، ياۋا ئېشەك ، ياۋا قوتاز ، ياۋا تۆگە ، قارامىش ، تولۇم چاشقان قاتارلىق

ياۋايى ھايۋانلار ياشايدۇ . بۇلار ئىچىدە ئاز ئۇچرايدىغان قىممەتلىك ياۋايى ھايۋان پامىر ئارقىرى دۇنياغا مەشھۇر . ئۇچار قۇشلاردىن بۈركۈت ، سار ، شۇڭقار ، لاچىن ، قارچىغا ، غەجىر ( قاراتاز ) ، تاغ قاغىسى ، ئۇلاي ، كەكلىك ، پاختەك ، كەپتەر ، ياۋا ئۆردەك ، ياۋا غاز ، تۇرنا ۋە تۇرلۇك تاغ قۇشقاچلىرى بار . بۇلار ئىچىدە دۆلەت تەرىپىدىن نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن پامىر ئارقىرى ، يىلپىز ، تاغ تېكىسى ، پاپاي ، قوڭۇر ئېيىق ، ئۇلاي ، بۈركۈت قاتارلىقلار بار . تاجىكلارنىڭ سىمۋولى بولغان پامىر بۈركۈتى مەملىكەت بويىچە 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ئېسىل ئۇچار قانات ھېسابلىنىدۇ . 1985 - يىلى دۆلەتنىڭ ئورمانچىلىق مىنىستىرلىقى ، تاشقى سودا مىنىستىرلىقىنىڭ تەستىقى بىلەن 15 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرلىق تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنى ناھىيىمىز تەۋەسىدە قۇردى .

ئاپتونوم ناھىيە ئۆسۈملۈك بايلىق مەنبەسىگىمۇ باي بولۇپ ، تاغ جىلغىلىرى ، دەريا بويلىرى ۋە كەڭ كەتكەن ئوتلاقلاردا ئۆسىدىغان تەبىئىي ئۆسۈملۈكلەردىن ئىبارەت چارۋا ئوتلىرىنىڭ تۈرى كۆپ . تارقىلىش دائىرىسى كىچىك دائىرىدە بولۇپ ، ئوتلاقلاردىكى ھەددى - ھېسابسىز گۈل - گىياھ ۋە ئۆسۈملۈكلەر ھايۋانلارنىڭ ئەڭ ياخشى ئوزۇقى ھېسابلىنىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تېبابەتچىلىكتە ئىشلىتىلىدىغان قىممەتلىك دورا ئۆسۈملۈكلىرىمۇ كۆپ بولۇپ ، مېھرىگىياھ ، قار لەيلىسى ، ئەڭلىك ئوت ، قورۇم ئوت ، بىنەپشە ، قانتىپەر ، مەرزەنجۇش ، ياۋا زىرە ، ياۋا پىياز ، داڭگۈي ، يەر مەدىكى ، توشقان مەدىكى ، قامچىگۈل ، قومىرى ، ئادراسمان ، چاكاندا ، ياۋا ئەمەن ، موگۇ قاتارلىقلار بار .

8 . تۈرلۈك ئېنېرگىيە ۋە يەر ئىقلىمى بايلىقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاپتونوم ناھىيە تەۋەسىدە سۇ ئېنېرگىيە مەنبەسى ، قۇياش ئېنېرگىيە مەنبەسى ، شامال كۈچى ئېنېرگىيە مەنبەسى ۋە يەر ئىسسىقلىقى ئېنېرگىيە مەنبەسى قاتارلىق ئېنېرگىيە مەنبەلىرى بولۇپ ، سۇ ئېنېرگىيىسىنىڭ يىللىق مەنبە مىقدارى 3 مىليون 110 مىڭ كىلوۋاتقا ، قۇياش ئېنېرگىيىسىنىڭ يىللىق يورۇتۇش ۋاقتى 4474.7 سائەتكە ( كۈن نۇرى چۈشىدىغان ئەمەلىي ۋاقىت . 283 سائەت ) ، شامال ئېنېرگىيىسىنىڭ يىللىق مىقدارى 17 مىڭ كىلوۋات سائەتكە يېتىدۇ . يەر ئىسسىقلىق بايلىق مەنبەسىدىن تەبىئىي ئارىشاڭلار بايقالغان بولۇپ ، ناھىيە بويىچە 30 دىن ئارتۇق ئارىشاڭ بار . ھازىرغىچە دەسلەپكى ئىلمىي تەكشۈرۈشلەردىن ئۆتكەن داڭلىق ئارىشاڭلاردىن تاغارما ئارىشىڭى ، يانبۇلاق ئارىشىڭى ، مەرياك ئارىشىڭى ، دەپتەر قارا جىلغا ئارىشىڭى ، راسكامدىكى ئارىشاڭلار توپى قاتارلىقلار بار . لېكىن ، ئەڭ ئاتاقلىقى داۋالاش ئۈنۈمى يۇقىرى بولغىنى يەنىلا تاغارما ئارىشىڭى بولۇپ ، ئۇنىڭ تېمپېراتۇرىسى 72°C قا يېتىدۇ . بۇ ئارىشاڭلار تەركىبىدە سالامەتلىككە پايدىلىق بولغان گۈڭگۈرت ، ناترىي ، كالتسىي ، مانگان ، كۆمۈش ، بور قاتارلىق 23 خىل ئېلېمېنت بار . تاغارما ئارىشىڭىدىن 1980 - يىلىدىن تارتىپ مۇۋاپىق پايدىلىنىپ كېلىندى . 1982 - يىلى يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە ، ھۆكۈمەت ۋە سەھىيە ئورۇنلىرىنىڭ ياردىمى ۋە قوللىشى بىلەن زامانىۋى ئۇسۇلدا ئارىشاڭغا چۈشۈش ئورنى ياسىلىپ ، زور پايدىلىنىش قىممىتىگە ۋە ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە « تاغارما ئىسسىق بۇلاق ساناتورىيىسى » رەسمىي قۇرۇلدى . تەبىئىي ئارىشاڭلاردىن باشقا يەنە ناھىيە تەۋەسىدە ، نۇرغۇن جايلاردا تەبىئىي مىنېرال بۇلاق سۇلىرى بولۇپ ، شامبابا تەبىئىي مىنېرال بۇلاق سۈيى ئەنە شۇلارنىڭ

بىرى. ھازىر ناھىيىدە «پامىر مىنېرال بۇلاق» زاۋۇتى قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ مىنېرال سۇ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا داڭلىق.

بۇ شىپالىق ئارىشاڭلار ۋە مىنېرال سۇلار نۇرغۇنلىغان بىمارلار ۋە ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلماقتا. بەلكىم پات ئارىدا يېقىندا زور مەبلەغ سېلىنىپ، كەڭ ئېچىلىپ، تاشقورغان خەلقىگە بەخت ئاتا قىلغۇسىدۇر.

9. قېزىلما بايلىقى

ئاپتونوم ناھىيە تەۋەسىدە مول يەر ئاستى كان بايلىقلىرى بولۇپ، ھازىرغىچە ئېنىقلانغانلىرى قارا رەڭلىك مېتال (تۆمۈر، مانگان)، رەڭلىك مېتال (مىس، قوغۇشۇن، ئاليۇمىن) بايلىقلىرىدىن باشقا يەنە خرۇستال، قاشتېشى، چىرىمتال، ئالتۇن، ئالماس، گۈڭگۈرت، تاشپاختا، تۇز، زەرمۇرە، ھاك تېشى، دالا شىپاتى قاتارلىق 20 نەچچىدىن ئارتۇق قېزىلمىلىرى بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە تۆمۈر بىلەن قاشتېشىنىڭ زاپىسى ئىنتايىن مول بولۇپ، ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياراتماقتا. بۇ خىل كان بايلىقلىرى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشنى ۋە ئېچىپ پايدىلىنىشنى كۈتۈپ تۇرماقتا.

10. سەيلە - ساياھەت بايلىقى

تاشقورغان قەدىمكى دەۋرىدە «يىپەك يولى» نىڭ بىر ئۆتەڭگى ئىدى. ھازىرمۇ خونجىراپ ئېغىزى پاكىستانغا ۋە 3 - دۆلەت ئەللىرىگە ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن (1986 - يىل 5 - ئايدا) يەنىلا ھازىرقى زامان يىپەك يولى (خەلقئارا ئالاقە ئىشلىرى) دىكى مۇھىم بېكەت بولۇپ، نۇرغۇنلىغان جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋالماقتا. ساياھەتچىلەر پامىر ئېگىزلىكىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن ھەيۋەتلىك مۇزلۇق چوققىلار، ئارىشاڭ -

www.uyghurkitap.com

بۇلاقلار، ئوتلاقلار ۋە كۆللەر، تۈرلۈك ياۋايى ھايۋانلار، تارىخىي مەدەنىيەت ئىزنالىرى قاتارلىقلار ئۇلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلماقتا. بۇ ساياھەت ئورۇنلىرىدىن ئاساسلىقى مەشھۇر مۇزتاغ ئاتا چوققىسى، تاغارمىدىكى ئىسسىق بۇلاق ئارىشىڭى، شامبابا مىنېرال بۇلاق سۈيى زاۋۇتى (پامىر مىنېرال سۈيى)، «دۇنيانىڭ ئۆگزىسى» خونجىراپ داۋىنى چېگرا ئېغىزى، قەدىمكى ساكلار مەدەنىيىتىنىڭ شاھىتى «شامبابا قەبرىستانلىقى»، يىپەك يولىدىكى قەدىمكى ئۆتەڭلەر ۋە قەدىمكى شەھەر - قورغان ئىزلىرىدىن قەدىمكى تاش قەلئە خارابىسى، مەلىكە قورغان (قىز قورغان) خارابىسى، كونا تاش قورال ئىزى جىرغال مەدەنىيەت خارابىسى ۋە راسكام، مارياڭ قاتارلىق جايلاردا، تولۇق قېزىلمىغان ۋە ئېچىلمىغان نۇرغۇن تارىخىي ئىزنالار بار.

دېمەك، تەبىئىي بايلىقلار ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئاساسى. ئاپتونوم ناھىيىمىزنىڭ مول تەبىئىي بايلىقلىرىنى مۇۋاپىق تۈردە ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش، كۆپ خىل ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇپ، سوتسىيالىستىك تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى زۆرۈر ماددىي ئاساسلار بىلەن تەمىنلەشتە ھەمدە ناھىيىمىزنىڭ يەرلىك مالىيە كىرىمىنى ئاشۇرۇپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى يۇكسەلدۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش قەدىمىنى تېزلىتىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئاپتورى: ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى

مەسئۇل مۇھەررىرى: شىجائەتخان ۋەزىرى

# شىنجاڭدىكى تۆت تاجىك مىللىي يېزا

## قەيسەر دۆلەتبەك، شىنجاڭ تىل ۋەزىرى

جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىدا تاجىكلار ئولتۇراقلاشقان تاجىكلارنىڭ نوپۇسى 40 مىڭدىن ئاشىدۇ. بىر ئاپتونوم ناھىيە (تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى) ۋە تۆت ئاپتونوم مىللىي يېزىسى (نەۋئابات تاجىك مىللىي يېزىسى، زەرەپشان تاجىك مىللىي يېزىسى، تارتاجىك مىللىي يېزىسى، بۇيلۇق تاجىك مىللىي يېزىسى) بار.

تاجىك مىللىي يېزىلار جەنۇبىي شىنجاڭغا جايلاشقان بولۇپ، قەشقەر ۋىلايىتى، خوتەن ۋىلايىتى ۋە قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى تەۋەلىكىدىكى، يەكەن زەرەپشان تاجىك مىللىي يېزىسى، پوسكام بۇيلۇق تاجىك مىللىي يېزىسى، قىزىلسۇ ئوبلاست ئاقتۇ ناھىيە تارتاجىك مىللىي يېزىسى، خوتەن ۋىلايىتى گۇما ناھىيە نەۋئابات تاجىك مىللىي يېزىسى قاتارلىق تۆت مىللىي يېزا بار بولۇپ، بۇ تاجىك مىللىي يېزىلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى، تۇزۇلمە ئۆزگىرىشى، نوپۇسى، مەمۇرىي رايونلىرى، ئىقتىسادى، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە، خەلق تۇرمۇشى، مەدەنىي يادىكارلىقلىرىنى قىسقىچە بايان قىلىش ئارقىلىق تاشقورغاندىكى تاجىكلاردىن باشقا جايلاردىكى تاجىكلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئومۇمىي تەرەققىيات ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى مەقسەت قىلىنىدۇ.

يەكەن زەرەپشاد تاجىك مىللىي يېزىسى — يەكەن ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا، يەكەن ناھىيە بازىرىدىن 34 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. شەرق تەرىپى ئۆدانلىق يېزىسىغا، غەرب تەرىپى كاچۇڭ يېزىسىغا، جەنۇبىي تەرىپى چارەك يېزىسىغا، شىمالىي تەرىپى ئارسلانباغ يېزىسىغا تۇتىشىپ تۇرىدۇ. شەرق بىلەن غەربىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 16 كىلومېتىر، جەنۇب بىلەن شىمالىنىڭ كەڭلىكى 12.5 كىلومېتىر، ئەسلىدە يەر مەيدانى 197 كۋادرات كىلومېتىر كېلەتتى. بۇ يېزا تاغ ئالدىدىكى يەلپۈگۈچسىمان تىندۇرمىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا، زەرەپشان دەرياسى بويىغا جايلاشقاچقا، يەر شەكلى جەنۇبتىن شىمالغا پەسلەپ بارىدۇ. يەر شەكلىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى، پەسىيىشى بىرقەدەر چوڭ، تەبىئىي پەسلىشى 10.6%، يەر ئاستى سۈيى ئورنى تۆۋەن، بىشۇر ماددىسى تار. توپا قاتلىمى نېپىز، تۇپراق قۇۋۋىتى ناچار، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 12.4°C كېلىدۇ. «زەرەپشان» دېگەن بۇ يەر نامى — زەرەپشان دەرياسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، «زەرەپشان دەرياسى بويىدىكى شاد زېمىن» دېگەن مەنىدە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ يېزا تاجىكلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون بولغاچقا شۇنداق دەپ ئاتالغان. ئازادلىقتىن بۇرۇن چارەك يېزىسى بىلەن ئارسلانباغ يېزىسىنىڭ يەرلىرىگە تەۋە ئىدى.

1954 - يىل 2 - ئاينىڭ 22 - كۈنى تاجىك مىللىي يېزا (مىللىي مۇختارىيەت) قۇرۇلغان ئىدى. شۇ چاغدىكى نوپۇسى 1328 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تاجىكلارنىڭ سانى 747

نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ 56.3% تىنى ئىگىلەيتتى. ئۇ چاغدا زەرەپشاد تاجىك مىللىي يېزىسى دەپ ئاتىلاتتى.

1958 - يىلى كوممۇنىستلاشتۇرۇشتا بۇ مىللىي يېزا ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولۇپ، چارەك يېزىسىنىڭ باشقۇرۇش رايونى قىلىنغان. 1984 - يىل 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى قايتا زەرەپشان تاجىك مىللىي يېزا بولۇپ قۇرۇلغان. ھازىرقى يەر مەيدانى 425 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئاساسلىقى تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 2000 - يىلدىكى سانلىق مەلۇماتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە يېزا بويىچە ئومۇمىي ئائىلە نوپۇسى 6500 نەپەر، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 4159 كىشى بولۇپ ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 76.9% نى ئىگىلەيدۇ، تاجىكلار 1330 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 23.2% نى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قىرغىزلار 226 نەپەر، جۇاڭزۇ توققۇز نەپەر، خەنزۇ ئىككى نەپەر، ئۆزبېك ئىككى نەپەردىن ئىبارەت.

يېزا بويىچە جەمئىي 12 كەنت بار بولۇپ، ئۇلار: باش قوزىمال، تۆۋەن قوزىمال، زەرەپشان، مۇساق، قۇمباغ، قوشتېرەك، لەنگەر، سايباغ، كالتىلا، سايئۆستەڭ، توققۇز مەت، شاپتۇللۇق قاتارلىق كەنتلەر ۋە 47 كەنت مەھەللە كومىتېتى بار.

يېزا باشلىقى سالمان ھاجىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ھازىر يېزا بويىچە قۇمتاش زاۋۇتىدىن بىرسى، ئۇن زاۋۇتىدىن بىرسى، چوڭ - كىچىك تراكتورلاردىن 169 ى، ماشىنىدىن توققۇزى بار. يېزىدا يەنە پوچتا - تېلېگراف پونكىتىدىن بىرسى بار بولۇپ تېلېفون 43 كەنتكە تارتىلغان، قاتنىشى قولايلىق، يېزا - كەنت ئاددىي يولدىن تۆت لىنىيە بار بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 28 كىلومېتىر، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئىككىسى، باشلانغۇچ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەكتەپتىن تۆتى بار.

يېزىدا بىر سەھىيە داۋالاش دوختۇرخانىسى بار بولۇپ، سەھىيە خادىملىرى 24 ئادەم، كېسەل كارىۋىتىدىن 32 سى بار. مەدىنىي يادىكارلىقتىن 1862 ـ يىلى ياقۇپبەگنىڭ زامانىدىكى قارا باش پوتەيىنىڭ قەدىمكى ئورنى بار بولۇپ مۇكەممەل ساقلانغان. يەكەن ناھىيىسى تەۋەسىدىكى باشقا يېزىلاردىمۇ ئاز ساندا تاجىكلار بار، يەنى ئاۋات بازىرى، ياقئېرىق يېزىسى، ئارسلانباغ يېزىسى، يېڭىئۆستەڭ يېزىسى، دامسۇر يېزىسى، ئودانلىق يېزىسى قاتارلىق يېزىلاردىمۇ ئولتۇراقلاشقان. يەكەندىكى تاجىكلارنىڭ تىلى ئاساسىي جەھەتتىن ئۇيغۇرچىلىشىپ بولغان. كونا پېشقەدەملەردىن باشقا كۆپ قىسمى تاجىك تىلىنى بىلمەيدۇ. مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرى تاجىكلار بىلەن ئوخشاش، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 25 مىڭ 500 مو بولۇپ، ھەربىر نوپۇسقا تۆت مۇدىن توغرا كېلىدۇ.

بۇ يېزىدا دېھقانچىلىق، باغ، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بولۇپ، پاختا، ئاشلىق ئاساس قىلىنىدۇ.

ئەسلىدە يەكەن ناھىيىسى بويىچە ئەڭ نامرات يېزىلارنىڭ بىرسى بولسىمۇ، يەكەن ناھىيىسى بۇ مىللىي يېزىنىڭ تەرەققىياتىغا ھەر جەھەتتىن ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەنلىكتىن ئۇنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىي مائارىپ، سەھىيە، ئالاقىلىشىش، توك، سۇ، يول، قاتناش ئىشلىرى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىپ، شارائىتى كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلانماقتا.

**پوسكام ناھىيە بۇيلۇق تاجىك مىللىي يېزىسى** — پوسكام ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىغا 23 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ساي بويىغا

جايلاشقان. شەرق تەرىپى تۇغچى يېزىسىغا، غەربىي جەنۇب تەرىپى پوسكام نېفىتلىكىگە، بىر قىسمى چۆللۈكلەرگە، جەنۇبىي تەرىپى قاغىلىق ناھىيىسىگە، شىمال تەرىپى كۆيۈاغ يېزىسىغا تۇتىشىدۇ.

ئومۇمىي يەر مەيدانى 2401 كۋادرات كىلومېتىر، يەر شەكلى مۇرەككەپ، غەربىي جەنۇبى ئېگىز، شەرقىي شىمالى پەس، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1328 — 1350 مېتىر كېلىدۇ، تۇپرىقى چۆللۈك لاي ـ لاتقا تۇپراق بولۇپ، تۇپراق سۈپىتى قۇمساز، قۇۋۋەتسىز، بۇ مىللىي يېزا 1954 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى قۇرۇلغان بولۇپ، ئەسلىدىكى ئىسمى ئازاد ئاباد تاجىك يېزىسى ئىدى. شۇ چاغدىكى نوپۇسى 1589 نەپەر، تاجىكلار ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 53.6% ىنى ئىگىلىگەن ئىدى، 1963 ـ يىلى كوممۇنالار، خەلق كوممۇنلىرىنى تەڭشەشتە ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، 3 ـ ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتىگە قوشۇۋېتىلگەن. 1985 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى تۇغچى يېزىسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، تاجىك مىللىي يېزىسى قۇرۇلۇپ، بۈيلۇق تاجىك مىللىي يېزىسى دەپ ئاتالغان. 1978 ـ يىلىدىكى سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا يېزا بويىچە 596 ئائىلە، 2980 نوپۇس بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تاجىكلار 1243 نەپەر، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 41.7% نى ئىگىلەيدۇ، ئۇيغۇرلار 971 نەپەر، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 32.6% ىنى ئىگىلەيدۇ. يېزا بويىچە ئۈچ كەنت بار. ئۇلار يېڭىباغ، بۈيلۇق، تۇغچى كەنتلىرىدىن ئىبارەت. 13 مەھەللە كومىتېتى بار. قاتنىشى قولايلىق، كۆيباغ بازىرىغا تۇتىشىدىغان ئاسفالت يولى بار، يېزىدىن كەنتلەرگە بارىدىغان تاش، شېغىل يوللار بار بولۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئالاقىلىشىش ئەسلىھەلىرى بىرقەدەر ياخشى ، باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئىككىسى بار . ئاپتونوم رايونلۇق رادىئو ـ تېلېۋىزىيە نازارىتى 1999 ـ يىلى چاستوتا تىز گىنلەنگەن ئۇسكۈنە ياردەم بېرىش بىلەن ، چاستوتىسى تىزگىنلەنگەن رادىئو ئۇزىلى قۇرۇپ بەردى . دوختۇرخانىدىن بىرسى بار . سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى ، خىش زاۋۇتى ، قوم ـ شېغىل كارخانىسى ، قومۇشچىلىق مەيدانى بار . پوسكام نېفىتلىكى بۇ يېزىغا ئىقتىسادى ۋە باشقا جەھەتتىن خېلى چوڭ ياردەملەرنى قىلىپ ، بۇ يېزىنىڭ بازارغا يۈزلىنىشى ، سودا ـ سېتىق ئىشلىرىغا مەدەت بەرمەكتە .

پوسكام ناھىيە تەۋەسىدىكى تاجىكلارنىڭ ئومۇمىي سانى ( 1998 ـ يىللىق سانلىق مەلۇمات ) 3385 نەپەر بولۇپ ، ئىككىسۇ ، تۇغچى ، ئايكۆل يېزا ( تالقچى كەنتى ) ئاقتام قاتارلىق يېزىلاردىمۇ مەلۇم ساندا تاجىكلار ئولتۇراقلاشقان . (1800 — 1850 ) يىللىرى پوسكامدىكى تاجىكلارنىڭ 60% ى ئافغانىستاننىڭ ۋاخان كارىدورىدىن كېلىپ ئورۇنلاشقان . ئۇلار دەسلەپتە تاجىك تىلىنىڭ ۋاخان شېۋىسىدە سۆزلىشىدىكەن . ئۇزاق زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ، ئۆز ئانا تىلىنى ئۇنتۇپ ئۇيغۇرچە سۆزلىشىدىغان بولغان . پېشقەدەم كونىلارنىڭ بىرقىسمى ھېلىمۇ تاجىك تىلىنى بىلىدۇ . قالغان قىسمى تار ، داتوك ، ۋاچا ۋە تاشقورغاننىڭ باشقا يېزىلىرىدىن كۆچۈپ كەلگەن . ئۇلارمۇ تاجىك تىلىنى ئۇنتۇپ كەتكەن ، ئۇيغۇرچە سۆزلىشىدۇ . دىنىي ئېتىقادى ۋە مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ، توي ـ تۆكۈم ، ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرى تاشقورغاندىكى تاجىكلار بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ .

قاغىلىق ناھىيىسىدىمۇ تاجىكلار ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئاساسلىقى قاغىلىق بازىرى، غوجىئېرىق يېزا، شاخاپ يېزا، زۇڭلاڭ يېزىسى، كۆكيار يېزىسى، شىخشۇ يېزىسى، چوپان، ئاق مېچىت، خالاستان دەريا بويلىرى قاتارلىق يېزىلاردا بار.

## خوتەن گۇما نەۋئاباد تاجىك مىللىي يېزىسى

نەۋئاباد تاجىك مىللىي يېزىسى — خوتەن ۋىلايىتى گۇما ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا، ناھىيە بازىرىدىن 80 كىلومېتىر يىراقلىقتا، دېڭىز يۈزىدىن 4000 مېتىر ئېگىزلىككە جايلاشقان بولۇپ، ھاۋا كىلىماتى شالاڭ، تۆت ئەتراپى قاتمۇقات ئېگىز تاغلار بىلەن قورشالغان يۇرت، نەۋ ئابادنىڭ شىمال تەرىپى كىلياڭ يېزىسى بىلەن، غەربىي تەرىپى قاغىلىق ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبىي تەرىپى پاكىستان بىلەن، شەرق تەرىپى كەڭقىر قىرغىز مىللىي يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، يەر مەيدانى 6000 كۋادرات كىلومېتىر ئەتراپىدا. نەۋ ئاباد تاجىكلىرىنىڭ ئاتا - بوۋىسى ئافغانىستاننىڭ ۋاخان رايونىدىن كەلگەن. ۋاخان رايونى XIX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر كىچىك ئەمىرلىك ئىدى. 1870 - يىلى ئافغانىستان ئەمىرى ئابدۇراخمان ئەنگلىيىنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن ئاۋۋال بەدەخشاننى، كېيىن ۋاخان رايونىنى ئىشغال قىلدى. ۋاخان ئەمىرى شاھ ئەلىمەردانىنى تۇتقۇن قىلدى. ۋاخاننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، خەلققە ئىنتايىن دەھشەتلىك زۇلۇم سالدى. شۇنىڭ بىلەن ۋاخان خەلقى تەرەپ - تەرەپكە مۇساپىر بولۇپ قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. نەۋئاباد تاجىكلىرى ئەنە شۇ چاغدا مۇساپىر بولۇپ كەلگەن، ھەم شۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

يەردىن زىمىن ئېلىپ ئۆلتۈراقلاشقان. ئۇلار شۇنىڭدىن بۇيان ئۇيغۇرلار بىلەن بىللە ياشاپ، كۆپىيىپ بۈگۈنكى كۈندە 884 ئاھالىگە كۆپىيىپ، نەۋ ئاباد تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ قۇرغۇچىلىرىغا ئايلاندى. نەۋئاباد ــ دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان مىللىي يېزا بولۇپ، بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى سوغۇق ۋە ئۆزگىرىشچان، ھۆل - يېغىن ئاز، ئاۋغۇستنىڭ ئوتتۇرلىرىدا ھاۋا سوۋۇشقا باشلىسا، ماي ئېيىنىڭ قارىسىنى ئالماي ياختىلىق چاپاننى سالغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، ئارپا، بۇغدايدىن باشقا زىرائەت تېرىغىلى بولمايدۇ. يازدا توساتتىن ياغىدىغان تىنىمسىز يامغۇردىن يايلاقلارنىڭ ئوگغۇل - دوگغۇل يوللىرى تېيىلغاقلىشىپ، چارۋا ماللارنىڭ تىك قىيالاردىن چوڭقۇر ھاڭلارغا غۇلاپ كېتىشى دائىم بولۇپ تۇرىدۇ. يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەردىن كۆرۈشكە بولىدىكى بۇ يۇرتتىكىلەرنىڭ تۇرمۇش شارائىتى جاپالىق بولۇپ، ئانچە باياشات ئەمەس، ئەمما بۇ يەردىكى خەلقتە باشقا يۇرتلاردا تېپىش قىيىن بولغان، ئۆرنەك قىلىشقا ئەرزىيدىغان تولىمۇ خاسىيەتلىك روھ بار. ئۇ بولسىمۇ نەۋئاباد تاجىكلىرىنىڭ مائارىپ ئارقىلىق ئۆزىنى قۇدرەت تاپتۇرۇش روھىدىن ئىبارەت.

1954 - يىلى نەۋئابادنىڭ كەگەز كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق قۇربانجان موللام دېگەن ئوقۇمۇشلۇق زات ئۆز زېمىنىدىن بەش مو يەر، شەخسىي تېرىكىدىن 100 تۈپ كەستۈرۈپ تۆت سىنىپلىق بىر باشلانغۇچ مەكتەپ سالدۇرۇپ بەرگەن ھەمدە مەكتەپنىڭ بارلىق خىراجىتىنى ئۆزى ئۈستىگە ئالغان. 1976 - يىلىغا كەلگەندە يېزا مەركىزىدە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلدى. نەۋئاباد تاجىك مىللىي يېزىسىدىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش قوللانمىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى

ئۇيغۇر مەكتەپلىرىنىڭ دەرسلىكى بىلەن ئوخشاش ، نەۋئاباد تاجىكلىرى ئۆزئارا ئالاقىدە ئانا تىل ( تاجىك ۋاخان شېۋىسى )نى ، مەمۇرىي ئىشلاردا ، سىرتقى ئالاقە ۋە ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا ئۇيغۇر تىل يېزىقىنى قوللىنىدۇ . ياش ئەۋلادلارنىڭ ئۆز ئانا تىلىدىن خەۋەرسىز قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى ئۈچۈن مەكتەپلەردە ھەپتىسىگە بىر سائەتتىن تاجىك تىلى دەرسى ئۆتۈلىدۇ . بۇ يەردە باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇيدۇ ، تولۇقسىزنى پۈتكۈزۈپ ، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىگە ، ئۆتەلمىگەنلىرى بىردەك گۇما ناھىيە بازىرىغا كىرىپ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ . نەۋ ئاباد تاجىكلىرى ئارىسىدا پەرزەنتلىرىنى مەكتەپكە بەرمەي مال بېقىش ، كەتمەن چېپىشقا سالىدىغان نادان ئاتا ـ ئانىلار يوق ، بۇ يەردىكى بالىلار تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە 40 كىلومېتىردىن 82 كىلومېتىرغىچە مۇساپىنى بېسىپ كېلىپ ، يېزىدىكى ياتاقلىق مەكتەپتە قونۇپ ئوقۇيدۇ . يېزا مەركىزىدىن يىراق بولغان كىشىلەر پەرزەنتلىرىنىڭ دەرسكە تولۇق قاتنىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن بالىلىرىنى ئېشەك ، ئات ۋە قوتازلارغا مىندۈرۈپ ، چىلبۆرىلەرنىڭ ۋەھىملىك ھۇۋلاشلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان قاتمۇقات تاغ ـ داۋانلار ئارىسىدا ئىككى كۈن يول يۈرۈپ ، مەكتەپكە ئەكېلىپ قويسا مەۋسۇم ئاخىرلاشقاندا يەنە شۇ يوسۇندا قايتۇرۇپ كېتىدۇ . تەتىل بولماي تۇرۇپ ئوقۇغۇچى ئائىلىسىگە قايتمايدۇ ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسكە قاتنىشىش نىسبىتى %99 تىن ، دەرس ئۆزلەشتۈرۈش نىسبىتى %97 تىن چۇشمەيدۇ .

ناۋادا بىرەر ئوقۇغۇچىنىڭ نەتىجىسى چۈشۈپ كەتسە شۇ

ئوقۇغۇچىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا كېلىپ «مەن بالامنى مەكتەپكە تولۇق بەردىم ، مۇئەللىملەر نېمە ئۈچۈن ياخشى ئوقۇتمايدىكەن » دەپ ئەرز قىلىدۇ . بۇنداق چاغدا ئۇ ئاتا ـ ئانىنى قايىل قىلىش ئاسان ئەمەس ، بىر ئوقۇغۇچى ئالىي مەكتەپكە ئۆتسە ، ئاتا ـ ئانىسى پەخىرلىنىپلا قالماستىن ، پۈتكۈل ئەھلى مەھەللە پەخىرلىنىدۇ . بايرام تۈسىنى ئالغان كاتتا مەرىكە ئۆتكۈزۈلۈپ ، ئالاھىدە سوۋغا ـ سالاملار بىلەن مەكتەپكە ئۇزىتىدۇ . مەھەللىنىڭ چوڭلىرى ئۇنىڭدىن كۈتىدىغان ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىنى ئېيتىپ ياخشى ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ . ئۆز نۆۋىتىدە شۇنىمۇ قىستۇرۇپ ئۆتۈش زۆرۈركى ، نەۋئاباد تاجىكلىرى ھېلىھەم بۇرۇنقى پەدىدە تۇرمۇش كۆچۈرمەكتە ! بۇ يەردە تېخى ئېلېكتر چىرىغى ، تېلېۋىزور دېگەنلەر يوق ، ئوقۇتقۇچىلار پاكار ، كونا ئۆيلەردە جىنچىراغنىڭ خىرە يورۇقىدا دەرس تەييارلايدۇ ، تاپشۇرۇق تەكشۈرىدۇ ، ئوقۇغۇچىلار ياتاق سىنىپلاردا شام يېقىپ ئولتۇرۇپ دەرس تەكرارلايدۇ ، تاپشۇرۇق ئىشلەيدۇ .

نەۋ ئاباد تاجىكلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بۇ خاسىيەتلىك روھ سەۋەبىدىن 48 ياشتىن تۆۋەنلەرنىڭ مەدىنىيەت سەۋىيىسىدە ئىپادىلىنىدۇ ، نەۋ ئاباداتا ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتتىكىلەر 82 كىشى ، تولۇق ئوتتۇرا مەلۇماتتىكىلەر 187 كىشى ، باشلانغۇچ مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەر 91 كىشى ، ساۋاتسىزلار بار ـ يوقى ئىككى كىشى . ئالىي ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتىدىكىلەر ئومۇمي ئاھالىنىڭ 9.3% نى ئىگىلەپ ، ھەر 10 كىشىگە بىردىن توغرا كېلىدۇ . گويا ناھىيىسىدىكى ھەممە يېزىدا ئۆزىدىن چىققان ئوقۇتقۇچىلار مەكتەپلەرگە يېتىشمەيدۇ ، پەقەت

نەۋ ئاباد تاجىك مىللىي يېزىسىدىلا ئۆزىدىن چىققان ئوقۇتقۇچىلار ئۆز مەكتەپلىرىگە يېتىشىپ ئاشىدۇ، شۇڭا بىر قىسىم تاجىك ئوقۇتقۇچىلار باشقا يېزىلارغا بېرىپ ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا دەرس ئۆتىدۇ.

تاجىكلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بۇركۇت تۇتېمدىكى مىللەت.

ئۇلار بۇركۇتنى ئۆزلىرىگە سىمۋول قىلىپ، بۇرگۇتتەك قورقۇمسىز، باتۇر، جاسارەتلىك بولۇشنى ئىستەيدۇ. تاجىك ئۇسسۇللىرى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، بۇركۇت ئۇسسۇلى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ سەنئەتچىلىرى ئالىلىكىملەرنىڭ ماختىنىشىغا ئېرىشىشنى تەمە قىلماستىن، بۇركۇتنىڭ ئوبرازىنى گەۋدىلەندۇرۇشنى، شۇ ئارقىلىق تاجىكلارنىڭ پسىخولوگىيىسىنى ئىپادىلەشنى مەقسەت قىلىدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ سەھنىلىرىدە شالغۇت، ئەبجەش، ناخشا - مۇزىكا ئۇسسۇللارغا ئورۇن يوق.

نەۋ ئاباد تاجىك مىللىي يېزىسىدا ئەتىگەندىن كەچكىچە كوچا - كويلاردا لاغايلاپ يۈرىدىغان نان قېپى بىكار تەلەپلەرمۇ، تۆت - بەشى بىرىگە يىغىلىۋېلىپ غەيۋەت - شىكايەت بىلەن كۆڭلىنى خۇش قىلىدىغان سۇخەنچىلەرمۇ ئۇچرىتاقىلى بولمايدۇ. ئۇنداق يارىماسلار ئەل - جامائەتنىڭ بىردەك لەنەت - نەپرىتىگە ئۇچرايدۇ، گەرچە هازىر ئۇلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتى قىيىنچىلىق ئىچىدە غورىگىل ئۆتۈۋاتقان بولسىمۇ، پارتىيە ھۆكۈمەتنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە يۇقىرىقىدەك خىسلەت خاسىيەتكە ئىگە بۇ مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە ئىستىقبالىنىڭ يوكسەكلىكىدە شەك - شۆبھە يوق.

قىزىلسۇ ئاقتۇ ناهىيە تارتاجىك مىللىي يېزىسى — تارتاجىك مىللىي يېزىسى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ئاقتۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىغا، پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي قىسمىغا، كوئىنلۇن تاغلىرىنىڭ غەربىي بىلەن تۇتىشىدىغان قىسمىدىكى قاتمۇقات تاغ ـ جىلغىلار ئارىسىغا، زەرەپشان دەرياسىنىڭ تارمىقى بولغان تاشقورغان دەرياسىنىڭ ئىككى قاسنىقىغا جايلاشقان. ئۇنىڭ غەربىي جەنۇبى قىسمى تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ قوغۇشلۇق، داتوڭ يېزىلىرى بىلەن شىمالىي قىسمى ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ چارلۇڭ يېزىسى بىلەن، شەرقىي قىسمى ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ كوسراپ يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. يېزىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن غەربتىن ـ شەرققە قاراپ كېسىپ ئۆتكەن تاشقورغان دەرياسى پۈتۈن يېزىنى چوڭ ـ كىچىك 28 بۆلەككە بۆلۈۋەتكەن. بۇ يېزىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى شەرق ـ غەرب 110 كىلومېتىردىن ئارتۇق، كەڭلىكى 2840 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 2000 ـ يىللىق نوپۇس ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا يېزا بويىچە ئومۇمىي ئائىلە 707، نوپۇسى 4037 بولۇپ ئاھالىنىڭ تاجىكلار ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ %99.9 نى ئىگىلەيدۇ. ئاز ساندا ئۇيغۇر ۋە قىرغىزلارمۇ بار.

تارتاجىك مىللىي يېزىسىدا مېۋىلىك ۋە مېۋىسىز دەل ـ دەرەخلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، يېشىللىققا تولغان مەنزىرىلىك جايلار كۆپ بولغانلىقتىن بەزى جايلارنىڭ ئىسمى «ئالملىق»، «باغ ئۆزى»، «باغ»، «ھەيرانباغ» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن، كەنت بىلەن يايلاقنى تۇتاشتۇرىدىغان 23 تاغ جىلغىسى بار بولۇپ، ئوت ـ چۆپى مول، سۈپىتى ياخشى يايلاقلار، ئورمانلار بولغاچقا چارۋا ـ مال بېقىشقا ئەپلىك.

يېزىلىق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاي «باغ» كەنتى دېڭىز يۈزىدىن 2050 مېتىر

ئېگىز، يېزىنىڭ ئومۇمىي يۈزىنىڭ ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى دېڭىز يۈزىدىن 3500 مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ، ھاۋا كىلىماتى بىرقەدەر مۆرەككەپ، يايلاق ئورۇنلىرى سوغۇق، كەنت ۋە جىلغا ئىچى بىرقەدەر مۆتىدىل، ھاۋاسى ساپ، بۇلغىنىشتىن يىراق، ساياھەت رايونى بولۇشقا مۇناسىپ، تاغلارنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى جىلغىلاردىن پەسىل خاراكتېرلىك ئېقىپ چۈشىدىغان قار - مۇز سۇلىرى ۋە بۇلاق سۇلىرى مول، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق، يېزا بويىچە 125000 مو ئەتراپىدا تەبىئىي ئوتلاق، 1000 مو ئۆپچۆرىسىدە سۈنئىي ئوتلاق بار (12 مىڭ مو چۆپخانا). 5 مىليون تۈپتىن ئارتۇق قارىغاي 9.54195 مىليون تۈپتىن ئارتۇق ئارچا بار. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى مو بولۇپ ئاساسلىق تېرىلىدىغان زىرائەتلەردىن بۇغداي، قوناق، ئارپا، پۇرچاق، باقلى، تېرىق بولۇپ قىچا، ئاپتاپپەرەس، زىغىرغا ئوخشاش مايلىق زىرائەتلەرنىمۇ تېرىيدۇ. ئاشلىق بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزىنى تەمىنلىيەلەيدۇ. مېۋىلىك دەرەخلەردىن ئۆرۈك، ئۈجمە، شاپتۇل، جىگدە، ياڭاق، ئامۇت، ئالما، نەشپۈت، ئۈزۈملەر بار. سەي - كۆكتات، قوغۇن - تاۋۇزلارمۇ ياخشى ئوخشايدۇ، تاغلاردا دورا ئۆسۈملۈكلەر خېلى كۆپ، تاغلاردا خېلى كۆپ كان بايلىقلىرى بار. تار يېزىسى تارىختا پۇلى (تاشقورغان) ناھىيىسىگە قاراشلىق بىر يېزا بولۇپ كەلگەن ئىدى.

1954 - يىلى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ئاقتۇ ناھىيىسى يېڭىدىن تەسىس قىلىنغاندا جۇغراپىيىلىك ئورۇنلىشى، يىراقلىقى ۋە قىرغىزلار بىلەن قوشنا ئولتۇراقلىشىش تۈپەيلىدىن ئاقتۇ ناھىيىسىگە ئايرىپ بېرىلگەن. تار تاجىكلىرىنىڭ

ئەسلىدىكى ئەجدادلىرى شەرقىي ئىران قەبىلىلىرىدىن بولۇپ خېلى زور بىر قىسمى ۋاخان كارىدورىدىن كەلگەن. لېكىن، قاتناش قىيىنچىلىقى، چەت - يىراقلىق، بېكىنمە ھالەتتىكى زېمىنىنىڭ تار - كىچىكلىكى، ئۇلارنىڭ تەبىئىي بايلىق تارىخىي يادىكارلىقلىرىنىڭ ئېچىلىشىغا ئىقتىسادىي تەرەققىيات، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە خەلق تۇرمۇشىغا بىر مەزگىل كاشىلا، توسالغۇ بولۇپ كەلدى.

مەدەنىي يادىكارلىقلىرىدىن ئالغاندا، كەنتىدىكى «داستار ئاتا ئەۋلىيا» مازىرى، باش كەنت تاغ ئۆستىدىكى سوقۇش خارابىسى، تېرەكلىكتىكى چوڭ پوتەي (ئېگىزلىكى 10 مېتىردىن ئاشىدۇ) بەلدىر كەنتىدىكى قىزىل مەسچىت ئەۋلىيا مازىرى، قۇززى كەنتىدىكى پەنجى مازىرى بار. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مەزھەپلەردىن سوپىزمنىڭ تەسىرى بىرقەدەر كۈچلۈك، سوپى ئاللايار قول، خوجەئەھمەت يەسۋىنىڭ ئىسلامىيەت ھەققىدىكى شېئىرلىرىنى ھېلىمۇ زاراتگاھلاردا ئوقۇيدۇ، جەرگە قوشۇپ ئوقۇيدۇ، ئاردا ئۇزاق زامانلاردىن باشلاپ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئاجايىپ قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن بولغاچقا بۇ جاينى ئەينى دەۋر ھادىسىلەرگە «ھامىلىدار» بولغان تۇرلۇك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى، بولغانمىغان ساپ مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرى ۋە خارابە تارىخىي ئىزنالىرى بار. لېكىن، قاتناش قىيىنچىلىقى، چەت - يىراقلىق بېكىنمە ھالەتتە، زېمىنىنىڭ تار - كىچىكلىكى ۋە دىنىي ئادەتلىرى تەبىئىي بايلىق، تارىخىي يادىكارلىقلارنىڭ ئېچىلىشىغا، ئىقتىسادىي تەرەققىيات، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە خەلق تۇرمۇشىغا كاشىلا (توسالغۇ) بولۇپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ماائارىپ ئىشلىرى بىرقەدەر خېلى ياخشى تەرەققىي قىلغان. ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساپاسىمۇ خېلى يۇقىرى،

ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئاز ئەمەس. تىمرىشچان ئىزدىنىدۇ. يېزا بويىچە ھازىر بار بولغان ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپتىن سەككىزى بار. ئوقۇتۇش نۇقتىسىدىن 67 ئوقۇتقۇچى بار، ئوقۇغۇچى (1025) نەپەر، ئىشچى - خىزمەتچى 128 نەپەر، يېزىلىق شىپاخانىدا سەككىز نەپەر كەسپىي دوختۇر - سېستىرا بار. كېسەل كارىۋىتىدىن 10 ى بار. چارۋا ماللارنى داۋالاش پونكىتى، دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن ئىككىسى بار بولۇپ خادىمى بەش نەپەر، يېزا باشلىقى ھاجىخان ۋە ئوقۇمۇشلۇق زات راخمان ئارزىلارنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە 1999 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 3 - كۈنىگىچە بولغان، تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان كەلكۈن ئاپىتى يۈز بېرىپ تاشقورغان دەرياسىدىن چىققان دەھشەتلىك كەلكۈن ۋە تار يېزىسىنىڭ ئالمىلىق، باغۇزى، بەلدىر، قۇزى قاتارلىق كەنتلەرنىڭ تاغ - جىلغىلاردىن چىققان قورام تاش، شېغىل، لاي - لاتقا كەلكۈنلىرى رەھىمسىز ھالدا تار تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ ئۇزاق يىللاردىن بۇيانقى قۇرغان گۈزەل، مەنزىرىلىك، ئاباد بولغان يۇرت - ماكان جايلىرىنى، قىلغان مېھنەت - ئەجرىنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، كىشىلەرنى رەھىمسىز ھالدا خانىۋەيران قىلىۋەتتى. 27 ئادىمى ئۆلدى. 150 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق دەل - دەرەخلىرىنى سۇ ئېقىتىپ كەتتى. 2000 مودىن ئارتۇق تېرىلغۇ يېرىنى تاشلىق - سايغا ئايلاندۇرۇۋەتتى. قاتناش، تاش - يوللارنى بۇزۇۋەتتى. ئۆي ماكانىدىن، مال - ۋارانلىرىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلغان تار خەلقى قاتتىق ئېچىنىش ئىلكىدە يىغا - زار قىلىپ، ئۆزلىرى ئەجىر قىلىپ بىنا قىلغان بۇ ياخشى زېمىندىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولدى.

ئاقتۇ ناھىيىسى — تار تاجىك مىللىي يېزىسىدىن 200

www.uyghurkitap.com

ئۆيلۈك ئائىلىنى جامالتىرەك ، ئاققوم قاتارلىق جايلارغا كۆچۈردى .
ئۇلارغا 12 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر ، مەكتەپ ، سۇ ، ئۆي ۋە باشقا تۇرمۇش مۇلازىمەتلىرىنى تولۇقلاپ بەردى . بۇنىڭدىن كېيىنكى پىلانلارغا ئاساسلانغاندا تار خەلقىنىڭ %50 ىنى ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ جامالتىرەك ، ئاققوم قاتارلىق يېڭىدىن ئېچىلغان يەرلەردە تارتاجىك مىللىي يېزىسىنى يېڭىۋاشتىن قۇرۇشنى پىلانلىدى ، كومپارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يېقىندىن ياردەم بېرىپ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشى ، شۇنداقلا تار خەلقىنىڭ تىرىشىپ قاتتىق ئىشلىشى بىلەن يېڭى ماكان ئۇزاققا قالماي ئاۋات ، گۈزەل ، تىنچ ، ياخشى ماكان بولۇپ قالغۇسى .

مەسئۇل مۇھەررىرى : مەدەلىخان

ئاپتور : ناھىيىلىك پارتكوم تارىخ تەزكىرە ئىشخانىسىدا ئىشلەيدۇ

ئاپتور :ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى



# قۇياش ۋە ئاينىڭ بىر كۈندە توققۇز قېتىم چىقىپ، توققۇز قېتىم پېتىشتەك ئاجايىپ مەنزىرىسى

## جۇمەك نۇرەلىبەك

تاشقورغاندا سىرلىق ۋە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ئاجايىپ - غارايىپ جايلار كۆپ بولۇپ، مۇز ئۆڭكۈر، سىرلىق ئاۋازلىق ئۆڭكۈر، مۇز تۈۋرۈك، يەتتە خىل رەڭ ھاسىل بولىدىغان شارقىراتما، ھەسەن - ھۈسەن، ياۋا ئات، ياۋا ئۆچكە، خىلمۇ خىل ئۆسۈملۈك، گۈل - گىياھ ۋە تىلسىمات سىرلارغا باي مەدەنىي يادىكارلىقى، ھەرخىل ھايۋان، شەيئىلەر شەكلىدىكى سىرلىق تاغ، سىرلىق تاشلار، جاھاننى يورۇتىدىغان ئوت - چاقماقلار كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدۇ. قوغۇشلۇق يېزىسىدىكى قۇياش ۋە ئاينىڭ چىقىش ۋە پېتىشىدىكى توققۇز قېتىملىق ئاجايىپ ھادىسە دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا بولمىسا كېرەك! ياكى ناھايىتى ئاز كۆرۈلۈشى مۇمكىن.

قوغۇشلۇق يېزىسى — تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا، تاشقورغان دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا جايلاشقان بولۇپ، يېزىلىق ھۆكۈمەت جايلاشقان ئورۇن بىلەن ناھىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بازىرىنىڭ ئارىلىقى 110 كىلومېتىر، دېڭىز يۈزىدىن 2700 مېتىر ئېگىز ،ئومۇمىي يەر مەيدانى 1085 كۋادرات كىلومېتىر، يېزىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئورنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 39 كىلومېتىر، كەڭلىكى ئارانلا 700 مېتىر ( بەزى جايلارنىڭ كەڭلىكى ئارانلا 300 مېتىر ) كېلىدۇ. تاشقورغان دەرياسى بۇ يېزىدىن ئۆتۈپ، غەربتىن - شەرققە قاراپ ئاقىدۇ.

قوغۇشلۇق يېزىسىنىڭ ھاۋا كىلىماتى قىزىقارلىق بولۇپ، شىمالىي قىسمى سوغۇق، قىروسىز مەزگىلى قىسقا، جەنۇبىي قىسمى بىرقەدەر ئىللىق بولۇپ، تۆت پەسلى ئېنىق، قىروسىز مەزگىلى ئۇزاق، بۇ يېزا ئىككى تاغ ئارىسىغا جايلاشقاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى تاغ ئارىسى ئىنتايىن يېقىن، ئىككى تەرىپىدىكى ئاسمانغا تاقاشقان تىك چوققىلار بىر - بىرىگە تۇتاشقاندەكلا كۆرۈنىدۇ، قۇياش ۋە ئاي نۇرىنىڭ چۈشۈشى تۇراقسىز بولغاچقا، قۇياش ۋە ئاي نۇرىنى ئىككى تەرىپىدىكى ئاسمان - پەلەك تاغلار توسۇپ تۇرغانلىق سەۋەبىدىن، سەھەردە ھاۋا تېخى كۆل رەڭ ئاقۇش ھالەتتە تۇرغان ۋاقىتتا، قۇياش بىر سىزىقتەك شەكىل ئالغان تاغ چوققىلىرى ئارىسىدىن چىقىپ، ئالتۇن نۇرلىرىنى بۇ زېمىنغا چاچىدۇ، يېرىم سائەت ئۆتە - ئۆتمەيلا قۇياش ۋە ئاي تاغ ئارىسىغا كىرىپ كېتىدۇ ( بۇ يەردە قۇياش ۋە ئاي يۆتكەلگەندە ئېگىز تاغلار نۇرنى توسۇپ تۇرىدۇ ). يەر - جاھان بىرئاز قاراڭغۇلۇققا چۆمىدۇ. 10 — 15 مىنۇتتىن كېيىن قۇياش ۋە ئاي نۇرى باشقا بىر تاغ ئارىسىدىن ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلىدۇ. مۇشۇنداق بولۇپ، قوغۇشلۇق يېزىسىدىكى چىراقتار كەنتىدە بىلجۈي، چاجۇن، كاماليان، سېغىزلىق قاتارلىق تۆت ئورۇندا، داۋانتۇۋۇى كەنتىنىڭ « ئاشاز » دېگەن جىلغىسىدا، پەسراۋات

كەنتتىنىڭ نايماتان دېگەن جايىدا، قەمەرىزى كەنتتىنىڭ يۇلغۇنلۇق، قوزۇق ياگرىق، يوغان تېرەك قاتارلىق توققۇز جايىدىن دىققەت قىلىپ كۆزەتسىڭىز قۇياش بىر كۈندە توققۇز قېتىم كۆتۈرۈلۈپ، توققۇز قېتىم پېتىشتەك ئاجايىپ مەنزىرە ھاسىل بولىدۇ، بۇ يەردىكى تاغلار ئېگىز، جىلغىلار تار بولغاچقا چوققىلار بىلەن چوققىلار گىرەلەشكەچكە نۇرغۇن ئاجايىپ تەبىئەت ھادىسىلىرى پەيدا بولىدۇ. دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىغا ئولتۇراقلاشقان بىرقانچە ئون ئائىلىلىك كىشىلەرنىڭ ئارىلىقى شۇنچە يېقىن بولسىمۇ، لېكىن قۇياش ۋە ئاي نۇرىنى كۆرۈش ۋاقتى ئوخشاشمايدۇ. دەريانىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى ئائىلىلىكلەر بىر يىلدا ئۈچ ئاي كۈن نۇرىنى كۆرەلمەيدۇ. دەريانىڭ غەربىي تەرىپىدىكى ئائىلىلىكلەر بولسا بىر يىلدا تۆت ئايغا يېقىن قۇياش ۋە ئاي نۇرىنى كۆرەلمەيدۇ. تەبىئەتنىڭ بۇ تىلسىمات ئاجايىپ قىزىقارلىق ھادىسىسى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ ۋە ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ، ئەگەر سىز بۇ تەبىئەتنىڭ ئاجايىپ مەنزىرىسىگە قىزىقسىڭىز ياكى تەتقىق قىلىپ، يەنە باشقا سىرلارنى تاپماقچى بولسىڭىز، مۇشۇ جايلارغا بېرىپ كۆرۈپ بېقىڭ، كۆزىتىپ بېقىڭ، ئاندىن چۈشىنىسىز.

ئاپتور: تاشقورغان ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى —

جۇمەك نۇرەلبەك

مەسئۇل مۇھەررىرى: قەيسەر دۆلەتبېگ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# پامىرغا كېلىشكۈزلارنى قارشى ئالىمىز

## خې جىڭلى

### تاشقورغان ناھىيسىنىڭ ئەھۋالىدىن قىسقىچە چۈشەنچە

1. تەبىئىي مۇھىتى

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى — مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي چېگرىسىدىكى پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقى قىسمىغا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىغا، قاراقۇرۇم ۋە ھىندىقۇش تاغلىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان. جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 484 كېلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 329 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 25 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، كۆپ دۆلەت بىلەن چېگرىلىنىدىغان بىردىنبىر ناھىيە، چېگرا لىنىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 5 .888 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە غەربىي تەرىپى تاجىكىستان بىلەن چېگرىداش، چېگرا لىنىيە ئۇزۇنلۇقى 197 كىلومېتىر، غەربىي جەنۇب تەرىپى ئافغانىستان بىلەن چېگرىداش بولۇپ، چېگرا لىنىيە ئۇزۇنلۇقى 92.45 كىلومېتىر، جەنۇبىي تەرىپى پاكىستان ( پاكىستان كونتروللۇقىدىكى كەشمىر رايونى)مۇ ئۆز

ئېگىز) بىلەن چېگرىداش بولۇپ، چېگرا لىنىيە ئۇزۇنلۇقى 599.1 كىلومېتىر كېلىدۇ. ناھىيىنىڭ يەر شەكلى غەربىي جەنۇب تەرىپى ئېگىز، شەرقىي شىمال تەرىپى پەس بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 4000 مېتىردىن ئاشىدۇ. ناھىيە بازىرى بىلەن ئاپتونوم رايوننىڭ مەركىزى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئارىلىقى 1755 كىلومېتىر، قەشقەر شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 291 كىلومېتىر كېلىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدە مۇز چوققىلار قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان، تاغ جىلغىلىرى گىرەلەشكەن، ئېگىز - پەس ئېدىرلىق ۋە تاغ چوققىلىرى ئۆزئارا تۇتاشقان، تاغلىق يەر شەكلىدىكى ئېگىزلىك بولۇپ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 8611 مېتىر كېلىدىغان دۇنيا بويىچە ئىككىنچى ئېگىز چوققا چوگىر چوققىسى، ناھىيىنىڭ جەنۇبىدىن دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 7546 مېتىر كېلىدىغان «تاغلار بوۋىسى» دەپ ئاتالغان مۇزتاغ ئاتا چوققىسى، ناھىيىنىڭ شىمالىدىن ئورۇن ئالغان قاراقورۇم تېغىدىن باشلىنىدىغان زەرەپشان دەرياسى، ئاپتونوم ناھىيىنىڭ شەرقىي قىسمىنى ئۇزۇنسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. ئەڭ يۇقىرى ئېقىم مىقدارى 6000 مىڭ كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. قارىچۇقۇر دەرياسى بىلەن تاغدومباش دەرياسىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان تاشقورغان دەرياسى، پۈتۈن ناھىيىنىڭ غەرب ۋە شىمالىي قىسمىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. ئەڭ يۇقىرى ئېقىم مىقدارى 500 كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. بۇ دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى ئويمانلىقلاردا نۇرغۇنلىغان تەبىئىي ئوتلاقلار، چۆپلۈكلەر ۋە تېرىلغۇ يەرلەر بار. بۇ يەردە سۇ بايلىقى مول، سۇغىرىش ئاسان. چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىققا مۇۋاپىق كېلىدىغان ياخشى جاي.

تاشقورغان ناھىيىسىدە 14 مىللەت بار بولۇپ، ئومۇمىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نوپۇسى 32 مىڭ كىشى، بۇنىڭ ئىچىدە تاجىك 25298 كىشى، خەنزۇ 1552 كىشى، ئۇيغۇر 1917 كىشى، ئۇنىڭدىن باشقىسى قىرغىز، خۇيزۇ، شىبە قاتارلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان. ئاپتونوم ناھىيىگە 11 يېزا، ئىككى بازار، ئىككى مەيدان قارايدۇ.

2. ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالى

1999 ـ يىلىدىكى يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 36 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە يەتكەن. يىل ئاخىرىدىكى چارۋىلارنىڭ قوتان قالدۇقى 173 مىڭ 720 تۇياقتا، ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 5370 توننىغا، ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 8 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە، يىللىق گۆش مەھسۇلاتى 1733 توننىغا (ئاساسلىقى قوي، ئۆچكە، كالا، قوتاز گۆشى)، سۈت مەھسۇلاتى 2200 توننىغا، يۇڭ 74 توننىغا، تېرە 60 مىڭ پارچىغا، مېۋە ـ چېۋە 1220 توننىغا يەتكەن. يېڭىدىن 26 مىڭ مو ئوتلاق قاشالاشتۇرۇلغان. يېزا بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 8 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە، سانائەت مەھسۇلاتىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 3 مىليون 821 مىڭ يۈەنگە يەتكەن. توك تارقىتىش مىقدارى 4 مىليون 770 مىڭ كىلوۋات سائەتكە، ئىشلەپچىقىرىلغان مىنېرال بۇلاق سۈيى 850 توننىغا، كوئىنلۇن قاشتېشى 192 توننىغا يەتكەن. پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ مۇقىم مۈلۈككە سالغان مەبلىغى 10 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە، يەرلىك مالىيە ئومۇمىي كىرىمى 1 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي چىقىمى 33 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتكەن. 1998 ـ يىلى دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە تۇرمۇش خىراجەت كىرىمى 626 يۈەنگە، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى 6459 يۈەنگە

يەتكەن، ئاپتونوم رايون 1998 ـ يىلى بېكىتكەن 670 يۈەنلىك تويۇنۇش، كىيىنىش سىزىقى ئۆلچەم بويىچە بولغاندا پۈتۈن ناھىيىدە 1998 ـ يىلى يىل ئاخىرىغىچە تېخى 5510 كىشىنىڭ تويۇنۇش، كىيىنىش مەسىلىسى ھەل بولمىغان. 1999 ـ يىل 4 ـ ئايدىكى چوڭ قار ئاپىتى، 8 ـ ئايدىكى غايەت زور كەلكۈن، لاتقا ئاپىتى يۈز بېرىپ، يېقىنقى بىرقانچە يىل ئىچىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلغان دېھقان ـ چارۋىچىلاردىن 10 مىڭ كىشى قايتا نامراتلىققا چۈشۈپ قالدى. تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ ئالاھىدە تەبىئىي جۇغراپىيىلىك شارائىتى، قاتناش ئىشلىرىنىڭ قولايسىزلىقى تۈپەيلىدىن ئىقتىسادىي تەرەققىياتى زور توسقۇنلۇققا ئۇچرىغان، ئىشلەپچىقىرىشقا ۋە تۇرمۇشقا كېرەكلىك بۇيۇملار تۆزلەڭ رايونلاردىن كىرگۈزۈلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئارىلىق يىراق، كىراسى يۇقىرى بولۇپ، مال باھا سەۋىيىسى قەشقەرگە قارىغاندا 42% يۇقىرى تۇرىدۇ. بولۇپمۇ ئاشلىق، كۈندىلىك بۇيۇملار باھاسى بىرقەدەر يۇقىرى بولۇپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ نامراتلىق دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈۋەتكەن.

ناھىيە بويىچە تۆت يېزا (مەيدان) دا توك يوق، ئۈچ يېزىغا ئاپتوموبىل قاتنىمايدۇ. ئالتە يېزىغا تېلېفون بارمايدۇ. ئىقتىسادىي ئاساسىنىڭ ئاجىز، تەرەققىياتىنىڭ ئاستا بولۇشى، ئۈنۈۋېرسال ئەمەلىي كۈچىنىڭ ئاجىز بولۇشى ناھىيىمىز ئىقتىسادىنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى.

3. تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ بايلىق ئۈستۈنلۈكى

1) سۇ بايلىقى مول. تاشقورغاندىكى ھەددى ھېسابسىز مۇزلۇق تاغ چوققىلار نۇرغۇن دەريا سۇلىرىنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە بىرقەدەر مەشھۇرى زەرەپشان دەرياسى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تاشقورغان دەرياسىدۇر . بۇ ئىككى دەريا بارلىق سۇلارنى بىرلەشتۈرۈپ ، دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ ئېگىز قۇرۇقلۇق دەرياسى بولغان تارىم دەرياسىغا قوشۇلىدۇ . « زەرەپشان » تاجىكچە سۆز بولۇپ « ئالتۇن دەريا » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ . زەرەپشان دەرياسىنىڭ قۇملىرى ئىچىدە كېپەك ئالتۇن بار بولۇپ ، زامان - زامانلاردىن بۇيان ئالتۇن چايقىغۇچىلار زەرەپشان دەرياسىنىڭ قۇملىرى ئىچىدىن كېپەك ئالتۇن چايقىغان . زەرەپشان دەرياسى تاشقورغاندىكى مەشھۇر چوققا — چۇگىر چوققىسىدىن باشلىنىپ تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ شەرقىي قىسمىنى ئۇزۇنىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ ، غەربتىن كەلگەن تاشقورغان دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ يەكەن دەرياسىنى ھاسىل قىلىدۇ . يىللىق ئېقىن مىقدارى 3 مىليارد 700 مىليون كۇب مېترغا ، سۇ بايلىق ئومۇمىي مىقدارى 3 مىليارد 415 مىليون كۇب مېترغا يېتىدۇ . دەرياسى ئېقىپ ئۆتىدىغان ئېگىز تاغ - جىلغىلاردا سۇنىڭ ئېقىشى تېز ، پەسىيىش پەرقى چوڭ بولغاچقا ، چوڭ ، ئوتتۇرا تىپتىكى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنى قۇرۇشقا باب كېلىدۇ . ھازىر دۆلەت سۇ ئىشلىرى مىنىستىرلىقى رەسمىي تور تۇرغۇزۇپ ، 1 مىليارد 800 مىليون يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ ، تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ پەس بەلدىر جىلغىسى ئىچىدە جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى — بەلدىر سۇ ئامبىرىنى قۇرۇشقا جىددىي تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ . سۇ ئىشلىرى مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ 20 يىللىغا يېقىن ، گىدروگرافىيىلىك ، گېئوگرافىيىلىك تەكشۈرۈپ ئۆلچەش نەتىجىسىدە ، زەرەپشان دەرياسى ئېقىپ ئۆتىدىغان تاغ - جىلغىلار ئىچىدە ئالتە يەردە پەللەمپەيسىمان سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى . ئۇنىڭ گېنېراتورلار سىغىمچانلىقى

450 مىڭ مو كىلوۋاتقا يېتىدىكەن . سۇ ئېلېكتر ئىستانىسى پۈتكەندىن كېيىن ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت ، ئوبلاستىنىڭ توك ئىشلىتىش جىددىيلىكى ياخشىلىنىپلا قالماي ، بەلكى يەكەن دەريا ساھىلىدىكى كەڭ دېھقانچىلىق ئېتىزلارنى سۇغىرىشقا كاپالەتلىك قىلىپ ، قۇرغانچىلىق ۋە ھۆلچىلىك ۋاقىتلىرىدىمۇ ئوخشاش مول - ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ ھەمدە كەلكۈندىن مۇداپىئە قىلالايدۇ . زەرەپشان دەرياسىدىن چىقىدىغان كەلكۈننىڭ 20% ىنى مۇداپىئە قىلالايدۇ .

2 ) ياۋايى ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈك بايلىقى مول . بۇ يەردە پامىر ئارقىرى ( مارك پولو ئارقىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ ) ، قوڭۇر ئېيىق ، يىلپىز ، ئۇلاي ، بۆرە ، سۇغۇر ، شۇڭقار ، سا ، قۇلان ، كېيىك ، تۈلكە ، توشقان ، كەكلىك ، ھەرخىل قۇشقاچ ، لاچىن ، ھەرخىل قارچىغا - قۇرغۇيلار ۋە ئېگىز تاغ بېلىقى قاتارلىقلار بار . ياۋايى دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن پامىر قار لەيلىسى ، ئەگلىك ئوت ، چاكاندا ، يەر مەدىكى ، داڭگۈي ، قان تېپەر ، قۇرتئوت ، قۇرمۇتى ، مەرزەنجۇش قاتارلىقلار بار .

3 ) كان بايلىق مەھسۇلات بايلىقلىرى مول . بۇگۈنگە قەدەر تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ تەۋەسىدە بايقالغان مېتال كان مەھسۇلاتلىرىدىن 24 خىلى بار بولۇپ ، ئۇلار تۆمۈر ، مانگان ، مىس ، قوغۇشۇم ، سىنك ، نىكىل ، ۋانادى ، تىتان ، كوبالىت ، ۋولفرام ، قەلەي ، مولىبدېن ، ئالتۇن ، كۈمۈش ( نىئوبى ، تانتال ) بېرىلىي ، لىتىي ، ستىرونتىي ، نادىر توپا ، ئارسېن ، پىرىت ، ئۇران ، تورىي قاتارلىقلار . مېتاللوئىد كان بايلىقلىرىدىن 30 خىلى بار بولۇپ ، ئۇلار : كۆمۈر ، خرۇستال ، بېرىل ، ياقۇت ، رەڭدار تۇرمالىن ، ئامازونىت ، قاشتېشى ، سۇدالىت ، زەڭگەر شىپات ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىسلاندىيە تېشى ، گۈگگۈرت ، فوسفور ، سىلىتسىن ، سىرپىنسىنت كىۋۋارتسىتاش ، ئاق چىرىمتال ، تالىك ، سۇرمە تاش ، هاك تېشى ، مەرمەر تاش ، سىرپىنسىنتلاشقان مەرمەر تېشى ، ھەرخىل گرانات تاش ، دولومىت جىنس ، كۋارتىس قۇم تاش ، گەج ، سىيۇلىت ، مىنېرال سۇ ، ئىسسىق بۇلاق قاتارلىقلار . گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئارقىلىق بايقالغان مېتال كان بايلىقلىرى ( رۇدىلاشقان دائىرە ) نۇقتىلىرىدىن 26 سى ، مېتاللوئىد كان بايلىقلىرى نۇقتىلىرىدىن 25 ى بار . نۆۋەتتە ئېچىپ پايدىلىنىۋاتقان كان بايلىقلىرىدىن ئاران 16 سى بار . بۇنىڭ ئىچىدە مىنېرال سۇ نۇقتىسىدىن ئىككىسى ، قاش تېشى كان نۇقتىسىدىن ئۈچى ، ماگنىت رۇدىسى نۇقتىسىدىن بىرى ، كېپەك ئالتۇن نۇقتىسىدىن تۆتى بار . مەبلەغ ئاز ، قېدىرىپ تەكشۈرۈش ، ئېچىش ئۇسۇلى قالاق ، كان نۇقتىلىرى كۆپىنچە چەت ياقا تاغ جىلغىلىرى ئىچىدە بولۇپ ، قاتنىشى قولايسىز بولۇشتەك ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن كانلارنىڭ ئېچىلىشى پارچە - پۇرات ، مەھسۇلات مىقدارى تۆۋەن ، بايلىق مەنبە ئىسراپچىلىقى زور ، ئۈنۈمى تۆۋەن بولماقتا .

4 ) ساياھەتچىلىك بايلىقى مول : قەدىمدىن تارتىپ پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتىدىغان يىپەك يولى شەرق ، غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالاقە ئىشلىرىنىڭ مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولۇپ كەلگەن . تارىم ئويمانلىقىدىن ئۆتىدىغان ، مەيلى جەنۇبىي يول بولسۇن ياكى شىمالىي يول بولسۇن ھەممىسىلا پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتەتتى . گەرچە پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتىدىغان بۇ يول مۇشەققەتلىك ، خەتەرلىك بولسىمۇ ، ئەمما ئۇ ئەزەلدىن راۋان ئىدى . پامىرنىڭ شەرقىدىكى تاشقورغان تاش شەھىرى ، يىپەك

يولىنىڭ پامىردىن ئۆتىدىغان مۇھىم ئۆتكىلى ئىدى. بۇ يولىنىڭ تارىخى ئۇزاق، بۇ يولدا ئۆتكەن ـ كەچكەن يولۇچىلار، سودىگەرلەر ئىنتايىن كۆپ ئىدى. تارىخىي ماتېرىياللار قەدىمكى زاماندىكى مەشھۇر ساياھەتچىلەردىن فاشيەن، شۈەنزاڭ ۋە ئىتالىيىلىك مارك پولونىڭ مۇشۇ يولدا ماڭغانلىقىنى دەلىللىمەكتە. ئېلىمىز تاجىكلىرى مانا مۇشۇنداق ئۆزگىچە خاس مەدىنىيەت مۇھىتى شارائىتىدا ياشىغانلىقى ئۈچۈن، شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدىنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا ئىزچىل تۈردە ئىنتايىن مۇھىم رول ئويناپ، يىپەك يولىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ئاكتىپ تۆھپە قوشقان.

«بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە يېزىلغان «ساخاۋەتخانا» رىۋايىتى دەل بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ. لېكىن، دېڭىز قاتنىشى راۋاجلانغاندىن كېيىن، بۇ يولنىڭ گۈللەنگەن مەنزىرىسى سۇسلاپ قالدى. ئۇزاق تارىخي مەزگىلگىچە پامىر رايونىنىڭ ئىقتىسادى، مەدىنىيەت تەرەققىياتىنى چۈشەپ قويدى. ئازادلىقتىن كېيىن دۆلەت جۇڭگو ـ پاكىستان تاشيولىنى ياسىدى. دۆلەت تاشيولى 314 ـ لىنىيىسى پۈتۈن ناھىيىنى ئۇزۇنىسىغا كېسىپ ئۆتتى. ئۆتكەن يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولى قەشقەرگىچە تۇتاشتۇرۇلدى. ئايروپىلان ئالىلىبۇرۇن قەشقەرگە قاتناشقا باشلىغان ئىدى. بۇ تاشقورغاننىڭ ساياھەتچىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا كەم ئۇچرايدىغان پۇرسەت ئېلىپ كەلدى.

تاشقورغاننىڭ ياخشى قوغدايدىغان ساياھەت نۇقتىلىرىدىن يېگى تاش قورال دەۋرىگە ئائىت مەدىنىيەت ئىزى — شامبابا قەدىمكى قەبرىستانلىقى، قەدىمكى «تاش شەھىرى» خارابىسى،

www.uyghurkitap.com

ئېگىز تاغ چوققىسىدىكى ئاجايىپ قۇرۇلۇش ـــ مەلىكە قورغان ، تاجىك خەلقىنىڭ مۇكەممەل ساقلىنىپ كەلگەن مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ، مەملىكەت بويىچە مەشھۇر خونجىراپ پورتى ، پات يېقىندا ئېچىلىدىغان جۇڭگو ـ تاجىكىستان ۋاقىتلىق مال ئۆتكۈزۈش پورتى ، قارا سۇ پورتى قاتارلىقلار بار .

تاشقورغاننىڭ قىش پەسلى قاتتىق سوغۇق ، پۈتكۈل يەر زېمىن ئاپپاق قارغا پۈركۈنىدۇ . ياز پەسلى سالقىن بولۇپ ، كىشىنى هوزۇرلاندۇرىدۇ . يىراقتا قاتمۇقات تاغ چوققىلىرى چوقچىيىپ تۇرىدۇ . جىرا ئېقىنلاردىن سۈزۈك سۇلار شىلدىرلاپ ئاقىدۇ . زەڭگەر كۆك ئاسمان ، ئاق بۇلۇتلار ئارىسىدىكى ياپيېشىل چىمەنزارلىق ئىچىدە توپ ـ توپ كالا ـ قوتاز ، قوي ـ ئۆچكە ، پادىلىرى ئەركىن يايلايدۇ . مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئېگىزلىككە خاس ئاجايىپ راھەتبەخش مەنزىرە كىشىنى ئاجايىپ مەھلىيا قىلىدۇ . تاشقورغان مەملىكەت بويىچە سانائەت بۇلغىنىشى بولمىغان ، ھاۋاسى ساپ جاي ، شۇڭا نۇرغۇنلىغان جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنى ئېكسكۇرسىيە ، دەم ئېلىشقا جەلپ قىلماقتا .

1986 ـ يىلى خونجىراپ پورتى رەسمىي سىرتقا ئېچىۋېتىلدى . بۇ يېپەك يولىنى قايتىدىن باشقا تۇسكە كىرگۈزدى . جۇڭگو ، چەت ئەللىك ساياھەتچىلەر ، سودىگەرلەر توختىماي كېلىپ ـ كېتىپ ئاپتونوم ناھىيىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلدى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قەدىمكى يېپەك يولىغا يېڭى گۈللىنىش مەنزىرىسى ئېلىپ كەلدى .

4 . ھەمكارلىشىپ قېزىشقا بولىدىغان نۇرغۇن يوشۇرۇن

كۆچلەر بار
بۇلار:
1) سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى، سۇ ئېنېرگىيىسى، شامال ئېنېرگىيىسى، قۇياش ئېنېرگىيىسىگە مەبلەغ سېلىنسا بايلىقى ئىنتايىن مول.
2) كان ئىزدەش، كان ئېچىشقا مەبلەغ سالسا بولىدۇ.
3) ياقۇت، قاشتېشى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتلارنى قۇرۇشقا مەبلەغ سالسا بولىدۇ.
4) ھەرخىل گىرانات تاش، مەرمەر تاشلاردىن تاش ماتېرىياللىرى پىششىقلاش زاۋۇتى قۇرۇشقا بولىدۇ.
تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ توك كۆچى تولۇق بولۇپ، كارخانا قۇرۇشقا سالغان مەبلىغىنىڭ ھاياتىي كۈچىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ.
5) پامىر ئەلا سۈپەتلىك ئىچىملىك تەبىئىي مىنېرال بۇلاق سۈيىنىڭ تەركىبىدە مېتا كرېمنىي كىسلاتا، سترونتىسىي، لىتىيدىن ئىبارەت ئۈچ خىل كۆرسەتكۈچنىڭ ھەممىسى دۆلەتنىڭ ئىچىملىكى ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان، تەبىئىي مىنېرال بۇلاق سۈيىنىڭ ئۆلچىمىگە يەتكەن ھەمدە كىشىلەرنىڭ تەن سالامەتلىكىگە پايدىلىق كۆپ خىل مىكرو ئېلېمېنتلارمۇ بار. پامىر مىنېرال بۇلىقى پۈتۈن مەملىكەتتە ئاز ئۇچرايدىغان ئىنتايىن قىممەتلىك، ئەلا سۈپەتلىك، تەبىئىي ئىچىملىك بۇلاق سۈيى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنى ھەمكارلىشىپ ئېچىشنىڭ ئىستىقبالى چەكسىز.
6) تاغارما ئارىشاڭ بۇلاق سۈيىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 70 — 75℃ بولۇپ، بۇلاق كۆزىدە تۇخۇم پىشىدۇ. ئارىشاڭنىڭ سۇ تەركىبىدە ئادەمنىڭ بەدىنىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېسەللىكلەرنى داۋالاش ، ئالدىنى ئېلىش ، سالامەتلىكنى ساقلاش ، چىرايىنى گۈزەللەشتۈرۈشكە پايدىلىق ھەرخىل مىكرو ئېلېمېنتلار بار . تاشقورغان ناھىيىسىگە كەلگەن مەركەز ، ئاپتونوم رايون ، ۋىلايەت رەھبەرلىرى ۋە جۇڭگو ، چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنىڭ ھەممىسى تاغارما ئارىشىڭىغا بېرىپ كۆرۈپ بېقىشنى ، بۇلاق سۈيىدە يۇيۇنۇپ ، يول ئۈستىدىكى ھاردۇقنى چىقىرىشنى ھەۋەس قىلىدۇ . نۆۋەتتە ئاپتونوم ناھىيە كىچىك كۆلەمدىكى ئارىشاڭ ساناتورىيىسىنى قۇرۇپ چىقتى . مەبلەغ يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن ئارىشاڭ يەنىلا دەسلەپكى باسقۇچتا تۇرماقتا . تاشقورغاننىڭ ئىقتىسادىي ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى كىشىلەر تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ ، ئارىشاڭدا يۇيۇنىدىغان كىشىلەرنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپىيىدۇ . ئارىشاڭ ساناتورىيىسىگە مەبلەغ سېلىش سىزنىڭ ئاقلانە تاللىشىڭىز بولىدۇ .

7 ) ساياھەت مەنبەسىنى ئېچىش ، ساياھەت قىلىدىغان مەخسۇس لىنىيىلەرنى تۇتاشتۇرۇش ، تارىخىي مەدەنىي يادىكارلىقلارنى رېمونت قىلىش ، يېڭى مەنزىرىلىك جايلارنى بەرپا قىلىش ، تاجىك مىللىتىنىڭ ئۆرپ - ئادىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان تېخىمۇ كۆپ ساياھەت تۈرلىرىنى ئېچىپ ، سەيلە - ساياھەت قىلدۇرۇشقا مەبلەغ سالسىڭىز ئازغىنا دەسمايە بىلەن زور پايدا ئالالايسىز .

تاشقورغان ئېگىزلىك روھىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ ، ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى بىردەك چىڭ تۇتۇپ ، رېئاللىققا ئەھمىيەت بېرىپ ، نامراتلىقتىن قورقماي ، دادىل ئىزدىنىپ ، ئېگىلمەي ئالغا ئىلگىرىلەپ ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەقىل -

پاراسىتى ۋە كۈچىنى ئۇيۇشتۇرۇپ ، دۆلەتنىڭ بۇ دەرۋازىسىنى سەمىمىيلىك بىلەن قوغداپ ، تىرىشچانلىق بىلەن كۆڭۈل قويۇپ ئىشلەپ كەتسىلا بۇ يەردىن مول هوسۇل ئېلىشقا تولۇق ئىشىنىمىز .

بىز هەرقايسى جاي ، هەرقايسى ساهەلەردىكى ئوقۇمۇشلۇق زاتلارنىڭ ، سودىگەر كارخانىچىلارنىڭ تاشقورغانغا كېلىپ ، ساياهەت ، ئېكسكۇرسىيە قىلىشىنى ، مەبلەغ سېلىپ پاي قوشۇپ ، بۇ يەرنى ئورتاق گۈللەندۇرۇشىنى ، پامىر ئېگىزلىكىگە كېلىپ ئۇنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىدىن بەهر ئېلىشىنى چىن كۆڭلىمىزدىن قارشى ئالىمىز !

بەدەل گۈلرەيهىم تەرجىمىسى

# تارىخ ياز

## يۈكسەك شىجائەتخان

ئەجدادىڭنى ، قوۋمىڭنى بىلەي دېسەڭ تارىخ ياز ،
تارىخىدىن ئېلىڭنىڭ كۆلەي ، دېسەڭ تارىخ ياز .

تارىخ ساڭا كۆرستىپ بېرەر ئۆتمۈش ، بۈگۈننى ،
كەلگۈسىنىڭ كۆلىدە ئۈزەي دېسەڭ تارىخ ياز .

نى ـ نى ئۇلۇغ كىشىلەر تارىخ پۈتۈپ ياشىدى ،
سەنمۇ تىلدا داستان بوپ ئۆتەي دېسەڭ ، تارىخ ياز .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تارىخ دېگەن ھاياتنى بار قىلماقلىق مەڭگۈگە،
مەڭگۈلۈك شۇ ھاياتنى سۆيەي دېسەڭ تارىخ ياز

## تاشقورغان تارىخىي ماتېرىياللار 1- قىسمىدىكى تۈزىتىش

| خاتاسى | توغرىسى | بەت | يۇقىرىدىن قۇر | تۆۋەندىن قۇر | ئارتۇق ئېلىنغان |
|---|---|---|---|---|---|
| شارقىدە | شەرقىدە | 29 | 15 | | |
| ئىغلتالتلار | ئېفتالىتلار | 30 | | 13 | |
| توخادتىلى | توخار تىلى | 50 | 5 | | |
| دوپ | دەپ | 51 | 8 | | |
| سوغىلار | سوغدىلار | 52 | | 1 | |
| دەفتەر | دەپتەر | 55 | | 9 | |
| رەزەپشان | زەرەپشاد | 64 | 4 | | |
| شودوربەگە | سودۇربەگ | 66 | | 9 | |
| مەرياك | مارياڭ | 75 | 16 | | |
| 5300 | 53000 | 86 | 5 | | |
| قورغاپ | مورغاپ | 90 | 4 | | |
| ئېتىنىڭ | ئېتىنىك | 115 | 1 | | |
| 1936 | 1836 | 133 | | 8 | |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ئايمقىز | ئايمىقىمىز | 146 | | 8 | |
| | | 149—148 | | 8 | 15 قۇردىكى خەتلەر تەكرار - لانغان |
| شومقار | شۇڭقار | 191 | 13 | | |
| موزغاب | مورغاب | 200 | | 12 | |
| قونجىراپ | خونجىراپ | 236 | 11 | | |
| دەفتەر | دەپتەر | 236 | 11 | | |
| دوشمەنگە | | 199 | 7 | | ئارتۇق ئېلىنغان |
| پورری | پۇلى | 94 | | 11 | |
| تاغاما يېزىسىنىڭ بىرقىسمى | تۆز ئالدىغان بىر كەنت ئىدى | 94 | | 11 | |
| ئاقتۇ ناھىيىسى | تاغارما يېزىسى | 174 | | 4 | |

ئىزاھات: تاشقورغان تارىخي ماتېرىياللىرى 1 ـ قىسمىدىكى بەزى خاتالىقلار كوررېكتور ۋە بېسىش جەريانىدا كۆرۈلگەن بولۇپ، كىتابخانلاردىن يۇقىرىقى خاتالىقلارنى تۈزىتىپ ئوقۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

www.uyghurkitap.com

# تاشقورغان تارىخ ماتېرىياللىرى ( 2 )

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تۈزۈپ باستۇردى
( ئادرېسى : نەۋئابات يولى 127 ـ قورۇ ، پوچتا نومۇرى : 845250)
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
( قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 ـ قورۇ ، پوچتا نومۇرى : 844000 )
فورماتى 1092×778 مم 32 كەسلەم باسما تاۋىقى : 14.5 ، قىستۇرما ۋارىقى : 4
تىرىژى : 1000 — 1

ش ئۇ ئا ر ئىچكى ماتېرىيال خاراكتېرلىك نەشر بۇيۇملىرىنى بېسىش ئىجازەتنامىسى
(2001) يىل 157 ـ نومۇرلۇق

# 塔什库尔干文史资料（2）

塔什库尔干塔吉克自治县政协编印
地址：乃吾阿巴提路127号　邮编：845250
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
地址：喀什市塔吾古孜路14号　邮编：844000
787×1092毫米 32开本　14.5印张　4插页
印数1——1000册

新疆维吾尔自治区内部资料性出版物准印证(2001)年第157号

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى : ئىلشات تۇرسۇن
ئەمرىمان ئىسمايىل



